سىدىقھاجى روزى

# ئۇيغۇرنىڭ ئورنى نەدە؟

**(1)**

تەكلىماكان ئۇيغۇر نەشرىياتى

# ئۇيغۇرنىڭ ئورنى نەدە؟

سىدىقھاجى روزى

تەكلىماكان ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر قىلدى
2009 ـ 3 ـ ئاي ئىستانبۇل

**www.uyghurweb.net**

Nuri paşa Mh 10. Sok No: 11 /1
Zeytinburnu/İstanbul-Türkiye
**Tel: 0090212 6798688**

Baskı-Cilt
Bayrak Matbaası
Davutpaşa cad. No:14/2
Topkapi-İstanbul
Fax:0(212)-4931107 Tel:0(212)-493 11 06

ئۆمۈرلۈكۈم رابىيە قادىرغا بېغىشلايمەن.

مەن ئۆمرۈم بويى  خىتايغا قارشى كۈرەش قىلدىم، لېكىن بەزى ئۇيغۇر تىللىق ئادەملەر ماڭا قارشى كۈرەش قىلدى.

بەزىلەر ماڭا سىياسەت ئۆگەتمەكچى بولۇشتى، ئەپسۇسكى، مېنى دۇنياغا ئاپىرىدە قىلغان كۈندىن باشلاپ ئاللاھ ماڭا سىياسەت ئۆگىتىپ بولغان ئىدى.

ئىنسانغا ئېغىر كېلىدىغان بىر ئىش، جەمئىيەت داشقاللىرىنىڭ ئەقىل ئۆگىتىشى، دانىشمەنلەرنىڭ جىم تۇرۇۋېلىشىدۇر.

# مۇندەرىجە


ئاپتورنىڭ تەرجىمھالى .................................................. 9
كىرىش سۆز ................................................................ 25
قورغاس ئېغىزىدا .......................................................... 27
لوندونغا سەپەر .......................................................... 31
تۈركىيە ــ ئىستانبۇلغا سەپەر ...................................... 33
يۈسۈپ بېك مۇخلىسنىڭ ئۆيىدە ........................................ 37
قارامىلىقنىڭ ئاقىۋىتى .................................................. 41
سىرلىق تارىخى ۋەقەلەرنىڭ ئاشكارىلىنىشى ............................. 44
ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ئىنكاسى ........................................ 47
ئامېرىكا دۇنيانىڭ قايسى تەرىپىدە ................................. 49
ۋەتەنىدىن ئايرىلىش ...................................................... 55
بىلگەيتىس كىم؟ ........................................................... 57
خىتاي مەخپىي ئىشلار ئىدارىسىنىڭ سۇيىقەستى .......................... 62
ئامېرىكا ـ شەھىرى دېترويىت ........................................ 67
ۋاشىنگتوندا تاڭ ئاتتى .................................................. 70
بىر چىرايلىق كومېدىيە ئويۇنى ...................................... 73
دەسلەپكى ئۇچرىشىشلار .................................................. 75
خىتاي دېموكراتىيە ـ ۋۇ خۇگدا ....................................... 78
ھىلارى كىلىنتون ۋە ۋۇ خۇگدا ........................................ 81
دالاي لاما بىلەن كۆرۈشۈش ............................................. 85
كۆچمەنلەر ئىدارىسىدە .................................................. 91
رابىيە خېنىم بىلەن كەررى رۇمباخ خانىمنىڭ دوست بولۇشى ............. 94
ئۈزىتىش ................................................................... 97

يېتىملىك ۋە غېرىبلىق ............................................... 101
ئىلى ئىنقىلابى .................................................... 105
ھېسسىياتنى مەنبە قىلغان پىكىرلەر ...................................... 109
خىياللاردىن تۇغۇلغان خىياللار ......................................... 121
ۋاپا قىلغانغا يۈزسىزلىك قىلىش .......................................... 122
رۇسىيىنىڭ قايتا قۇرۇش سىياستى مەغلۇپ بولدىمۇ ياكى غەلىبە قىلدىمۇ؟ ..................................................... 127
ئۇيغۇرلارنىڭ مۇستەملىكە بولۇپ قېلىشىنىڭ سەۋەبلىرى ..................... 133
ئۇيغۇر خىتاينىڭ دۈشمىنى ................................................ 143
بويسۇندۇرۇش ....................................................... 146
ئىرادە ................................................................ 151
قانداق كىشى ھۆكۈمران بولۇشى كېرەك ..................................... 153
ئەگەر جۇڭگو پارچىلانسا... .............................................. 154
ئەگەر جۇڭگو پارچىلانسا... .............................................. 156
ئەگەر جۇڭگو پارچىلانسا... .............................................. 158
خىتاي ................................................................ 160
بۈگۈن ............................................................... 162
دۇنيادا... ............................................................. 166
ئۇيغۇرلار ............................................................ 168
رابىيە قادىرنىڭ مىڭ ئانا شىركىتىنى قۇرۇپ چىقىشى ......................... 170
ھۆرمەتلىك رەپىقەم رابىيەم خېنىم ......................................... 177
دۇنيا گېزىتى ........................................................ 187
كىشىلىك ھوقۇق ..................................................... 189
ئومۇمەن... ........................................................... 191
بالىلىرىمنى تاپتىم ..................................................... 193

دۆلەت ۋە تۈزۈم ..... 195
مەن ..... 196
بۇگۈن ..... 200
ھوقۇق ..... 201
بۇگۈن ..... 203
خىتاي ..... 204
بۇگۈن ..... 206
ئۇيغۇرلار ..... 213
دالاي لاما ..... 214
تىبەت ..... 218
بىر جۈملىلىك مۇھاكىمە ..... 219
پرېزىدېنت كىلىنتۇننىڭ بېيجىڭ سەپىرىگە ئائىت... ..... 222
جۇڭگو ئىقتىسادى ..... 238
كىرىمىل ئىمپېرىيىسى يىمىرىلدى ..... 241
دالاي لاما ..... 244
جياڭ زېمىننىڭ رىۋايىتى ..... 246
تىبەت ..... 265
دۇنيا ..... 266
مىللەتلەر ..... 271
پرېزىدېنت كىلىنتۇن ..... 277
پرېزىدېنت كىلىنتۇن ..... 287
ئۈرۈمچىگە كەلدى ..... 291
بېيجىڭ ..... 296
ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى... ..... 300
ئۆزىمىز بىلمەيدىغان ..... 304

بېيجىڭ ................................................................ 305
جياڭ زېمىن ............................................................. 307
لوس ئانجېلىس ۋاقىت گېزىتى .............................................. 313
بوگون... ............................................................... 315
تەيۋەن ................................................................ 317
ھەربىر ئادەم... ........................................................ 320
كادىرلار ئوقۇشلۇقى ..................................................... 332
مەنپەئەتدارلار جەمئىيىتى ............................................... 334
ئورتاق جەمئىيەت ........................................................ 336
جۇڭگو ................................................................. 339
جياڭ زېمىننىڭ زىيارىتى .................................................. 341
جياڭ زېمىن ھەققىدا ئوسۇۋالدى ............................................ 344
نېمە قىلىش كېرەك؟ ...................................................... 346
ئامېرىكا ئاملى ۋە رۇسىيە ئاملى .......................................... 350
خۇلاسە ................................................................ 351

# ئاپتورنىڭ تەرجىمىھالى

سىدىقھاجى روزى

ئوغۇل بالا، ئۆتمۈشتە قانداق ئۇلۇغ ئىشلارنى قىلالىغان بولسا، قىلىپ ئۆتكەن ئۇلۇغ ئىشلىرىنى، ئۇلۇغ ھەرىكەتلىرىنى خەلقى ئالەم ئالدىدا قايتا سۆزلەپ يۈرمەيدىغان، بەلكى شۇ ئاساستا، يېڭى ئۇلۇغ ئىشلارنى تېخىمۇ كۆپ قىلالايدىغان، ھەركىم زامان تەلەپ قىلغانىدا مىللەت ئۈچۈن بەدەل تۆلىيەلەيدىغان شۇنداق كىشى، بۇ ھەقىقىي مەنىدىكى ئوغۇل بالىدۇر.

بۈگۈن، كېيىنكى 10 يىلدىن بېرى قىلغان ئىشلىرىمنى، رەتلىگەن ماتېرىياللىرىمنى قەلەمگە ئېلىپ، كىتاب قىلىپ نەشر قىلىدىغان ۋاقىت كەلدى دەپ، ھېسابلاپ «ئۇيغۇرنىڭ ئورنى نەدە» ماۋزۇلۇق ئۇشبۇ توپلامنى نەشرىياتقا سۇندۇم. ھۆرمەتلىك تەھرىرنىڭ ماسلىشىپ بېرىشى، ئەمگىكى ۋە ياردىمى ئارقىلىق، ئۇشبۇ ئەمگەكلىرىم ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە روياپقا چىقىپ قالسا، بۇ كىشى كىم؟ دېگەن سوئالنىڭ كىتابخانلىرىمنىڭ تەئەججۈپتە قالماسلىقىغا سەۋەب بولۇپ قالماسلىقنى نەزەردە تۇتۇپ، نەشر قىلىنىدىغان كىتابىمغا تەرجىمە ھالىمنى يېزىپ بېرىشكە مەجبۇر بولدۇم.

تەرجىمھالىمنىڭ بىرىنچى جۈملىسىنى مۇنداق باشلايمەن.

مەن ئۇيغۇر، ئەلھەمدۇلىللا مەن ئۇيغۇر، مەن ئۇيغۇرمەن. ئۇيغۇر دېگەن مىللەتنىڭ بىر تال مالۇكۇللاسى ياكى ئۇيغۇر دېگەن مىللەتنىڭ بىر ھۈجەيرىسى ياكى ئۇيغۇر دېگەن مىللەتنىڭ بىر ئەزاسىمەن. مەن ئۇيغۇر ئەلھەمدۇلىللا ھالال جۈپلەشكەن بىر مۇسۇلمان بەندە، بىر جۈپ ئەر ـ ئايال ئۇيغۇرنىڭ مۇھەببىتىدىن...

ئاللاھ رىزالىقى بىلەن بۇ دۇنياغا كەلگەنمەن. ئاللاھ بۇ ئۆمۈرنى ماڭا بەخشەندە قىلىپ ھالا بۈگۈنگىچە ياشاپ كەلدىم. ئۇيغۇر بولۇپ تۇغۇلدۇم، ئۇيغۇر بولۇپ ياشىدىم، ئۇيغۇر بولۇپ كۈرەش قىلدىم، ئۇيغۇر بولۇپ خورلاندىم، ئۇيغۇر بولۇپ يىغلىدىم، ئۇيغۇر بولۇپ كۈلدۈم، ئۇيغۇر بولۇپ ئۇلۇغ كىچىك تىنندىم، ئۇيغۇر بولۇپ ھەسرەتلەندىم، ئۇيغۇر بولۇپ خىتايغا قارشى كۈرەش قىلدىم، ئۇيغۇر بولۇپ تۈرمىدە ياتتىم، ئۇيغۇر بولۇپ، مۇسۇلمان بەندە بولۇپ ئاللاھنى سېغىنندىم، (گەرچە ناماز ئوقۇيالمىساممۇ، رۇكۇغا ئولتۇرۇپ ئورنۇمدىن قوپالمايمەن، ئىككى تىزىم ئاغرىيدۇ، شۇ ھامان ئىششىپ كېتىدۇ.) لېكىن ھەر دەقىقىدە مىللىتىم ئۇيغۇرغا ئاللاھتىن ياردەم تىلىدىم. ئاللاھ ماڭا كۆز ياش ئاتا قىلدى، بۇ كۆز ياشنى ئۇيغۇر ئۈچۈن ئاققۇزدۇم ۋە يىغلىدىم. ئاللاھ ماڭا ئىرادە ئاتا قىلدى، بۇ ئىرادەم بىلەن ئۇيغۇرنىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن كۈرەش قىلدىم، ئاللاھ مەن ساڭا ئېچىپ بەرگەن يولدىن قايتما دېدى، بۇ يولدىن ھەرگىز قايتمىدىم. مەن بۈگۈن تەرجىمىھالىمنى يېزىپ چىقماقچىمەن، ئاللاھ رىزالىقى بويىچە يېزىپ چىقىمەن. بەندىلەردىن ئېلىشىممۇ يوق، بەندىلەرگە بېرىشىممۇ يوق.

## بسمىللاھىررەھمانىررەھىم

1944 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى ئاتۇش شەھىرىنىڭ مىيى يېزىسىدا ھاللىق دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلدىم. دادام روزى قارى، قارى قۇرئان ئادەم ئىدى. باشلانغۇچ مەكتەپكە دىن دەرسى بېرەتتى، ئانام تاجىخان ھاجى باي ئۆتكەن خېتىپ ھاجىمنىڭ قىزى ئىدى. يېزامدا باشلانغۇچ مەكتەپنى تۈگەتتىم. 1956 ـ يىلدىن 1961 ـ يىلى 9 ـ ئايغىچە ئاتۇش شەھىرىدە تولۇقسىز ـ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى تاماملاپ، 1961 ـ يىلى 9 ـ ئايدا ئۈرۈمچىگە كېلىپ «شىنجاڭ» ئۇيغۇرىستان ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىغا ئوقۇشقا كىردىم. 1966 ـ يىلى 9 ـ ئايدا ئالىي مەكتەپنى تاماملىشىم كېرەك ئىدى، لېكىن 1966 ـ يىلى 5 ـ ئايدا خىتاينىڭ مەدەنىيەت ئىنقىلابى باشلىنىپ جەمئىيەتنىڭ پۈتۈن تەرتىپلىرى قالايمىقانلىشىپ كەتتى. ئەكسىيەتچى ئوقۇغۇچى، يومبىشچىكنىڭ بالىسى دەپ قارىلىنىپ، بىرىنچى بولۇپ تارتىپ چىقىرىلىپ مەكتەپ ئىچىدە كۈرەش قىلىندىم. سازايى قىلىندىم. ئاخىرى «ئىنقىلابى» ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار مېنى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ تۆت يېرىم قەۋەتلىك ياتاق بىناسىغا ئالتە ئاي قاماپ قويدى. تەرەتخانىغا چىقىشقىلا رۇخسەت قىلاتتى. سەن يومبىشچىكنىڭ بالىسى تارتقۇلۇقۇڭنى تارتىشىڭ كېرەك دېيىشتى.

خىتاي مۇستەملىكىچىلىرى ئۇيغۇرىستاننى ھەربىي ئىشغالىيەت ئاستىغا ئالغاندىن كېيىن، ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ئىسلامى ۋە مىللىي مەدەنىيەتلىك قۇرۇلمىسىنى يىمىرىپ تاشلىماقچى بولدى. خۇراپاتلىقنى تارقاتقۇچى دېگەن جىنايەت ئارتىپ دىنى ئاكابىرلىرىمىزغا زەربە بەردى.

ئۇيغۇرنىڭ پۇل تاپقان بايلىرىنى، پۈتكۈل ئۇيغۇر جەمئىيىتىنى تەركىبلەرگە ئايرىشقا باشلىدى. ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ نوپۇز، ئىناۋەت، مەرتىۋە ۋە دەرىجە قاراشلىرىنى بىتچىت قىلىشقا باشلىدى. بۇ ئارقىلىق خىتاي مۇستەملىكىچىلىرى بىر جەمئىيەتنىڭ كوللېكتىۋىزملىق، تەشكىللىي ئىناقلىق، ھەمدەملىك روھىنى بىتچىت قىلىدىغان مەقسەتكە يەتتى ۋە بۇ نەتىجىلىرىنى تېخىمۇ مۇستەھكەملەش ئۈچۈن ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ئىقتىسادى ئاساسلىرىغا زەربە بېرىشكە باشلىدى.

مېنىڭ يۇرتۇم مېيىدا دادام روزى قارى يەنە باشقىلار قاتارى پومېشچىك تەركىبىگە ئايرىلدى. دادامنىڭ يەر ـ مۈلكى، ئۆي ـ ماكانى، مال ـ بىساتى پۈتۈنلەي مۇسادىرە قىلىندى. ئۆينىڭ قاچا ـ قۇچا لاۋازىمەتلىرى، ئېغىلدىكى ئات ـ كالا، قوي ـ ئۆچكىلەرنى كەمبەغەللەر يېتىلەپ چىقىپ كەتتى. ئىسكىلاتتىكى ئاشلىق تاغارلارنى ئېشەكلەرگە ئارتىپ ئېلىپ چىقىپ كەتتى. دادام رەھمەتلىك، ئانام رەھمەتلىك ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا توختىتىپ قويۇلدى. راۋابچى توختى ساراڭ ئۇلارنى نازارەت قىلىپ تۇراتتى. دادام مېنىڭ قولۇمنى تۇتۇۋالغان ئىدى. بىلمەيمەن، قورقۇشتىنمۇ ياكى مال ـ بىساتىغا چىدىماسلىقتىنمۇ دادامنىڭ پۈتۈن بەدىنى لاغىلداپ تىترەيتتى. ئۇ، بۇ مال ـ بىساتنى ئەمگەك قىلىپ تاپقان ئىدىغۇ؟... بىرقانچە ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، دادامنىڭ يەر ـ مۈلكىنى تەقسىم قىلىپ بېرىلگەن كەمبەغەل دېھقان سېتىۋالدى ئېتىز ـ قىرلارغا قويۇلغان دەرەخلەرنى كېسىۋاتقاندا، چىدىيالمىغان دادام ئۇنىڭغا ئىككى تەستەك سالغاندا ناھىيىلىك ھۆكۈمەت دادامنى بىر كېچىدە زومىگەر پومېشچىككە ئايرىپ قويدى ۋە تۈرمىگە تاشلىدى. باغلاپ ئۆيدىن ئېلىپ ماڭغاندا ئۆزۈمنى يەرگە تاشلاپ

يىغلىغانلىرىم ھازىرغىچە ئېسىمدە. تىرىك كىرىپ كەتكەن دادامنىڭ تۇرمىدىن جەسىتى يېنىپ چىقتى. بۇ ۋاقىت 1955 ـ يىلى 11 ـ ئايلار ئىدى. يۇرتداشلار ئۆلۈم پەتىسىگە يېتىپ كېلىشتى... زىكرى توۋلىدى... ئۆلۈمنىڭ ئەلچىسى كەلدى... يا دوست، يا ئاللاھ !... يادوست، يائاللاھ... يۇرتداشلار ئايلىنىپ زىكرى توۋلايتتى. مەن ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئايلىنىپ تۇرۇپ يىغلايتتىم دادام... ئون ياش چاغلىرىم ئىدى. يىغلايتتىم، مېنى يىغلاتقان زامانىنىڭ زادى قانداق زامان ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتىم. دادامدىن ئايرىلىپ يېتىم قالدىم. ئۇكىلىرىم كىچىك ئىدى، پومېشچىك قالپىقى رەھمەتلىك ئانامغا كىيدۈرۈلدى. ئانام غەيرەتلىك ئايال ئىدى. مەن پومېشچىكنىڭ بالىسى دېگەن قالپاقنى كىيدىم. خۇددى چوڭ ئادەملەردەك تەمكىن، ئېغىر ـ بېسىق بولۇپ كەتتىم. پۈتۈن ئەتراپ ماڭا ئۆچمەنلىك بىلەن قاراپ تۇرغاندەك بىلىنەتتى. كەم سۆز، ياۋاش ئىدىم. مەكتەپنىڭ تەشكىلىي ئىنتىزامىغا مەندەك ئەمەل قىلىدىغان ئىككىنچى بىر ئوقۇغۇچى تېپىلمايتتى. شۇنداق قىلىپ ئۇرۇمچىگە ــ ئالىي مەكتەپكە ئوقۇشقا كىردىم. ئانام:

ــ ئوقۇۋال بالام! ئۇكىلىرىڭنى ئۆزۈم چوڭ قىلىمەن. يېزىدا قالساڭ، مېنى باقىمەن، دېسەڭ بۇ قەلەندەر ھۆكۈمەتكە قۇل بولۇپ قالىسەن، ئاللاھ بىر يەردىن ئېيتىدۇ، ئوقۇۋال بالام! ئانام ئۇزىتىپ قويدى...

* * * * *

ئۇيغۇر «ئىنقىلابى» ئوقۇغۇچىلارنى ياتاقتا ئالتە ئاي قاماپ قويۇشتى. مېنى نازارەت قىلىدىغان ئوقۇغۇچىلار ئىككى سائەتتە بىر ئالمىشىپ تۇراتتى. ئاساسلىقى قازاق ساۋاقدىشىم ئالمىبېك ۋە نىزامەت قاتارلىقلار

نازارەت قىلاتتى. بۇ ۋاقىت 1966 ـ يىلى 11 ـ ئايغا توغرا كېلەتتى. بىر كۈنى مەن ساۋاقداشىم ئالىمبېككە:

ــ مەدەنىيەت ئىنقىلابى سىنىپى كۈرەش ئىنقىلابى بولۇۋاتىدۇ، ماۋ زېدۇڭ: «مىللىي كۈرەش تېگى ــ تەكتىدىن ئېيتقاندا سىنىپى كۈرەش مەسىلىسىدۇر» دېگەن ئىدى. ھازىر سىلەر سىنىپى كۈرەش قىلىۋاتىسلەر، نېمىشقا مىللىي كۈرەش قىلمايسىلەر، ۋاڭ ئىنماۋ سىنىپى جىنايەت ئۆتكۈزگەن، ئەجەبا ئۇنىڭ مىللىي سىياسەتتە ئۆتكۈزگەن جىنايىتى يوقمىدۇ؟ ئالىمبېك مۆتىدىل ساۋاقداشىم ئىدى. ئەتىسى ئۇ توققۇز نەپەر ئوقۇغۇچىنى تەشكىللەپ «قىزىل 3 ـ لىيەن» ئوقۇغۇچىلار تەشكىلاتىنى قۇرۇپ چىقتى. بۇ تەشكىلاتقا قازاق ساۋاقداشىم ئايتان ئوسمانوپ باشلىق بولدى. 1968 ـ يىلى 5 ـ ئايغىچە بۇ تەشكىلاتقا ئەزا بولغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانى تەخمىنەن ئىككى مىڭدىن ئېشىپ كەتتى. ئۈرۈمچىدە ئالىي مەكتەپلەردە، پۈتۈن ئۇيغۇرىستاننىڭ تولۇقسىز ـ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلىرىگىچە ئەزا تەرەققىي قىلدۇرۇلدى. ئوقۇغۇچىلار ئاپتونوم رايونلۇق ئانسامبىلنىڭ تاملىرىغا چوڭ خەتلىك گېزىت چاپلايتتى. كلاسسىك ماركسىزم بىلەن خىتاي كوممۇنىستلىرى ياكى رېۋىزونىست خىتاي مىللەتچىلىرى بۇرمىلىغان «ماركسىزم» چوڭ خەتلىك گېزىتلەرگە يېزىلغان ماقالىلەردە سېلىشتۇرما قىلىناتتى. ماۋ زېدۇڭنىڭ مىللىي سىياسىتى بىلەن ماركسنىڭ مىللەتلەر توغرىسىدىكى نەزەرىيىلىرى سېلىشتۇرما قىلىناتتى. ئۇيغۇرنىڭ مىللىي، سىياسىي دەردى يېزىلاتتى، تاملارغا چاپلىناتتى. ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا چاپلانغان چوڭ خەتلىك گېزىتلەر بىر كۈنمۇ تۈرمای يىرتىلىپ كېتەتتى. ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار «قىزىل 3 ـ لىيەن» تەشكىلاتى يازغان چوڭ خەتلىك

گېزىتلەر بىر ھەپتە، ئىككى ھەپتە ساقلىناتتى. ھەرقانداق كىشى بۇ گېزىتلەرنىڭ ئۈستىگە يەنە بىر نەرسە چاپلىمايتتى. تۆمۈر ئىسىملىك (ياتار جايى جەننەتتە بولسۇن) ئۈرۈمچى شەھەر ئادىمى ئاپشاركا ئىتتىنى يېتىلەپ چوڭ خەتلىك گېزىتنى ساقلاپ تۇراتتى. ئۇيغۇر، قازاق بولۇپ پۈتۈن ئۈرۈمچى شەھەر خەلقى «قىزىل 3 ـ لىيەن» ئوقۇغۇچىلار تەشكىلاتى ئانسامبىلىنىڭ تېمغا چاپلىغان چوڭ خەتلىك گېزىتلەرنى ئوقۇماي تۇرۇپ باشقا ئىشلارغا تۇتۇش قىلمايتتى.

* * * * *

1968 ـ يىلى 5 ـ ئايدا (ئېھتىمال 26 ـ 28 ـ كۈنلىرىنىڭ بىرى بولسا كېرەك ئېنىق ئېسىمدە قالماپتۇ) «قىزىل 3 ـ لىيەن» ئوقۇغۇچىلار تەشكىلاتىنىڭ ئەزالىرى ئۈرۈمچى شەھىرى ئىتتىپاق تىياتىرىنىڭ ئالدىغا توپلىنىپ، داغ ـ دۇغۇلۇق يىغىن ئېچىپ، ۋاڭ ئىنماۋنىڭ مىللىي سىياسىتىنى ۋە ئۇنىڭ مىللىي سىياسەتتە ئۆتكۈزگەن جىنايەتلىرىنى تەنقىد قىلدى. گەرچە قاتارغا كىرەلمىسەممۇ (ئەمدىلا ئازاد قىلىنغان ئەكسىيەتچى ئوقۇغۇچى ئىدىم، ھەرىكەتلەرگە ئاشكارا قاتنىشالمايتتىم) ئانسامبىلىنىڭ ئالدىدىن ئۆتكەن يولنىڭ قىرغىقىدا ئولتۇرۇپ ئەھۋالنى كۆزىتىپ تۇراتتىم. يول بويىدا تۇرۇپ يىغىن مەيدانىغا بارالماي نۇتۇق ئاڭلاۋاتقان ئۈرۈمچى شەھەر خەلقىگە ئەجەبلىنىپ قارايتتىم. بۇ خەلقنىڭ مىللىي ھېسسىياتى ساپ، ئەقلى جايىدا ئىدى. مىللىي باراۋەرلىك، ھوقۇق باراۋەرلىكى بۇ خەلقنىڭ ئارزۇسى ئىدى. نۇتۇق سۆزلىگۈچى ئايتان ئوسمانوپ:

ــ بىڭتۇەننىڭ ئاپشاركا ئىتلىرى ئايدا 80 يۈەن مائاش خەجلىگەن بولسا، 1962 ـ يىلى باي ناھىيىسىدە 20 مىڭ ئۇيغۇر ئاشلىق

ئىسكىلاتىنىڭ تېمىغا ئېسىلىپ ئاچلىقتىن ئۆلۈپ قالدى... شايار ناھىيىسىدە 5 مىڭدىن ئارتۇق ئۇيغۇر ئاچلىقتىن ئۆلۈپ قالدى... بىڭتۇەننىڭ ئىتلىرى... يېگەندە، ئالتايدا قازاق چارۋىچىلارنىڭ ئېرىمچىككە قورسىقى تويمىدى... ئاپتونوم رايون زادى قانداق مەمۇرى بىرلىك... ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ بىر قىسمى دېگەن ئىدى ماۋ زېدۇڭ... ئىنقىلاب قىلغۇچىلار ھاكىمىيەت بېشىغا كېلىدىغان ئىش راست بولىدىغان بولسا، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قاتناشقان مىللىي كادىرلىرىمىز نېمىشقا ئاپتونوم رايوندا ھاكىمىيەت بېشىغا كېلەلمەيدۇ... ئاپتونوم رايونغا پارتىيە ھۆكۈمرانلىق قىلامدۇ ياكى خەنزۇلار ھۆكۈمرانلىق قىلامدۇ...؟ پارتىيە ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان بولسا، نېمىشقا پارتىيىلىك مىللىي كادىرلار ئاپتونوم رايونلۇق ھۆكۈمەتنىڭ بىرىنچى قول باشلىقى بولالمايدۇ... كوممۇنىستلارنىڭ بۇ مەسىلىدە پارتىيىۋىلىكنى تەكىتلىشى يالغان، مىللىيلىكنى تەكىتلىشى راست بولۇپ قالدىغۇ...؟ كۆچمەنلەر «شىنجاڭغا» ئۇيغۇرىستانغا قانۇنغا تايىنىپ كۆچۈپ كېلەمدۇ ياكى قانۇنسىز كۆچۈپ كېلەمدۇ؟... جۇڭخۇا خەلق رېسپوبلىكىسىنىڭ قايسى ماددىسىدا، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنىڭ قايسى ماددىسىدا: خەنزۇلارنىڭ «شىنجاڭ»غا (ئۇيغۇرىستانغا) كۆچۈپ كىرىشى توغرىسىدا بىر ماددا يېزىلغان ئىدى. .. ئاپتونوم رايون ھوقۇقى بىرلىكنىڭ ھوقۇق دائىرىسى قەيەردىن ـ قەيەرگىچە... ئاپتونوم رايون يەرلىك خەلقلەردىن ساقچى قوشۇنلىرى تەشكىللىشى كېرەكمۇ، يوق ؟... ئايتان شۇنداق سۆزلەيتتى، ئۇرۇمچى شەھەر خەلقى يىغلاپ تۇرۇپ ئاڭلايتتى.

گۇڭ ئەنتىڭ قوراللىق ساقچى قىسىملارنى ئۆگزىلەرگە چىقىرىپ يىغىن مەيدانىنى كۆزىتىپ تۇراتتى... ئوقۇغۇچىلارنىڭمۇ كىيىملىرىنىڭ

ئىچىدە قورال بار ئىدى... ساقچىلار تەرەپ ـ تەرەپتىن يىغىن مەيدانىنى كامېراغا ئېلىشاتتى.

نامايىش باشلاندى، ئىككى مىڭدەك ئوقۇغۇچى ئىتتىپاق تىياتىرىنىڭ ئالدىدىكى مەيدانىدىن (نەنمېن) جەنۇبىي قوۋۇققا قاراپ يول ئالدى... ھېسداشلىق قىلغۇچىلار، ئوقۇغۇچىلار ھەرىكىتىنى قوللىغۇچىلار، قىسقىسى، قورقۇنچاقلار يول تۆپىسىدە ئۆزىتىپ قاراپ قالدى. يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدا بىللە ماڭغانلارمۇ بولدى، لېكىن قاتارغا كىرەلمىدى. ئىككى مىڭدەك ئوقۇغۇچىنى، ئۈچ مىڭدەك ئوقۇغۇچى نامايىشقا ئۆزىتىپ «شىنجاڭ» ئۇيغۇرىستان ئۇنىۋېرسىتېتىدا دەرۋازىنىڭ ئىچىدە قالدى. (مەدەنىيەت ئىنقىلابى دەۋرى ئالاقە باغلاپ جاي ـ جايلاردىن كەلگەن ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىمۇ شۇ ۋاقىتلاردا ئۇيغۇرىستان ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئىچىگە توپلانغان ئىدى) ئۇلارنى نامايىشقا چىقىشقا ھېچكىم زورلىمايتتى. شۇنداق، نۇرغۇن كىشىلەر نامايىشچىلار قوشۇنىغا قوشۇلالمىدى، قوشۇلالمىدى... ئىنقىلاب دېگەن زادى قانداق نەرسە ئىدى ئۇ؟ ئازادلىقچۇ؟ مىللىي ھۆرلۈكچۇ؟ ھېسداشلىق قىلغۇچىلارمۇ، قوللىغۇچىلارمۇ، قورقۇنچاقلارمۇ، نان قېپى ھارام تاماقلارمۇ نامايىشچىلار قوشۇنىغا قوشۇلۇپ كىرەلىگەندە ئىنقىلاب ئاندىن ئىنقىلاب بولىدۇ، ھۆرلۈك، ئازادلىق ئاندىن قولغا كېلىدۇ. ئوقۇغۇچىلار نامايىش قىلىپ جەنۇبىي قوۋۇقتىن قايتىپ كەلدى. ئۈرۈمچى شەھىرى باشقا بىر روھىي قىياپەتكە كىرىپ قالدى. نەتىجىلەرنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن ئىتتىپاق تىياتىرىنىڭ ئالدىدا يەنە يىغىن ئېچىلدى. ئايتان بۈگۈنكى نامايىشتىن خۇلاسە چىقىرىپ تۇراتتى. دەل شۇ چاغدا كۈتۈلمىگەن بىر ئىش يۈز بەردى.

* * * * *

خىتاي مەركىزى ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەزىرى ـ جۇ ئېنلەي ئايىتاننى تېلېفونغا چاقىردى، ئايىتان بارمىدى، لېكىن ئىككى نەپەر ئۇقۇغۇچىنى ۋەكىل قىلىپ تېلېفون ئارقىلىق جۇئېنلەي بىلەن سۆزلىشىشكە مەكتەپكە ئەۋەتتى. جۇ ئېنلەي:

ــ باللىرىم، ئوقۇغۇچىلىرىم، جۇ ئېنلەينىڭ ئاۋازى تېلېفوندا تىترەپ تۇراتتى: ـ ماڭا قۇلاق سېلىڭلار! قانداق سۆزۈڭلار بولسا ئاڭلايمەن... گېپىڭلار بولسا شىنجاڭ ھەربىي رايون ئارقىلىق مېنىڭ كاتىپىم گو كاتىپقا يەتكۈزۈڭلار! نامايىشنى توختىتىڭلار، سوۋېت رېۋىزونىستلىرىنىڭ ئالدىدا مېنىڭ يۈزۈمگە قارا سۈركىمەڭلار، قانداق گېپىڭلار بولسا، شىنجاڭ ھەربىي رايونى ئارقىلىق ماڭا يەتكۈزۈڭلار! كاتىپ گونى تېلېفوننىڭ يېنىدا ئولتۇرغۇزۇپ قويدۇم... ئايىتان جۇ ئېنلەينىڭ تېلېفون يولىيورۇقىنى ئوقۇغۇچىلارغا يەتكۈزمەسلىكى كېرەك ئىدى. مەن شۇ ۋاقىتتا تېلېفوندىن خەۋەرسىز ئىدىم.

ئوقۇغۇچىلار مەيداندىن تارقالدى. شۇ كۈنى كەچتە شىنجاڭ ھەربىي رايونى ئادەم ئەۋەتىپ مەكتەپتىكى ئىسيانچى خىتايلارنىڭ ۋە خىتاي ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەمكارلىشىشى ئارقىلىق ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مۇھەممەد ئىمىن ئىمىنوپ (بۇ كىشى كادىرلار ئىسيان كۆتۈرگەندە ئىسيان كۆتۈرۈپ، ئۇيغۇرىستان ئۇنىۋېرسىتېتىغا كېلىپ «قىزىل 3 ـ ليەن» ئوقۇغۇچىلار تەشكىلاتىنىڭ ئىسيانكار ئوقۇغۇچىلىرىنى قوللىغان ئىدى) نى قولغا ئېلىپ كەتتى. «قىزىل 3 ـ ليەن» ئوقۇغۇچىلار تەشكىلاتى قوغداش بۆلۈمىنىڭ باشلىقى غۇپۇر ئىمىنوپنى كېچە ـ كۈندۈز قوغداپ تۇراتتى. ياتاق مەخپىي ئىدى. (بۇ مەخپىي ياتاقنى بىلىپ قالغان

تـۇردى ئابـدۇرېهىم يەنە بىـر ئىسـمى تـۇردى شـىڭلى) ياتـاقنى خىتـاي ئوقۇغۇچىلارغا كۆرسـىتىپ بەرگەن، غۇپـۇر شـۇ كـۈنى كېچـىدە مـۇھەممەد ئىمىن ئىمىنوپنى قوغداپ خىتاي ئوقۇغۇچىلاردىن قاتتىق تاياق يېگەن. بۇ ئىشتىن ئەتىگەندە خەۋەر تاپقـان «قىزىـل 3 ـ لـيەن» تەشـكىلاتىنىڭ ئەزالـىرى، مەكـتەپ ئىچـىدە خىتـاي ئوقۇغۇچىلىرىنىـڭ تەشـكىلات ئىشـخانىلىرىغا بۆسـۈپ كىرىـپ مـۇھەممەد ئىمىـن ئىمىنـوپنى تېپىـپ بېرىشنى تەلەپ قىلـدى. غۇپـۇر قـادىرنى ئۇرغـان خىتـاي ئوقۇغـۇچىلارنى چىقىرىپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. ئەمما بۇ ئىشقا شىنجاڭ ھەربىـي رايـون ئارىلاشقانلىقتىن ئوقۇغۇچىلارنىڭ تىرىشچانلىقى ئاقماي قالدى. شۇنداق قىلىپ مۇھەممەد ئىمىن ئىمىنوپ قولغا ئېلىندى. بۇ كىشى 1970 ـ يىلـى 5 ـ ئاينىـڭ 29 ـ كـۈنى ئـاپتونوم رايونلـۇق 2 ـ دوختۇرخانـىدا قـان قاتۇرۇش ئوكۇلى ئۇرۇلۇپ ئۆلتۈرۈلـدى. (بـۇ توغرىـدا كېيىنكـى يـازمىلاردا ئەتراپلىق توختىلىمىز.)

* * * * *

مەن «قىزىـل 3 ـ لـيەن» ئوقۇغـۇچىلار تەشـكىلاتىنىڭ ئارقـا سـېپىدە ئوقۇغۇچىلار ھەرىكىتىگە رەھبەرلىك قىلاتتىم. تەشـكىلى ئىشـلار، نـۆۋەتتە قىلىدىغان ئىشلىرىمىز، ئۇنىڭدىن باشقا يېزىقچىلىق مەزمۇنلىرى مەخپىي ئىدى. ماقالىلەرنى ئەرشىدىن تاتلىق، ئۆمەر غازى قاتارلىق زىيالىيلىرىمىز يېزىپ بېرەتتى. پاكىتلىق ماتېرىياللارنى ئوقۇغۇچىلار ئۆزىمىز توپلايتتـۇق. باي ناھىيىسى ۋەقەسى توغرىسىدا «مېنىڭ بايانـاتىم» مـاۋزۇلۇق ماقالىنى رەھمەتلىــك مــۇھەممەد ئىمىــن ئىمىنــوپ يېزىــپ بەرگەن بولــۇپ، ئوقۇغۇچىلارنـىڭ قـولى ئـارقىلىق چـوڭ خەتلـىك گېـزىتكە ئايلانـدۇرۇپ ئانسامبىلنىڭ تېمىغا چاپلىغان ئىدۇق.

ئەكسىيەتچى ئوقۇغۇچى ئاتىلىپ قالغانلىقىم ئۈچۈن ئاشكارا ئوتتۇرىغا چىقالمــايتتىم. ساۋاقدىشــىم ئەمەت موقــت ئــارقىلىق ئوقۇغــۇچىلار ھەرىكىــتىگە رەھبەرلىــك قىلاتــتىم. نامــايىش تەشــكىللىگەن كــۈنى ئانسـامبىلنىڭ ئالدىــدىن ئــۆتكەن يولنىــڭ بويىــدا ئولتــۇرۇپ نامايىشــقا رەھبەرلىـك قىلـدىم، لېكىن مەيـدانغا يېقىن بارالمىـدىم. ئەمەت موقــت ئالاقىچىلىك قىلدى...

1968 ـ يىلنىڭ ئاخىرىدا پۈتۈن ئۇيغۇرىستان بويلاپ قولغا ئېلىش ھەرىكىتـى باشـلىنىپ كەتتـى، مەكتەپتىكـى ئوقۇغۇچىلارنىمـۇ جـاي ـ جايلارغـا تەقسىم قىلىش باشـلىنىپ كەتتـى ۋە مەكتەپـتە ھەربىـي ئىـدارە قىلىش يولغا قويۇلدى. مېنى ئاقسۇ ۋىلايىتىگە تەقسىم قىلىۋېتىشتى.

مەن 1969 ـ يىلـى 1 ـ ئاينىـڭ 17 ـ كـۈنى بورتـالا ئۈتەيـدە قولغـا ئېلىندىم. (تەپسىلاتى كېيىنكى يازمىلاردا يېزىلىدۇ.) بورتـالا ۋىلايەتلىـك تۈرمىــدىن يــۆتكەپ بىگىتۈەنىنــڭ تۈرمىســگە 15 كــۈن قامـاپ قويۇشــتى. كېـيىن يەنە يــۆتكەپ كېلىــپ شــۇ يىلــى 3 ـ ئايــدا ئــۈرۈمچى ليــۇداۋان تۈرمىسىگە قامىدى. كېيىن ئاڭلىشىمچە 3 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى «قىزىـل 3 ـ ليەن» ئوقۇغـۇچىلار تەشـكىلاتىنىڭ ئايتـان ئوسـمانوپ، ئـالىم غـازى شىلىيۇ، ئابىت ياقۇپ، نۇر مۇھەممەد، ئەمەت موقىت قاتارلىق توققۇز نەپەر رەھبىرى مەن قولغا ئېلىنغاندىن كېيىن بىر قازاق چارۋىچىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىپ بورتالا ئارىشاڭ ئارقىلىق ھازىرقى قازاقىستانغا ساق ـ سالامەت ئۆتـۈپ كېتىپتـۇ... يېنىـك تىــن ئالــدىم. ئىنســان بىــر قىيناشــقا، تاياققـا بەرداشـلىق بېـرەلمەي ئۇلارنىــڭ ئىســىملىرىنى، قىلغــان بــاتۇرلۇقلىرىنى سوراقچى خىتايلارغا ئىقرار قىلىشقا تـوغرا كەلسە... ئـاقىۋەت نـېمە بولـۇپ كېتەر ئىدى... خـۇدا مېنىـڭ ساۋاقداشـلىرىمنى قۇتقـۇزۇپ قالـدىمۇ ياكى

خـۇدا مېنـى قۇتقـۇزۇپ قالـدىمۇ ؟... مەنــدىن باشـقا ئوقۇغـۇچىلاردىن ھېچقانــداق كىشــى قولغــا ئېلىنمىــدى... مەن شــۇنداق بەرداشـــلىق بېرەلـدىممۇ... يـاكى خـۇدا مېنـى سـاقلاپ قالـدىمۇ يـاكى خـۇدا مېنىـڭ ساۋاقداشـلىرىمنى سـاقلاپ قالـدىمۇ بـۇ ئىشـلارغا ھـازىرغىچە ئىشـەنگۈم كەلمەيدۇ. (خۇدا خالىسا «غەرىبكە ساقىغان يۇلتۇز» ماۋزۇلۇق يازمىلىرىمـدا بۇ ھېكايىلەرنىڭ تەپسىلاتىنى ئوقۇيسىلەر.)

* * * * *

1977 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنىگىچە سەككىز يىل ئالتە ئاي ليـۇداۋان تۈرمىســدە قـاراڭغۇ ئۆيـدە يـاتتىم. شـۇ كـۈنى تۈرمـدىن قويـۇپ بېرىپ ئىككى ساقچى مېنى ماشىنىغا سېلىپ ئاقسۇ ۋىلايىتىگە (خىزمەتكە تەقسىم قىلىنغان ئورنۇم) غـا ئېلىـپ بېرىـپ، يەنە ئـۈچ ئـاي بىڭتۈەنىنـىڭ تۈرمىسـىگە قامـاپ قويـدى. مېنـى ئۈرۈمچىـدە تۈرمـدىن قويـۇپ بېرىمىـز دېگەن ئىدىغۇ. 1977 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا ئاقسۇ بىڭتۈەنىنىڭ تۈرمىسىدىن ئازاد بولدۇم.

1978 ـ يىلـى 7 ـ ئاينـىڭ 31 ـ كـۈنى خېنىم رابىيە قـادىر بىـلەن توي قىلـدىم. 1982 ـ يىلـى 7 ـ ئاينـىڭ 2 ـ كـۈنىگىچە رابىيەم خېنىم بىلەن بىللە سودا ـ تىجارەت قىلـدىم. شـۇ يىلـى شـۇ كۈنـدە «شىنجاڭ» (ئۇيغۇرىستان) مائارىپ ئىنستىتۇتىنىڭ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىغا ئوقۇتقۇچى بولـۇپ ئورۇنلاشـتىم. 1989 ـ يىلـى 12 ـ ئاينـىڭ 25 ـ كـۈنى كىچىـك قىزىم قەقنۇس دۇنياغا كەلدى. پىلانلىق تۇغۇت سياسىتىگە خىلاپلىق قىلـدىڭ، دېـگەن باھـانە بىـلەن خىتـاي مۇستەملىكىچىلىرى بـالامنى ئۆلتـۈرمەكچى بولغانـدا دوختۇرخانـدىن ئېلىـپ قـاچتىم. مەكـتەپ ماڭـا ئىككـى مىــڭ يـۈەن جەرىمـانە قويـۇپ، تەسـتىقلاش ئالدىــدا تۇرغــان

دوتسىنتلىق ئۇنۋانىمنى بىكار قىلدى، بۇنى ئاز دەپ رابىيەم خېنىمغا 50 مىڭ يۈەن جەرىمانە قويدى. 1993 ـ يىلىدىن باشلاپ مەكتەپتىن يېنىپ چىقىپ رابىيەم خېنىمنىڭ تاشقى سودا ـ تىجارىتىگە ياردەملەشتىم.

1994 ـ يىلى دوستۇم × × بىلەن بىرلىشىپ ئامېرىكىلىق جون گارۋېر ئەپەندى يازغان «رەقىبلەر ۋە ئىتتىپاقداشلار» ماۋزۇلۇق كىتابنى خىتاي تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلدىم. بۇ كىتابتا 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە رۇسىيە، ئامېرىكا، خىتاي قاتارلىق چوڭ دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى دىپلوماتىك مۇناسىۋەتلەر، تاشقى موڭغۇلىيە، ئۇيغۇرىستان، مانجۇرىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ چوڭ دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى دىپلوماتىك مۇناسىۋەتلەرگە باغلىنىپ قېلىشى ئاخىرى ئۇيغۇرىستاننىڭ بىر باغلام ئوتتۇنەك سېتىۋېتىلىشى قاتارلىق مەزمۇنلار كۆپ سالماقنى ئىگىلىگەن ئىدى. يەنە شۇ يىلى «نەپسىڭنى يىغىۋال ناخشا ئوغرىسى ۋاڭ لوبىڭ»، «تىلىۋىزىيە تىياتىرى فىڭ خانىم ۋە ئايتورلارنىڭ تارىخ قارىشى»، «ھىندىستاندا برىتانىيە ھۆكۈمرانلىقىنىڭ كەلگۈسى نەتىجىسى» قاتارلىق ماقالىلەرنى «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» دە ئېلان قىلىپ، خىتاينىڭ ئۇيغۇرىستانغا مىللىي ھۆكۈمرانلىق قىلىشىغا ئىدېئولوگىيە ساھەسىدە خىرىس پەيدا قىلدىم.

قولغا ئېلىش... قارا تىزىملىككە چۈشۈپتىمەن. بۇ شۇم خەۋەرنى پۇلغا، مالغا ئامراق باشلىقلارنىڭ خوتۇنلىرى ئارقىلىق خەۋەر تاپقان رابىيەم خېنىم قاچ! قاچ! سىدىق! قاچ، دېدى. نەگە قاچىمەن؟... پەقەت ئامېرىكىغا قاچىمەن...

1999 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنىدىن 2005 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنىگىچە ــ رابىيە قادىر تۈرمىدىن قويۇپ بېرىلگۈچە

باللىرىم ئىككى قېتىم، ئۆزۈم تۆت قېتىم تەكلىپ بىلەن ئامېرىكا كونسۇلىنىڭ گۇۋاھلىق ئېلىش، گۇۋاھلىق بېرىش يىغىنىغا قاتنىشىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇق توغرىسىدا گۇۋاھلىقىنى ئۆتتۈم. 2005 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنىدىن باشلاپ خېنىم رابىيەنىڭ كاتىپى بولدۇم. سۆزلەيدىغان نۇتۇقلىرىنى، كونگرېسقا، ئامېرىكا ھۆكۈمىتىگە يوللايدىغان ھۆججەتلىرىنى تەييارلاپ بېرىمەن.

(بۇ ھۆججەتلەر، خەتلەر، ماقالىلەر ئايرىم كىتاب بولۇپ نەشر قىلىنىدۇ.)

ئەتراپىتىكى بەزى كىشىلەر مېنى «ئىنقىلابچى» دېسە، بەزىلەر «ئاتاقلىق يازغۇچى سىدىقھاجى روزى»، «ئاتاقلىق شائىر سىدىقھاجى روزى» دېيىشتى. مەن بۇ كىشىلەرگە ھېچقاچان ئۆزۈمنى مەن شائىر ياكى مەن يازغۇچى دەپ، تونۇشتۇرمىغان ئىدىم. مېنىڭ قولۇمدىكى قەلەم ئەمەس، بەلكى خەنجەر ئىدى. بۇ كىشىلەر مېنى سىياسىي پائالىيەتچى، دەپ ئاتاشنى ھەرگىز خالىمىدى. يەنە بەزىلەر مېنى «يالغۇز ئاتنىڭ چېڭى چىقماس»، «يالغۇز كەپىدە ئولتۇرۇپ نېمە ئىش قىلىۋاتقانلىقىنى بىلگىلى بولمايدۇ» دېيىشتى. ھەتتا بەزىلەر مېنى «خائىن» دېيىشتى. ئەگەر 20 مىليون مىللەتنىڭ ھەممىسى «خائىن» بولمىغان بولسا، ۋەتەننى خىتايغا تاشلاپ بېرىپ چەت ئەللەردە مۇساپىر بولۇپ يۈرەرمىدۇق، ئەپەندىم!

يەنە بەزىلەر: «ئاپتونومىيچى»، «مۇستەقىللىق دەۋاسى قىلمايدۇ» دېيىشتى. مەيلى مۇستەقىللىق بولسۇن، مەيلى ئاپتونومىيە بولسۇن، كىم ساڭا مۇستەقىللىق ئېلىپ بېرەتتى، كىم ساڭا ئاپتونومىيە ئېلىپ بېرەتتى؟ ئەخمەق! مۇشۇ ئەقلىڭگە تايىنىپ سىياسىيدىن سۆزلەيدىغان بولۇپ

قالدىڭمۇ؟ سەن تەلەپ قىلىدىغان نەرسىلەر سەندىن، مەندىن قان تەلەپ قىلىدۇ، قان! تەييارلىقىڭ بارمۇ، يوقمۇ، تىلەمچى ئەپەندى!

مەن ئامېرىكىغا كېلىپ سىياسىي پاناھلىق تىلىگەندە، خىتاي بازىرىنىڭ يانچۇقچىلىرىمۇ، دۆڭ كۆۋرۈكنىڭ قىمارۋازلىرىمۇ ئامېرىكىدا ۋە باشقا دۆلەتلەردە يالغان سۆزلەپ، سىياسىي پاناھلىق ئالىدۇ، مەن شۇلاردىن «سىياسەت ئۆگىنىمەن» دەپ ئامېرىكىغا كەلمىگەن ئىدىم.

هۆرمەتلىك كىتابخانلىرىم!

بۇ تەرجىمھال بەك ئۇزۇن يېزىلىپ كەتتى. ۋاقتىڭلارنى ئىسراپ قىلدىم. سىلەردىن ئەپۇ سورايمەن. ئۇنتۇپ قالماڭلار، چەت ئەللەرگە ئېقىپ كەلگەن ئۇيغۇر تىللىق ئادەملەر، ئۇنتۇپ قالماڭلار چەت ئەللەرگە سىياسىي مۇساپىر بولۇپ كەلگەن ھەقىقىي، ۋىجدانلىق ئۇيغۇر ۋەتەنداشلىرىم! شائىرىمىز تېيىپجان ئېلىيۇپ مۇنداق يازغان ئىدى:

«پەخىرلەنمە كېيىنكى ئەۋلاد،
بۇ تارىخنىڭ بېشىدا بىز بار.»

2008 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى
ۋاشىنگتون

# كىرىش سۆز

ھۆرمەتلىك كىتابخانلىرىم!

قـولىڭىزدىكى بـۇ كىتابقـا «ئۇيغۇرنىـڭ ئـورنى نەدە؟» دەپ مـاۋزۇ قويدۇم. ئاللاھ بەندىلەرنى ۋە كۆللۇھۇم شـەيئىلەرنى ياراتقانـدا مۇئەييەن ماكان بىلەن تەمىنلىدى. ھەتتا، تەبىئەتتە جان ـ جانىۋارلارنىمۇ ماكـان بىـلەن تەمىنلـىدى. شـۇ قاتـاردا ھەرخىـل مىللەتـلەرگە، ھەرخىـل تىللىـق خەلقـلەرگە تېررىتـورىيە ـ زېمىـن بەخشـەندە قىلىـپ بەرگەن ئـاللاھ، 1 مىليون 900 مىڭ كۋادرات كىلومېتىرلىق ئۇيغۇرىستان تېررىتورىيىسىنى ــ ماكانىنى ئۇيغۇرلارغا بەخشەندە قىلىپ بەرگەن ئىدى. 19 ـ ئەسىردە چاررۇسىيە بىلەن مانجۇ ـ خىتايلارنىڭ، 20 ـ ئەسىردە سابىق سوۋېتلار بىلەن گومىنداڭ خىتايلىرى، كوممۇنىست خىتايلارنىڭ ئاسىياغا ۋە ئوتتۇرا ئاسـىياغا قاراتقـان دىپلوماتىـك مۇناسـىۋەتلىرى ۋە تاشقى سىياسـەتلىرى كېسىشكەن يەردە ــ ئۇيغۇرىستان ئاسىيادىكى پولشىغا ئايلىنىپ قالدى. ياۋروپادا پولشا دۆلىتى گېرمانىيە بىلەن رۇسىيىنىڭ ئوتتۇرىسىدا قالغـان دۆلەت ئىـدى. ئوتتـۇرا ئاسـىيادا رۇسـىيە بىـلەن خىتاينىـڭ ئوتتۇرىسـىدا قالغـان ئۇيغۇرىسـتان چاررۇسـىيىنىڭ ۋە لېنىن، سـتالىن رۇسىيىسـىنىڭ خىتاينى تىزگىنلىشـىدە دىپلوماتىـك كـوزىر، رۇسـىيىنىڭ يىـراق شـەرق ۋە پۈتۈن ئاسىيا سىياسـىتىدە دىپلوماتىيەلىـك ھالقـا بولـۇپ كەلـگەن. ئۇلـۇغ ئوكيان ئۇرۇشى ئاخىرلىشىدىغان ۋاقىت 1945 ـ يىلى يېتىپ كەلگەندە، يـاپونىيىنى تەسـلىم قىلىـش ئۈچـۈن ئۇيغۇرىسـتان دىپلوماتىـك يەمچـۈك قىلىندى.

1991 ـ يىلى سوۋېت ئىمپېرىيىسى يىمىرىلىپ جاھاننىڭ ۋەزىيىتى دەبدەبىلىك ئۆزگىرىش دەۋرىگە كىرىپ كەلـدى. نۇرغۇنلىغـان مىللەتـلەر

مۇستەقىللىققا ئېرىشىپ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىغا ئەزا بولۇپ كىرىشتى. بۇ ئالىي ئورگان ئۆزىنىڭ زالىدا، مۇستەقىل بولغان مىللەتلەرگە ئورۇندۇق، ساپا قويۇپ بەردى. بۇ دۆلەتلەرنىڭ بايراقلىرى باشقا دۆلەتلەرنىڭ بايراقلىرىنىڭ قاتارىغا ئېسىپ قويۇلدى... شۇنداق، ئۇلارغا جاھان ئورۇندۇق قويۇپ بەردى. ئۇيغۇرىستاننىڭ ئورنى نەدە؟!

مەن كىتابىمدا ئۇيغۇرىستاننىڭ سىياسىي ئورنى ھەققىدە ئىزدەندىم. شۇڭا كىتابىمغا «ئۇيغۇرنىڭ ئورنى نەدە» دەپ ماۋزۇ قويدۇم.

قولۇمدىكى ماتېرىياللىرىمنى داۋاملىق رەتلەپ كىتاب شەكلىدە نەشر قىلىشنى نىيەت قىلدىم. بۇ مېنىڭ 11 يىللىق ئەمگىكىم ئىدى. بۇنىڭدىن كېيىن «ئامېرىكا كونگرېسىغا يېزىلغان خەتلەر»، «غەربكە ساقىغان يۇلتۇز»، «پۇبلىستىكا ۋە لېكسىيىلەر»، «مۇستەملىكە ئۇيغۇرىستاننىڭ كۈندىلىك خاتىرىلىرى»، «ئۇيغۇر مۇستەقىللىق ھەرىكىتىنىڭ مەخپىي تارىخى»، «بۇ مېنىڭ ئەقىدەم»، «ئىنقىلاب ۋە ھايات» قاتارلىق ماۋزۇلار ئاستىدا كىتابلىرىم تەخمىنەن 12 توم ئەتراپىدا نەشر قىلىنىشى مۇمكىن. تور بېتىگە كۆچۈرۈشكە قۇربىم يەتمەيدۇ، قول يازمىلىق ئورىگىناللارنى تەھرىرىمىز ئابدۇلجېلىل ئەپەندىمنىڭ كۈچىگە، ياردىمىگە تايىنىشنى لايىق كۆرۈپ ئەۋەتىپ بەردىم، كىتابلىرىمنى نەشر قىلىپ ۋەتەنداشلىرىمغا ھەقسىز تارقىتىپ بېرىشىم مۇمكىن ئىدى. بىراق، مېنىڭ ئۇنداق ئىقتىسادى كۈچۈم يوق، كىتابلار نەشىردىن چىققاندىن كېيىن ۋەتەنداشلىرىم سېتىۋېلىپ، كىتابلىرىمنىڭ كەينى ـ كەينىدىن نەشر قىلىنىشىغا ياردەم قىلىدىغان بولسا، ئەلۋەتتە ۋەتەنداشلىرىمغا چەكسىز مىننەتدارلىقىمنى ئىپادىلىگەن بولاتتىم. قېرىنداشلىرىم! ھەممىمىز بىرلىكتە ئۇيغۇرنىڭ مۇستەقىل سىياسىي ئورنىغا ئىزلىنەيلۇق!

# قورغاس ئېغىزىدا

1992 ـ يىلى 2 ـ ئايدىن 1993 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە رابىيە قادىر، سىدىقهاجى روزى بىر تەن، بىر جان كىشىلەر ئۇيغۇرىستاننىڭ قورغاس چېگرا ئېغىزىدا تاشقى سودا بىلەن شۇغۇللاندۇق. شېكەر ۋە ھەر خىل تاۋار ـ ماللارنى قازاقىستانغا ئۆتكۈزۈپ، قازاقىستاندىن تۆمۈر، ئاليۇمىن، مىس قاتارلىق ئىستراتېگىيىلىك تاۋار ـ ماللارنى ئىمپورت قىلىپ خىتاي شىركەتلىرىگە ساتاتتۇق. رۇسىيە ئىمپېرىيىسى پارچىلانغاندىن كېيىن قازاق ـ قىرغىز قاتارلىق يايلاق مىللەتلىرى، ئۆزبېك، تاجىك قاتارلىق باغ ـ ۋاران مىللەتلىرى بىر كېچىدە يېتىپ كەلگەن ئامەتتىن پايدىلىنىپ مۇستەقىللىق جاكارلىغان بولسىمۇ، مىللىي تارىخى ئەنئەنىسىدە «دۆلەت» دېگەن چۈشەنچە بولمىغاچقا، بۇ مىللەتلەر «دۆلەت» دېگەن ئۇقۇمنىڭ قانداق نەرسە ئىكەنلىكىنى چۈشەنمەيتتى.

ئەمەلىيەتتە بۇ مىللەتلەرنىڭ مۇستەقىللىقى بىر بايراققا، بىر تال دۆلەت گېربىغا، بىر پارچە دۆلەت شېئىرىغا ئېرىشكەن مۇستەقىللىق ئىدى. مۇستەقىل دىپلوماتىيىسى، مۇستەقىل دۆلەت مۇداپىئەسى يوق ئىدى، دۆلەتنى دۆلەت قىلىپ تۇرىدىغان سىياسىي، مەمۇرىي ئامىللار يەنىلا رۇسىيىلىك موژىكلارنىڭ قولىدا ئىدى.

مۇستەملىكە بولۇپ كەلگەن بىر مىللەت تۇساتتىن مۇستەقىللىققا ئېرىشكەندە، قىساس ئېلىشنى ئاساس قىلغان مىللەتچىلىك غالجىرلىقى شۇ دۆلەتتە ئومۇمىي كەيپىياتقا ئايلىنىپ قالىدۇ. ئوتتۇرا ئاسىيادا مۇستەقىل بولغان مىللەتلەرنىڭ غالجىرلىقى مۇستەملىكىچى رۇسلارغا قارىتىلماستىن، بەلكى ئاسارەتتىكى ئۇيغۇرلارغىمۇ قارىتىلغان ئىدى. مەسىلەن: قازاقلار ئاستانىدىن كۆتۈرۈلۈپ ئايروپىلان بىلەن ئۈرۈمچىنىڭ ئاسمىنىدىن

ئۇچۇپ ئۆتۈپ بېيجىڭ بىلەن دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتتۇق، دېيىشسە؛ قىرغىزلار: «ئاسمان بىزنىڭ، يەر بىزنىڭ، يوقال سارتلار كۆزىمىزدىن» دېيىشەتتى. ئۆزبېكلەر، بۇ كوچىلاردىن خىتايلار ماڭمىسۇن دېيىشەتتى، ھەتتا ئۇيغۇر دېيىشنىمۇ ماقۇل كۆرمەيتتى.

رۇسىيىنىڭ پارچىلىنىشى ئۆتكۈنچى دەۋردە ئىقتىسادى ۋەيرانچىلىقنى كەلتۈرۈپ چىقارغانلىقتىن، مۇستەقىل بولغان دۆلەتلەر ئۆزلىرىنىڭ پۇللىرىنى ئىشلەپچىقارغۇچە رۇبلىنىڭ قىممىتى كاساتلاشتى.

رابىيە قادىر رۇسىيىدە ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادا يۈز بەرگەن پۇل پاخاللىقىدىن چېۋەرلىك بىلەن پايدىلىنىپ مالغا مال تېگىشىش سودىسىنى يولغا قويدى. ئارقىدىنلا خىتاي شىركەتلىرى سودا ـ تىجارەت قىلىشنىڭ بۇنداق ئۇسۇلىنى دوراشقا باشلىدى. ئۇيغۇرلارغا، جۈملىدىن رابىيە قادىرغا چېگرا سودىسى تازا ئۇنۇملۈك بولمىدى، چۈنكى كېيىنكى مەزگىللەردە ئىچكىرىدىن چىققان خىتايلار، بىڭتۇەن خىتايلىرى چېگرا سودىسىنى ئىگىلەپ كەتتى.

خىتاي مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ تاشقى سودا ئىدارىسى قورغاستا بىرقانچە يەردە مال چۈشۈرۈش، مال چىقىرىش ئىسكىلاتلىرىنى قۇرغان، قازاقىستانغا ئېكسپورت قىلىنىدىغان ۋە قازاقىستاندىن ئىمپورت قىلىنغان تاۋار ـ ماللارنىڭ بۇ ئىسكىلاتلارغا چۈشۈرۈلۈپ، تاموژنا رەسمىيەتلىرى بېجىرىشلىرى كېرەك ئىدى. شۇ قاتاردا رابىيە قادىرنىڭ ئېكسپورت قىلىدىغان، ئىمپورت قىلىنغان تاۋار ـ ماللىرى بۇ ئىسكىلاتلارغا ھەتتا قوراللىق ساقچى قىسىملارنىڭ ئىسكىلاتلىرىغا مەجبۇرى چۈشۈرۈلەتتى. ئىسكىلاتلار ئاللىقاچان خىيانەتچى، پارىخور خىتايلارغا كۆتۈرە بېرىلگەن، بىر تونىنا مالنى بىر كۈن ساقلاپ بەرگەنلىكى ئۈچۈن ئىككى موچەن ھەق

ئېلىناتتى. ئىسكىلاتنى كۆتۈرە ئالغان خىيانەتچى خىتايلار، تاموژنىدىكى خىيانەتچى خىتايلار بىلەن بىرلىشىپ، تاموژنا مال چىقىرىش ۋە مال چۈشۈرۈش رەسمىيەتلىرىنى ۋاقتىدا بېجىرىپ بەرمىگەنلىكتىن، رابىيە قادىرنىڭ ئېكسپورت، ئىمپورت تاۋار ــ ماللىرى ئىسكىلاتتا ئۇزۇن مۇددەت تۇتۇپ قېلىنىپ ئۆزگىرىشچان بازارنىڭ ئېھتىياجىغا ئۇلگۈرەلمەيتتى. پايدىغا سېتىلىدىغان تاۋار ماللار ئەمەلىيەتتە زىيىنىغا سېتىلاتتى.

1993 ــ يىلى 7 ــ ئايدا قورغاستىكى ياتىقىمدا دەم ئېلىپ ئولتۇراتتىم. بىر كىشى ئىشىكنى چەكتى. ئىشىك ئالدىدا ئىككى ئەر كىشى بىر ئايال كىشى تۇراتتى. مەن سودىگەرلەر ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ:

ــ ياتاققا كىرىڭلار، دېدىم، ئايال خىتاي:

ــ رابىيە قادىر بارمۇ؟

ــ ياق. رابىيە قادىر قازاقىستاندا، مەن رابىيە قادىرنىڭ ئېرى بولىمەن.

ــ ئۇنداقتا مال ئېكسپورت قىلىشنى، مال ئىمپورت قىلىشنى دەرھال توختىتىپ، ئىسكىلاتتىكى ماللارنى سېتىۋېتىپ، ئۈرۈمچىگە ــ ئۆيۈڭلەرگە قايتىپ كېتىڭلار.

ــ ئۇرۇش بولامدىكەن، دەپ سوراپتىمەن.

ــ مەن شاڭگاڭلىق، ھازىر موسكۋادىن كەلدىم. ئۇرۇش بولمايدۇ، ئەمما چېگرا سودىسىدا ئۆزگىرىش بولىدۇ، خەير ــ خوش، دېدى ــ دە، كېتىپ قالدى.

كېچىچە ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ قانداق ئۆزگىرىش بولىدىغانلىقىغا جاۋاب تاپالمىدىم. ئەتىسى رابىيە قادىر قازاقىستاندىن قايتىپ كەلدى. تۈنۈگۈن شاڭگاڭلىق ئايال بىلەن ئارىدا بولۇپ ئۆتكەن

ئىشلارنى ئۈنىڭغا تولۇقى بىلەن چۈشەندۈردۈم. بىراق، رابىيە قادىر ئۈنداق سۆزلەرگە قۇلاق سالىدىغان، نەسىھەت ئاڭلايدىغان ئايال ئەمەس ئىدى.

ئەسلىدە جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەزىرى جۇرۇڭجى ماكرولۇق تەڭشەش، مىكرولۇق تەڭشەش، دەيدىغان ئىقتىسادى سىياسەتنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، جۇڭگو ئىقتىسادىنىڭ «تېز ئىلگىرىلىشى» نى كونترول قىلماقچى بولغان ئىكەن. نەتىجىدە، سودا قىلىش ئۈچۈن خىتاي شىركەتلىرىگە بانكىدىن قەرز بېرىلگەن پۇل بىر كېچىدە يىغىپ ئېلىنغاندىن كېيىن، قورغاس بازىرىدىكى سودا بىراقلا سۇغا چىلاشتى. نورمال تىجارەت، مۇۋاپىق باھا بىر مەزگىل داۋاملىشىدىغان بولسا، رابىيە قادىر تاشقى سودىسىنى بىر يىل داۋاملاشتۇرالىغان بولسا، خىتاي پۇلى ھېسابىغا رابىيە قادىر تاشقى سودىسىدىن 45 مىليون يۈەن ساپ پايدىغا ئېرىشكەن بولاتتى. ئىلگىرى ـ كېيىن بەش ئاي ئىچىدە رابىيە قادىر، قازاقىستاندىن 15 مىڭ تونىنا پولات ـ تۆمۈر ئىمپورت قىلغان ئىدى. قازاقىستاندا 1500 يۈەندىن 2000 يۈەنگىچە سېتىپ ئېلىنغان بىر تونىنا رەزمىلىك تۆمۈر قورغاس ئېغىزىدا 3000 يۈەندىن 3700 يۈەنگىچە سېتىلاتتى. سىياسەتتىن، ئىقتىسادى سىياسەتتىن پۈتۈنلەي خەۋەرسىز قالغان ئۇيغۇرلار شۇ يىلى سودا ـ تىجارەتتە پۈتۈنلەي مەغلۇپ بولدى.

## لوندونغا سەپەر

1994 ـ يىلى 6 ـ ئايدا ئەنگلىيە «28 چىلەر گۇرۇھى»نىڭ چاقىرىقىنى ئېلىپ بۈيۈك بىرتانىيە ـ لوندونغا بارماقچى بولدۇق. بىلەت ئېلىپ بولغاندىن كېيىن مەن باھانە كۆرسىتىپ بارمايمەن، لوندونغا بارمايمەن، دەپ تۇرۇۋالدىم. چۈنكى خىتاي ھۆكۈمىتى «28 چىلەر گۇرۇھى»نى جۇڭگوغا تەھدىت، دەپ قارايدىكەن. لېكىن رابىيە قادىر كۆپ قېتىم خىزمەت ئىشلەپ، ئۆزى بىلەن بىللە لوندونغا بېرىشىمغا مىنى قايىل قىلدى. تەييارلىق قىلىۋاتقاندا خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ مەخپىي ئىشلار ئىدارىسى بىخەتەرلىك باشقارمىسى ئائىلىمىزگە خىزمەتچىلىرىنى ئەۋەتىپ ئەنگلىيىگە ـ لوندونغا بارماسلىق توغرىسىدا خىزمەت ئىشلىدى. «28 چىلەر گۇرۇھى» جۇڭگوغا قارشى گۇرۇھ، ئۇلارنىڭ چاقىرىقى بويىچە لوندونغا بارىدىغان بولساڭ سىياسىي ئىستىقبالىڭغا تەسىر يېتىشى مۇمكىن.

ــ مەن ئۆزۈمگە ئىشىنىمەن. سىلەر ماڭا ئىشىنىشىڭلار كېرەك، مەن لوندونغا سىياسەت ئۈچۈن كېتىۋاتقىنىم يوق، ئەكسىچە تىجارەت ئىزدەپ كېتىۋاتىمەن، دېدى رابىيە قادىر.

بۇ تۇسالغۇلارغا قارىماستىن بىز يەنىلا گۈزەل شەھەر لوندونغا يېتىپ كەلدۇق. خىلمۇخىل تىجارەت سورۇنلىرىنى، شىركەت، كارخانىلارنى، زاۋۇتلارنى زىيارەت قىلدۇق. رابىيە قادىر لوندوندا ئاشخانا، رېستوران ئېچىشقا توختام تۈزۈپ قايتىپ كەلگەندە، ئۇيغۇر ئاشپەزلەرنى يېتىشتۈرۈپ بېرىش تەييارلىقىنى قىلىۋاتقاندا خىتاي ھۆكۈمىتى تەستىقلاپ بېرىشنى بانكا ئارقىلىق پۇل يوللاپ بېرىشنى رەت قىلدى. ئۇيغۇرنىڭ ياخشى ئارزۇسى، خەلقئارا جەمئىيەتكە يۈزلىنىش ئىستەكلىرى، تىرىشچانلىقلىرى مۇستەملىكىچى ھاكىمىيەتنىڭ رەت قىلىشىغا، زەربە بېرىشىگە ئۇچرىدى.

تەكلىپ بىلەن رابىيە قادىر لوندوندا «تايمىس» گېزىتى ئىدارىسىنى، «قوغداش» گېزىتى ئىدارىسىنى زىيارەت قىلدى. مۇخبىرلار:

ــ تىجارەتنى قانداق باشلىدىڭىز؟

ــ سىزنىڭ تىجارەت قىلىشىڭىزغا سىياسەت يول قويدىمۇ؟

ــ مۇسۇلمان ئاياللار ئادەتتە سودا ـ تىجارەت قىلمايتتىغۇ، ئۇيغۇر جەمئىيىتى ساڭا قانداق ئىنكاس قايتۇردى؟

ــ خىتايلارنىڭ باشقۇرۇشىدىكى بانكىلار، ئېھتىياجىڭىز چوشكەندە تەلەپ قىلساڭ ساڭا قەرز پۇل بەردىمۇ؟

ــ قانداق جاپا ـ مۇشەققەتلەرنى باشتىن كەچۈردۈڭ، قانداق توسقۇنلۇقلارغا ئۇچرىدىڭىز؟

ــ پارىخور خىتاي ئەمەلدارلىرىغا قانداق تاقابىل تۇردۇڭ؟ مىللىي رەھبەرلەر ساڭا يېشىل چىراغ يېقىپ بېرەلىدىمۇ؟ شۇنچىلىك ھوقۇق بارمۇ ئۇلارنىڭ ۋەھاكازا؟ مۇخبىرلار رابىيە قادىرغا سوئاللارنى ياغدۇرۇۋەتتى.

«تايمىس گېزىتى»نىڭ مۇخبىرى:

ــ ئوتتۇرا ئاسىيادا قازاق، قىرغىز قاتارلىق مىللەتلەر مۇستەقىل بولدى. ئۇيغۇرلارمۇ ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشايدىغان مەدەنىيەتلىك بىر مىللەت، سىلەر ــ ئۇيغۇرلارنىڭ مۇستەقىل بولۇش ئارزۇيۇڭلار يوقمۇ، قازاق، قىرغىز مىللەتلىرىنىڭ مۇستەقىل بولۇشى «شىنجاڭ»غا قانداق تەسىر كۆرسەتتى؟

تەرجىمان تۇرسۇن ئەپەندى بۇ سوئالنى تەرجىمە قىلىپ بولغاندىن كېيىن، رابىيە قادىر ماڭا قاراپ قويۇپ كۆزىگە لىققىدە ياش ئالدى...

ــ ماڭا بۇنداق سوئاللارنى قويما، جاۋاب بېرەلمەيمەن...

## تۈركىيە ــ ئىستانبۇلغا سەپەر

لوندونـدىن سـاق ـ سـالامەت ئـۈرۈمچىگە قايتىـپ كەلـدۇق. بىـر ھەپتىلىـك سـەپەرنىڭ ھـاردۇقنى ئالمـاي تـۇرۇپلا، رابىـيە قـادىر ئوتتـۇرا ئاسـىياغا، قـازاق، قىرغىـز، ئۆزبېـك، تاجىـك دۆلەتلىـرىگە بېرىـپ سـودا ـ تىجـارەت قىلىشـقا تەييـارلىق قىلـدى. قورغـاس ئېغىزىـدىكى تىجـارەتتىن رابىيە قادىر تەجرىبە ـ ساۋاق ئالمىغانىدى. تىرە، ژۇڭ، پاختـا، تىجـارىتى ئېلىپ بېرىشقا قىزىقىپ يۈرەتتى. ئىنسـان ئەقلـى ـ ھوشـىنى يوقاتقانـدا پەقەت بىرلا يول ـ قـارامىلىق قىلىشقا جۈرئەت قىلـدۇ. دېمىسـىمۇ رابىـيە قادىرنىڭ سودا ـ تىجارەت خاراكتېرى قـارامىلىقنى بەلـگە قىلغـان ئىـدى. تۈنۈگـۈن قورغاسـتا خىتاينىـڭ مـاكرولۇق تەڭشـەش سىياسـىتىنىڭ كاسـاپىتىدىن سـودا ـ تىجـارەت ساھەسـىدە بىـر قېتىملىـق مەغلـۇبىيەتكە ئۇچرىغان رابىيە قادىر بوشاشماستىن يەنە سودا ـ تىجارەتكە ئاتلاندى.

ئۆزبېكىستاندا قىزىقچىلىق قىلىپ تۈركىيە ئەلچىخانىسىغا كىرىپ ۋىزا ئېلىشنى سىناپ باقماقچى بولـدى. بـاش ئەلچـى پاسـپورتقا تامغـا بېسـىپ بەرگەندىن كېيىن رابىيە قادىر شۇنداق خوش بولۇپ كەتتىكـى، خـۇددى بالا چاغلىرىدا ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسىغا ئەركىلەپ بەرگەنلىرى كۆز ئالـدىغا كەلـدى. ئۆزبېكىسـتاندىن ئۇچقـان ئـايروپىلان تـۆت سـائەتتىن كېيىن ئىستانبۇل ئايرىپورتىغا قوندى. بۇ ۋاقىت ئىستانبۇلدا يېرىم كېچە بولغـان چاغ ئىدى. ئايروپىلان كېچە ئاسمىنىدا ئەگىپ ئايرودرومغا قونغۇچە مەن ئىستانبۇلنىڭ كېچە مەنزىرىسىنى تاماشا قىلدىم. چاقناپ تۇرغان چىراغلار ئىچىـدە ئىسـتانبۇل كـۆزۈمگە گويـا نـۇر ئىچىـدە ياشـاۋاتقان شـەھەردەك كۆرۈندى.

ئىستانبۇلدا ياشاۋاتقان مۇساپىر ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆيلىرىگە پەتىلەپ باردۇق. مېھمان بولدۇق، پاراڭلاشتۇق، دادىل سىياسىي مۇنازىرىلەرنى قىلىشتۇق، ئابدۇلھېكىم باقى ۋە باشقا مۇساپىرلار قارا دېڭىز بويىدا بىر رېستوراندا مېھمان قىلدى. قارا دېڭىزنىڭ بويلىرى يۇتۇنلەي دېگۇدەك رېستوران ئىكەن. قارا دېڭىز تۈركىيىگە بالايىئاپەتلەر ئېلىپ كەلگەن ۋە تۈركىيىگە بەخت ـ سائادەتمۇ ئېلىپ كەلگەن تارىخى ئۆتمۈشى بار ئىدى. قارا دېڭىزنىڭ ئۇ تەرىپى رۇسلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا قالغان، رۇس قىزىل كىرىمىل ئىمپېرىيىسى يىمىرىلگەندىن كېيىن، ئۇ تەرەپنىڭ قىرغاقلىرىغا ئۇرۇلۇپ تۇرغان قارا دېڭىزنىڭ دولقۇنلىرى ئەركىنلىككە ئېرىشكەندەك كۆرۈنەتتى.

قارا دېڭىز يۇزىدە ھېچنەرسە كۆرۈنمەيتتى. قىرغاقتا يېقىن يەرلەرگە توختىتىپ قويۇلغان كېمىلەر، پاراخوتلار سۇ دولقۇنلىرىنىڭ ئۇرۇلۇشىغا كۆرە لىڭشىپ، تەۋرىنىپ تۇراتتى. تاماقتىن بىر قوشۇق ئېلىپ بېشىڭنى كۆتۈرۈپ قارىساڭ قارا دېڭىزنىڭ يۈزى ئۇ تەرەپتىن بۇ تەرەپكە، بۇ تەرەپتىن ئۇ تەرەپكە قاتناپ تۇرغان پاراخوتلارغا توشۇپ كېتەتتى.

ئابدۇلھېكىم باقى ۋە باشقا مۇساپىر ئۇيغۇرلار بىزنى دولما باغچىسىغا، ئىگەي دېڭىزى بويلىرىغا ئېلىپ بېرىپ سەيلە ـ ساياھەت قىلدۇردى. تەبىئەتنىڭ تەبىئىي گۈزەللىكلىرىگە ئادەتتىن تاشقىرى ئىشتىياق بىلەن نەزەر تاشلايدىغان رابىيە قادىر بۇگۈن خۇددى كىچىك بالىغا ئوخشاپ قالغان ئىدى. ئابدۇلھېكىم باقى بىزنى مۇستاپا كامال مۇزېيىغا ئېلىپ كەلدى. بۇ مۇزېي، ئاددىي ئادەمنىڭ، لېكىن مۇرەككەپ سىياسىي كۈرەش تەجرىبىلىرىگە باي، ياش تۈركىيىگە، سىياسەت بىلەن دىننى ئايرىۋېتىپ

دۆلەت قۇرغان تۈركىيىگە ئايلاندۇرغان بىر كىشى ــ مۇستافا كامال رەھبەرنىڭ مۇزېيى ئىدى.

تۈركىيىدە ئۇيغۇرلار ئۈچۈن ئېيتقاندا سىياسىي پائالىيەت دېگەننىڭ ئىزناسىنىمۇ تاپقىلى بولمايتتى. ئۇيغۇرلار تۈركىيىدە سىياسىي پائالىيەت تەشكىللىيەلىسىمۇ، ئانچە ــ مۇنچە تەسىر پەيدا قىلالىسىمۇ، تۈركىيىدىن ئىبارەت بۇ دۆلەتنىڭ ئىچكى ــ تاشقى سىياسىتىگە ئۇيغۇرلار مەسىلىسى قانچىلىك تەسىر كۆرسىتەلىشى مۇمكىن ئىدى؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە تۈركىيىدە تەسىرى بار، جەمئىيەتتە ئاساسى بار، سىياسىي قابىلىيىتى بار بىرمۇ ئۇيغۇر يوق ئىدى. تۈركىيىدە قازاقلار ئىتتىپاقلىشىپ ئاساس تىكلەپ ئىجتىمائىي ئورنىنى تىكلىيەلىگەن ئىمىش. ئاڭلىشىمىزچە تۈركىيىدە 10 مىڭدىن ئارتۇق ئۇيغۇر ياشايدىكەن. بۇ ئۇيغۇرلار بىر يەردە باش قوشۇپ، بىر ۋەكىلنى كۆتۈرۈپ چىقىپ تۈركىيە دۆلەت پارلامېنتىغا ھېچبولمىغاندا ئىستانبۇل شەھەرلىك پارلامېنتقا بولسىمۇ ئەزا قىلىپ كىرگۈزەلىگەنمۇ؟ ئۇ تۈرككە بەقەسەم كىيدۈرۈپ، بۇ تۈرككە دوپپا كىيدۈرۈپ زامان ــ زامانلار ئۆتۈپ كەتتى، ئېرىشكەن نەتىجە نېمە؟ سەن «ئاتا تۈرك» «مەن بالاڭ تۈرك» دېگەن شوئارنى، ئۆزىنى پەس چاغلايدىغان بىر ئىبارىنى داۋاملىق تەكرارلاپ ئېرىشكەن نەرسە بىر قەبرە پەقەت بىر قەبرە بولدى، خالاس.

ئۇيغۇرلار ئاقكۆڭۈل ئىدى، ھەم ئەخمەق ئىدى. ئۇيغۇرلار نادان ئىدى ھەم ئەقىللىق ئىدى. ئادەت كۈچىنىڭ بۆشۈكىدە ئۆزىنى ئۆزى تەۋرىتىپ تۈركىيىدىن پانا تىلەپ يۈرۈشەتتى. بىر مىللەت ئىجتىمائىي جەھەتتە پىشىپ يېتىلسىمۇ لېكىن سىياسىي جەھەتتە پىشىپ يېتىلمەيدىكەن، بۇنداق مىللەت ئەخمەق پېتىچە، نادان پېتىچە

قىلىۋېرىدۇ. «ئىشەنگەن تاغلىرىڭدا كىيىك ياتماپتۇ» دېگەندەك بىر ئىش، 2000 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى يۈز بەردى. بارىن ۋەقەسىدىن تاكى ھازىرغىچە 40 مىڭ ئۇيغۇرنىڭ قېنىنى ئىچكەن جياڭ زېمىن زىيارەت قىلىپ تۈركىيىگە كەلگەندە، پىرېزىدېنت سۇلايمان دېمىرەل تۈركىيىنىڭ دۆلەت مېدالىنى جياڭ زېمىنىنىڭ كۆكسىگە تاقاپ قويدى. نېمە ئىكەنلىكىنى قانداق ئىزم ئىكەنلىكىنى بىلمىسىمۇ ھازىرغىچە پانتۈركىزمنىڭ شوئارىنى توۋلاپ، ئۆزىنى ـ ئۆزى خۇش قىلىپ كەلگەن بەزى كىشلەر ئاز ـ تولا نومۇسنى بىلگەنلىكتىن قىزىرىپ تۇرۇپ: «جياڭ زېمىن مەيدىسىگە يانتاق قاداپ قايتىپ كەتتى» ماۋزۇلۇق ماقالە ئېلان قىلىپ، ئۆزىنى ـ ئۆزى بەزلىدى ۋە ئۆزىگە ئۆزى تەسەللى بەردى. كۆڭۈلسىز ۋەزىيەتتە ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىشقا ئۇرۇنۇپ كۆردى.

تۈركىيىدىن ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپ قازاقىستان ئارقىلىق ئۈرۈمچىگە قاراپ يولغا چىقتۇق. مەن رابىيە خېنىمغا:

- ئۇيغۇرىستان بۇ ۋەتەننىڭ سىياسىي ئىشلىرى ئاخىرى يەنىلا ئىككىمىزگە قالدۇ، دېدىم.

رابىيە قادىردىن ئۈن چىقمايتتى. ئۇ تۈركىينى كۆرۈپ قايتتى. تۈركىيە بىر نېمە، دەيدۇ، ئەرەبىستان بىر نېمە دەيدۇ، دەيدىغان ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ چاكىنا قاراشلىرىنى ئويلاۋاتاتتى. ئۈمىد بىلەن ئۈمىدسىزلىكنىڭ كەسكىن كۈرەشلىرى ئۇنىڭ روھى دۇنياسىنى ئازابلاۋاتاتتى، ئۇ روھى دۇنياسىدا ھەركىم ھەر نېمە دەيدۇ، ئۇيغۇر ئۆزىنىڭ تەقدىرى توغرىسىدا ئۆزى بىر نېمە دېمىگۈچە ھېچكىم ھېچنېمە دېمەيدۇ، دەۋاتاتتى.

رابىيە خېنىم مېنىڭ سۆزۈمنى تەستىقلىمىدى ياكى ئىنكار قىلمىدى. خىياللار خۇددى ئۇنى مەجنۇنتالنىڭ شېخىدەك چىرماپ ئالغان ئىدى. قەيەردىن باشلاش كېرەك... ئىدىيىلەر، پىكىرلەر چۇۋۇلۇپ كەتكەن يىپتەك گادىرماچ بولۇپ كەتكەن. ئۇچىنى تاپقىلى، بېشىنى تاپقىلى بولمايتتى. ئايروپىلان قازاقىستان ئايرىپورتىغا قوندى. بەلەت ئۈرۈمچىگە ئېلىنغان ئەمەسمىدى...؟ ئايروپىلان ئىستانىسىنىڭ ئۈرۈمچىگە ئۇچۇش بۆلۈمىگە كىرگەندە قازاقلار، ئورۇسلار رابىيە خېنىم ئىككىمىزنى شۇ دەرىجىدە مەسخىرە قىلدىكى ... رابىيە قادىر خورلاشقا چىدىيالمىدى، ئۇ ئېتىلىپ بېرىپ بىر ئورۇسنىڭ يۈزىگە بىر كاچات سالماقچى بولغانىدا مەن تۇتۇۋالدىم. غەزەپ ـ نەپرەت كۆز ياشقا زورلىدى، ئۇنىڭ ئىككى

كۆزىدىن تاراملاپ تۆكۈلگەن ياش مېنىڭ ئازابلىنىپ تۇرغان يۈرىكىمنى يۇيۇپ ئۆتتى...

ئەسلىدە تۈركىيىدە بىزگە بىلەت ئېلىپ بەرگەن ئالدامچى، قويمىچى ئۇيغۇر، قازاقىستاندىن ئۈرۈمچىگە ئۇچىدىغان ئايروپىلاننىڭ ئورۇندۇق نومۇرىنى بەلگىلەپ بېلەتنى تولۇق سېتىۋېلىشنى بېجىرمىگەن ئىكەن.

تاكسى توسۇۋالدۇق. ماشىنىغا چىققاندا رابىيە خېنىمنىڭ چىرايى خۇددى بۇلۇتتىن كېيىنكى ئاپتاپتەك ئېچىلىپ كەتتى. خۇدا، دېدىم ئىچىمدە. تېزلا خۇيلىنىپ، تېزلا ئېچىلىدىغان، تېزلا تۇتۇلۇپ تېزلا كۈلىدىغان رابىيە قادىردەك ئايالنى ماشا ئۆمۈرلۈك مەھبۇبە قىلىپ بەرگىنىڭگە رەھمەت. ئىككىمىز يۈسۈپ بېك مۇخلىسىنىڭ ئۆيىگە كېتىۋاتاتتۇق، ئۇ شۇچا ئېچىلىپ كەتتى بولغاي، ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن چاقچاق قىلىپ ئۇنىڭ كۆڭلىنى كۆتۈردۈم.

يۈسۈپ بېك ئاكا ئالدىمىزغا چىقىپ ئىشىك تۈۋىدە قارشى ئالدى. داستىخان سېلىندى... داستىخانغا بىر دانە قارا بولكا كەلتۈرۈلدى. شۇ كۈنى يۈسۈپ بېك ئەپەندىمنىڭ ئائىلىسىدە راسخوت ئۈزۈلۈپ قالغىلى ئۈچ كۈن بولغان ئىكەن. رابىيە قادىر ئالدىراشغۇمۇ ياكى بۇ ئائىلىنى خوش قىلىش ئۈچۈنمۇ يانچۇقىدىن 800 دوللارنى چىقىرىپ ئۈستەل ئۈستىگە قويۇپ قويدى. بۇ پۇل رابىيە قادىرنىڭ يانچۇقىدىكى ئەڭ ئاخىرقى پۇل ئىدى. چاي ئىچىلىپ بولغاندىن كېيىن، رابىيە قادىر بىلەن يۈسۈپ بېك ئەپەندى سىياسىي پاراڭغا چۈشۈپ كەتتى. مەن ساپادا يېتىپ ئارام ئالدىم. ھاكاۋۇرلۇق قىلدىممۇ ياكى تونۇش ياكى ناتونۇش مەسىلىلەرگە قارىتا ئېرەنسىزلىك قىلغىنىممۇ بىلمەيمەن. ھەر ھالدا ئىككى كىشىنىڭ سۆھبىتىگە ئارىلاشمىغانلىقىم بىر خىل ھۆرمەتسىزلىك

ئىدى. ئۆيدىن قايتىپ چىققاندىن كېيىن رابىيە قادىر مېنى ئوبدان ئەدەپلەپ قويدى.

ــ رابىيە خېنىم توغرا قىلدىڭىز، ئادەمگەرچىلىك مەۋقەسىدىن ئېيتقاندا توغرا قىلدىڭ؛ سىياسىي مەۋقەدىن ئېيتقاندا خاتا قىلدىڭ... پۇلنى بېرىپ قويدۇق، پۇل تاپشۇرۇپ ئالغان بۇ كىشىلەر ئەتە كىملەرگىدۇر ــ رابىيە قادىر مېنىڭ سىياسىي پائالىيىتىمگە پۇل بەرگەن، دەپ قويسا خىتاينىڭ رازۋېد ئورگانلىرى ئاڭلاپ قالىدىغان بولسا، ئىككىمىزنىڭ تەقدىرى قانداق بولىدۇ خېنىم؟ بۇنداق ئەندىشىلىرىمنى ئاڭلىغاندا رابىيە قادىر پەرۋامۇ قىلمايتتى، قولىنى بىر شىلتىدى ــ دە، تۈگىدى ۋەسسالام!

يانچۇقىمىزدا بىر تىيىن پۇل، ھەتتا تاماق يەيدىغان پۇلمۇ قالمىدى. تاكسىدىن بىرنى توسۇپ، 700 رۇبلىغا قورغاس چېگرا ئېغىزىغىچە كىرا قىلدۇق. رابىيە قادىرغا:

ــ قانداق قىلىمىز، دېگەن سوئالنى قويۇش ھاجەتسىز ئىدى. تاموژنىغا كەلگەندە ۋەتەندىن ئۆتكەن تىجارەتچىلەرنىڭ ئالدىنى توسۇپ رابىيە قادىر ئۇلاردىن 1000 رۇبلى قەرز ئالدى. 700 رۇبلىنى شوپۇرغا بېرىپ 300 رۇبلىنى يانچۇققا سالدى.

مەلۇم بىر كۈنى سىياسىي كېڭەشنىڭ يىغىن زالىدا سېكرېتار ۋاڭ لېچۈەن رابىيە قادىرنى ئالدىغا چاقىرىپ:

- رابىيە قادىر، نىگا، سەن چەت ئەلدە سودا ــ تىجارەت قىلىۋاتامسەن ياكى ئەكسىيەتچى، بۆلگۈنچى تەشكىلاتلارغا پۇل تارقىتىپ يۈرەمسەن، دەپتۇ. مۇئاۋىن رەئىس قەييۇم باۋۇدۇن نەق مەيداندا قاراپ تۇرغان ئىكەن. بۇ سوئالغا رابىيە قادىر:

ــ «ھۆكۈمەت ماڭا ئىشىنىشى كېرەك، مەن ھۆكـۈمەتكە ئىشـىنىمەن، ئۆسەك سۆزلەرگە ئىشەنمەڭ ۋاڭ شۈجى»، دەپتۇ.

ئۆيگە قايتىپ كېلىپ رابىيە قادىر بۇ قېتىمقى سوئال ـ جاۋابنى ماڭـا سۆزلەپ بەردى. ئاپلا !، دېدىم، دە ـ ئورنۇمدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتىم...

رابىيە قادىرنىـڭ يۈسـۈپ بېككە پـۇل بېرىشـى بىـر قېتىملىـق ئەمەس ئىدى. ئوتتۇرا ئاسىيادا سىياسىي پائـالىيەت قىلغـۇچى ئۇيغۇرلارغـا رابىـيە قادىرنىـڭ پـۇل تارقىتىـپ بېرىشـى بىـرلا يۈسـۈپ بېـك مـۇخلىس بىلەنـلا چەكلەنمەيتتى. دېمەك، بىخەتەرلىك باشقارمىسى رابىيە قادىرنىڭ پېيىگە چۈشكەن ئىدى.

## قاراملىقنىڭ ئاقىۋىتى

ئۈزۈنـدىن بىـرى ئۈرۈمچىـدە، پۈتـۈن ئۇيغۇرىسـتان مىقياسـىدا بىـر غۇلغۇلا ئېقىپ يۈرگەن ئىكەن. (بۇ چاغدا رابىيە قادىر ئىككىمىز قورغاستا، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئۇ تەرىپىدە تىجارەت قىلىپ يۈرگەن ئىدۇق). خىتـاي تارىخچىلار ۋە خىتاينىڭ تەشۋىقات ئورگانلىرى بىرلىشىپ «فىلىڭ خـانىم» ماۋزۇلۇق تېلېۋىزىيە تىياتىرى ئىشلەپ چىقىپ، ئېكراندا قويۇشقا باشلاپتۇ. قايتىپ كېلىپ «فىلىڭ خـانىم» مـاۋزۇلۇق تېلېـۋىزىيە تىيـاتىرىنى ئېكرانـدا بىـرلا قېتىم كـۆردۈم. بـۇ تىيـاتىر قايتـا ئېكرانـدا قويۇلمـىدى. تىياتىرنىـڭ مەزمـۇنىنى رابىـيە قادىرغـا سـۆزلەپ بەردىـم. غەزەپلەنـگەن رابىـيە خېنىم شــىنجاڭ تېلېــۋىزىيە ئىستانسىســىغا بېرىــپ 500 يــۈەن خەجــلەپ بــۇ تىياتىرنىڭ كاستىغا ئېلىنغان نۇسخىسىنى ئېلىپ كەلدى، رابىيە خېنىم:

ــ يـاز! قارشى پىكىرلىك تەنقىـد يـاز! بىشـىمىزغا نـېمە كەلسە شـۇنى كـۆرىمىز، مىللىـي ھاقـارەتكە چىـداپ تۇرالمـايمەن. قولۇمغـا قەلەم ئالـدىم. «فىلىڭ خانىم ۋە ئاپتورلارنىڭ تـارىخ قارىشـى» مـاۋزۇلۇق ماقـالەم 1994 ــ يىلى 11 ــ ئايدا «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» دە ئېلان قىلىندى.

خىتاي مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ تەشۋىقات ئورگـانلىرى «فىلىڭ خـانىم» ماۋزۇلۇق تېلېۋىزىيە تىياتىرىنى ئىشلەپ تارىخنىڭ قايسى بىـر چاغلىرىـدا قازاقلار ئۇيغۇرلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان ئىدى، دېگەن پىكىرنى ئىلگىرى سۈرمەكچى بولـدى. بـۇ ئـارقىلىق يـېڭىلا مۇسـتەقىل بولغـان قازاقىسـتانغا خۇشـامەت قىلمـاقچى، يەنە بىـر تەرەپـتىن ئۇيغـۇر ــ قـازاق خەلقلىرىنىـڭ ھېسسـىياتىغا ئــايرىم ــ ئــايرىم ھالــدا چېقىلىــپ، ئۇيغــۇر ــ قــازاق مىللەتلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىغا مىللىي زىددىيەتلەرنىڭ ئۇرۇقنى چاچماقچى بولدى. ئەپسۇسكى، قـازاقلار تارىختـا ئۇيغۇرلارغـا ھۆكۈمرانلىـق قىلغـان،

دەيدىغان سەپسەتىلەرگە دائىر ھېچقانداق يازما خاتىرە ياكى تارىخىي پاكىتلار يوق ئىدى. بۇنداق شەكىلدە ئويدۇرۇلغان سەپسەتىلەرنى ئۇيغۇر مىللەتچىلىرى قوبۇل قىلالمايتتى. لېكىن قازاق قېرىنداشلىرىمىزنىڭ مىللەتچى كۆرەڭلىرى تېلېۋىزىيە تىياتىرىنى كۆرگەندىن كېيىن تېخىمۇ كۆرەڭلەشتى. قازاقلار بىلەن ئۇيغۇرلار ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت پەيدا بولىدىغانلا بولسا، خىتاي مۇستەملىكىچىلىرى بۇ مىللىي زىددىيەتتىن پايدىلىنىپ قازاق مىللەتچىلىرىنى كۇشكۇرتۇپ، ئۇيغۇر مىللەتچىلىرىگە قارشى تۇرۇشى تۇرغان گەپ ئىدى.

يۇقىرىدىكى ماقالەم ئېلان قىلىنىپ جەمئىيەت بىلەن يۈز كۆرۈشكەندىن كېيىن، ئىككىنچى قېتىم يەنە 11 ـ ئاي ئىچىدە «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» دە «نەپسىڭنى يىغ، ۋال ناخشا ئوغرىسى ۋاڭ لوبىنڭ» سەرلەۋھىلىك ماقالەم ئېلان قىلىندى. مەن بۇ ماقالەمدە خىتاي مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ مەدەنىيەت تاجاۋۇزچىلىقىنى، ناخشا ـ مۇزىكا كۆچۈرمىچىلىكىنى، يۈزسىزلىكىنى، ھاياسىزلىقىنى، ئەخلاقسىزلىقىنى، مەدەنىيەت ئاسسىمىلياتسىيىسى يۈرگۈزمەكچى بولغانلىقىنى تەنقىد قىلدىم.

ئىككى پارچە ماقالەم ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە ھەتتا، خىتاي كۆچمەنلىرىنىڭ ئارىسىدا كۈچلۈك غۇلغۇلا پەيدا قىلدى. چېقىمچىلار تەرەپ ـ تەرەپتىن خىتاي تەشۋىقات ئورگانلىرىغا كېلىپ چېقىمچىلىق قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق تەشۋىقات بۆلۈمى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك تەشۋىقات بۆلۈمى يىغىن ئېچىپ «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى»نىڭ تەھرىرلىرىنى، مۇخبىرلىرىنى قاتتىق تەنقىد قىلىپ،

تەكشۈرۈشنامە يازدۇرۇپ، تەھرىر ئابدۇللاھ ئىمىنگە 3000 يۈەن جەرىمانە قويدى.

1995 ـ يىلى 12 ـ ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقات يىغىنىدا نۇتۇق سۆزلىگەن سابىق تەشۋىقات مىنىستىرى فىڭ داجىن ئىسمىمنى ئاتىماي تۇرۇپ، ماڭا ھۇجۇم قىلىپ: «تارىخنى بىلەمدىكەن»، «مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش» دېگەننى بىلەمدىكەن، دېدى. بۇ نۇتۇق 12 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا ختايچە، ئۇيغۇرچە «شىنجاڭ گېزىتى» دە بېسىلىپ چىقتى. قورقۇنچلۇق سىگنال ئوتتۇرىغا چىقتى، كۆڭلۈمگە تۇيۇق چۈشتى، ئەقىل - پىكرىم چېچىلىشقا باشلىدى. رابىيە خېنىم ئەنسىرەشكە، تىتىلداشقا باشلىدى. ئىشنىڭ بېشىدا، ئىشنى باشلاشتىن بۇرۇن ئېھتىيات قىل؟ بېشىڭغا كەلگەندە قورقما سىدىق؟ ئۆمۈرلۈكۈم رابىيە خېنىم قورقما، ئۆزۈڭنى دادىل تۇت بالىلىرىمىزغا ئاللاھ ئىگە...!

## سىرلىق تارىخى ۋەقەلەرنىڭ ئاشكارىلىنىشى

ئىككى پارچە ماقالەم ئېلان قىلىنىشىنىڭ ئالدى ــ كەينىدە 1994 ــ يىلى 10 ــ ئايدا دوستۇم ئوسمانجان ساۋۇت بىلەن بىرلىشىپ، ئامېرىكىلىق يازغۇچى جۇن گارۋېر ئەپەندى يازغان «رەقىبلەر ۋە ئىتتىپاقداشلار» ماۋزۇلۇق كىتابنى خىتاي تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلدۇق. بۇ كىتابنى ئىنگلىز تىلىدىن جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى خىتاي تىلىغا تەرجىمە قىلغان ئىكەن.

2 - دۇنيا ئۇرۇشى، ئۇرۇشقا قاتناشقان چوڭ دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇش مۇناسىۋەتلىرى، ئىتتىپاقداشلىق مۇناسىۋەتلىرى، چوڭ دۆلەتلەر تاشقى سىياسىتىنىڭ بەلگىلىنىشى، دىپلوماتىك مۇناسىۋەتلىرى، جۇڭگونىڭ ئىچكى ئۇرۇشى، ئامېرىكا بىلەن رۇسىيىنىڭ، رۇسىيە بىلەن جۇڭگونىڭ، ئامېرىكا بىلەن جۇڭگونىڭ ئۇرۇشقا مۇناسىۋەتلىك، تەسىر دائىرە تالىشىشىغا مۇناسىۋەتلىك دىپلوماتىك مۇناسىۋەتلىرى بۇ كىتابنىڭ مەزمۇنى بولۇپ، ئاتالمىش شىنجاڭغا مۇناسىۋەتلىك چوڭ دۆلەتلەر مۇناسىۋەتلىرىگە، تاشقى موڭغۇلىيىنىڭ مۇستەقىل بولۇشىغا مۇناسىۋەتلىك چوڭ دۆلەتلەر سىياسىتىگە دائىر مەزمۇنلارغا كىتابتا ئالاھىدە ئورۇن بېرىلگەن.

كىتابتا «يالتا يىغىنى»، «يالتا سىستېمىسى» بىۋاسىتە تىلغا ئېلىنمىغان، بىراق «يالتا يىغىنى» غا مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلار، ۋەقەلەر ئەتراپلىق سۆزلەنگەن ئىدى. كىتابتا، «جۇڭگو، سوۋېت ئىتتىپاقداشلىق دوستلۇق شەرتنامىسى» ئەينەن تىلغا ئېلىنمىغان، يانداپ ئۆتۈپ كەتكەن. مۇبادا چوڭ دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدا چاقىرىلغان خەلقئارا يىغىنلار كىتابتا تىلغا ئېلىنىدىغان بولسا ئەتراپلىق توختىلىشقا توغرا كېلەتتى.

ئاپتورنىڭ خەلقئارا يىغىنلار، خەلقئارا شەرتنامىلەرگە مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللاردىن تولۇق خەۋەردار بولۇشى مۇمكىنمىدى؟ كىتابتا ئۇيغۇرىستاندا مۇستەقىل دۆلەتنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە بۇ دۆلەتنىڭ خەلقئارا يىغىنلار، چوڭ دۆلەتلەر ئىتتىپاقى ئارقىلىق خىتاي گومىنداڭ ھۆكۈمىتىگە سېتىپ بېرىلىشى 50% ئەتراپىدا ئېچىپ بېرىلگەن.

مەن بۇ كىتابنى تەرجىمە قىلدىم. چۈنكى مەن بىر ئۇيغۇر پەرزەنتى بولۇش سۈپىتىم بىلەن كىتابنى تەرجىمە قىلىشنى بىر ۋىجدانى بۇرچ ھېس قىلدىم. ئۇيغۇر خەلقى ئۆزىنىڭ دۆلەت قۇرۇش تارىخىنى بۇ دۆلەتنى ستالىننىڭ خىتايغا قانداق سېتىۋەتكەنلىكىنى، ئۇيغۇر دۆلىتىنى نېمە ئۈچۈن خىتايغا سېتىپ بەرگەنلىكىنى ئۇيغۇر خەلقى بىلىپ قالسۇن، دېگەننى مەقسەت قىلدىم.

كىتابنىڭ تەرجىمىسىنى شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتىغا ئېلىپ بارسام، نەشرىيات باشلىقى ئۇنى دەپ، بۇنى دەپ غىڭشىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ نېمە ئۈچۈن غىڭشىيدىغانلىقىنى دەرھال چۈشىنىپ قالدىم. رابىيەم خېنىمدىن 5 مىڭ يۈەن پۇل ئېلىپ نەشرىيات باشلىقىنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويدۇم. نەشرىيات باشلىقمۇ ئۇيغۇر ئىدىغۇ؟ مەنمۇ ئۇيغۇر ئىدىمغۇ؟ ئىككىمىزنىڭ پەرقى نەدە، مەن بۇ كىتابنى ئۇيغۇر خەلقى ئوقۇسۇن، دەپ تەرجىمە قىلغان ئەمەسمىدىم! كىتاب دەسلەپتە 5 مىڭ نۇسخا بېسىلىپ چىقتى، 6 مىڭ يۈەن خەجلەپ 1000 نۇسخا سېتىۋالدىم. دوستلىرىمغا، تونۇشلىرىمغا ھەقسىز تارقىتىپ بەردىم. كىتابنىڭ مۇقاۋىسىغا قاراپ ماۋ زېدۇڭنىڭ رەسىمىنى كۆرگەن كىشىلەرنىڭ بۇ كىتابنى سېتىۋېلىشىغا رايى بارمىدى. مېنىڭ ھاۋالەم بىلەن بىر ئىككى كىشى ئوقۇپ كۆرگەندىن كېيىن، كىتاب بارمۇ، يوقمۇ بولۇپ كەتتى.

1995 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، بۇ كىتابنى 27 مىڭ نۇسخا نەشىر قىلىشقا ئېھتىياج تۇغۇلدى. لېكىن خىتاي مىللىي ھۆكۈمرانلىرىنىڭ تەشۋىقات ئورگانلىرى نەشر قىلىشنى، قايتا بازارغا سېلىشنى چەكلىدى.

رەھمەتلىك مۇتەپەككۇرىمىز تۇرغۇن ئالماس ئەپەندى كىتابنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ئالدىمغا كېلىپ تەرجىمە قىلغان «رەقىبلەر ۋە ئىتتىپاقداشلار» ماۋزۇلۇق كىتاب قالتىس كىتاب ئىكەن، تەرجىمە تىلى ئاجايىپ گۈزەل، ئۇتتۇقلۇق چىقىپتۇ... ئوسمانجان ساۋۇت قورقۇنچاق، ئۇ تەرجىمە قىلىشقا ئارىلاشمىغان بولار ئىدى. سەن زورلىغان بولۇشۇڭ مۇمكىن دېدى. مەن كۈلۈپ قويدۇم.

خىتاي مىللەتچىلىرى يوشۇرۇپ كەلگەن، ئۇيغۇر خەلقى شۇ چاققىچە خەۋەردار بولالمىغان بىر تارىخ، ئۇيغۇرنىڭ دۆلەت قۇرۇشى ۋە دۆلەتنىڭ چوڭ دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى سىياسىي سودىنىڭ قۇربانىغا ئايلىنىشىنى مەزمۇن قىلغان بىر تارىخ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئالدىدا ئاز بولسىمۇ ئاشكارىلاندى، نامايان بولدى.

يازغان ماقالىلىرىمغا، تەرجىمە ئەسىرىم «رەقىبلەر ۋە ئىتتىپاقداشلار» ماۋزۇلۇق تەرجىمە كىتابىمغا ئۇيغۇر جەمئىيىتى ئىنكاس قايتۇرۇشى كېرەك ئىدى. 1994 ــ يىلى بىر يىل ئىچىدە «قىزلىرىمىزغا ۋە ئاتا ــ ئانىلارغا مۇراجىئەت» (ئۇيغۇر قىزلىرىنى ئالداپ ئىچكىرى خىتايغا ئېلىپ كېتىش شۇ ۋاقىتلاردىلا باشلانغان ئىدى).» «ئۇيغۇرلارنىڭ ئەپيۇن چېكىشى»، «فىلىڭ خانىم ۋە ئاپتورلارنىڭ تارىخ قارىشى»، «نەپسىڭنى يىغىۋال! ناخشا ئوغرىسى ۋاڭ لوبىڭ»، «بىرتانىيىنىڭ ھىندىستاندىكى ھۆكۈمرانلىقى»، يەنە بىر پارچە تەرجىمە ماقالەم «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى»، «شىنجاڭ سودا گېزىتى»، «شىنجاڭ ياشلار ــ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى» قاتارلىق نەشرىيات، گېزىتلەردە ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، ئۇيغۇر جەمئىيىتى ئىنكاس قايتۇرۇشى كېرەك ئىدى. تۇنجى بولۇپ ئۇيغۇرنىڭ شائىرى مىرزاھىت كېرىمىنىڭ رەھمەت بىلەن باشلانغان بىر پارچە خېتىنى تاپشۇرۇۋالدىم. ئۇنىڭ كەينىدىنلا قەشقەر توققۇززاق ناھىيىسى، بازار باشقۇرۇش ئىدارىسىدە ئىشلەيدىغان ئىككى نەپەر ئۇيغۇر كىشىنىڭ يازغان خېتىنى تاپشۇرۇۋالدىم. مەنمۇ ئۇلارغا رەھمەت بىلەن خەت يېزىپ جاۋاب قايتۇردۇم. ھە نېمە بولسا ئۇيغۇر خەلقى ئويغاق ئىكەن، دەپ ئويلىدىم، شۇنچىلىك ئىشقىمۇ چەكسىز سۆيۈندۈم. ئاشۇ ئىككى پارچە خەتمۇ يېتەرلىك ئەمەسمىدى...؟

ماقالەمنى يازغۇچە ۋە گېزىتلەردە ئېلان قىلغۇچە قانداق ئويلىغان ئىدىم؟ ماقالەم ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە داۋالغۇش بولىدۇ... نامايىش بولىدۇ... شۇنداق بولسا قاتارغا قوشۇلۇپ سەپنىڭ

ئالدىدا ماڭىمەن. نامايىش قىلغان ئۇيغۇر قايسى كوچىغا دۇچار بولسا، مەنمۇ شۇنداق كوچىغا دۇچار بولۇشقا رازىمەن، دەپ ئويلاپتىمەن.

بىر زىيالىي ياكى بىر ئۇيغۇر دېھقان، ياكى ناخشىچى ـ مۇزىكانت بىر پارچە خەت يېزىپ ماڭا ئەمەس، شۇ ماقالىلەرنى گېزىتتە ئېلان قىلغان كەچلىك گېزىتنىڭ تەھرىرلىرىگىمۇ رەھمەت، دېمىدى. ۋاڭ لىبىڭ ئۆزىنىڭ مۆلكىگە ئايلاندۇرۇۋالغان ناخشا ـ مۇزىكىلار 20 مىليون ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ناخشا ـ مۇزىكىلىرى ئەمەسمىدى؟ ۋاڭ لىبىڭنىڭ ناخشا ـ مۇزىكىلارنى ئۆزگەرتىپ نوتىلاشتۇرۇپ كۆچۈرۈپ ئېلىشى، ئۇيغۇرلار ياشاۋاتقان مۇستەملىكە جەمئىيەتتىمۇ قانۇنى مەسىلە، پاتېنت ھوقۇقى مەسىلىسى ئەمەسمىدى؟ ئەخلاق مەسىلىسى، ئىنتايىن سەزگۈر سىياسىي، مىللىي مەسىلە ئەمەسمىدى؟ مىللىي ھاقارەت، مىللىي خورلۇق، مىللىي كەمسىتىش، ئۇيغۇرنىڭ مىللىي غۇرۇرىنى ئاياغ ـ ئاستى قىلىش مەسىلىسى ئەمەسمىدى؟ نامايىش، قېنى ئۇيغۇر، قېنى نامايىش قىلىدىغان ئۇيغۇرلار؟!

مەن نېمىدېگەن ساددا، يەنە نېمىدېگەن ئەخمەق ئادەم، رابىيە قادىر بىلەن سىدىقھاجى روزىدىن باشقا، ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنى تۇتۇۋېلىشنى بىلگەن، نېمىدېگەن ئەقىللىق، نېمىدېگەن سەزگۈر ئادەملەر بۇ؟ خۇدا ئەر ـ خوتۇن ئىككىمىزنى شۇنچىلىك دۆت يارىتىپ قويغان بولغىيمىدى؟ ئۇيغۇرلارنى نامايىشقا چاقىرىق قىلىپ يازغان ماقالىلىرىمىنىڭ خېتى خەت، قەغىزى قەغەز بولۇپ قالدى. رابىيە قادىر ئىككىمىز يېتىم قالدۇق. جەمئىيەت بىز كۈتكەندەك ئىنكاس قايتۇرمىدى. ئۈمىدىمىز پەيدا بولغان يەردىلا ئۆچتى، قىزغىنلىق سوغۇققانلىققا ئالماشتى، مۇھەببەت نەپرەتكە ئالماشتى.

## ئامېرىكا دۇنيانىڭ قايسى تەرىپىدە

رابىيە خېنىم بىلەن بىللە لوندونغا بارغاندا رابىيە خېنىم:
ــ سىدىق ئەنگلىيىدە قېلىپ ئىشنى ئەنگلىيىدە باشلامسەن قانداق؟
ــ ياق؟
رابىيە خېنىم بىلەن بىللە تۈركىيە ـ ئىستانبۇلغا بارغاندا رابىيە خېنىم:
ــ سىدىق تۈركىيىدە قېلىپ ئىشنى تۈركىيىدە باشلامسەن قانداق؟
ــ دوزاختىن جەننەتكە چىققىلى بولامدۇ؟
رابىيە خېنىم بىلەن بىللە ئۆزبېكىستانغا بارغاندا رابىيە خېنىم:
ــ سىدىق ئۆزبېكىستاندا قېلىپ ئىشنى مۇشۇ يەردىن باشلامسەن، قانداق؟
ــ «خوجىلار ئەۋلادى» ئۆزبېكلەرنىڭ پەندى ـ نەسىھەتلىرىگە قۇلاق سال، دېمەكچىمۇسەن؟
رابىيە خېنىم مېنى چەت ئەللەردە قايسى بىر دۆلەتلەردە قېلىپ قېلىشقا، شۇ دۆلەتلەردە سىياسىي پائالىيەت قىلىشقا كۆندۈرەلمىدى.
1996 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ مەلۇم بىر كۈنى رابىيە خېنىم ماڭا:
ــ سىدىق سېنى خىتاي ھۆكۈمىتى قولغا ئالىدىكەن، ھۆكۈمەت سېنى قارا تىزىملىككە تىزىملاپتۇ. قاچ سىدىق، قاچ سىدىقىم قاچ!
ــ نەگە قاچىمەن خېنىم؟ قولغا ئالىمەن دېسە، نېمە چارە بار؟ ئىككى پارچە ماقالە يازدىم. ھۆكۈمەتنىڭ ئورگان گېزىتىدە ئېلان قىلدىم. «رەقىبلەر ۋە ئىتتىپاقداشلار» ماۋزۇلۇق كىتابنى ئىنگلىز تىلىدىن ئەمەس، خىتاي تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلدىم. قانۇنلۇق نەشرىياتنىڭ نومۇرى ئارقىلىق نەشر قىلدۇردۇم. مېنى قولغا ئېلىشى مۇمكىنمۇ؟

ئەسلىدە ئەخلاق بىلەن قانۇننىڭ ئوتتۇرىسىدا ياشاۋاتقان بىر ئادەم قانۇنلۇق قىلمىشنى جىنايەت، دەپ ھېسابلىمايدۇ ـ دە!

رابىيە خېنىم چىڭ تۇرۇۋالدى.

ــ سىدىق سېنى قولغا ئالدىغان بولسا، مەن ئۆلۈپ قالىمەن، باللىرىم تالادا قالىدۇ، قاچ؟

ــ سىدىق سېنى قولغا ئالدىغان بولسا مەن سىياسىي مەقسەتلىرىمنى رويابقا چىقىرالمايمەن. ئىككىلىمىز تۈگىشىمىز. ئارمانلىرىمىز كۆپۈككە ئايلىنىدۇ. ھايات تۇرۇپ ئاخىرقى نىشان ئۈچۈن كۈرەش قىلماي، سىياسىي غايىلىرىمىزنى ئىشقا ئاشۇرماي، مىللەتنىڭ دەردىگە شىپا ئىزدىمەي، بارلىق ئارمانلىرىمىزنى، مەقسەتلىرىمىزنى كېپەنگە ئوراپ گۆرگە ئېلىپ كېتىمىزمۇ؟ قاچ سىدىق، قاچ...!

..............

1995 ـ يىلى 12 ـ ئايلار بولسا كېرەك، ئۆيدە ئولتۇراتتىم، تۇيۇقسىز تېلېفون جىرىڭلاپ قالدى. تېلېفوندىن بىر ئايال كىشىنىڭ ئاۋازى كەلدى.

ــ مەن ماھىنۇر يۈسۈپ، رابىيە ئاچامنى ئىزدەيتتىم.

ــ رابىيە خېنىم ئۆيدە يوق. گېپىڭىز بولسا ماڭا سۆزلەۋېرىڭ ئاڭلايمەن.

ــ ئامېرىكىغا بارىدىغان، مەبلەغ سالسىلا بولىدىغان بىر يول چىقىپ قالدى. شۇڭا بۇ توغرىدا رابىيە ئاچام بىلەن سۆزلىشەي دېگەن ئىدىم.

ــ ۋىزا ئالغىلى بولىدىغان بولسا، رابىيە قادىر ئىككىڭلار ئامېرىكىغا بېرىپ، ئامېرىكىنى زىيارەت قىلىپ كېلىڭلار. مەبلەغ سالىدىغان ئىشقا

كەلسەك، پۇللا بولىدىغان بولسا شاڭخەيگە، گۇاڭدۇڭغا، ھەتتا شاڭگاڭغا مەبلەغ سالسىمۇ بولىدىغۇ؟

مۇداپىئە ئوكۇلى ئۇردۇم، رابىيە قادىرنىڭ ئامېرىكىغا مەبلەغ يۆتكەپ شىركەت قۇرۇشىغا... ئوھۇي، شۇنداق ئىشمۇ بارمۇ، دۇنيادا! ۋەيبەن ئاپتونوم رايونلۇق خارىجى ئىشلار بۆلۈمى، بىخەتەرلىك باشقارمىسىنىڭ قارمىقىدىكى بىر ئورگانغۇ؟ ماھىنۇر يۈسۈپ خارىجى ئىشلار بۆلۈمىدە ئىشلەيدىغۇ؟ رابىيە قادىرنىڭ ئامېرىكىغا مەبلەغ سېلىشىغا رۇخسەت قىلىدىغان بولسا، بىخەتەرلىك باشقارمىسى نېمانچە كەڭ قورساق بولۇپ كەتتى؟ كىمنى سىناپ باقماقچى، رابىيە قادىرنىمۇ ياكى سىدىقھاجى روزىنىمۇ؟

خۇدا ئېچىپ بەرگەن يولمۇ، بۇ؟ ياكى قىلتاق قويۇلغان، قاپقان قۇرۇلغان يولمۇ، بۇ؟ بۇ يولدا مېڭىش كېرەك، ماڭماي باشقا چارە يوق. خۇدا باشلىسا توغرا يولغا باشلايدۇ؛ بەندە باشلىغان بولسا بېشىمغا كەلگەننى كۆرمەمدىم.

رابىيە خېنىم، ماھىنۇر يۈسۈپ، سىدىقھاجى روزى ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپ بېيجىڭغا يېتىپ كەلدۇق.

جۇ ئىنلەينىڭ ئەۋلادى «قەغەز يولۋاس» ئامېرىكا ئەلچىخانىسىنىڭ ئالدىدا ئۆچىرەتكە شۇنداق تۇرۇپتىكى، بىز ئۈچۈن ئېيتقاندا پۇلنىڭ كۈچىگە تايىنىپ، ئۆچىرەتنىڭ ئالدىغا ئۆتۈۋېلىشقا توغرا كەلدى. ئەلچىخانىنىڭ ئىچىگە كىرگەندە، رابىيەم خېنىم مېنىڭ ئالدىمدا تۇراتتى. ئاتۇشلۇق يۈسۈپ ھەسەننىڭ قىزى ماھىنۇر يۈسۈپ رابىيە قادىرنىڭ يېنىدا تۇراتتى.

بىر خىتاي خوتۇن رابىيە قادىر ئۇزاتقان پاسپورتنى قولىغا ئېلىپ ئىسىم ۋە رەسىمگە قاراپ بولۇپ، ئىچكىرىدىن يەنە بىر كىشىنى چاقىردى،

26 ياشلار چامىسىدا بىر ئامېرىكىلىق يىگىت خىتاي خوتۇنىنىڭ ئورنىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ، ساپ خىتاي تىلىدا:

ــ قارشى ئالىمىز، سىنى قارشى ئالىمىز، توققۇز يىلدىن بېرى سىنى ئوبدان تونۇيمىز...  رابىيە قادىر بىزنىڭ ئەلچىخانىمىزغا قاچان كېلىدۇ، دەپ كۈتۈپ تۇرغان ئىدۇق، ئاخىرى كەلدىڭ، ئامېرىكىنى زىيارەت قىلىشىڭنى قارشى ئالىمىز.

ــ ئارقاڭدىكى ئۇ كىشى كىم، دەپ سورىدى بېشىنى سەل ئېگىپ.

ــ مېنىڭ ئېرىم، سىدىقهاجى روزى، دەپ جاۋاب بەردى، رابىيە خېنىم.

ئەلچى بېشىنى سۈزۈپ ماڭا بىر قاراپ قويدى. مەندىن سوئال سورىمىدى ياكى ماڭا قايتا نەزەر تاشلىمىدى...  پاسپورتنى ئېلىپ قالدى. ئەتىسى چۈشتىن كېيىن تاپشۇرۇپ ئالىدىغان بولدۇق.

ئامېرىكا دۇنيانىڭ قايسى تەرىپىدە سەن، ئىبرەخەم لىنكىنىنىڭ ۋەتىنى، رۇسىينى پارچىلىغان سابىق پرېزىدېنت رېگاننىڭ ۋەتىنى، بۈيۈك ئەدىبلەر ھىمىڭۋاي، مارك تىۋېنىنىڭ ۋەتىنى، دۇنيانىڭ قايسى تەرىپىدە سەن؟ كىشىلىك ھوقۇق قاراشلىرىنى ھاياتلىقنىڭ قىممەت قاراشلىرىغا ئۆزگەرتكەن ۋە ھەر نۆۋەتلىك ھۆكۈمەتنىڭ تاشقى سىياسىتىگە ئايلاندۇرغان ئامېرىكا قەيەردە سەن؟ ئۇيغۇر، دېگەن بۇ ئىسىمنى بىلەمدىغانسەن، بىلمەمدىغانسەن، ئۇيغۇر بۇ مىللەتنىڭ ئىسمى 20 ـ ئەسىرنىڭ 40 ـ يىللىرىدا ئامېرىكا تاشقى سىياسىتىنىڭ خۇپىيانە بەتلىرىگە يېزىلغان ئىدىغۇ؟ ئېسىڭدە بارمىدۇ، ئۇيغۇر دېگەن ئىسىم!

ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، رابىيە خېنىم تەييارلىق قىلىشقا كىرىشتى. 2 ـ ئاي سېرىق تال ۋاقىتلار ئىدى. رابىيە قادىر مىڭ

بىر مۇشەققەتتە گۆشنى كېسەك، قېنىنى سۇ قىلىپ جاپا تارتىپ سېلىپ پۈتتۈرگەن رابىيە قادىر سودا سارىيىنىڭ 1 ـ قەۋەت چوڭ يولغا قارىتىپ سېلىنغان قاتار ـ قاتار دۇكانلارنى سېتىۋەتتى. ئۇيغۇر سودىگەرلەر رابىيە قادىر ئىككىمىزنىڭ بېشىغا چۈشكەن كۈندىن پايدىلىنىپ دۇكانلارغا ئەرزان باھا قوياتتى. رابىيە قادىرغا چارە يوق ئىدى. سىدىقھاجى روزىنى ناھايىتى تېز ئارىدا قاچۇرۇۋېتىشى كېرەك ئىدى. رابىيە خېنىم 230 مىڭ دوللار تەييارلىدى. تەييارلىقنى پۈتتۈرگۈچە ئىككى ئاي ۋاقىت ئۆتتى. ئارىدا مەن سىدىقھاجى روزى ئۆيدە ياكى ئىشخانىدا، رابىيە خېنىم بىللە، دەرقەمتە بولغان كۈنلىرىمدە ئېزىپ ـ تېشىپ بىر قېتىم بولسىمۇ:

ــ رابىيە خېنىم، خىتاي مېنى يەنە بىر قېتىم قولغا ئېلىشى مۇمكىنمۇ، سەن مېنى ئامېرىكىغا قاچۇرۇۋەتمەكچى بولۇۋاتىسەن، بەلكى ئامېرىكىغا بېرىشنى مەن ئۆزۈم تاللاپ ئالدىم... شۇ يەردە ماڭا ۋەتەنىنىڭ دەۋاسىنى قىلدۇرماقچى بولۇۋاتىسەن، مەن ئامېرىكىدا قالسام، سىياسىي پاناھلىق تىلىسەم، سېنىڭ تەقدىرىڭ قانداق بولىدۇ، دېگەن سوئاللار ياكى رابىيە قادىرنىڭ ياكى مېنىڭ لەۋزىمگە كەلمىدى. پەقەت ئامېرىكىغا بېرىش، مىللەتنىڭ سىياسىي دەۋاسىنى قىلىش رابىيە قادىرنىڭمۇ، مېنىڭمۇ تەپەككۇرۇمدا ھۆكۈمران ئىدى. ئىنسان ئويلىشى كېرەك ئىدىغۇ؟

ئامېرىكىدا نېمە ئىش قىلىمەن، مەن ئىنگلىز تىلى بىلمەيمەن، قېرىغاندا ئىنگلىز تىلىنى قانداق ئۆگىنىمەن، كۈندىلىك ئالاقە ئىشلىرىمنى قانداق قىلىمەن، كىمگە يالۋۇرىمەن، كىمگە يىغلايمەن، قالتىس گەپقۇ، بۇ، بەندىگە يالۋۇرۇش، بەندىگە يىغلاپ بېرىش كېرەكمىدى. خۇداغا يالۋۇرۇش، خۇداغا يىغلاپ بېرىشلا كېرەك ئىدى. رابىيە قادىر ئىككىمىز بىرىمىز ۋەتەندە، بىرىمىز ئامېرىكىدا ئايرىلىپ

كەتسەك، ياش ئۇلغايغانسېرى، قېرىلىق يەتكەنسېرى، يالغۇزلۇق، تەنهالىق، سېغىنىش، يېتىملىك، ئازابلىغۇچى تۇيغۇلار، ھېسسىياتنىڭ غىدىقلىشى مېنى قانداق ئازابلايدۇ؟ رابىيە خېنىم سەن يەنە قانداق سىياسىي بېسىملارغا دۇچ كېلىشىڭ مۇمكىن؟ خىتاي ۋەھشىي مىللەت، دىنسىز، ئەخلاقسىز مىللەت. مۇستەملىكە ھاكىمىيەت ئاپپاراتى ساڭا قانداق مۇئامىلە قىلار، نېمە كۈنلەرنى كۆرەرسەن، كىم ساڭا ياردەم قىلار، ئائىلىمىز، بالىلىرىمىزنىڭ تەقدىرى قانداق بولىدۇ؟ ۋەھاكازا... يۇقىرىقىغا ئوخشاش خىياللارمۇ خىيالىمدىن كەچمىدى.

ئىنسانىي بىر قىزغىن ئىستەك ئېزىقتۇرۇپ كەتكەندە، بارلىق ئەقلىنى، تەپەككۇر قىلغۇچى ئالاھىدىلىكلەرنىمۇ ئاللاھ شۇ بەندىنىڭ ۋۇجۇدىدىن پاك ـ پاكىز ئېلىپ كېتىدىكەن. ئادەمنى ئويلىمايدىغان، پىكىر قىلالمايدىغان، قانداقتۇر تەپەككۇرمۇ قىلالمايدىغان، كۆزى پىلدىرلاپلا تۇرىدىغان، قاپاققا ئوخشىتىپ قويىدىكەن، ئىستەك ـ ئارزۇ رابىيە خېنىمنى ۋە مېنى بىر تەرەپكە ئۆزىنىڭ مەنزىلىگە باشلىدى. ئەقىللىقلار بىر نېمە دەيدۇ، ئەقلسىزلەر يەنە بىر نېمە دەيدۇ. ئىشىنىڭلار بەندىلەر ئاللاھ بەلگىلىگەننى ھەرقانداق بەندە ئۆزگەرتەلمەيدۇ. بۇ توغرىدا قۇرئان كەرىمدە:

«ئاللاھ توغرا يولغا باشلىغان كىشىنى (توغرا يولدىن) ئازدۇرغۇچى ۋە ئاللاھ ئازدۇرغان كىشىنى توغرا يولغا باشلىغۇچى يوقتۇر» دېيىلگەن. ئاللاھ مېنى توغرا يولغا باشلىدىمۇ، دەپ سوئال قويىمەن ئۆزۈمگە، ياكى ئاللاھ مېنى ئازدۇردىمۇ، دەپ سوئال قويىمەن ئۆزۈمگە؟ ئازغان بولساقمۇ رابىيە خېنىم ئىككىمىز بىللە ئازدۇق؟ توغرا يولغا چىققان بولساقمۇ رابىيە خېنىم ئىككىمىز بىللە توغرا يولغا چىقتۇق.

## ۋەتەندىن ئايرىلىش

ئەر ـ ئايال ئىككىمىز 1996 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى ئۈرۈمچىدە ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپ خىتاينىڭ بېيجىڭ شەھىرىگە قاراپ يولغا چىقتۇق. شۇ كۈنى ئىسسىق ئۆيىمىزدىن ئايرىلىپ، بالىلىرىمىز بىلەن خوشلىشىپ چىققاندا ئۈرۈمچىنىڭ ئاسمىنى قاپ ـ قاراڭغۇ، بۇلۇتلۇق ئەندىشە قىلغۇدەك دەرىجىدە تۇتۇلۇپ كەتكەن ئىدى. ئايروپىلانغا چىققاندا رابىيە خېنىم:

ـــ سىدىق سېنى ۋەتىنىڭ ئۇيغۇرىستان مۇسىبەت ئىچىدە ئۇزاتماقتا، مېنىڭ ئوغلۇم نەگە بارىدۇ، دېمەكتە، دېدى.

بېيجىڭدا بىر كۈن تۇرۇپ 1996 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى ئامېرىكا غەرب ئاۋىئاتسىيە شىركىتىنىڭ ئايروپىلانىغا ئولتۇرۇپ ھاۋاغا كۆتۈرۈلدۇق. بېيجىڭدا خىتاي تاموژنىسىدىن ئۆتكەندە خىتاي چېگرا قىسىملىرىنىڭ يولۇچىلارنى تەكشۈرگۈچى ئەسكەرلىرى مېنىڭ پاسپورتۇمنىڭ ئالدى ـ كەينىگە قاراپ كۆپ تەكشۈرۈپ كەتتى. پاسپورتۇم يېڭى پاسپورت ئىدى. مەن ھەر ئېھتىماللىق ئۈچۈن تەييارلاپ قويغان كونا پاسپورتۇمنى دەرھال يېنىمدىن چىقاردىم. خىتايلاردا ئاز ـ تولا ئىشەنچ پەيدا بولدى. يېنىمدا قاراپ تۇرغان رابىيە خېنىم، خىتاي ئەسكەرلىرى مېنىڭ پاسپورتۇمنى تەكشۈرۈۋاتقاندا لاغىلداپ تىترەپ تۇراتتى. ئۇنىڭ پۇت ـ قولىدا جان قالمىغاندەك كۆرۈنەتتى. مەن قورقما، دەيتتىم. ئۇنى ھاي ـ ھايلاپ تۇراتتىم. ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپ، كۈچ بېرىپ تۇراتتىم. ئاخىرى مېنىڭ پاسپورتۇمغا تامغا بېسىلدى. ھەم قورقۇپ تىترەپ تۇرغان ھەم ھاياجانلىنىپ خۇش بولۇپ كەتكەن رابىيە خېنىم تاموژنىدىن ئۆتكەندىن كېيىن، خىتايلار تاموژنا ئىچىدە قورۇۋالغان

قىممەت سېتىش دۇكىنىدىن 10 يۈەنلىك خۇرۇم مۇقاۋىلىق بىر خاتىرە دەپتەرنى 500 يۈەن خىتاي پۇلىغا سېتىۋالدى. رابىيە خېنىمنىڭ بۇنداق قىلىشى جىددىيلەشكەنلىكنى ئەتراپتىكى خىتايلارغا چاندۇرماسلىق ئۈچۈن ئىدى.

ئايروپىلان ھاۋاغا كۆتۈرۈلگەندىن كېيىنمۇ رابىيە خېنىمنىڭ چېچىلىپ تۇرغان كۆڭلى تېخىچە جايىغا چۈشمىگەن ئىدى.

ــ سىدىق، دېدى، رابىيە خېنىم.

ــ خىتايلار كەينىمىزدىن ئايروپىلاندا قوغلاپ كېلەرمۇ؟

ــ چاقچاق قىلما!

رابىيەم خېنىم بۇ سۆزنى چاقچاق ئورنىدا ئېيتقان بولسۇن ياكى راست ئېيتقان بولسۇن رابىيە قادىرنىڭ ۋۇجۇدىنى ئوراپ تۇرغان ئەندىشە تېخى تۈگىمىگەن ئىدى. ئايروپىلان كۆك دېڭىز ــ ياپون دېڭىزىنىڭ ئۈستىدىن ئۇچۇپ ئۆتۈپ توكيو شەھىرىگە يېقىنلاپ قالغاندا (ئايروپىلان توكيودا توختاپ ئۆتەتتى) رابىيەم خېنىم:

ــ مەن ئامېرىكىغا بارغاندا بىلگەيتىس بىلەن يەنە بىر قېتىم كۆرۈشىمەن، ئۇيغۇرىستانغا مەبلەغ سېلىشنى تەلەپ قىلىمەن، دېدى. ئىككىمىز بىلگەيتىس توغرىسىدا قىزغىن پاراڭغا چۈشۈپ كەتتۇق.

## بىلگەيتىس كىم؟

بىلگەيتىس سىلەرگە، پۈتۈن دۇنياغا تونۇشلۇق ئامېرىكىلىق كومپيۇتېر تېخنىكىنىڭ شاھى ئىدى.

1995 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا تېلېفون جىرىڭلىدى. رابىيەم خېنىم ئۆيدە يوق ئىدى. تېلېفون ئاپتونوم رايونلۇق خارىجى ئىشلار ئىشخانىسىدىن كەلگەن.

ــ رابىيە قادىر بارمۇ؟

ــ يوق، ئۆيدە يوق ئىدى.

ــ سىز كىم بولىسىز؟

ــ مەن رابىيەم قادىرنىڭ ئۆمۈرلۈكى، سىدىقھاجى روزى بولىمەن.

ــ مۇنداق گەپ ئىدى. ئامېرىكىلىق چوڭ سودىگەر بىلگەيتىس ئۈرۈمچىگە كەلمەكچى، رابىيە قادىر بىلەن كۆرۈشمەكچى، ئورۇنلاشتۇرساق بولامدۇ؟

ــ ھۆكۈمەت قانداق ئورۇنلاشتۇرسا شۇنىڭغا قوشۇلىمىز.

ئىككى كۈندىن كېيىن بىر خىتاي (بىخەتەرلىك باشقارمىسىنىڭ خىتىيى بولۇشى كېرەك) بىر نەپەر ئامېرىكىلىق مېھماننى باشلاپ ئۆيگە كەلدى. بۇ چاغدا رابىيەم خېنىم ئىنىسى مۇھەممەد قادىر، ئادۇۇكاتى ھاۋاخان ئۈچ كىشى ئۆزبېكىستانغا ــ تاشكەنتكە كەتكەن. مەن مېھمانلارنى ئۆيدە چاي دەملەپ كاۋاپ بىلەن مېھمان قىلىپ كۈتۈۋالدىم.

ئامېرىكىلىق مېھمان (ئىسمى ئېسىمدە قالمىدى) ئامېرىكىلىق سودىگەر بىلگەيتىسنىڭ بارىدىغان، كېلىدىغان يەرلىرىنى تەكشۈرىدىغان، كۆرۈشىدىغان، ئۇچرىشىدىغان كىشىلەرنى ئورۇنلاشتۇرىدىغان خىتاي تىلىنى شۇنداق ياخشى سۆزلەيدىغان كىشى

ئىكەن. قارىماققا 27 ياشلار چامىسىدا كۆرۈنەتتى. ئۇزۇن بويلۇق يىگىت ئىكەن. بۇ كىشى ئۆينىڭ ئىچىگە بىر قۇر سەپ سالغاندىن كېيىن:

— بۇ گۇللەر (تامدىكى نەقىشلەرنى كۆرسىتىپ) ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى مېمارچىلىق سەنئىتىمۇ، دەپ سوئال قويدى.

— شۇنداق. ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى مېمارچىلىق سەنئىتىنىڭ مەھسۇلى.

— رابىيەم قادىر يېقىندا قايتىپ كېلەمدۇ؟

— مەن بىلگەيتىس ئەپەندىنىڭ ئۈرۈمچىگە كېلىپ رابىيە قادىر بىلەن كۆرۈشىدىغانلىقىنى، رابىيە قادىرغا تېلېفون ئارقىلىق ئۇقتۇردۇم، دەپ جاۋاب بەردىم.

ئامېرىكىلىق مېھمان بىر تەرەپتىن كاۋاپ يېگەچ، بىر تەرەپتىن چاي ئوتلاپ، ئارىلىقتا ئۆزىنىڭ تۈركىيىگە بارغانلىقىنى، تۈركلەرنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرىگە ئوخشاش تەرەپلىرىنىڭ ۋە ئوخشىمايدىغان تەرەپلىرىنىڭ بار ـ يوقلۇقىنى مەندىن سۈرۈشتۈرۈشكە باشلىدى.

مەن 1994 ـ يىلى رابىيە خېنىم ئىككىمىزنىڭ تۈركىيىگە بارغانلىقىمىزنى سۆزلەپ بەردىم. ئامېرىكىلىق مېھمان:

— سىلەر ئۇيغۇرلار، تۈركلەرگە ئوخشايسىلەر، دېگەن تۈركلەر بولدىمۇ؟

— شۇنداق دەيدىغان تۈركلەرنى ئۇچراتتۇق. شۇنداق دېيىشتى.

— سەن ئۇلارغا نېمە، دەپ جاۋاب بەردىڭ؟

— مەن ئۇلارغا چۈشەندۈرۈپ قويدۇم، - دېدىم، دە -، مېھماننىڭ يېنىدا ئولتۇرغان بىخەتەرلىك باشقارمىسىدىن كەلگەن خىتايغا قاراپ قويدۇم.

ئۇ خىتاي بىر تەرەپتىن ئامېرىكىلىق مېھمان بىلەن مېنىڭ سۆھبىتىمگە قۇلاق سېلىپ، بىر تەرەپتىن زىخقا ئۆتكۈزۈلگەن كاۋاپلارنى كالپۇكىدا سىرىپ ئولتۇراتتى.

ئامېرىكىلىق مېھمان رابىيە قادىر سودا سارىيىدىكى تىجارەتنىڭ ئەھۋالىنى ۋە بىلگەيتىس ئەپەندىنى مېھمان قىلىپ كۈتۈۋالىدىغان 6 ـ قەۋەتتىكى زالنى كۆرمەكچى بولۇپ ئورنىدىن قوزغالدى. يەتتە قەۋەتلىك رابىيە قادىر سودا سارىيىنىڭ 6 ـ قەۋتىدىكى زالغا كىرگەندە ئامېرىكىلىق مېھمان ھەيرانۇ ـ ھېس قالدى. بۇ زالنى قەشقەرنىڭ قول ـ ھۈنەرۋەن ئۇستىلىرى، نەققاشلىرى سېلىپ پۈتتۈرگەن ئىدى. ئامېرىكىلىق مېھمان تەرەتخانىلاردىن تارتىپ تەكشۈرۈپ چىقتى. يەنە زالغا قايتىپ كىردۇق.

ئامېرىكىلىق مېھمان بىللە كەلگەن ۋە ئىككىمىزگە سايدەك ئەگىشىپ يۈرگەن خىتاينى شەرەت قىلىپ زالنىڭ شەرقى بۇرجىكىگە ماڭدۇرۇۋەتتى. مېنى باشلاپ زالنىڭ سەھنە تەرىپىگە كېلىپ، لوزۇنكىلارغا يېزىلغان ئۇيغۇرچە خەتلەرنى ئوقۇپ تەرجىمە قىلىپ بېرىشىمنى تەلەپ قىلدى. قاچاندۇ، ئۈرۈمچىدىكى يانچۇقچى مۇخبىرلار بۇ زالدا يىغىن ئاچقان ئىكەن، مەن ئۇلارنىڭ يازغان شوئارلىرىنى تەرجىمە قىلىپ بەردىم.

مېھمان كەينىگە قارىۋېتىپ:

ــ خىتايلار سىلەرنى ئېزەمدۇ، بوزەك قىلامدۇ، دەپ سوئال قويۇپ قالدى.

ــ ئېزىدۇ، بوزەك قىلىدۇ، خورلايدۇ، سۆزلەپ تۈگىتەلمەيمەن، ئەپەندىم، دېدىم.

ئامېرىكىلىق مېھمان زالدىكى تامغا ئويۇلغان نەقىشلەرنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

ــ مەن بۇ نەقىشلەرنى يېقىندا كەشمىردە كۆرگەن ئىدىم، دېدى. مەن:

ــ شۇنداق ئەپەندىم، 16 ـ ئەسىردە بىزنىڭ قەشقەرنىڭ خانى ئابابەكرى خان دەۋرىدە كەشمىر بىزنىڭ زېمىنىمىز قەشقەرنىڭ بىر قىسمى ئىدى.

ــ ئوھۇي... مۇنداق دەڭ، دېدى ئامېرىكىلىق مېھمان.

پەسكە چۈشۈپ مېھمانلارنى ئۇزىتىپ قويدۇم. بىلگەيتىس ئەپەندى ئۈرۈمچىگە كەلگەندىن كېيىن رابىيە قادىر بىلەن كۆرۈشىدىغان ۋاقتىنى ئامېرىكىلىق مېھمان بىزگە ئۇقتۇرۇش قىلىدىغان بولدى... تېلېفون يەنە جىرىڭلىدى، ئاپتونوم رايونلۇق خارىجى ئىشلار بۆلۈمىنىڭ بىر كادىرى:

ــ بىلگەيتىس ئەپەندى 1995 يىلى 9 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى ئۈرۈمچىگە يېتىپ كېلىدۇ، كۆرۈشۈشنى شۇ كۈنگە ئورۇنلاشتۇردۇق، دېدى.

... ئايروپىلان سىلكىنىشكە باشلىدى. پەسلەۋاتاتتى. كۆپكۆك ياپون دېڭىزى ئايروپىلاننىڭ قانىتى ئاستىدا يېيىلىپ ياتاتتى. خۇددى ئاشلىغان تېرىنى ئۇ يەر ـ بۇ يەرگە تاشلاپ قويغاندەك، ياپونىيە ئاراللىرى كۆزگە ئاشلىغان تېرىدەك كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

ــ هوي! سىدىق قارا ساپلا ئاراللار ئىكەنغۇ، بۇ!
ــ ياپونىيە شۇنداق دۆلەتمۇ؟
ــ شۇنداق، ياپونىيە ئاراللاردىن تەشكىللەنگەن دۆلەت. ئايروپىلان ياپونىيىنىڭ نارىتا ئايرودرومىغا قوندى. رابىيەم خېنىم يېنىدىكى تىن ئېلىپ:
ــ خۇداغا شۈكۈر! خىتايلار ئەمدى 10 ئايروپىلان بىلەن قوغلاپ كەلسىمۇ ياپونىيە هاۋا تەۋەلىكىگە ئۇچۇپ كىرەلمەيدۇ، دېدى.
توكيونىڭ نارىتا ئايروپىلان ئىستانسىسى ئاجايىپ هەيۋەتلىك ياسالغان ئىكەن. سىرتقا چىقىشقا يول قويمايدىكەن كۈتۈش زالىدا بىر سائەت كۈتۈشىمىزگە توغرا كەلدى.
1996 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن توكيو ۋاقتى سائەت ئۈچتە هاۋاغا كۆتۈرۈلدۇق. ئايروپىلان ۋاشىنگتونغا قاراپ ئۇچماقتا، شۇنداق، ئايروپىلان ئۇچماقتا. بۇ ئايروپىلاندا ئىككىلا ئۇيغۇر بار. ئۇنىڭ بىرى رابىيە قادىر، يەنە بىرى سىدىقهاجى روزى، خۇدا قوشقان بىر ئائىلىلىك قوشماقلار.
ئايروپىلان ئامېرىكىغا قاراپ ئۇچۇپ كېتىۋاتىدۇ. ئاستىمىزدا تىنچ ئوكيان چايقىلىپ ياتىدۇ. بىر ـ بىرى بىلەن قوغلىشىپ تۇرغان دېڭىز دولقۇنلىرى ئۈزۈلۈپ قالغان خىياللىرىمىزنى، تەسەۋۋۇرلىرىمىزنى قايتا ئۇلاپ قويغاندەك بولدى...

## خىتاي مەخپىي ئىشلار ئىدارىسىنىڭ سۇيىقەستى

شۇنداق قىلىپ بىلگەيتىس ئەپەندىنىڭ ئۈرۈمچىگە كېلىپ 1995 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى رابىيە قادىر بىلەن كۆرۈشىدىغانلىقى ئېنىق بولدى. رابىيە خېنىم بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، تاشكەنتتىن ئۈرۈمچىگە ـ ئۆيگە قايتىپ كېلىپ ئامېرىكىلىق مېھمان بىلگەيتىسنى ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنى كۈتۈۋېلىشنىڭ تەييارلىقىنى قىلىپ بولغان ئىدى. رابىيە قادىر ئۇيغۇرلارنىڭ قول ـ ھۈنەرۋەنلىرى ياسىغان بىر تۈركۈم سەنئەت بۇيۇملىرىنى، چالغۇ ئەسۋابلىرىنىڭ كىچىكلىتىلگەن نۇسخىلىرىنى سېتىۋالدى. شۇ ئارقىلىق ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى قول ـ ھۈنەر سەنئىتىنى، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجادى كۈچىنى گۈزەللىك يارىتىش ئىقتىدارىنى ئامېرىكىلىق مېھمانلارغا كۆرسەتمەكچى بولدى. 40 مىڭ يۈەن پۇل خەجلەپ، ھەرخىل گىلەم، پاياندازلارنى سېتىۋېلىپ 6 ـ قەۋەتنىڭ كارىدورىغا، زال ئىچىگە سېلىۋەتتى. پۇل خەجلەپ ئۇيغۇرنىڭ سەنئەت كىيىم ـ كېچەكلىرىنى تەييارلاپ شىركەتتە ئىشلەۋاتقان ئوغۇل ـ قىزلارغا كىيدۈرۈپ، ئامېرىكىلىق مېھمانلارنى قىزغىن كۈتۈۋېلىشقا ئورۇنلاشتۇردى. بىر كىشىنىڭ بىر كۈندە 400 يۈەندىن سەرپ قىلىپ ئانسامبىلنىڭ ئارتىسلىرىنى تەكلىپ قىلدى. ئۇسسۇل ئوينىغاندا روھلۇق، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ مىللىي روھىنى گەۋدىلەندۈرۈشنى تەلەپ قىلىشنىمۇ ئۇنتۇپ قالمىدى.

بىلگەيتىس ئەپەندى ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنى كۈتۈۋېلىش تەييارلىقى شۇنداق قىزغىن كېتىۋاتقاندا تۇيۇقسىز بىر پاجىئە يۈز بەردى...

ئوت كەتتى... ۋاي ئۆچۈرۈڭلار... رابىيە قادىر سودا سارىيىغا ئوت كەتتى... ۋاي! بولۇڭلار! تۇشمۇ ـ تۇشتىن كېلىۋاتقان ئەنسىز

چىرقىراشلار رابىيەم خېنىم  ئىككىمىزنىڭ ئۆيدىن ئېتىلىپ چىقىشىمىزغا تۇرتكە بولدى. جۇمە كۈنى ئۇرۇمچى ۋاقتى سائەت 3 لەردە 1995 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى رابىيە قادىر سودا سارىيىنىڭ 4 ـ قەۋىتى ھۆسن تۈزەش ئامبۇلاتورىيىسى ۋە تىككۈچىلىك كارخانىسىغا راستتىنلا ئوت كەتكەن ئىكەن... ئوت كەتتى رابىيەم خېنىم بىلەن سىدىقھاجى روزىنىڭ يۈرىكى كۆيۈۋاتاتتى... ئوت كەتتى... رابىيە قادىرنىڭ غايىسى، ئۈمىدلىرى، ئارزۇلىرى، ئۇنىڭ ئەمگىكى، رابىيە قادىرنىڭ جاپا ـ مۇشەققەتلىرى ھەممە ـ ھەممىسى كۆيۈۋاتاتتى.

4 ـ قەۋەتكە يۈگۈرۈپ چىقتۇق. تۈتۈن كاردور بويلاپ ئېتىلىپ چىقىۋاتقان ئىس بىزنىڭ ئىچكىرىلەپ كىرىشىمىزگە مۇمكىنلىك بەرمىدى.

پەسكە چۈشۈپ  پاژارنى ئەترەتنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ تۇردۇق. بەزى ئۇيغۇرلار:

ــ ۋاي ـ خۇدايىمەي! ئۇيغۇرلار جان باقىدىغان ساراي ئىدىغۇ، بۇ ؟!

بەزى ئۇيغۇر تىللىق ئادەملەر:

ــ ئوبدان بولدى، رابىيە قادىر بەك كۆرەڭلەپ  كەتكەن ئىدى... دېيىشەتتى. بىز رابىيەم خېنىم ئىككىمىز بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ تۇراتتۇق.

..................

ئاۋۋال قاغىلىق ناھىيىسىنىڭ خۇسۇسىي سودىگەرلەرنىڭ كوچىدىكى ئاۋات دۇكانلىرىغا ئوت قويۇپ بېرىلدى. بۇ كۈن جۈمە كۈنى ئىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئاتۇش ناھىيىسىدە خۇسۇسىي سودىگەرلەرنىڭ ئاۋات دۇكانلىرىغا ئوت قويۇپ بېرىلدى. قانچە مىليون دوللارلىق مال ـ بىسات، پۇل ـ پېچەك كۆيۈپ كۈل بولدى. ئوت كەتكەن كۈن جۈمە كۈنى ئىدى.

ئەمــدى رابــيە قــادىر ســودا ســارىيىنىڭ 4 ـ قەۋىــتىگە ئــوت كەتتــى. ئــوت قويــۇپ بىــرىلگەن كــۆن ئوخشاشــلا جــۈمە كــۈنى ئىــدى. كــم ئــوت قويــۇپ بەردى؟ خىتايىنــڭ مەخپىــي ئىشــلار ئىدارىســى ئــوت قويــۇپ بەردى! ئــاۋۋالقى ئىككــى قېتىملــق ئــوت ئــاپىتىگە ســم يوللىرىنــڭ چاتــاق چىققــانلىقىنى باھــانە ـ ســەۋەب قىلغــان بولســا، رابــيە قــادىر ســودا ســارىيىنىڭ 4 ـ قەۋىــتىگە ئــوت كېتىش ۋەقەسىگە، قىزىتىپ قويۇلغان دەزمالنى سەۋەب قىلىپ كۆرسەتتى.

نېمىشقا ئوت قويۇپ بېرىشنىڭ ياخشى پۇرستى قىلىپ جۈمە كۈننى تاللىۋالدى؟ جۈمە كۈنى ھەممە مۇسۇلمانلار، سودىگەرلەر جۈمە نامىزىغا كەتكەن ۋاقىت ئوت قويۇپ بېرىشنىڭ ياخشى پۇرستى ئىدى. لېكىن رابىيە قادىر سودا ـ سارىيىنىڭ 4 ـ قەۋىتىگە ئوت قويۇپ بېرىشنىڭ سەۋەبلىرى باشقىچىراق ئىدى...

باشــتا ئېيتقانــدەك 1995 ـ يىلــى 9 ـ ئاينىــڭ 19 ـ كــۈنى ئــامېرىكىلىق مېھمــانلار بىلگەيــتىس ۋە ئۇنىــڭ ھەمراھلىــرى ئــۈرۈمچىگە كەلمەكچــى، رابــيەم قــادىر بىــلەن كۆرۈشــمەكچى بولغــان ئەمەســمىدى؟ خىتايىنــڭ مەخپىــي ئىشــلار ئورگانلىرى مۇشۇ كۆرۈشۈشنىڭ ئالدىنى ئالماقچى بولدى ئەتىمالىم.

رابــيە قــادىر ســودا ســارىيىنىڭ 4 ـ قەۋىــتىگە ئــوت كەتكەنلىكــى توغرىســىدىكى خەۋەر، ســودا ســارىيىنىڭ 6 ـ قەۋىتىــدە مېھمــان بولــۇپ تۇرۇۋاتقــان ئــامېرىكىلىق ئوقۇغــۇچى ژىننــى (ئۇيغــۇرچە ئىســمى ئىســمايىل) ئــارقىلىق ئامېرىكىغــا بىلگەيــتىس ئەپەنــدىگە يەتكۈزۈلگەنــدە بىلگەيــتىس ئەپەندى:

ــ رابىيە قادىر ئۆزى ساقمۇ؟ رابىيە قادىر ئۆزى كۆيۈپ يارىدار بولمىغاندۇ؟ دەپ سوئال قويدى. ژىننى (ئىسمايىل ئەپەندى):

ــ رابىيە قادىر ئۆزى ساق، دەپ جاۋاب بەردى. بىلگەيتىس ئەپەندى:

ــ مەن بىنــالار بىــلەن كۆرۈشــمەيمەن، رابىــيە قــادىر بىــلەن كۆرۈشىمەن.

خىتاينىڭ كۆڭلىگە ياقمايدىغان، خىتاي ئۈچۈن پاجىئە ھېسابلانغان بىر ئىش ئاخىرى يۈز بەردى. 1995 ــ يىلى 9 ــ ئاينىڭ 19 ــ كۈنى بىلگەيتىس ئەپەندى ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى ــ توققۇز نەپەر ئامېرىكىلىق ئــۈرۈمچىگە يېتىــپ كېلىــپ، ئەتىــگەن ســائەت 10 لاردا ئــامېرىكىلىق مېھمانلار رابىيەم قادىر سودا سارىيىغا قەدەم تەشرىپ قىلدى... ئۇيغۇرنىڭ ناغرا ــ سۇناي، دۇمباقلىرى ياڭرىدى. ئۇيغۇر يۇرتى تەنتەنە قىلدى.. قىز ــ ئوغــۇللار ئىككى تەرەپــكە ئايرىلــىپ ئۇسسۇل ئويناپ ئــامېرىكىلىق مېھمانلارنى قارشى ئالدى. مېھمانلار ئۇيغۇرلار سالغان پايانىدازغا قەدەم قويدى. ئۇيغۇر يېڭى زامان تارىخىنىڭ تۇنجى بېتى ئېچىلدى.

رابىيە خېنىم قارشى ئېلىش نۇتقى سۆزلىگەندە:

ــ ئامېرىكىلىق مېھمانلارنى قارشى ئالىمەن، بىلگەيتىس ئەپەنــدى باشچىلىقىدىكى توققۇز نەپەر مېھماننىــڭ ئۇيغۇرنىــڭ قەدىمــى شــەھىرى ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلگەنلىكىنى پۈتۈن ئۇيغــۇر خەلقــى قارشــى ئالىــدۇ... ئامېرىكــا ھۆكــۈمىتى، جۇڭگــو ھۆكــۈمىتىگە ســودىدا ئېتىبــار بېــرىش سىياســىتىنى تەقــدىم قىلغانــدىن كېــيىن، 80 ــ يىللاردىــن باشــلاپلا ئۇيغــۇرلار بــۇ سىياســەتكە ئاكتىــپ ئــاۋاز قوشــۇپ خۇسۇســى تىجــارەتنى باشلىۋەتتى... قــولى ئــاز ــ تــولا پــۇل كــۆردى. ئۇيغــۇر خەلقــى ئامېرىكــا خەلقىگە مىننەتــدارلىقىنى ئىپــادىلەپ كەلــدى... ئۇيغــۇر خەلقــى ســودا ــ تىجارەتكە ئامراق، سودا ــ تىجارەت ئىقتىدارىغا ئىگە خەلق... ئامېرىكىلىق مېھمانلار بىلەن بۈگۈن ئۇيغۇرلار تونۇشتى... ئامېرىكا خەلقى ۋە ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىــڭ يىــراق ئوتتــۇرا ئاســيانىڭ ئۇيغۇرىســتان ئۆلكىســىدە

ياشاۋاتقان ئۇيغۇر خەلقىنى ئۇنتۇپ قالماسلىقنى، داۋاملىق يادىغا ئېلىپ تۇرۇشنى ئۈمىد قىلىمەن. رەھمەت ئامېرىكىلىق مېھمانلار...!

ئۇيغۇر ئارتىسلار ئۇسسۇلغا چۈشتى. نازىرگۇم ئۇسسۇلىغا چېلىنغان مۇزىكا ساداغا ئايلىنىپ ئامېرىكىلىق مېھمانلارنىڭ روھى دۇنياسىغا كىرىپ كەلگەندە، ئۇيغۇر مۇزىكىلىرى ئامېرىكىلىقلارنىڭ روھى دۇنياسىنى غىدىقلىغاندا ئاۋۋال بىلگەيتىسىنىڭ ئايالى ئۇسسۇلغا چۈشۈپ، ئارتىسلار بىلەن بىرگە نازىرگۇم ئۇسسۇلىنى ئوينىدى، بىللە كەلگەن مېھمانلارنىڭ ئىچىدە شىركەتلەرنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك دىرېكتورلىرى، ئالىي مەكتەپلەرنىڭ تارىخشۇناس دوكتورلىرى بولۇپ، جەمئىي توققۇز نەپەر ئامېرىكىلىق مېھمان، ئۇلارمۇ ئۇسسۇلغا چۈشتى.

رابىيەم خېنىم ئامېرىكىلىق مېھمانلارنى قانداق تەنتەنە ئىچىدە قارشى ئالغان بولسا، يەنە شۇنداق تەنتەنە ئىچىدە ئۇزىتىپ قويدى. ئەسلىدە ئامېرىكىلىق مېھمانلارنى كۈتۈۋېلىش، ئۇزىتىپ قويۇش ئۇرۇمچىدە مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىنىشى، تېلېۋىزورلاردا كۆرسىتىلىشى كېرەك ئىدى. مەتبۇئات ئورۇنلىرىغا خەۋەر قىلىنغان ۋە مۇخبىرلار ماقۇللىغىنى ئىپادە قىلغان بولسىمۇ بىراق خىتاينىڭ بىخەتەرلىك، مەخپىي ئىشلار ئىدارىسى، مۇخبىرلارنىڭ بۇ سورۇنغا كېلىشىگە رۇخسەت قىلمىدى.

ئەتتەڭەي مۇستەقىللىق! ئەتتەڭەي ئۇيغۇر دۆلىتى سەن نەدىسەن؟ ئىشىنىمەنكى غۇرۇر، مىللىي غۇرۇر يوقالمايدىغانلا بولسا، بۇ كۈنلەرنى... ئۇيغۇرلار دۆلەت قۇرىدىغان كۈنلەرنى رابىيەم خېنىم بىلەن سىدىقھاجى روزى چوقۇم ئىزدەپ تاپىدۇ. ئاللاھقا ئىشەنگەن بەندە ئۆزىگىمۇ ئىشىنىشى كېرەك؟ ئۆزىگە ئىشەنگەن ئادەم دۇنيا تارىخىنى ھەرىكەتكە كەلتۈرگۈچى ئاللاھنىڭ ئىرادىسىگە ئىشىنىشى كېرەك.

## ئامېرىكا ـ شەھىرى دېترويىت

ئـايروپىلان ئامېرىكـا ـ مىشـىگان شـتاتىنىڭ دېترويـىت شـەھىرىگە قوندى.

ئىككـى يۇلتـۇز، ئوتتـۇرا ئاسـىيانىڭ ئۇيغۇرىسـتان ئۆلكىسـىنىڭ ئاسـمىنىدا پارلىغـان ئىككـى يۇلتـۇز، ۋەتىنىنىـڭ ئاسـمىنىدىن سـارقىپ ئامېرىكا دۆلەت ئاسمىنىغا كۆچۈپ كەلدى.

تاموژنـا خـادىملىرى بىزنـى ئـايرىم ئىشـخانىغا ئېلىـپ كىرىـپ تەكشۈرۈشـكە باشـلىدى. 230 مىـڭ دولـلار نەق پـۇلنى يـۈك ـ تاقلىرىمىزنىـڭ ئىچىـدىن چىقىرىـپ تاموژنـا خادىملىرىنىـڭ قولىغـا تۇتقۇزدۇق.

چېگرىـدىن ئۆتـۈپ ئوتتـۇرا ئاسـىيادا مۇستەقىل بولغـان دۆلەتـلەرگە بـارغۇچە، بىرقـانچە قېتىم نەق پـۇلى تارتىۋېلىنغـان، مۇسـادىرە قىلىنغـان رابىيەم خېنىم، بۇ قېتىممۇ ئامېرىكا تاموژنىسـى پۇلـۇمنى تـارتىۋالارمۇ، دەپ ئويلاپ، قورقۇپ لاغىلداپ تىترەيتتى. تىلىمىزنى ئۇقتۇرالمايتتۇق. ئـاخىرى بىـر نەپەر خىتـاي خوتـۇننى تېپىـپ كېلىشـتى. مەن يانـدا تـۇرۇپ پـۇلنى تارتىۋېلىش ياكى تارتىۋالماسلىقنى ئويلىماي رابىيەم خېنىمنىڭ ھـالىتىنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپ:

ــ قورقما، دەيتـتىم، پۇلـۇڭنى تارتىۋالمايـدۇ، قورقمـا، دەيتـتىم. بىـراق، ئۇنىڭ ھالىغا قاراپ ئىچىم ئاغرىپ يۈرىكىم سىرىلىپ كەتتى... ئـازاب ۋە خورلـۇقتىن ئـۆزۈمنى قەيەرگە قويۇشـنى بىلمەيتـتىم. رابىـيە خېـنىم بـۇ پـۇللارنى بىـر كـۆزى يـاش، بىـر كـۆزى قـان تىجـارەت قىلىـپ تاپقـان ئەمەسمىدى؟ ئامېرىكىغا قېچىشقا توغرا كەلگەنلىكتىن، دەماللىققا رابىـيە خېنىمنىـڭ قولىـدا نەق پـۇل بولمىغـانلىقتىن، رابىـيە قـادىر سـودا ـ

سارىيىنىڭ كۆزى ھېسابلانغان، يول بويىغا، بىنانىڭ ئاستىنقى قەۋىتىگە تارتىپ سېلىنغان دۇكانلارنى ئېلىشىغا سېتىۋېتىپ شۇنچىلىك پۇلنى ئامېرىكىغا تەييارلىغان ئەمەسمىدى.

ئوھۇي! كۆز ياش ۋە قان ـ تەر بىلەن پۇل تېپىپ (مۇستەملىكىچى خىتايىنىڭ زوراۋان سياسىتى ئاستىدا) ئاندىن ساراي سېلىپ، بىچارە ئۇيغۇر سودىگەرلەرنى سارايىنىڭ ئىچىگە ئورۇنلاشتۇرۇپ، يەنە شۇ ئۇيغۇرنىڭ، يەنە شۇ مىللەتنىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن ئۆمۈرلۈكى سىدىقھاجى روزىنى ئامېرىكىغا يولغا سېلىشقا مەجبۇر بولغان رابىيەم خېنىم، دۇكانلارنى سېتىپ يول خىراجىتى تەييارلاشقىمۇ مەجبۇر بولغان ئىدى.

ئۇيغۇر سودىگەرلەرچۇ؟ سىدىقھاجى روزى ئامېرىكىغا بارىدىكەن، ئۇيغۇرنىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن كۈرەش قىلىدىكەن، توختا؟ بۇ يەردە بىر گەپ بار، بىز بۇ دۇكانلارنى سېتىۋالماي، پۇلىمىزنى سىدىقھاجى روزىغا يوللۇق تۇتايلۇق، دېمەكتە يوق، دۇكانلارنى ئەرزان باھادا سېتىۋېلىش ئۈچۈن، بىرى ـ بىرىدىن قىزغىنىپ، بۇ ئۇيغۇر سودىگەرلەر بىر - بىرىنى يېپىشىپ كەتكۈدەك ئەلپازغا كېلىشتى.

ئامېرىكىنىڭ تاموژنا خادىملىرى نەق دوللارنى ساناپ بولغاندىن كېيىن 100 دوللارلىق پۇللارنى ئايرىم، 50 دوللارلىق پۇللارنى ئايرىم باغلاپ پىلاستىك خالتىغا سالغاندىن كېيىن خىتاي تەرجىمان ئارقىلىق:

ــ پارچە 600 دوللارنى پارچە خەجلىگىن، قالغان پۇلنى ۋاشىنگتونغا بارغاندىن كېيىن دەرھال بانكىغا قوي، ئۆزۈڭگە دىققەت قىل! ـ دېدى ـ دە، پۇلنى رابىيەم خېنىمنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى. رابىيە خېنىم رەھمەت ئېيتتى ۋە ئۇنىڭ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈردى.

ئـويلاپ كـۆرۈڭلار ئۇيغـۇر ۋەتەنداشـلىرىم! ئەگەر خىتـاي تاموژنىسـى تەكشـۈرۈپ پـۇلنى تېپىۋالغـان بولسـىچۇ؟ مەيلـى چەت ئەلـدىن ئېلىـپ كىرگەن، مەيلـى جۇڭگـودىن ئېلىپ چىققـان پـۇل بولسـىچۇ؟ خىتاينىـڭ قولىغـا چۈشـكەن بولسـا قانـداق بىـر تەرەپ قىلاتتـى؟ خىتاينىـڭ تاموژنىسـىدىن ئۆتكەنـدە، پاراشـوك، ئاياللارنىـڭ زىننەت بۇيـۇملىرى قاچىلانغان سومكىنىڭ ئاستىغا قويۇلغان نەق پـۇل... سـومكىنىڭ ئـاغزى ئېچىۋېتىلگەن، خىتاي بىر سومكىنى تەكشۈرۈپ بولۇپ، قەددىنى رۇسلاپ كەيـنىگە بىـر قارىۋېتىـپ ئىككىنچـى سـومكىغا قـولىنى ئۇزاتقـۇچە، پـۇل قاچىلانغـان سـومكىنى رابىـيە قـادىر تەكشـۈرۈپ بولغـان سـومكىلارنىڭ قاتارىغا ئىتتىرىۋېتىپ شۇنداق چېۋەرلىك بىلەن ئۆتكۈزۈپ كەلگەن پـۇل ئىدى. دەقىقە ئىچىدىكى تەۋەككۈلچىلىك ئەگەر ئاللاھ ساقلىمىسا مۇمكىن بولمايدىغان تەۋەككۈلچىلىك ئىدى.

كەچ سـائەت 10 لار ئەتراپىـدا ئـايروپىلان ۋاشـىنگتونغا رېگـان ئايرېپورتىغا قوندى، ئاتۇشلۇق يۈسۈپ ھەسەننىڭ ئوغلى ئەنـۋەر يۈسـۈپ ۋە ئۇنىڭ ئاچىسى ماھىنۇر يۈسۈپ (بۇ ئايـال ئـاپتونوم رايونلـۇق خـارىجى ئىشلار ئىشخانىسىدا ئىشلىگەن. بۇ بۆلۈم بىخەتەرلىك باشقارمىسىنىڭ بىر تارمىقى ئىدى) ئايرېپورتقا چىقىپ بىزنى قارشى ئالدى.

## ۋاشىنگتوندا تاڭ ئاتتى

ۋاشىنگتوندا تاڭ ئاتتى. ئاۋۋال گۇمبەزلىك كونگرىس بىناسىنىڭ ئالدىغا كەلدۇق. بۇ بىنادا ۋە بۇ بىنانىڭ يېنىدىكى بىنالاردا مەجلىس پالاتاسى ئەزالىرى ۋە پالاتا ئەزالىرى ئىشلەيدىكەن. يەر ئاستى يوللىرى ئارقىلىق بىنالار بىر ــ بىرىگە تۇتىشىپ تۇرىدىكەن. دەل ــ دەرەخلەر ۋە گۈل ــ چېچەكلەر قاپلاپ تۇرغان ۋاشىنگتوننىڭ كوچىلىرى، ماي ئايلىرىدا ئاجايىپ گۈزەل قىياپەتكە كىرىپ قالىدىكەن. ئاقساراي بۇ يەردىن سەل نېرىراقتا، تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكمۇ نېرىراقتا جايلاشقان ئىكەن. گۇمبەزنىڭ چوققىسىدا ئامېرىكىنىڭ دۆلەت بايرىقى لەپىلدەپ تۇرىدىكەن. قىسقىسى دۇنيانىڭ سىياسىي سەھنىسى ۋاشىنگتوننى قەلەم بىلەن تەسۋىرلەپ بېرىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇ كۈنى ئۆچىرەتتە تۇرۇپ گۇمبەزلىك مەجلىس پالاتاسى بىناسىنىڭ ئىچىنى زىيارەت قىلدۇق.

1996 ــ يىلى 5 ــ ئاينىڭ 2 ــ كۈنى

مارشال (بۇ كىشى ئەنۋەر يۈسۈپ بىزگە تونۇشتۇرغان كىشى ئىدى) رابىيەم خېنىم، سىدىقهاجى روزى، ئەنۋەر يۈسۈپ ئۈچ نەپەر كىشى بىر ئادۋۇكاتنىڭ ئىشخانىسىغا يېتىپ كەلدۇق. رابىيە خېنىم ئامېرىكىدا شىركەت قۇرۇش ئۈچۈن رەسمىيەت ئۆتەشكە، سىدىقهاجى روزى بۇ يەردە، بۇ دۆلەتتە تۇرۇپ قالىدىغانلىقى ئۈچۈن پاسپورتىنىڭ ۋاقتىنى ئادۋۇكات ئارقىلىق ئۇزارتىش ئۈچۈن كەلگەن ئىدى. شىركەت قۇرۇلدى، بۇنىڭ ئۈچۈن رابىيە قادىر خېنىم بەش مىڭ دوللار تاپشۇردى. كېيىن بىلدۇقكى ئامېرىكىدا شىركەت قۇرۇش، تىزىمغا ئالدۇرۇش ئۈچۈن 300 دوللار خەجلىسە كۇپايە قىلىدىكەن. پاسپورتنى ۋاقىتلىق تۇرۇشقا ئۇزارتىش

ئۆچۆن 70 دوللار خەجلىسە بولىدىغان ئىش ئىكەن. ئالدانىدۇق! رابىيە خېنىم، سىدىقھاجى روزى شۇنداق ئەقىللىق كىشىلەر نېمىشقا ئالدانىدى؟ ئەنسىرەش ۋۇجۇدىمىزدىن تارقىلىپ كەتمىگەن... ئەقلى ـ ھوشىمىز تېخى جايىغا چۈشمىگەن ئىدى.

1996 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى

بىز چۈشكەن ۋىرجىنىيە شتاتىدىن ۋاشىنگتون شەھىرىگىچە 15 مىنۇتلۇق يول ئىدى. ۋىرجىنىيە شتاتىنىڭ رەڭمۇ ـ رەڭ گۈللەر بىلەن قاپلىنىپ تۇرغان مېكلىن رايونىغا كەلگەندە، رابىيەم خېنىم مەن مۇشۇ رايوندىن بىر ئۆي سېتىۋالىمەن دەپ چىڭ تۇرۇۋالدى. مېكلىن رايونىدا سېتىشقا چىقىرىپ قويغان ئۆيلەرنى كۆرۈشكە ئالدىراپ كەتتۇق. كونا بولسىمۇ رابىيە خېنىم مېكلىن رايونىدىن بىر ئۆي سېتىۋالدى. ئۆينىڭ باھاسى 250 مىڭ دوللار بولدى. 100 مىڭ دوللار نەق پۇل تاپشۇرماقچى بولدۇق.

ــ ئالدىرىما! خېنىم ئاۋۋال ئامېرىكا جەمئىيىتىنى ئۆگىنىپ كۆرەيلۇق. ئامېرىكىدا تۇرۇپ قېلىش ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرەيلۇق... رابىيە خېنىم بۇ ئۆينى ئالىمەن، دەپ چىڭ تۇرۇۋېلىپ ئاخىرى 5 ـ ئاينىڭ ئاخىرى ئەنسىرەش، ئەندىكىش، كەلگۈسىمىزگە ئىشەنمەسلىكنىڭ خىياللىرى ئىچىدە رابىيە خېنىمنى ئۇرۇمچىگە يولغا سېلىپ قويغاندىن كېيىن مەن بىر باھانە تېپىپ بۇ ئۆينى قايتۇرۇۋەتتىم.

بالتىمۇر ئايرىپورتىدا ئايرىلىدىغان چاغدا رابىيە خېنىم شۇنداق ئۆكسۈپ يىغلىدىكى مەن بەزلەشنى، ياكى رەنجىشنى، ياكى تەسەللى بېرىشنى بىلمەيلا قالدىم. گويا مەڭگۈلۈككە ئايرىلىدىغاندەك، قايتا كۆرۈشمەيدىغاندەك، ئۇ تەرەپتە رابىيەم خېنىم يىغلاپ بۇ تەرەپتە مەن

يىغلاپ، كۆز يېشىمىزدىن پەيدا بولغان دەريالارمۇ بىر ـ بىرىگە قوشۇلمايدىغاندەك، تىترەش ئىچىدە ئايرىلغان ئىككى ۋۇجۇد رابىيەم خېنىم، سىدىقھاجى روزى ئاخىرى بىر ـ بىرىدىن توققۇز يىل ئايرىلىپ كېتىدىغانلىقىنى ئالتە يىلغىچە بىر ـ بىرىنىڭ ئاۋازىنىمۇ ئاڭلىمايدىغانلىقىنى، لېكىن بۇ ۋاپاسىز دۇنيادا تىرىك تۇرۇپمۇ كۆرۈشەلمەيدىغانلىقىنى نەدىن بىلسۇن؟ لېكىن يۈرىكىمىز تۇيغان ئىدى.

## بىر چىرايلىق كومېدىيە ئوينالدى

مەن ئامېرىكىنىڭ ۋىرجىنىيە شتاتى توغرىسىدا، شىمالىي ئامېرىكىدا پارتلىغان ئۇرۇشلار توغرىسىدا نۇرغۇنلىغان كىتابلارنى ئۇرۇمچىدە ئوقۇغان ئىدىم. ئامېرىكىنىڭ «مۇستەقىللىق خىتابنامىسى»نى يازغان پرېزىدېنت تامىس جىففىر سۇن پائالىيىتىنىڭ كۆپ قىسمى مۇشۇ شتاتتا ئېلىپ بېرىلغان ئىدى.

پەيلاسوپ گېگىل ئۆزىنىڭ ئەسەرلىرىدە تەكىتلەپ: ئامېرىكا ئىنقىلابى، فىرانسىيە ئىنقىلابىدىن كېيىن دۇنيا تارىخى ئاخىرلاشتى، دەپ كۆرسەتكەن. ئامېرىكىنىڭ ئىنقىلابى 1776 ـ يىلى پارتلىغان. شۇ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى مۇستەقىللىق جاكارلاش بىلەن ئاخىرلاشقان ئىنقىلاب ئىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن پارتلىغىنى فىرانسىيە بۇرژۇئا ئىنقىلابى ئىدى. بۇ ئىككى ئىنقىلاب ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، دۇنيا تارىخمۇ ئاخىرلاشتى دېگەنلىك ــ دۇنيادا ئەمدى بۇنداق ئەھمىيەتلىك ئىنقىلابلار قايتا پارتلىمايدۇ، دېگەنلىك ئىدى. بۇ ھۆكۈمگە ئاساسلانغاندا ئاتالمىش ئۆكتەبىر ئىنقىلابى، ئاتالمىش جۇڭگو ئىنقىلابى دۇنيا تارىخى ئۇچۇن ئېيتقاندا، ئەھمىيەتلىك ئىنقىلاب ھېسابلانمايتتى. ۋىرجىنىيە شتاتىنى ئامېرىكا ئىنقىلابىنىڭ شۇ چاغدىكى بازىسى دېيىشكە بولاتتى.

ۋىرجىنىيە شتاتىنىڭ پوللىس چۈرىچ كوچىسىدىكى ئەنۋەر يۇسۇپنىڭ ئۆيىدە بىر چىرايلىق كومېدىيە ئوينالدى. باشتا تونۇشتۇرۇپ ئۆتكەن مارشال، دېگەن كىشى ئائىلىسى بىلەن بىللە بۇ ئۆيگە مېھمان بولۇپ كەلدى. تونۇشتۇرۇلۇشىچە مارشال دېگەن كىشى 1989 ـ يىلى تيەنئەنمېن مەيدانىدا پارتلىغان ئوقۇغۇچىلار ھەرىكىتىنىڭ ئۆركەش قاتارلىق

«داھىيلىرى»غا پاسپورت ئىشلەپ بېرىپ، جۇڭگودىن قاچۇرۇپ ئامېرىكىغا ئېلىپ كەلگەن كىشىلەرنىڭ قاتارىدىكى بىر كىشى ئىكەن.

ــ ئەگەر 100 مىڭ دوللار پۇل بولسا ئۇيغۇرىستان مەسىلىسىنى خەلقئارالاشتۇرغىلى بولاتتى، خەلقئارالاشتۇرىدىغان كىشى دەل مۇشۇ مارشال ئەپەندى ئىدى، دەپ سۆز ئاچتى ئەنۋەر يۈسۈپ.

بۇ سۆزنى ئاڭلىغان ھېسسىياتچان ۋەتەنپەرۋەر، ئاق كۆڭۈل، مىللەتپەرۋەر رابىيەم خېنىم، سىياسىي پائالىيەت دېگەننىڭ نېمە ئىكەنلىكىدىن تېخى تولۇق خەۋەردار بولمىسىمۇ دەرھال ھاياجانلىنىپ:

ــ مېنىڭ ھازىرچە 100 مىڭ دوللار پۇلۇم يوق، بۈگۈن 30 مىڭ دوللار بېرىمەن. قالغان 70 مىڭ دوللارنى ئاستا ــ ئاستا تەييارلاپ بېرىمەن، دېدى. 30 مىڭ دوللارنىڭ چېكىنى ئېلىپ مارشال ئەپەندى ئۆيدىن چىقىپ كەتتى. مېنىڭ جىملەشلىرىم، تەنبىھ قىلىشلىرىم، چەك كېتىۋاتقاندا شەرەت قىلىشلىرىم، ھاي دېيىشلىرىم رابىيەم خېنىمغا كار قىلمىدى... ئۇيغۇرىستاننىڭ سىياسىي مەسىلىسىنى خەلقئارالاشتۇرغان كىشى مارشالمۇ ئەمەس ئىدى. يەنە بىرسى، كىم بىرسىمۇ ئەمەس. ئاخىرى خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى، رابىيە قادىر ئۆزى خىتاينىڭ تۈرمىسىدە ئولتۇرۇپ ئۇيغۇرىستاننىڭ سىياسىي مەسىلىسىنى خەلقئارالاشتۇردى.

## دەسلەپكى ئۇچرىشىشلار

1996 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى رابىيەم خېنىم يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن مارشال ئەپەندىنىڭ تونۇشتۇرۇشى ئارقىلىق پرېزىدېنت رىگان دەۋرىدە ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىنىڭ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدا دائىم تۇرۇشلۇق ۋەكىلى بولۇپ تەيىنلەنگەن چارلېز ئەپەندىنى مېھمانغا چاقىردى: چارلېز ئەپەندى:

ــ سىلەر تارىختا دۆلەت قۇرغانمۇ، دەپ سوئال قويدى.

ــ دۆلەت قۇرغان مىللەت ئىدۇق. مەن سۆز باشلىدىم. يىراق تارىخنى قويۇپ تۇرايلۇق تېخى يېقىندىلا 1933 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى، ئۇيغۇرىستاننىڭ قەشقەر ئۆلكىسىدە بىر قېتىم؛ ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى دەۋرىدە 1944 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى ئۇيغۇرىستاننىڭ ئىلى ئۆلكىسىدە غۇلجا شەھىرىدە يەنە بىر قېتىم دۆلەت قۇرغان مىللەت ئىدۇق. ئۇيغۇر بۇ مىللەتنىڭ ئىككى قېتىم قۇرغان دۆلىتىنى ستالىن باستۇردى. مىلتارىست شىڭ شىسەيگە ۋە خىتاينىڭ گومىنداڭ ھۆكۈمىتىگە سېتىۋەتتى. 1945 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى موسكۋادا «جۇڭگو ـ سوۋېت» شەرتنامىسىنى ئىمزالاپ، ستالىن ئۇيغۇرلار قۇرغان دۆلەتنى مۇنقەرز قىلىپ خىتاي گومىنداڭ ھۆكۈمىتىگە بىپايان ۋەتىنىمىزنى قوشۇپ بەرگەن. 1944 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى ئىككىنچى قېتىم قۇرغان دۆلىتىمىز 1949 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىگىچە مەۋجۇد بولۇپ تۇردى. شۇ كۈنى ستالىن خىتاينىڭ قىزىل ئارمىيىسىنى ئايروپىلان ۋە ھەربىي ماشىنىلار ئارقىلىق ۋەتىنىمىز ئۇيغۇرىستاننىڭ چېگرىسىغا ئېلىپ كەلدى. خىتاينىڭ تاجاۋۇزچى ئارمىيىسى شۇ كۈنى ۋەتىنىمىز ئۇيغۇرىستانغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن.

1996 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى مارشال، ئەنۋەر يۈسۈپ قاتارلىق كىشىلەر، رابىيەم خېنىم ۋە سىدىقهاجى روزى ئەپەندىلەر بىلەن بىرلىكتە، مارشال ئەپەندىنىڭ يېتەكلەپ مېڭىشىغا ئەگىشىپ، ئامېرىكا قوشما شىتاتلىرى كونگرېس، ئاۋام پالاتاسى تاشقى مۇناسىۋەتلەر كومىتېتىنىڭ رەئىسى كىرىستوفىر سىمىت ئەپەندىمنىڭ ئىشخانىسىغا يېتىپ كەلدۇق. يېرىم سائەت كۈتۈپ ئولتۇرغاندىن كېيىن كاتىپ بىزنى ئازادە بىر زالغا باشلاپ كىردى. ئوتتۇرا ياشلىق، سەل سېمىزراق بىر كىشى زالغا كىرىپ كەلگەندە ھەممىمىز ئورنىمىزدىن تۇرۇپ سالام بەردۇق. مەن:

ــ كىرىستوفىر سىمىت، دېدى بۇ كىشى بىر ـ بىرلەپ ھەممىمىز بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى.

رابىيەم خېنىم ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇق، خىتاينىڭ تۇغۇت چەكلەش سىياستى، ئۇيغۇر سىياسىي مەھبۇسلارغا ئۆلۈم جازاسى بېرىش سىياستى، خىتاينىڭ دىنى ئېتىقادنى چەكلەش سىياستى، ئۇيغۇرلارنىڭ مائارىپ، ئىقتىسادى ئەھۋالى توغرىسىدا ئەتراپلىق سۆزلەپ كىرىستوفىر سىمىت ئەپەندىنى تەسىرلەندۈردى.

ــ بىز ئامېرىكا خەلقىگە ئىشىنىمىز، دەپ باشلىدى رابىيە قادىر.

ــ ئۈزۈندىن بېرى ئامېرىكا قوشما شىتاتلىرى ھۆكۈمىتى ئامېرىكا خەلقىنىڭ قىممەت قارىشى، كىشىلىك ھوقۇق، دېموكراتىيە، ئەركىنلىكنى مىزان قىلىپ دۇنيادا ئېزىلگەن مىللەتلەرنىڭ كىشىلىك ھوقۇق تەلەپلىرىگە كۆڭۈل بۆلۈپ كەلدى. بىز ئۇيغۇرلارمۇ شۇنداق مىللەتلەرنىڭ بىرى. ئامېرىكا خەلقىنىڭ بىز ئۇيغۇرلارغا كۆڭۈل بۆلۈشىنى ئۈمىد قىلىمەن. باشقىلار رابىيەم خېنىم يىغلىغاندا ئەگىشىپ يىغلىدۇق. ئاخىرىدا رابىيەم خېنىم يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ كىرىستوفىر ئەپەندىگە سالام

قىلىپ، ئامېرىكا ھۆكۈمىتى ۋە ئامېرىكا كونگرېسىنىڭ ئۇيغۇرلارغا كۆڭۈل بۆلۈشىنى تەلەپ قىلدى. كىرىستوفىر سىمىت:

— بىز كونگرېسقا ۋاكالىتەن، ۋەتىنىڭلار ئۇيغۇرىستانغا تەكشۈرۈش ئۆمىكى ئەۋەتىمىز، دېدى. خوش بولۇشۇپ، خوشلىشىپ يېنىپ چىقتۇق. ئۇ كۈنى بولۇپمۇ رابىيە خېنىم بەك خۇشال بولغان ئىدى.

ئىلاۋە: كونگرېس ئەزاسى، ئامېرىكا كونگرېس ئاۋام پالاتاسى تاشقى مۇناسىۋەتلەر كومىتېتىنىڭ رەئىسى كىرىستوفىر سىمىت ئەپەندى ھەقىقەتەن ۋەدىسىدە چىڭ تۇردى. 1999 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى ئامېرىكا كونگرېسىنىڭ ئەزالىرى ۋە ھۆكۈمەت ئەربابلىرىدىن تەركىب تاپقان يەتتە كىشىلىك ۋەكىللەر ئۆمىكى خىزمەت تەكشۈرۈش ئۈچۈن ئۈرۈمچى شەھىرىگە يېتىپ كەلدى. (داۋامىنى ئاخىرىدا ئاڭلايسىلەر)

# خىتاي دېموكراتىيە ـ ۋۇ خۇڭدا

شۇ ئارىلىقتا 1996 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى مېنىڭ ئۆيۈمگە گېرمانىيىدىن تېلېفون كەلدى. تېلېفون بەرگەن كىشى ئىيسا ئالپتېكىننىڭ ئوغلى ئەركىن ئالپتېكىن ئىدى.

— سىدىقھاجى ـ ئامېرىكا كونگرېسىدە بىڭتۇەن توغرىسىدا گۇۋاھلىق بېرىش، گۇۋاھلىق ئېلىش يىغىنى ئېچىلماقچى ئىدى. بىڭتۇەن توغرىسىدا بىلىدىغان بولسىلا ئاز ـ تولا سۆزلەپ بېرەلەملا.

— بولىدۇ، دېدىم. ئەتىسى ئىجارە ئالغان ئۆيۈمگە بىر خىتاي كىرىپ كەلدى.

— مېنىڭ ئىسمىم ۋۇ خۇڭدا. ئوڭچى ئاتىلىپ كوممۇنىست ھۆكۈمىتىنىڭ تۈرمىسىدە 20 يىل ياتقان ئىدىم. سىز بىلەن تونۇشقىنىمغا خۇشالمەن.

— كېلىڭ ئەپەندىم، مېنىڭ ئىسمىم سىدىقھاجى روزى مىللەتچى ئىدىم، ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارنى نامايىشقا تەشكىللەپ خىتاينىڭ تۈرمىسىدە 1969 ـ يىلىدىن 1977 ـ يىلىغىچە توققۇز يىل تۈرمىدە ياتقان ئىدىم، دېدىم ئۆزۈمنى تونۇشتۇردۇم.

ئەتىسى ئۆيۈمگە ۋۇ خۇڭدا يەنە بىر نەپەر ئامېرىكىلىق بىلەن بىللە كىرىپ كەلدى. سالاملاشتۇق. ئۇ يەردىن - بۇ يەردىن پاراڭلاشتۇق. مەن ۋۇ خۇڭدانىڭ ئىشخانىسىغا بېرىپ بىڭتۇەن توغرىسىدا ماتېرىيال تەييارلاپ بېرىشكە كېلىشتۇق. مەن ئۈرۈمچىدىن ئامېرىكىغا كېلىشىمدە سەككىز تۇم «شىنجاڭ يىلنامىسى» نىڭ ئۇيغۇرچە نەشرىنى يۈك - تاقلىرىم بىلەن بىللە ئېلىپ كەلگەنىدىم. بىڭتۇەن توغرىسىدا كونگرېستە گۇۋاھلىق بېرىش يىغىنى 1996 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئىكەن.

ۋۇ خۇڭدانىڭ ئىشخانىسىغا ئەتىگەندە ئېلىپ بېرىپ، كەچتە ئەكېلىپ قويۇشقا بىر نەپەر خىتاي بەلگىلەپ قويۇلدى.

ۋۇ خۇڭدانىڭ ئىشخانىسى ۋاشىنگتوندا كونگرېس بىناسىغا يېقىن بىر كوچىغا جايلاشقان ئىكەن. قاراۋۇلدىن ئۆتۈپ ئىككىنچى قەۋەتكە چىقتۇق. خىتاي تىلىنى ئانچە ـ مۇنچە سۆزلەيدىغان بىر ئامېرىكىلىق يىگىت مېنى يېتىلەپ يۈرۈپ ھەربىر ئىشخانىنى كۆرسىتىپ چىقتى. ئون نەچچە ئېغىزلىق ئىشخانىلاردا ھەرخىل رەڭلىك كىشىلەر ئىشلەۋاتاتتى. ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ئارىسىدا خىتايلاردىن باشقا ھىندىستانلىقلار، پاكىستانلىقلار، مېكسىكىلىقلار، ئاز ساندا ئامېرىكىلىقلار ئىشلەۋاتاتتى. ئۈستەل ـ ئورۇندۇقلاردىن باشقا، ھەربىر ئېغىز ئىشخانىنىڭ تاملىرىغا جۇڭگو خەرىتىسى، دۇنيا خەرىتىسى ئايرىم «شىنجاڭ» (مۇستەملىكە ئۇيغۇرىستان) خەرىتىسى چاپلاقلىق ئىكەن. يەنە ئۇنىڭدىن باشقا ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىغا ئائىت، خىتاي ساقچىلارنىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان زوراۋانلىقىغا ئائىت، تۈرمىلەردىكى مەھبۇسلارنىڭ رەسىملىرىمۇ چاپلانغان ئىكەن. تامغا چاپلانغان بىر پارچە خەرىتىنىڭ ئالدىغا كەلدىم. ئامېرىكىدا ئىشلەنگەن بۇ خەرىتىدە:

خىتاي ئارمىيىسىنىڭ مۇستەملىكە ئۇيغۇرىستاندا قۇرۇپ چىققان ھەربىي بازىلىرى، ھەربىي نىشانلىرى، خىتاي ئارمىيىسىنىڭ يېزا ئىگىلىك مەيدانلىرى، ھەربىي تۈرمىلىرى، بىڭتۈەنىنىڭ ئۇيغۇرىستان بويلاپ جايلىشىش ئەھۋالى، بىڭتۈەن ئىگىلىكىدىكى يەرلەر، سۇ ئامبارلىرى، بىڭتۈەنىنىڭ مىنبىڭلىرى تۇرۇشلۇق ھەربىي بازىلار كۆرسىتىلگەن. قىسقىسى، بۇ خەرىتە خۇددى ئۇرۇش قىلىش خەرىتىسىگە ئوخشاپ كېتەتتى. ھەيران قالدىم. بۇ ئىشخانا ۋۇ خۇڭدانىڭ ئىشخانىسى ئىدى.

ۋۇ خۇڭدا قۇرغان تەشكىلاتنىڭ ئىسمى «ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش فوندى جەمئىيىتى» دەپ ئاتىلىدىكەن. بۇ تەشكىلاتنىڭ باشلىقى ۋۇ خۇڭدا، بىر نەپەر ئامېرىكىلىق مۇئاۋىن باشلىق ئىكەن.

بىز ۋەتەندىكى چاغدا ئامېرىكا ئۇيغۇرلارنى بىلەمدىغاندۇ، بىلمەمدىغاندۇ؟ پەقەت تىبەت توغرىلىقلا سۆزلەيدۇ، نېمىشقا ئۇيغۇرلار توغرىسىدا سۆزلىمەيدىغاندۇ، دېيىشەتتۇق، 20 ـ ئەسىردە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي سەۋىيىسى ھېچبولمىغاندا سىياسەتتە ئېپتىدائىي سەۋىيە باسقۇچىغا كىرگەن بولسا ئىدى، بىز ئۆزىمىزنى بەختلىك سانىغان بولاتتۇق. شۇنداق ئەھۋالدا ھەتتا ئۆزىمىزنى بىر مىللەت ھېسابلاشقا ھوقۇقلۇق بولاتتۇق. ھالبۇكى بىز قىزىقىۋاتقان بۇ ئىش ھەرگىز ئۇنداق ئىش ئەمەس ئىدى.

«ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش فوندى جەمئىيىتى»نىڭ، ۋۇ خۇڭدانىڭ ئىشخانىسى مۇستەملىكە ئۇيغۇرىستاننىڭ سىياسىي، ھەربىي، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت ئەھۋالىنى، خىتاي كۆچمەنلىرىنىڭ ئۇيغۇرىستانغا كۆچۈپ كىرىش، يەر ئىگىلەش زوراۋانلىقىنى مەخسۇس تەتقىق قىلىدىغان ئىشخانا ئىكەن. بۇ تېپىلىق ئىشخانىغا ئامېرىكىنىڭ خىتاي ۋۇ خۇڭدانى باشلىق قىلىپ قويۇشىغا:

1. خەۋەر ـ ئۇچۇرلارنى پەقەت خىتايلار ئارقىلىق ئىگىلەشكە بولىدىغانلىقى ئۈچۈن؛

2. ۋۇ خۇڭدانىڭ ئۆز تىرىشچانلىقى ۋە ئۇنىڭ ئاكىسىنىڭ بىگۇناھ ئىشلەيدىغانلىقى ئاساس سەۋەب بولغان بولۇشى مۇمكىن. ئۇنىڭدىن باشقا سەۋەبلەر بىر ئاللاھقا مەلۇمدۇر.

## ھىلارى كىلىنتون ۋە ۋۇ خۇڭدا

پرېزىدېنت كىلىنتون، خىتاي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن 15 يىللىق قاماق جازاسى بېرىلگەن ۋۇ خۇڭدانى تۇرمىدىن قويۇپ بېرىش توغرىسىدا خىتاي ھۆكۈمىتىگە بېسىم ئىشلەتتى. ھىلارى كىلىنتون ئەگەر خىتاي ھۆكۈمىتى 15 يىل قاماق جازاسى بېرىلگەن ۋۇ خۇڭدانى تۇرمىدىن قويۇپ بەرمەيدىكەن، مەن 1995 ــ يىلى بېيجىڭدا ئېچىلىدىغان خەلقئارا ئاياللار قۇرۇلتىيىغا قاتناشمايمەن، دېدى. بۇ ئىش 1995 ــ يىلى 5 ــ ئايلاردا خەلقئارادا غۇلغۇلا پەيدا قىلغان ئىش ئىدى.

دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدا دىپلوماتىيە ئىنتايىن مۇرەككەپ بولىدۇ. بىزدەك ساۋاتسىز مىللەتنىڭ ئەزالىرى «دىپلوماتىيە مۇرەككەپ بولىدۇ» دېگەن سۆزنىلا ئاران سۆزلىيەلەيمىز، خالاس. ۋۇ خۇڭدانى تۇرمىدىن قويۇپ بېرىش توغرىسىدا پرېزىدېنت كىلىنتوننىڭ خىتاي ھۆكۈمىتىگە بېسىم ئىشلىتىشىنىڭ قىممىتى، بىر خىتاينىڭ سىياسىي ھاياتىغا مۇناسىۋەتلىك قىممەت بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئەڭ مۇھىمى مۇستەملىكە ئۇيغۇرىستاننىڭ سىياسىي تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك دىپلوماتىك قىممەت ئىدى. چۈنكى ۋۇ خۇڭدا مۇستەملىكە ئۇيغۇرىستانغا ئائىت ماتېرىياللارنى توپلاپ، رەتلەپ ئامېرىكا كونگرېسىغا تاپشۇرىدىغان ۋە خىتايدا دەپسەندە قىلىنىغان كىشىلىك ھوقۇق خاتىرىسىگە مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارنى يىغىپ توپلاپ ئامېرىكا كونگرېسىگە تاپشۇرىدىغان كىشى بولۇپ، ئاساسلىقى ئۇيغۇرلارغا مۇناسىۋەتلىك بىڭتۇەن توغرىسىدا ماتېرىيال توپلايدىغان كىشى ئىدى. بۇ كىشىنىڭ ئىلىم ساۋاتى، سىياسىي ساۋاتى تازا يېتەرلىك ئەمەس ئىدى. بۇ كىشىنىڭ فرانسىيە ئاگېنتلىقىنىڭ مۇخبىرى بىلەن سۆھبەتلەشكەن سۆھبەت خاتىرىسىنىڭ گېزىتتە ئېلان

قىلىنغان نۇسخىسىنى كۆرۈپ، مەن ئۇنىڭ سىياسىي سەۋىيىسىگە باھا بەرگەن ئىدىم. «ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش فوندى جەمئىيىتى»نىڭ ۋاشىنگتوندا قۇرۇلۇشى، قىسقىسى، ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇر دېگەن بۇ مىللەتنى ئۇنتۇپ قالمىغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى.

1996 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنىگىچە ۋۇ خۇڭدانىڭ ئىشخانىسىدا سەككىز كۈن ئىشلىدىم. بىر نەپەر ئەر خىتاي، بىر نەپەر ئايال خىتاي جەمئىي ئۈچ نەپەر كىشى بىكىتۇەن توغرىسىدا 15 بەتلىك ماتېرىيال تەييارلاپ چىقتۇق. «شىنجاڭ يىلنامىسى» نىڭ ئۇيغۇرچە نەشرىنى ئېلىپ چىققانىدىم (1985 ـ يىلىدىن 1994 ـ يىلىغىچە) ۋۇ خۇڭدانىڭ ئىشخانىسىغا ئېلىپ كەلدىم. مەن ئۇيغۇر تىلىدىن خىتاي تىلىغا ئاغزاكى تەرجىمە قىلىپ بەردىم. خىتاي ئايال كومپيۇتېرغا ئۇرۇپ چىقتى. بىكىتۇەننىڭ قۇرۇلۇشى، بىكىتۇەننىڭ مۇستەملىكە ئۇيغۇرىستان ئىقتىسادىدىكى تۇتقان ئورنى، بىكىتۇەننىڭ ھەربىي ـ تەلىم ـ تەربىيىسى، خەلق ئەسكەرلىرى قۇرۇلۇشى، يەرلىك نامايىشلارنى باستۇرۇش زوراۋانلىقى، تۇغۇت چەكلەش سىياسىتىگە ياندىشىپ ئۇيغۇرلارغا ئىشلەتكەن زوراۋانلىقى، ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى، ئۇيغۇرىستان ئورمانچىلىقىنى ئىگىلەپ ئېلىشى، بىكىتۇەن ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرىنىڭ يىللىق ئىقتىسادى كىرىمى ۋە بۇ كىرىمنىڭ ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ يىللىق ئىقتىسادى كىرىمىگە سېلىشتۇرۇلۇشى، سۇندۇرۇلۇشى، خىلمۇخىل جەدۋەللىك مەلۇماتلار، بىكىتۇەن باشقۇرۇۋاتقان تۈرمىلەر قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ماتېرىيال 30 بەت بولۇپ پۈتكەندە، ۋۇ خۇڭدا ئەپەندى بۇ ماتېرىيالنى 15 بەتكە قىسقارتىۋەتتى. ئاخىرىدا ئۈچ بەتكە قىسقارتىۋەتتى. ئۇ بۇ ماتېرىيالنى قانچىلىك كېرەك قىلىدۇ، ئۆزىنىڭ

ئىختىيارى ئىدى. ئامېرىكا كونگرېسى قانچىلىك كېرەك قىلىدۇ. بۇ تەرىپى ماڭا قاراڭغۇ ئىدى. مۇستەملىكە ئۇيغۇرىستاندا خىتاي كۆچمەنلىرى ھاكىمىيىتى «شىنجاڭ يىلنامىسى»نى ئۆزىگە مۇناسىۋەتلىك ئىجابىي ئىشلەپچىققان بولسا، مەن كىتابتىكى پاكىتلىق ماتېرىياللارنى ئۇيغۇرلارنىڭ مەيدانىدا تۇرۇپ سەلبىي ئىشلەپچىققان ئىدىم. ماتېرىيالدىن پايدىلىنىپ سەلبىي ماتېرىيال رەتلەش دېگەننىڭ مەنىسى شۇ ئىدى.

مەن 23 ـ كۈنى ۋۇ خۇڭدانىڭ ئىشخانىسىغا يېتىپ كەلگەندە، ۋۇ خۇڭدا ئالدىمغا چىقىپ بىر ئىشخانىغا باشلاپ كىرىپ ئولتۇرغۇزۇپ قويدى. تاراق ـ تۇرۇق يوق ئىشخانىدا ئالاھازەل يېرىم سائەتتەك يالغۇز ئولتۇردۇم. تۇيۇقسىز ئىشىك ئېچىلىپ ئاسما چاپان كىيىۋالغان بىر كىشى ئىشىكتىن كىرىپ كەلدى ۋە ئۇدۇل ئالدىمغا كېلىپ:

ــ مەن ئەركىن ئالپتېكىن بولىمەن، دېدى. ئەگىشىپلا ئىشخانىغا كىرىپ كەلگەن ۋۇ خۇڭدا ئەپەندى:

ــ مەرھۇم ئىيسا ئالپتېكىننىڭ ئوغلى، ئەركىن ئالپتېكىن، دېگەن كىشى مۇشۇ بولىدۇ، دەپ تونۇشتۇرۇپ ئۆتتى.

كونگرېستە گۇۋاھلىقتىن ئۆتۈشكە ئىككى كۈنلا قالغان، ـ سەن، دېدى ۋۇ خۇڭدا:

ــ كونگرېستە گۇۋاھلىق بەرگەندە، دىڭ شياۋپىڭ ئىسلاھات ھەرىكىتىنى باشلىغاندا ياخشى رەھبەر ئىدى. كېيىنچە سىياسىتىنى ئۆزگەرتىۋالدى، دەپ سۆزۈڭنى باشلايسەن.

ــ نېمە! مەن مۇشۇ يېشىمدا ئامېرىكىغا كېلىپ، ئامېرىكا كونگرېسىدە بىڭتۈەن توغرىسىدا گۇۋاھلىقتىن ئۆتكەندە، «دىڭ شياۋپىڭ ياخشى رەھبەر ئىدى»، دەپ سۆز باشلايمەنما؟

ــ گۇۋاھلىق بېرىش، گۇۋاھلىق ئېلىش يىغىنى خىتايلار توغرىسىدا ئېچىلامدۇ ياكى ئۇيغۇرلارنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى توغرىسىدا ئېچىلامدۇ؟

ــ كونگىرىسنىڭ يىغىنى ئەلۋەتتە بىڭتۇەنگە ئالاقىدار ئۇيغۇرلارنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدا ئېچىلىدۇ.

ــ ئۇنىداقتا مەن ئۇيغۇرلارنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى، بىڭتۇەننىڭ ئۇيغۇرلارغا ئىشلەتكەن زوراۋانلىقى توغرىسىدا سۆزلەيمەن.

ــ كونگىرىستە ئېچىلىدىغان يىغىننىڭ مەقسىتى ئۇ ئەمەس.

ــ كەچۈرۈڭ ئەپەندىم. مەن ئامېرىكىغا ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي دەردىنى سۆزلەيمەن، دەپ كەلگەن ئىدىم، - دېدىم ــ دە، ئورنۇمدىن تۇرۇپ ئەركىنگە، ۋۇ خۇگدا ئەپەندىگە خوش ئېيتىپ ئىشخانىدىن چىقىپ كەتتىم. مەن ۋۇ خۇڭدانىڭ ئىشخانىسىغا بارغان چېغىمدا، دۇنيا بانكىسى قەرز بەرگەن پۇلنى بىڭتۇەننىڭ قەيەرگە خەجلەيدىغانلىقى توغرىسىدا گۇۋاھلىق بېرىشكە چاقىرتقان خەتنى يانچۇقۇمغا سېلىپ بارغان ئىدىم. ماتېرىياللارنى قولتۇقۇمغا قىستۇرۇپ بارغان ئىدىم. كونگىرىس ئەزالىرى مېنى كىم، دەپ ئويلاپ قېلىشى مۇمكىن، ئامېرىكا دېموكراتىك دۆلەت، ئۇنداق ئويلىماسلىقىمۇ مۇمكىن دەپمۇ ئويلايتتىم. شۇ يىللاردا دۇنيا بانكىسى بىڭتۇەنگە قەرز بەرگەن پۇلنى بىڭتۇەن خەجلەپ، پۇلنى قايتۇرىدىغان چاغدا ئۇيغۇرلارغا سېلىق سېلىپ، دۇنيا بانكىسىنىڭ بىڭتۇەنگە بەرگەن قەرز پۇلىنى ئۇيغۇر دېھقانلىرى قايتۇرغان ئىدى.

## دالاي لاما بىلەن كۆرۈشۈش

1996 ـ يىلى 7 ـئاينىڭ 25 ـ كۈنى

1996 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى ۋۇ خۇڭدانىڭ ئىشخانىسىدىن قايتىپ چىقىپلا ھۈسەيىن قارىھاجىم، بىر نەپەر تەرجىمان ۋە مەن ئۈچ كىشى بىر ماشىنىنى كىراغا ئېلىپ ئامېرىكىنىڭ ھىندىيانا شتاتىغا قاراپ يولغا چىقتۇق. مەقسىتىمىز دالاي لاما بىلەن كۆرۈشۈش ئىدى.

ئامېرىكىلىقلار دالاي لاماغا ھىندىيانا شتاتىدا بىر باغچە ياساپ بەرگەن ئىكەن. دالاي لاما كەلسە ـ كەتسە ئارام ئالىدىغان ئوردا، چەت ئەللىكلەرنى، مۇخبىرلارنى كۈتۈۋالىدىغان ساراي ۋە زاللاردىن تەركىب تاپقان بۇ باغچە ھىندىيانا شتاتىنىڭ بىر بوستانلىق كوچىسىغا سېلىنغان ئىكەن. دەرۋازىدىن كىرگۈچىلەرنى قاراۋۇللار توسۇپ تەكشۈرىدىكەن.

ئامېرىكىلىق ساقچىلار بىزنىڭ ئالدىمىزغا چىقىپ تەكشۈرۈپ بولغاندىن كېيىن دەرۋازىدىن قويۇۋەتتى. باغچىنىڭ ئىچىگە بۇددىزىمچە ئۆرنەكلەر ياسالغان ئىكەن. باغنى ئايلىنىپ بىر ئۆستەڭ سۇ ئېقىپ تۇراتتى. 25 ـ كۈنى 200 دىن ئارتۇق دېگۈدەك ئامېرىكىلىقلار، خاللىۋۇتنىڭ ئارتىسلىرى، مۇخبىرلار، سىياسىيونلار، تارىخچىلار، ئالىي مەكتەپنىڭ پروفېسسورلىرى، جەمئىيەت ئەربابلىرى بۇ يەرگە توپلانغان ئىدى.

بىز ئىشخانىغا كىردۇق. ساپاغا جايلىشىۋالغاندىن كېيىن، بىر نەپەر چىرايلىق تىبەتلىك قىز ئالدىمىزغا چاي قويدى. دالاي لامانىڭ قوغدىغۇچىلىرى كارىدور ۋە ئىشخانىلار ئارىسىدا مېڭىپ تۇراتتى. بىر باشلىغۇچىنىڭ يول باشلىشى ئارقىلىق 2 ـ قەۋەتكە چىقتۇق. دالاي لاما بىزنى ئىككىنچى قەۋەتتە ئازادە بىر ئىشخانىدا كۈتۈپ تۇرغان ئىكەن.

ــ ياخشىمۇسىز؟ دالاي لاما!

ــ كىلىڭلار، كىلىڭلار، ئۇيغۇرلار، قارشى ئالىمىز. دالاي لاما خىتاي تىلىدا تەكلىپ قىلدى. ئۈچ كىشى ساپادىن ئورۇن ئالدۇق. دالاي لاما يېنىمىزدىكى بىر كىشىلىك ساپادىن ئورۇن ئالدى.

ــ ھۆرمەتلىك دالاي لاما، سۆز باشلىدى، تەرجىمان بىز سىزنى ئۇزۇندىن بېرى تونۇيمىز، دالاي لاما:

ــ مەن ئۇيغۇرلارنى بىلىمەن، تونۇيمەن. ئۇيغۇرلار بىلەن كۆپ جايلاردا ئۇچرىشىپ تۇرىمەن.

ــ ھۆرمەتلىك دالاي لاما! (خىتاي تىلىدا) مەن سۆز باشلىدىم:

1959 ــ يىلى 3 ــ ئاينىڭ 10 ــ كۈنىدىكى باتۇرانە ھەرىكىتىڭىز ئارقىلىق سىزنى پۈتۈن دۇنيا تونۇشقا باشلىغاندىن باشلاپ، ئۇيغۇر خەلقىمۇ سىزنى تونۇشقا باشلىغانىدى. شۇ ۋاقىتتا قوراللىق ئىنقىلاب ئارقىلىق خىتاي مۇستەملىكىچىلىرىنى تىبەتتىن قوغلاپ چىقارماقچى بولدىڭىز. باتۇرلۇقىڭىزدىن ئۇيغۇر خەلقى سۆيۈنگەن ئىدى. مەن ئۈرۈمچىدىن يېقىندىلا ۋاشىنگتونغا كەلدىم. سىياسىي پاناھلىق تىلىدىم. ئۇيغۇر زىيالىيلىرى ۋە ئۇيغۇر خەلقى سىزگە سالام ئېيتتى.

ــ ئۈرۈمچىدىن قاچان كەلدىڭىز؟

ــ يېقىندا كەلدىم.

ــ ئۈرۈمچىنىڭ ھازىرقى ۋەزىيىتى قانداق، ئۇيغۇرلارنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىش ئەھۋالى قانداق؟

ــ ئوتتۇرا ئاسىيادا بىر قىسىم مىللەتلەر مۇستەقىل بولغاندىن كېيىن، خىتاي مۇستەملىكىچىلىرى باستۇرۇشنى، ئىدېئولوگىيە ساھەسىدە بۆلگۈنچىلىككە، مىللەتچىلىككە قارشى تەشۋىقاتنى كۈچەيتتى.

— ئاڭلىشىمچە سىلەرنىڭ موللا، ئەشرەپلىرىڭلار ئۇيغۇرنىڭ مىللەتچى، سىياسىي پائالىيەتچىلىرىگە قارشى تۇرۇپ، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ باستۇرۇش سىياسەتلىرىنى قوللايدىكەن، شۇنداقمۇ؟

— پەقەت بىر قىسىم كىشىلەر، كۆپچىلىك دىنى ئەربابلار شۇنداق قىلىدۇ، دېگىلى بولمايدۇ. بىز ئۈچۈن ئېيتقاندا بۇ كىشىلەر يەنىلا ۋەتەنپەرۋەرلەردۇر.

— تىبەتنىڭ دىنى مۇخلىسلىرى مۇستەملىكىچى خىتايلارغا قارشى تۇرۇپ مېنى قوللايدۇ.

— ئەلۋەتتە شۇنداق. مەن بۇنىڭغا ئىشىنىمەن.

— ئوتتۇرا ئاسىيادا نۇرغۇن دۆلەتلەر، مەسىلەن: قازاق، ئۆزبېك دېگەندەك، مىللەتلەر مۇستەقىل بولدى. ئۇلار ئەمدى سىلەرنىڭ مۇستەقىللىق تەلەپلىرىڭلارنى قوللايدۇ، شۇنداقمۇ؟

— ھىم... دالاي لاما! بۇ تەرەپنى ئانچە ئويلىمىسىڭىز بولارمىكىن. بۇ مىللەتلەر مۇستەقىل بولغاندا كېچىلەرنى تاڭغا ئۇلاپ تەبرىكلىدۇق. سىياسىي يول بەك ئۇزۇن مۇساپە جانابلىرى؟

— ئىسلام دۆلەتلىرى سىلەرنىڭ مۇستەقىل بولۇشۇڭلارنى قوللايدۇ. بىزگە، يەنى تىبەتكە قارىغاندا دۇنيادا سىلەرنى قوللايدىغان دۆلەتلەر كۆپ، شۇنداقمۇ؟

— ھۆرمەتلىك دالاي لاما! جانابلىرى مەن ۋاشىنگتونغا كېلىپ سىياسىي پاناھلىق تىلىدىم... سىزلا ئۇيغۇرلارنىڭ مۇستەقىللىق تەلەپلىرىنى قوللىسىڭىز، مۇشۇنىڭ ئۆزىلا ئۇيغۇرلار ئۈچۈن كۇپايە... راست سىزگە بىر سوئال قويغۇم كېلىۋاتىدۇ:

ــ دالا لاما! جانابلىرى سىز 60 ـ يىللاردا خەلقئارا سىياسىي سەھنىگە چىققاندىن باشلاپ پۈتۈن دۇنيانىڭ قوللىشىغا، ھۆرمىتىگە ئېرىشتىڭىز. ھازىرغىچە تىبەت توغرىسىدا سۆز ئاچقان ھەرقانداق بىر خەلقئارا سورۇندا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئېچىنىشلىق ئەھۋالى توغرىسىدىمۇ سۆزلەپ قويدىڭىزمۇ؟

ــ 60 ـ يىللاردا خەلقئارا سىياسىي سەھنىگە چىققاندىن باشلاپ ھەرقانداق خەلقئارا سورۇندا، تىبەت توغرىسىدا سۆز ئاچقاندا ئۇيغۇرلارنىڭ ئېچىنىشلىق ئەھۋالى توغرىسىدىمۇ سۆزلەپ كەلدىم. چۈنكى، ئىككى مىللەتنىڭ سىياسىي تەقدىرى ئوخشاش.

ــ سىلەر مۇستەقىللىق تەلەپ قىلىسىلەر، مەن تىبەتكە ئالىي ئاپتونومىيە تەلەپ قىلىمەن. سىلەر مۇستەقىل بولغاندىن كېيىن بىزگە تېگىشلىك نەرسىنى بىزگە قايتۇرۇپ بېرەمسىلەر؟ سوئالنى قويۇپ بولۇپ، دالاي لاما ئىككى قولىنى ئىزىغا قويۇپ، چازا قۇرۇپ ئولتۇرۇپ، بېشىنى كەينىگە تاشلاپ قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى. كۈلۈشلىرى سىياسىي تاۋىكىدا ئۇيغۇرلارنى ئۇتۇۋالغاندەك تەسىر بېرەتتى، ئۇنىڭ ئەتراپىدا يەردە گىلەم ئۈستىدە ئولتۇرغان خىزمەتچىلىرىمۇ كۈلۈشۈپ كەتتى. بىز ھەم قوشۇلۇپ كۈلدۇق.

ــ سىلەرگە، تىبەتلەرگە تېگىشلىك ھەرقانداق نەرسىنى بىز قايتۇرۇپ بېرىمىز، بىزگە، ئۇيغۇرىستانغا تېگىشلىك ھەرقانداق نەرسىنى سىلەردىن قايتۇرۇۋالىمىز، دېدىم كۈلۈپ تۇرۇپ. سىناق نەزىرىم بىلەن دالاي لاماغا قارىسام ئۇ تېخىچە قاقاقلاپ كۈلۈۋاتاتتى.

دالاي لاما بىزگە «تىبەتكە تېگىشلىك نەرسىلەر» دەپ سوئال قويدى. ھازىرقى ئالىي رايوننىڭ ئەتراپىنى كۆزدە تۇتتىمۇ ياكى مىلادى 8 ـ ئەسىرلەردە ئىدىقۇت خانلىقىغا تۇبۇتلار ھۇجۇم قىلغان چاغلاردا قەدىمى يەتكەن يەرلەرنى كۆزدە تۇتتىمۇ ياكى مىكىماخۇن چېگرا سىزىقى

بېكىتىلگەندىن كېيىن ئاق ساي چۆلىگە تۇتۇشۇپ كەتكەن يەر ـ زېمىنلارنى كۆزدە تۇتتىمۇ بىلەلمىدىم. چۈنكى دالاي لاما «تېررىتورىيە» دەپ ئېغىزىغا ئالماي «نەرسىلەر» دەپ ئېغىزىغا ئالدى. سۆھبەت ئاخىرلاشقاندا دالاي لاما بىزگە خادا تەقدىم قىلدى. ئۇزاپ چىقىش ئۈچۈن بىرىنچى قەۋەتكە دالاي لاما بىلەن بىللە چۈشتۇق. بىرىنچى قەۋەتتە زالدا دالاي لامانى ئامېرىكىلىق مېھمانلار، مۇخبىرلار ساقلاپ تۇرغان ئىكەن. دالاي لاما سەھنىگە ـ مۇنبەرگە يول ئالدى. مەن تۆۋەندە ئادەملەر ئارىسىدا قاققان قوزۇقتەك مىدىرلىماي جىم تۇرۇپ دالاي لامانىڭ نۇتۇق سۆزلەش سەنئىتىگە ـ قىياپىتىگە قاراپ تۇردۇم. مىدىرلاشقا بولمايتتى. چۈنكى ئامانلىق ساقلاش خادىملىرىنىڭ گۇماننى قوزغاپ قويۇشىمىز مۇمكىن ئىدى.

ھۈسەيىن قارىھاجىم بىلەن ئەنۋەر يۈسۈپلەر ئۈستەل ـ ئۈستىگە تىزىپ قويۇلغان تاتلىق ـ تۈرۈملەرگە چىۋىندەك ئېتىلىپ قورساق بېقىش بىلەن ئاۋارە بولۇپ يۈرۈشەتتى.

ياللىۋالغان سۈرەتكە تارتقۇچى بارلىق كۆرۈنۈشلەرنى سۈرەتكە ئالدى.

شۇ ئەسنادا ئوتتۇرا بويلۇق 24 ياشلار چامىسىدىكى بىر كىشى (ئامېرىكىلىق) كىشىلەر توپىدىن ئېتىلىپ چىقىپ مېنىڭ ئالدىمغا كېلىپ ساپ ئۇيغۇر تىلىدا:

— سىز، ئۇيغۇرمۇسىز؟ دېدى.

مەن تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتقاندا ئامانلىق ساقلىغۇچى بولسا كېرەك، دەپ ئويلىغان ئىدىم. ساپ ئۇيغۇر تىلىدا سوئال قويغاندىن كېيىن، ھودۇقتۇم، مەڭدەپ قالدىم. شۇنداقتىمۇ دەرھال ئۆزۈمنى ئوڭشىۋېلىپ:

ھەئە! مەن ئۇيغۇر، دېدىم، ئالدىراپ ـ تېنەپ. مېنىڭ جاۋابىمنىڭ ئاخىرى چۈشەر ـ چۈشمەيلا ئۇ كىشى ئادەملەر توپىدا كۆزۈمدىن غايىب

بولدى. كۆپچىلىكنىڭ ئىچىدىن بۇ كىشىنى شۇنداق ئاختۇرغان بولسامۇ، ئىككىنچى رەت ئۇچرىتالمىدىم. خۇددى ئاسماندىن چۈشكەن پەرىشتىدەك ئالدىمدا پەيدا بولدى يۇ، يەنە پەرىشتىدەك كۆز ئالدىمدىن غايىب بولدى.

## كۆچمەنلەر ئىدارىسىدە

1996 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى
سىياسىي پاناھلىق ئىلتىش ئۈچۈن ماتېرىيال تەييارلاش تاماملانـدى. ئادۋوكات شىپىروغا سۆزلەپ بەرگەن سۆزلىرىمنى تەرجىمە قىلىپ بەرگەن ئەنـۋەر يۈسـۈپكە 5 مىـڭ دولـلار ھەق بەردىـم. مېنىـڭ بۇنچىـۋالا پـۇل بېرىشىمنىڭ سىرى بار ئىدى... 1996 ـ يىلى 8 ـ ئاينىـڭ 14 ـ كـۈنى ئادۋوكـات مەن توغرۇلـۇق ئـۆزى تەييارلىغـان ماتېرىيـالنى كـۆچمەنلەر ئىدارىسىنىڭ سىياسىي پاناھلىق بېرىش بۆلۈمىگە يوللاپ بەردى. 1996 ـ يىلـى 8 ـ ئاينىــڭ 28 ـ كــۈنى كــۆچمەنلەر ئىدارىســىنىڭ سىياســىي پاناھلىق بېرىش بۆلۈمىدىن ماڭا بىر پارچە خەت كەلدى. خەتتە: ساقلاپ تـۇر، بىـر تەرەپـلەرگە كۆچـۈپ كەتسـەڭ بىـزگە ئادرېسـىڭنى مەلـۇم قىـل، دېيىلگەن ئىكەن.

1996 ـ يىلــى 10 ـ ئاينىـــڭ 3 ـ كـــۈنى ئامېرىكـا كـــۆچمەنلەر ئىدارىسىنىڭ سىياسىي پاناھلىق بېرىش بۆلۈمىگە سۆھبەتكە چاقىرىلدىم. ئادۋوكات ۋىندى، تەرجىمان ئەنۋەر يۈسۈپلەر سۆھبەتكە بىرگە قاتناشتى. مېنـى سـۆھبەتكە چاقىرغـان كىشى قـارا تەنلىـك مـارتىن دېـگەن كىشـى ئىدى. شۇنداق ئىنچىكە سوئاللارنى قويدى. بىر ـ بىرلەپ جاۋاب بەردىم.

1996 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى مېنـى ئامېرىكـا كـۆچمەنلەر ئىدارىسـىدىن چاقىرىشتى. ئادۋوكـات ۋىنـدى خـانىم، ئەنـۋەر يۈسـۈپ ۋە ئۇنىڭ ئايالى گۈلزىدە جەمئىي تۆت نەپەر كىشى ۋاشىنگتون شەھىرىدىكى كـۆچمەنلەر ئىدارىسـىگە يېتىـپ كەلـدۇق. بىـزدىن بـۇرۇن بـۇ ئىشـخانىغا كەلگەنـلەر ۋە بىـزدىن كېـيىن كەلگەنلەرمۇ ئىشـلىرىنى تۈگـىتىـپ بىـر ـ بىـرلەپ كۈتـۈش زالىـدىن چىقىـپ كېتىشـتى. بىـز ئەڭ ئاخىرىـدا قېلىـپ

قالغان كىشىلەر ھېسابلاندۇق. تامدىكى سۈرەتلەرگە، ھەرخىل تىلدا يېزىلغان ئەقلىيە سۆزلەرگە قاراپ ئولتۇردۇم. ئېينىشتېيننىڭ سۈرىتىگە توساتتىن كۆزۈم چۈشۈپ قالدى. بۇ كىشى ئەينى چاغدا ناتسىستلار پارتىيىسىنىڭ زىيانكەشلىكىدىن قېچىپ گېرمانىيىدىن ئامېرىكىغا كېلىپ سىياسىي پاناھلىق تىلىگەن كىشى ئىدى. سۈرەتنىڭ ئاستىغا خىتاي تىلىدا مۇنداق مەزمۇنلار يېزىلغان ئىدى. ئېينىشتېين:

— ئامېرىكىغا كېلىپ سىياسىي پاناھلىق تىلەيدىغان ھەرقانداق بىر كىشى، ھەرگىز قۇرۇق كەلمەيدۇ. چوقۇم بىر نەرسە ئېلىپ كېلىدۇ، دېگەن ئىكەن.

مەن ئويلاپ قالدىم. ئامېرىكىغا نېمە ئېلىپ كەلدىم؟ ئۆزۈمگە سوئال قويدۇم. سوئالىمغا ئۆزۈم جاۋاب بەردىم.

— كۆز ياش، ئاچچىق ھەسرەت، دەرد ـ ئەلەم، ھوقۇقسىزلىق، خورلۇق، ھاقارەت، كەمسىتىش، 20 مىليون مىللەتنىڭ سىياسىي دەرد ـ ئەلەملىرىنى، ئاچچىق ھەسرەتلىرىنى ئېلىپ كەلدىم. شۇ ئەسنادا ئىچكىرى ئىشخانىدىن بىر ئايال چىقىپ كەلدى ۋە بىزنى ئۆستەل ئالدىغا قويۇلغان ئورۇندۇققا تەكلىپ قىلدى:

— سىزنى تەبرىكلەيمەن، دېدى. كېلىشكەن 30 ياشلار چامىسىدىكى ئامېرىكىلىق ئايال ئىنگلىز تىلىدا.

بۇ سۆزنىڭ مەنىسىنى تولۇق چۈشەنگەن ئادۋوكات ۋىنىدى خانىم، ئەنۋەر يۈسۈپ ۋە ئۇنىڭ ئايالى گۈلزىدەلەر ئېچىلىپ ـ يېيىلىپ كۈلۈشۈپ كەتتى ۋە خۇشال بولۇشتى. ئارقىدىنلا ماڭا تەرجىمە قىلىپ بېرىشتى. سىياسىي پاناھلىق ئىلتىماسىم قوبۇل بولغان ئىدى. ئادۋوكات ۋىنىدى خانىم مېنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ تەبرىكلىدى. ئامېرىكىلىق ئايال كىشى

كۆچمەنلەر ئىدارىسى سىياسىي پاناھلىق بېرىش بۆلۈمىنىڭ ماڭا سىياسىي پاناھلىق بېرىش توغرىسىدىكى قارارىنى ئوقۇپ بەردى. بىر نۇسخىسىنى مېنىڭ قولۇمغا تۇتقۇزۇپ قويدى.

ــ بەش يىل ئۆتكەندە ئامېرىكا پۇقرالىقىغا ئىلتىماس يازساڭ بولىدۇ، دېدى ھېلىقى ئايال.

ــ ئاڭغىچە ۋەتىنىم ئازاد بولۇپ قالسا، مەن سېنى ئازاد بولغان ۋەتىنىم ئۇيغۇرىستانغا ئېلىپ بارىمەن، دېدىم. ئۇ ئايال:

ــ بولىدۇ، دېدى ۋە مەمنۇنىيەت بىلەن قوبۇل قىلدى.

## رابىيە خېنىم بىلەن كەرري رۇمباخ خانىمنىڭ دوست بولۇشى

(1996 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى)

1996 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى رابىيە خېنىم تاشكەنت، موسكۋا ئارقىلىق ئىرېلاندىيىنىڭ كۆك ئاسمىنىدىن ئۇچۇپ ئۆتۈپ ۋاشىنگتونغا، سىدىقهاجى روزى كۈتۈپ ئولتۇرغان شەھەرگە يەنە بىر قېتىم يېتىپ كەلدى.

1996 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى ئىككى نەپەر ئامېرىكىلىق ئەر ـ ئايال ئەزىز مېھماننى ئۆزىبېك ئەدھەمجان، پاشا تۆرەمنىڭ (ئەر ـ ئايال) ئۆيىگە مېهمانغا چاقىردۇق. (ئۆزىمىز ئولتۇرغان ئۆيدە كاۋاپ قىلىش مۇمكىنلىكى يوق ئىدى) بۇ مېهمانلار كىم ئىدى؟ كەرري رۇمباخ خانىم، ئىككىنچىسى ئۇنىڭ سۆيگىنى (ئوبيېكتى) ئىدى. كاۋاپلىرىمىز، ئەتكەن پولولىرىمىز ئوخشىغان ئىدى. رابىيەم خېنىم تەرجىمان ئارقىلىق مېهمانلار بىلەن كەڭ ـ كۇشادە پاراڭغا چۈشۈپ كەتتى. رابىيەم خېنىم ئۆزىنىڭ سىياسىي ۋە تىجارەت ئىشلىرىغا ئائىت سەرگۈزەشتىلىرىنى، خىتايلارنىڭ ياكى ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي ھەرىكەتلىرىگە يول قويمايدىغانلىقىنى ياكى تىجارەت قىلىپ ئۇيغۇرلارنىڭ پۇل تېپىشىغا رۇخسەت قىلمايدىغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ تىجارەت قىلغىچە سىياسىي جەھەتتە قانداق بېسىمغا ئۇچرىغانلىقىنى، ئىچكىرى خىتايدىن كۆچۈپ چىقىپ ئۇرۇمچىدە تىجارەت قىلغان خىتايلاردىن باج ئالمايدىغانلىقىنى، ھەسسىلەپ باج ئېلىپ ئۇيغۇرلارنى گادايلاشتۇرۇۋەتكەنلىكىنى، كۆرگەن ـ بىلگەنلىرىنى، زۇلۇمغا چىدىمىغان ئۇيغۇرلار قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرگەندە بارىن ئىنقىلابىنى قانداق دەھشەتلىك باستۇرغانلىقىنى مېهمانلارغا سۆزلەپ بېرىۋاتاتتى.

ــ بىز ئامېرىكا خەلقىدىن ياردەم تەلەپ قىلىمىز، دەپ باشلىدى رابىيەم خېنىم: ئېزىلگەن مىللەتلەر، مۇستەملىكە ئەللەر خەلقلىرى قايسى قىتئەدە بولسۇن، قانداق دىنغا ئېتىقاد قىلسۇن ھەممىسى ئامېرىكا خەلقىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشتى. رۇسىيە تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەندە قورallıق كۈرەشكە ئاتلانغان ئافغانىستان خەلقىمۇ ئامېرىكا خەلقىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشتى. ئافغانىستان مېنىڭ ۋەتىنىم ئۇيغۇرىستانغا قوشنا بولىدۇ. ئۇيغۇر مىللىتى ئافغانلارغا ئوخشاش بىر مىللەتقۇ؟ شۇڭا بىز ئۇيغۇرلارنىڭمۇ ئامېرىكا خەلقىدىن ياردەم تەلەپ قىلىش ھەققىمىز بار.

مېھمانلار رابىيە خېنىمنىڭ سۆزلىرىنى دىققەت قىلىپ ئاڭلىدى. رابىيەم خېنىم كەرري رۇمباخ خانىم بىلەن ئەنە شۇنداق تونۇشقان ۋە دوست بولۇشۇپ قالغان ئىدى.

كەرري رۇمباخ خانىم، ئامېرىكا كونگرېسى كۇتۇپخانىسىنىڭ ئاسىيا بۆلۈمىگە مەسئۇل كادىرى ئىدى. بۇ خانىم 1996 ــ يىلى 10 ــ ئايدا (قايسى كۈن ئېسىمدە قالمىدى، كۈندىلىك خاتىرەمنى يوقىتىپ قويغان ئىدىم) ئامېرىكا كونگرېسىدە مەخسۇس ئۇيغۇرلار ئۈچۈن ئېچىلغان گۇۋاھلىق بېرىش يىغىنىدا، «شىنجاڭ» ئەمەلىيەتتىكى مۇستەملىكە ئۇيغۇرىستاننىڭ ئۆتمۈشى، تارىخى، ھازىرقى ئەمەلىي ئەھۋالى توغرىسىدا دوكلات تەييارلاپ ئامېرىكا كونگرېسىگە دوكلات بەرگەن ئىكەن. كەرري رۇمباخ خانىم ئۇيغۇرلار 20 ــ ئەسىر ئىچىدە ئۈچ قېتىم دۆلەت قۇرغان دەپ دوكلاتنى ئاخىرلاشتۇرغان ئىكەن. بىر ئۇيغۇر ياكى يېتىمچى ياكى دوكتور بۇ يىغىنغا تەكلىپ قىلىنمىغان. ئاكاڭ قارىغاي نامايىش قىلىمەن، دەپ فىلورىدا شتاتىغا كەتكەن چاغلار ئىدى. مەن كەرري رۇمباخ خانىمنىڭ ئۇيغۇرلار توغرىسىدا ئامېرىكا كونگرېسىگە دوكلات

بەرگەنلىكىدىن موڭغۇل دوستۇم باھار ئارقىلىق خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، كەرري خانىمنى مېھمانغا چاقىرىپ تونۇشۇش، سۆھبەتلىشىشنى نىيەت قىلغان ئىدىم. دەل شۇ كۈنلەردە رابىيەم خېنىم ۋاشىنگتونغا يېتىپ كەلگەن ئىدى.

# ئۆزىتىش

(1996 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى)

1996 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى مەن رابىيەم خېنىمنى بالتىمۇر ئايروپىلان ئىستانسىسىغا ئېلىپ چىقىپ، ئۇيغۇرىستاننىڭ پايتەختى، ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەتىنى ۋە يۈرىكى ھېسابلانغان ئۈرۈمچى شەھىرىگە يولغا سېلىپ قويدۇم. ۋەتەن رىشتى بىلەن بىر ـ بىرىگە جىپسىلىشىپ كەتكەن ئىككى يۈرەك ئەنە شۇنداق ۋاقتلىق ئايرىلىشتى.

ئاۋۋالقى پىلانىم بويىچە شۇ كۈنى كەچتە فاير فاكس رايونىدا بىر تۈركنىڭ ئاشخانىسىغا مېھمان چاقىردىم. مېھمان بولۇپ كەلگەنلەر: ئەركىن ئاسيا رادىئو ئىستانسىسى تىبەت بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، خىتاي خەلق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ئافىر ئاۋاڭ جىنمىنىڭ ئوغلى جىمى ئەپەندى، رىشات ئاباس ئەپەندى، سىدىقھاجى روزى، ئۆزبېك ئەدھەمجان زاكىر ۋە ئۇنىڭ ئايالى تۆرەم پاشالار ئىدى. (ئۆزبېك ئەدھەمجان ئامېرىكا ئاۋازى رادىئوسىنىڭ ئۆزبېك بۆلۈمىدە ئىشلىگەن كىشى ئىدى). مەن بۇ ئادەملەرنىڭ زادى قانداق ئادەملەر ئىكەنلىكىگە كاپالەت قىلالمايمەن. بىراق، مېنىڭ قىلىشقا تېگىشلىك ئىشىم ئادەمگەرچىلىكنىڭ بىر ئىپادىسى ئىدى. ئادەملەر، ئادەم قىلىدىغان ئىشلارنى، ئەخلاقتا ئۇيغۇن ئىشلارنى ھەرگىز جىنايەت، دەپ ھېسابلىمايدۇ. ئەخلاقتا مۇۋاپىق قىلىنىۋاتقان ئىشلارنى ئۆزىنىڭ مەنپەئەتىگە تەھدىت، دەپ ھېسابلايدىغان كىشىلەر باشقىلارنىڭ ئەقلىگە، ئەخلاقتا مۇۋاپىق ئىشنى جىنايەت، دەپ ھېسابلايدۇ.

مەقسىتىمگە ئاساسەن سۆھبىتىمىزنىڭ تېمىسى ئەركىن ئاسيا رادىئو ئىستانسىسىنىڭ قارمىقىدا ئۇيغۇر تىلىدا رادىئو ئېچىشنى قانداق ھەل

قىلىش مەسىلىسىگە مەركەزلەشتى. ئامېرىكا خەلقىنىڭ ئۇيغۇر تىلىدا رادىئو ئېچىپ بېرىشىنى تەلەپ قىلىشىمىزغا مۇناسىۋەتلىك يازغان ئىلتىماسىمىزنى قايسى ئورگانغا تاپشۇرىمىز، بۇ يولنى قانداق ماڭىمىز، كونگىرىس ئەزالىرى ۋە ئامېرىكا رادىئو شىركىتىنىڭ ئەزالىرى بىلەن قانداق ئالاقە قىلىمىز، دېگەن مەسىلىلەرنى مۇزاكىرە قىلدۇق. جىمى ئەپەندى بىلەن خىتاي تىلىدا سۆزلەشتۇق. ئۇ بىزگە ئىزدىنىش ۋە ئالاقىلىشىش يوللىرىنى كۆرسىتىپ بەردى. ئۆزبېك ئەدھەمجان زاكىر زىياپەتتە ۋە سۆھبەت جەريانىدا پەقەت ئېچىلالمىدى. بەلكى بۇ كىشى ئۇيغۇر تىلىدا رادىئو ئېچىپ بېرىش مەسىلىسى ھەل بولىدىغان بولسا، ئامېرىكا ئاۋازى رادىئوسىنىڭ قارمىقىدىكى ئۆزبېك تىل پروگراممىسى ئەمەلىدىن قالدۇرۇلۇشى مۇمكىن، دەپ ئويلىغاندۇ؟ مەن بۇنداق ئادەملەرنىڭ ئۆزگىرىشچان كەيپىياتىنى ھەرقانداق سورۇندا ئوچۇق ئايلا بىلىپ قالاتتىم.

مەن ۋاشىنگتونغا يېتىپ كەلمەستىن بۇرۇن ئۇيغۇر تىلىدا ئامېرىكىنىڭ رادىئو ئېچىپ بېرىشى توغرىسىدا سۆز ـ چۆچەك بولغان ئىكەن. ئاڭلىشىمچە 1993 ـ يىلى ئامېرىكىنىڭ رادىئو ئىشلىرىغا مەسئۇل كومىتېتى غۇلامىدىن پاختا قاتارلىق كىشىلەرنى چاقىرىپ ئامېرىكا ئاۋازى رادىئو ئىستانسىسىنىڭ قارمىقىدىكى ئۆزبېك تىل پروگراممىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ ئۇيغۇر تىلىدا رادىئو ئاڭلىتىشنى تەسىس قىلماقچى بولغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، بۇ كىشىلەردىن پىكىر ئالغاندا غۇلامىدىن ئەپەندى:

ــ ئۇيغۇر تىلى بىلەن ئۆزبېك تىلىنىڭ پەرقى يوق، رادىئودا ئىشلەيدىغان ئۆزبېكلەر مېنىڭ دوستۇم. بىر ـ بىرىمىزنىڭ تىلىنى

ئوبدان بىلىمىز، ئۇيغۇرلار ئۆزبېك تىلىنى ئاڭلىيالايدۇ، چۈشىنەلەيدۇ، ئۇيغۇر تىلىدا رادىئو ئورۇنلاشتۇرۇشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق، دېگەن ئىكەن. رادىئو ئىشلىرىغا مەسئۇل كىشى:

ــ ئۆزبېكىستان مۇستەقىل بولدى، ئۆزبېك تىلىدا رادىئو ئاڭلىتىشنى داۋاملاشتۇرۇشنىڭ ئەمدى ھاجىتى قالمىدى، دېگەندە، ئەدھەمجان زاكىر:

ــ ئۆزبېك ئۇيغۇر ئىككىسى بىر خەلق. ئۇيغۇر تىلىدا رادىئو ئېچىپ بېرىلگەندىمۇ بۇ تىلدا رادىئوغا سۆزلەيدىغان كىشى يوق. (ۋاشىنگتوندا ئۇيغۇر يوق دېمەكچى) دېگەن ئىكەن. بۇ كىشى غۇلجا شەھىرىدە 40 يىلدىن ئارتۇق ئۇيغۇرنىڭ نېنىنى يېگەن، مىللىي دېموكراتىك ئىنقىلابقا قاتناشقان كىشى ئىدى.

ئامېرىكا ئاۋازى رادىئو ئىستانسىسىنىڭ ئۆزبېك بۆلۈمىدە يېرىم سائەت ئاڭلىتىش ئۈچۈن 14 نەپەر ئۆزبېك ئىشلەيدىكەن. يۇقىرىقى يىغىندىن خەۋەر تاپقان ئامېرىكا ئاۋازى ئۆزبېك بۆلۈمىنىڭ ئەزالىرى ساراسىمىگە چۈشكەن. ئەنۋەر يۈسۈپنى ئۆزبېك بۆلۈمگە چاقىرىپ كېلىپ، ئەندىشىلىرىنى ئاشكارىلىماي پاراڭلاشقاندا ئەنۋەر يۈسۈپ ئەپەندى:

ــ سىلەر رادىئودا ئۆزبېك تىلىدا ئەنۋەر يۈسۈپ 25 مىليون ئۇيغۇرنىڭ داھىيسى، دەپ ئاڭلاتساڭلار، مەن ئامېرىكىدا ئۇيغۇر تىلىدا رادىئو ئېچىش توغرۇلۇق ھېچقانداق ئورۇنغا دەۋا قىلمايمەن، دېگەن ئىكەن. غۇلامىدىننىڭ رادىئو توغرىسىدا دېگەنلىرىنى ماڭا ئەنۋەر يۈسۈپ ئېيتىپ بەرگەن، ئەنۋەر يۈسۈپنىڭ ئۆزبېك بۆلۈمگە بېرىپ سۆزلىگەن سۆزلىرىنى ماڭا غۇلامىدىن ئېيتىپ بەرگەن ئىدى، غۇلامىدىن ئەپەندىمۇ، ئەنۋەر يۈسۈپ ئەپەندىمۇ ئېيتىپ بەرگەنلىرىدىن تىنىپ ئالماسلىقى

كېرەك. شۆھرەت ئۈچۈن تاشلانغان ھەرقانداق بىر قەدەم، شۆھرەت تالاشقۇچىنى شۆھرەتتىن يىراقلاشتۇرىدىغان بىر قەدەمدۇر.

1996 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى زىياپەت بېرىپ، مېھمان چاقىرىپ ئامېرىكىنىڭ ئۇيغۇر تىلىدا رادىئو ئېچىپ بېرىشى توغرىسىدا سۆھبەتلەشكەندە دوستىمىز ئۆزبېك ئەدەھەمجاننىڭ زىياپەتتە ئېچىلماي ئولتۇرۇۋېلىشى ئېھتىمال شۇ سەۋەبتىن بولسا كېرەك.

# يېتىملىك ۋە غېرىبلىق

(1997 ــ يىلى 1- ئاينىڭ 1 ــ كۈنى)

ئارىلىقتا 1996 ــ يىلى 12 ــ ئاي شۇنداقلا ئۆتۈپ كەتتى. يېڭى يىل 1997 ــ يىلى كىرىپ كەلدى. قەيەردە سەن رابىيەم خېنىم، قەيەردە سىلەر مېنىــڭ قــارا كــۆز قــۇزىلىرىم. مەن مۇڭدىشــىدىغان، سىردىشــىدىغان، چاقچاقلىشىدىغان، بىرگە ئولتۇرۇپ زامانىنىڭ غەيۋەتلىرىنى قىلىشىدىغان دوستلىرىم قېنى؟ باشقا كۈن چۈشكەندە قولىنى ئۇزىتىدىغان دوستلىرىم قېنى؟

دۇنياغا كېلىپ شۇ ياشقىچە ياشاپتىمەن. ئويلىسام بىر دوستۇم يوق ئىــكەن. دوســت ۋە دوســتلار دېــگەن قانــداق بولۇشــى كېــرەك ئىــدى؟ يەيدىغان، ئىچىدىغان چاغدا دوست بولىدىغان، توي ــ تۆكۈندە، نەغمە ــ مەشرەپتە دوست بولىدىغان، باشقا كۈن چۈشكەندە دوست دوستتىن قاچىــدىغان ئىشــمىدى. ئــالايلۇق، مەن ئىنقىلابچىــى بولســام ئۇلارمــۇ ئىنقىلابچى بولۇشى، مەن «ئوغرى» مىللەتچى بولسام ئۇلارمۇ «ئـوغرى»، مىللەتچى بولۇشى كېرەك ئىـدىغۇ؟! ئەگەر ئـۇلار شـۇنداق كىشىلەر بولسا مەنمۇ شۇنداق كىشى، شۇنداق دوست بولۇشۇم كېـرەك ئىـدىغۇ؟ 1959 ــ يىلــى مۇســتەقىللىق جاكارلىغــان كۇبانىــڭ ئىنقىلابچىســى كاســترو ئىنقىلابچى كىشى ئىدى. بـۇ كىشىنىڭ يەتتە نەپەر دوستى بـار ئىـدى. كاسترو قولىغا قورال ئالغاندا ئۇنىڭ دوستلىرىمۇ قولىغا قـورال ئېلىشقان ئىدى. كۇبانىڭ ئورمانلىقى دېڭىز ساھىللىرى ئـۇلارنى قوينىغا ئالغان. ئىـنقىلاب مەيـدانى بولغـان ئىـدى. كۇبـا خەلقىنىـڭ قوللىشـى، ئىنقىلابـى سەپكە قوشۇلۇشى ئارقىلىق ئاخىرى كۇبا ئىنقىلابـى غەلىبە قىلغـان، يەنە بىــر تەرەپــتىن ئېيتقانــدا كۇبــا ئىنقىلابىنىــڭ غەلىبىســى بىــر ــ بىــرىگە ئىشــەنگەن ئورتــاق تىلغــا ئىــگە دوســتلارنىڭ غەلىبىســى ئىــدى...

ئۇيغۇرلارنىڭ ئىچىدە دوستلۇق شۇنداق بولىدىكەن، بىر ـ بىرىگە دوست بولغان بۇ كىشىلەر ۋاقتى كەلگەندە بىر ـ بىرىنىڭ غەيۋىتىنى قىلمىسىلا، خۇداغا مىڭ شۈكرى؟ غەيۋەت قىلىشىسىمۇ مەيلىدى، شۇ غەيۋەتخور دوستلار بولسىمۇ مەيلىدى، يوق، ئۇلار ھازىر يېنىمدا يوق. ئۆزۈن كۈنلەر ۋە كېچىلەر، زېرىكىشلىك دەقىقىلەر، ۋەتەن دەۋاسىنى قەيەردىن باشلاش كېرەك، كىم بىلەن ئىش قىلىش كېرەك؟ ئىنگلىز تىلىچۇ؟ بىر كۈندە ئۆگىنىپ بولغىلى بولمايدىغۇ، تىتىلداش ۋە چىقىش يولى ئىزدەش، ۋاقىت بوش ئۆتۈپ كەتمەسلىكى ئادەم ۋاقىتتىن زېرىكىپ كەتمەسلىكى ياكى زېرىكىش بىلەن ۋاقىتنى ئۆتكۈزمەسلىكى كېرەكقۇ؟ ۋاقىتتىن ۋاقىت ئىچىدە زېرىككەن كىشى ئەمەلىيەتتە ياشاشتىن، ھاياتتىن زېرىككەن كىشى بولۇپ قالامدۇ. ھاياتتىن، ۋاقىتتىن زېرىككەن كىشى بۇ دۇنياغا نېمە ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلەمدىغاندۇ، بىز ئۇيغۇرلار ئۆزىمىزنىڭ بىر مىللەت ئىكەنلىكىمىزنى، ئادەم ئىكەنلىكىمىزنى ھېس قىلالىدۇقمۇ؟ ھېس قىلغان ۋەتەننىڭ ئوغلانلىرى خىتاينىڭ ئوقىدا ئېتىلىپ تۈگىدى، ھېس قىلىش ھازىرغىچە ئايرىم ـ ئايرىم ئادەملەر بىلەنلا چەكلەندى. ئەگەر بىلسە ئىدى ھەممە ئۇيغۇر ئادەملەر ۋەتەننى، ئىماننى، مىللەتنى، ئازادلىقنى، نېمە ئۈچۈن دۇنياغا كەلگەنلىكىنى، قانداق ياشىغانلىقنى، قانداق ياشىشى كېرەكلىكىنى بىلسە ئىدى، ھېس قىلىشسا ئىدى، بۇنداق مىللەتتىن جەڭگىۋار قوشۇن تەييارلانغان بولاتتى. خىتاينىڭ ئالدىدا كەچكۈزنىڭ غازىڭىدەك ئۇياققا ـ بۇياققا ئۇچۇپ سەرسان بولۇپ يۈرمىگەن بولاتتى.

كۈندە كىتاب ئوقۇيمەن، رابىيەم خېنىم 40 مىڭ يۈەن خەجلەپ كىتابلىرىمنى پوچتا ئارقىلىق ۋاشىنگتونغا ئەۋەتىپ بەرگەن ئىدى. كىتاب ئوقۇشتىن توختاپ قولۇمغا قەلەم ئالىمەن، يازغان ماقالىلىرىم قاملاشمايدۇ، شائىرلىقتىن، ئۆزى ياشىغان رېئاللىقتىن ئايرىلغان كىشىنىڭ ئۆرنەك

ئېلىش مەنبەئى ئۈزۈلۈپ قالىدىكەن. تەسەۋۋۇرغا تايانغاندىمۇ بۇنداق چاغدا تەسەۋۋۇر قەلەمگە مەلۇمات بېرەلمەيدىكەن، تىتىلداپ ئورنۇمدىن تۇرىمەن، قەپەستىكى يولۋاستەك ئۆيىنىڭ ئىچىدە مېڭىپ يۈرىمەن. تامغا قاراپ سۆزلەيمەن، تامدىن سادا كەلمەيدۇ، ئىنگلىز تىلى ئۆگىنىمەن كاللامغا چۈشمەيدۇ. بارلىقتىن ئۆز مىللىتىنىڭ رېئاللىقىدىن پاسسىپ ياكى ئاكتىپ ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ دائىرىسىدىن ئايرىلغان ئادەم يېتىم بولۇپ قالغان، غېرىبسىنىپ قالغان ئادەمدۇر. بۇ دۇنياغا كېلىپ غەمسىز ياشىغان، شۇنداقلا دۇنيادىن ئۆتكەن ئادەملەرمۇ بارمىدۇ. ئىشەنمەيمەن، ئادەم دۇنياغا كەلگەندە شادلىق بىلەن بىللە كەلمىگەن، بەلكى غەم بىلەن بىللە دۇنياغا كېلەمدىكىن، دەيمەن. كىمكى جاھان غوۋغالىرىدىن ئۆزىنى قاچۇرسا بۇ كىشى غەمسىز ياشامدىكىن دەيمەن. بىراق كىشىلەرنى بەختكە ئېرىشتۈرگەنمۇ، كىشىلەرنى غەم ـ غۇسسىلەرنىڭ سازلىقلىرىغا تاشلاپ قويغانمۇ، ئەنە شۇ جاھان غوۋغالىرى ئەمەسمۇ؟ قانداق ئادەم جاھان غوۋغالىرى ـ مىللەتنىڭ ئازادلىقىدىن ئۆزىنى قاچۇرالايدۇ؟ ھېس قىلىش تۇيغۇ يوق، غەزەپلىنىش ۋە ئاچچىقلىنىش تۇيغۇ يوق، قايغۇرۇش ۋە ئۆكۈنۈش تۇيغۇ يوق، كۆيۈنۈش ۋە كۆيدۈرۈش ھېسسىياتى يوق، رېئاللىققا نېمە ئۈچۈن، دەپ سوئال قويالمايدىغان تەپەككۇر ئىقتىدارى يوق ئادەملەرلا جاھان غوۋغالىرىغا قىزىقمايدۇ ۋە بۇ دۇنيادا غەمسىز ياشايدۇ. جاھان غوۋغالىرىغا ئارىلاشقان ئىكەنمەن ۋە شۇ جاھان غوۋغالىرىنى كېيىنكى ۋاقىتتا پەيدا قىلغان كىشىلەرنىڭ بىرى ئىكەنمەن، بىر قەدەم كەينىڭگە چېكىنىشكە رۇخسەت يوق سىدىق! كۈرەش، كۈرەش، كۈرەش يەنە كۈرەش، بۇ سېنىڭ ھايات مەنتىقەڭ بولۇشى كېرەك.

كۆپ ھاللاردا تۇرمۇشتا ئادەم ئالدىنىپلا ياشايدۇ. ئادەملەر ئۆز ئارا بىر ـ بىرىنى ئالدايدۇ، ئاۋۋال ئادەم ئۆزىنى ئالدىغاندا ئۆزىنىڭ خىياللىرىغا

ئانچە ــ مۇنچە كونكرېتلىق ئارىلاشقان غايىلىرىگە ئالدىنىدۇ. ئادەمنىڭ ھەۋەسلىرىمۇ، ئادەمنىڭ ھېسسىياتىمۇ، ئالدامچى تەسەۋۋۇرمۇ ئالدايدۇ، ئادەمنىڭ تۇغرا پىكىر قىلىشىغا يول قويمايدۇ. لېكىن تەبىئىي خۇيغا مۇناسىپ يارىتىلغان ئادەمنىڭ خاراكتېرى ئەتراپىدىكى رېئاللىققا ماسلىشىپ تۇرغاندىمۇ ھەرگىز ئۆزگەرمەيدۇ. شەيتاننىڭ ئازدۇرۇشى ئارقىلىق ئازغاندىمۇ يەنە ئۆزىنىڭ تۇغرا يولىغا قايتىپ كېلىدۇ. ئۇنىڭ ئىشلىگەن ئىشلىرى مەغلۇپ بولغاندىمۇ، غەلىبە قىلغاندىمۇ ئۇنىڭ خاراكتېرىگە باغلىق بولۇپ قالىدۇ. پەلسەپىدە ئەقىلچىلىك تەرەپدارلىرىنىڭ كۆزدە تۇتقىنى ــ يەككە غايىلەرنى رېئاللىققا ماسلاشتۇرۇش، دېگەنلىك بولسا كېرەك. شۇنداق دوستلىرىم يوق... رابىيەم خېنىم، بالا ــ چاقىلىرىم، خىيالىمدا، ئويلىرىمنىڭ مەركىزىدە، لېكىن جۇغراپىيىلىك ئارىلىقتىن ئېيتقاندا مەندىن يىراقتا، ماڭا كېچىسى چىراغ ھەمراھ بولسا كۈندۈزى قۇياش.

غايىلەردە ھازىرلانغان پىكىرلەر بىلەن رېئاللىق ماسلىشىپ بىر يەردىن چىقمىسا، ئۇيغۇر مىللەتچىلىرىنىڭ غايىلىرى ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ رېئاللىقى بىلەن ماسلىشالمىسا، مىللەتچىلىك مەغلۇپ بولۇشى كۆزگە كۆرۈنۈپ تۇرىدىكەن. 20 ــ ئەسىر ئۇيغۇر تارىخىنىڭ، ئۇيغۇر ئىنقىلابىنىڭ مەغلۇبىيەتلىرى بۇ ھۆكۈمنى ئىسپاتلاپ بەرمىدىمۇ؟ ھازىرقى ئەسىردە ياشاپ تۇرۇپمۇ، خىتايغا مۇستەملىكە بولۇپ قالغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپمۇ، پىكرى ــ خىيالىدا ئىلغار پىكىرلەرنى ئىشلەپچىقىرىشقا ئىزلەنمىدى، ئىپتىدائىي تۇرمۇشىنىڭ ھەلەكچىلىكىدە ئىپتىدائىي قىياپىتىنى كۆرسىتىپ تۇرغان بىر خەلق ــ پىكىرلەر ئەينەنلىكىدە قانداق ئىپتىدائىي بولسا، ئۇنىڭ ياشاش ۋە ھاياتلىق توغرىسىدىكى ئىستەكلىرىمۇ شۇنداق ئىپتىدائىي بولىدىكەن...

## ئىلى ئىنقىلابى

1997 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى مۇستەملىكە ئۇيغۇرىستاننىڭ ئىلى ئۆلكىسىدە دۇنيانى زىلزىلىگە سالغان بىر قېتىملىق سىياسىي ئىنقىلاب پارتلىدى. مۇستەقىللىق! ئازادلىق! ئەركىنلىك! نامايىشچى ئىلى خەلقىنىڭ شوئارىغا ئايلاندى. ئۇيغۇرىستاننىڭ قەدىمى ئۆلكىسى ھەر قېتىملىق تارىخى ئىنقىلابلارنىڭ قەدىمى بۆشۈكى ئىلى ئۆلكىسى بۇ قېتىم يەنە بىر قېتىم مۇستەقىللىق ئۈچۈن چۇقان سالدى. خىتاي كۈچەنلىرى ھاكىمىيىتى ھەربىي قىسىملارنى لەنجۇدىن يۆتكەپ كېلىپ قورالل‍ىق خىتاي ساقچى قىسىملىرى بىلەن بىرلىكتە ئىشقا سالدى. ئۇيغۇر نامايىشچىلارنى قىرغىن قىلدى، ۋەتەن دېگەن يۈرەكلەر توختاپ قالدى، ۋەتەنپەرۋەر ئۇيغۇرنىڭ ئىسسىق قېنى ئانا يەرگە سىڭىپ كەتتى. ئۆزىنى كۆرسەتكەن ئۇيغۇرنىڭ ئىرادىسى ئۇيغۇرنىڭ كېيىنكى ئەۋلادىغا ئىرادىنى قانداق ئىشقا سېلىشنىڭ ئۈلگىسىنى تىكلەپ بەردى. بۇ خەۋەر دۇنياغا چاقماق تېزلىكىدە تارقالدى.

1997 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى مەن ۋاشىنگتوندا 100 كىشىلىك نامايىش تەشكىللىدىم. بۇنىڭدىن بۇرۇن ئىلىدا كۆتۈرۈلگەن ئىنقىلابنىڭ ۋە بۇ ئىنقىلابنى خىتاي ئارمىيىسىنىڭ باستۇرۇشلىرىنىڭ تەپسىلاتىنى رابىيەم خېنىم تېلېفون ئارقىلىق ماڭا ئەتراپلىق چۈشەندۈرۈپ ئۆتكەن ئىدى. نامايىشقا ئامېرىكىلىقلار، نيۇ-يورك شەھىرىدىن كەلگەن تۈركىيىلىك كۆچمەنلەر كېلىپ قاتناشتى. ئامېرىكا ئاۋازى رادىئوسىنىڭ ئۆزبېك بۆلۈمىدىن، ئەركىن ئاسىيا رادىئوسىنىڭ خىتاي تىلى بۆلۈمىدىن مۇخبىرلار كېلىپ قاتناشتى. نامايىشنىڭ

جەريانىنى كامېراغا ئالدى ۋە ئامېرىكىنىڭ پەرقلىق شەھەرلىرىدە ئوقۇۋاتقان ئايرىم ئۇيغۇرلار نامايىشقا قاتناشمىدى.

مەن ۋاشىنگتوندىكى ئىگىز ــ پەس ئادەملەردىن يىراق تۇرۇشنى ماقۇل كۆرۈپ، 1997 ــ يىلى 2 ــ ئاينىڭ 20 ــ كۈنى سودىگەر ھوشۇر مەمەتكە قوشۇلۇپ ۋاشىنگتوندىن ئوكلاخوما شتاتىغا كۆچۈپ كەتتىم. رابىيەم خېنىم ماڭا تۇيۇقسىز تېلېفون بېرىپ قالدى. 1997 ــ يىلى 3 ــ ئاينىڭ 27 ــ كۈنى رابىيەم خېنىم ئۇكىسى مۇھەممەد قادىر بىلەن بىرگە سودا ــ تىجارەت ئۈچۈن تاشكەنتكە كېتىۋاتقان چاغدا ئۈرۈمچى ئايروپىلان ئىستانسىسىدا خىتاينىڭ جاسۇسلۇق ئورگانلىرى رابىيەم خېنىمنى توختىتىپ تەكشۈرۈپ پاسپورتنى تارتىۋاپتۇ.

ــ ئېرىڭ ئامېرىكىدا نامايىش تەشكىللىدى، سېنىڭ پاسپورتۇڭ تارتىپ ئېلىندى، چەت ئەلگە چىقىشىڭغا رۇخسەت يوق.

شۇنىڭدىن كېيىن خىتاينىڭ بىخەتەرلىك نازارىتى ھەر ئۈچ كۈندە رابىيەم خېنىمنى چاقىرىپ، ئىشخانىسىغا ئېلىپ بېرىپ كۆزىگە چىراغ يېقىپ قويۇپ سوراق قىلىشنى باشلىدى. بىخەتەرلىك نازارىتىنىڭ كۈچۈكلىرى:

ــ ئېرىڭنىڭ جىنايىتىنى بىلەمسەن؟

ــ ئۈرۈمچىدە كىملەر بىلەن قانداق مۇناسىۋەت قىلاتتى...

ــ ھازىر ئامېرىكىدا نېمە ئىش قىلىۋاتىدۇ...

ــ بىزگە تەسلىم بولۇپ، ئېرىڭدىن ئاجرىشىپ كەتسەڭ، ئاپتونوم رايونغا رەئىس قىلىپ سايلايمىز...

ــ ئاجرىشىپ كەتسەڭ ساڭا 30 مىليون يۈەن قەرز پۇل بېرىمىز، تىجارىتىڭگە ياردەم قىلىمىز... تۈگمىگەن سوئاللار، تۈنگان، شىۋە، قازاق

كۆچــۆكلەر ســـوراقچى خىتايىنـــىڭ ســـوئاللىرىنى ۋە رابىـــيە قادىرنىـــڭ بەرگەن جـــاۋابلىرىنى تەرجىـــمە قىلىـــپ بېرىـــدىكەن. چىراغنىـــى رابىـــيەم خېنىمنىـــڭ كـــۆزىگە يېقىـــپ قويـــۇپ، قـــاراڭغۇ تەرىپىـــدە بىخەتەرلىـــك نازارىتىنىـــڭ كۆچـــۆكلىرى ئولتۇرىـــدىكەن. ھەممىـــدىن قىزىقـــى شـــۇ يەردىكـــى مېنىـــڭ دالاي لاما بىلەن بىرگە چۈشكەن سۈرىتىمنى رابىيەم خېنىمنىڭ ئالدىغا تاشلاپ:

ــ بـۇ نـېمە دەپتـۇ. ۋاشـىنگتوندا قىلىنغـان نامايىشـنىڭ ئەمەلىـي خاتىرىسـىنى كۆرسـىتىپتۇ. قىزىـق ئـىش شـۇ يەردىكـى دالاي لاما بىـلەن كۆرۈشكىلى بارغان ئۈچ نەپەر كىشى بىلەن سۈرەتلەرنى ھازىرچە سىرتقا تارقاتماسلىق توغرىسىدا ۋەدىلەشكەن ئىدىققۇ؟ ئۇنداقتا خىتاي ھۆكۈمىتى بـۇ رەسـىملەرنى قانـداق قولغـا چۈشـۈردى؟ 2 ــ ئاينىـڭ 15 ــ كـۈنى ۋاشىنگتوندا خىتاي ئەلچىخانىسىنىڭ ئالدىدا ئۆتكۈزۈلگەن نامايىشنىڭ كـامېرا خاتىرىسـىنى خىتايىنـىڭ بىخەتەرلىـك نـازارىتىگە كىملەر ئەۋەتىـپ بەردى؟ شۇ كۈنى ئىككى كىشى كامېراغا ئالغان ئىدى.

رابىـــيە خېنىمنىـــڭ پاســـپورتى تارتىۋېلىنـــدى. ئەر ــ خوتۇنلـــۇق ھاياتىمىزنىڭ قايغۇلۇق دەملىرى باشلاندى.

رابىيەم خېنىم ئۇياقتا ــ ۋەتەندە قالدى، مەن بۇياقتا ــ ئامېرىكىـدا، ئۈرۈمچى، ئامېرىكا... ئۇزۇن مۇساپىلىك ئارىلىق... ئاچچىق ھەسرەتلەر، ئـــائىلىۋى ئايرىلىشـــنىڭ ئېغـــر دەملـــىرى، سېغىنىشـــلار، كۈتۈشـــلەر ئىككىمىزنىڭ يۈرىكىنى ئېزىشكە باشلىدى. ئىككىمىزنىڭ بىر ئائىلىنىـڭ مـۇھەببىتى خـۇددى پۈتـۈن مىللەتنىـڭ ئـائىلىۋى مـۇھەببىتى، خىتـاي مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ مۇستەملىكىچىلىك سىياسىتىنىڭ، مىللەتچىلىك سىياسـىتىنىڭ زەربىسـىگە دۇچ كەلگەنـدەك ئېغىـر زەربىـگە دۇچ كەلـدى. بىزگە ياردەم قىلغـۇدەك، بىـر جـۈپ ئىككـى يۈرەكنىـڭ كـۆڭلىگە پـۈككەن

غـايىلىرىنى چۈشـەنگۈدەك، ئۈرۈمچىـدە رابىـيەم خېنىمغـا ئىلهـام، مەدەت بەرگۈدەك، ئامېرىكىدا سـىدىقهاجى روزىغـا ئىلهـام، مەدەت بەرگـۈدەك بىـر ئادەم يوق. ھەتتا ئۈرۈمچىـدە بەزىـلەر رابىـيەم خېنىمـدىن يىـراق قېچىشـقا باشـلىدى. ئـۆز قېرىنداشـلىرىنىڭ بېشـىغا ئېغىـر كـۈنلەر كەلگەنـدە چـاۋاك چالـىدىغانلار، بۇنـداق كۈنلەرنىـڭ پەقەت رابىـيە قـادىر، سـىدىقهاجى روزىـلىرىنىڭلا بېشـىغا كېلىـپ ئۆزلىرىنىـڭ بېشـىغا كەلمىگەنلىكىـدىن خـوش بولىدىغانلار ھەر يەردە تېپىلىدۇ.

كۈلەيلى، دېسەك كۈلۈشكە ئورۇن قالمىدى... ھەسرەتلىنىمىز دېسـەك ھېسسىيات ئۇيراپ تۈگىمەيدىغۇ؟ ئەمما، پىشـىپ يېتىلمىگەن ئەقلىنىـڭ كەمتۈكلۈكى ھېسسىياتنى ئازابلايدۇ. بىر ئائىلە رابىيە قادىر، سـىدىقهاجى روزىلارنىڭ ھېسسىياتى ئەگەر كوللېكتىپ مىللىي ھېسسـىيات ۋە مىللـىي غۇرۇر دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلمىگەن بولسا ئېھتىمال بىر ئائىلە كىشىلىرى بۇ كۈنگە قالمىغان بولاتتۇق. ۋۇجۇدىمىزنى ئېزىپ تۇرغان غەم بۇ مىللەتنىڭ غېمى ئىدى. ئازاب ـ ئوقۇبەتلىرىمىز بۇ مىللەتنىڭ ئازاب ـ ئوقـۇبەتلىرى ئىـدى. خىتايغـا مۇسـتەملىكە بولـۇپ تۇرغـان مۇسـتەملىكە ئۇيغۇرىسـتان جەمئىيىتىدە نېمە ئىشلارنى قىلساق تـوغرا ئىـش قىلغـان بولاتتـۇق، نـېمە سـۆزلەرنى سـۆزلىگەن بولسـاق تـوغرا سـۆزلىگەن بولاتتـۇق، ئىشـلىگەن ئىشلىرىمىز خىتاينىڭ مۇستەملىكە قىلىش سىياسـىتىگە ئۇيغـۇن بولۇشـى، سـۆزلىگەن سـۆزلىرىمىز خىتـاي مۇسـتەملىكىچىلىرىنىڭ مىللـي ھۆكۈمرانلىقىغا ئۇيغۇن بولۇشى كېرەكمىدى؟ ھـازىرقى دۇنيـادا ئۆزىنىـڭ بەخـت ـ سائادىتىنى، ئۆزلىرىنىـڭ ياشـاش ھوقـۇقلىرىنى، ئەركىنلىكىنـى باشـقا مىللەتنىـڭ ئايـاغ ـ ئاسـتى قىلىشـىغا تاشـلاپ بېرىـپ قـۇل بولـۇپ ياشاشنى راۋا كۆرىدىغان بىرەر مىللەت بارمىدۇ؟

## ھېسسىياتنى مەنبە قىلغان پىكىرلەر

1

1997 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى

بىر مىللەتنىڭ مەۋجۇد بولۇپ تۇرۇشى قانداق ئامىللارغا باغلىق بولاتتى؟

ئاۋۋال ھوقۇققا، ھوقۇق بولمىغاندا شۇ مىللەتنىڭ مىللىي ئەنئەنىسىگە، مىللىي مەدەنىيىتىگە، دىنى ئېتىقادىغا، شۇ مىللەتنىڭ ئانا تىلى مىللىي مائارىپىغا، ئىقتىسادى تەرەققىيات تەلەپلىرىگە، ئۆرپ ـ ئادەتلىرىگە، ئىستېتىزىملىق قاراشلىرىغا، دۇنيا قاراشلىرىغا، ئەنئەنە ئىچىدە شەكىللەنگەن قىممەت قاراشلىرىغا باغلىق بولۇپ، يۇقىرىقى ئالاھىدىلىكلىرىنى ساقلاپ قېلىشقا باغلىق بولاتتى. ھوقۇقسىز ئەھۋالدىمۇ ياكى مۇستەملىكە بولۇپ تۇرغان ئەھۋالدىمۇ بىر مىللەتنىڭ كىشىلىك ھوقۇقى ئەقەللىي دەرىجىدە كاپالەتكە ئىگە بولىدىكەن، بۇ مىللەت ئۆزىنى ساقلاپ قېلىشقا قادىر بولالايتتى. ئەكسىچە بولغاندا بۇ مىللەت ھالاك بولۇشقا يۈزلەنگەن مىللەت بولۇپ قالاتتى.

بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى زادى قانداق تەشكىلات؟ مۇستەقىل دۆلەتلەرنىڭ تەشكىلاتىمۇ؟ مۇستەقىل دۆلەتلەرنىڭ كونتروللۇقىدا مۇستەملىكە بولۇپ تۇرغان مىللەتلەرنىڭ ھالى ـ دەردىگە كىم ئىگە بولىدۇ؟ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى قۇرۇلغان كۈندىن باشلاپلا كىشىلىك ھوقۇققا ئائىت نىزامنامە، خىتابنامە ۋە قانۇن ـ مىزانلارنى ئارقا ـ ئارقىدىن ئېلان قىلدى. ئامېرىكا ھۆكۈمىتى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ نىزامنامىلىرىنى، خىتابنامىلىرىنى، كىشىلىك ھوقۇق

خىتابنامىلىرىنى تـۈنجى بولـۇپ ئېتىـراپ قىلغـان دۆلەتلەرنىـڭ بىـرى، شـۇنداقلا ئامېرىكـا دۆلىتىنىـڭ تاشـقى سىياسـىتىنى شـۇ نىزامنـامە، خىتابنامىلەرنىڭ روھىغا ئاساسەن بەلگىلىگەن دۆلەتتۇر.

بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ ئومۇمىي يىغىنىـدا 1960 ـ يىلـى 12 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى ماقۇللانغان «مۇستەملىكە ئەللەر ۋە خەلقلەرگە مۇستەقىللىق بېرىش خىتابنامىسى»نىڭ 1 ـ ماددىسىدا:

«خەلقلـەر يـات ئەلنىـڭ بويسۇندۇرۇشـىغا، ھۆكۈمرانلىـق قىلىشـىغا، ئېزىشىگە ئۇچرايدىغان بـۇ خىـل ئەھـۋال ئېگىزلىـك كىشىلىك ھوقـۇقنى ئىنكـار قىلغـانلىق بولـىدۇ؛ بىرلەشـكەن دۆلەتـلەر تەشـكىلاتىنىڭ نىزامنـامىلىرىگە خىلاپلىـق قىلغـانلىق دۇنيـا تىنچلىقـى ۋە ئۆزئـارا ھەمكـارلىقنى ئىلگىـرى سۈرۈشـكە توسـقۇنلۇق قىلغـانلىق بولـىدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن. ئۇيغۇر مىللىتى خىتاينىـڭ بويسۇندۇرۇشىغا، ھۆكۈمرانلىـق قىلىشىغا، ئېزىشىگە ئۇچراۋاتقان مىللەتتۇ! شۇڭا ئۇيغۇرلارنىڭ ئېگىزلىك كىشىلىك ھوقۇقى خىتايلار تەرىپىدىن پۈتۈنلەي ئىنكار قىلىندى، بۇنداق ئەھۋالـدا ئۇيغـۇر خەلقـى ئـۆزىنى سـاقلاپ قالالامـدۇ؟ ئۆزىنىـڭ تىلىنـى، مەدەنىيىتىنـى سـاقلاپ قالالامـدۇ؟ ئامېرىكىغـا كەلـدىم، ئىشنى قەيەردىـن باشلىشـىم كېـرەك؟ ئامېرىكىنىـڭ قـۇرۇق گەپـكە، مېنىـڭ ماقـالە يېزىـپ بېرىشـىمگە ھـاجىتى يـوق. ماتېرىيـال تopلىشـىم كېـرەك. ئۇيغۇرلارنىـڭ كىشـىلىك ھوقۇقىغـا ئائىـت ماتېرىيـالنى قەيەردىــن ئـالىمەن. بۇنـداق ماتېرىيالنى ماڭا ۋەتەندىن كىم ئەۋەتىـپ بېرىـدۇ. ماتېرىيـالنى تەييـارلاپ بولغانـدىن كېيىن ماڭـا كىـم تەرجىـمە قىلىـپ بېرىـدۇ، تەرجىماننىـڭ تەرجىمە قىلىش ھەققىگە بېرىدىغان پۇلۇم يوق. قانـداق قىلىـش كېـرەك؟

ئۆزۈم ئېلىپ چىققان سەككىز تۇم شىنجاڭ يىلنامىسىنى ۋاراقلاشقا باشلىدىم...

2

1997 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى

«يالتا يىغىنى»، «موسكۋا يىغىنى» ئاخىرلاشقاندىن كېيىن دۇنيا ۋە ھەرقايسى چوڭ دۆلەتلەر سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى دەۋرىگە كىرىپ قالدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئامېرىكا قوشما شىتاتلىرىنىڭ ھەر نۆۋەتلىك دۆلەت قۇرغۇچى ۋە شۇ دۆلەتكە رەھبەرلىك قىلغۇچى داھىيلىرى كوممۇنىزملىق ئىدېئولوگىيىگە قارشى سىياسەت بەلگىلەپ دېموكراتىيىنى، كىشىلىك ھوقۇقنى، ئەركىنلىكنى تەكىتلىدى. پولشا، چېخىسلوۋاكىيە قاتارلىق شەرقىي ياۋروپا دۆلەتلىرى «يالتا يىغىنى»نىڭ پرىنسىپلىرىغا ئاساسەن رۇسىيە كوممۇنىزمىنىڭ تەسىر دائىرىسىگە كىرىپ قالغانلىقتىن، بۇ دۆلەتلەردە دەپسەندە قىلىنغان كىشىلىك ھوقۇق خاتىرىسى ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى تاشقى سىياسىتىنىڭ دىققەت مەركىزىگە چۈشۈپ قالدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئامېرىكا قوشما شىتاتلىرى گېرمانىيىنىڭ ميۇنخېن شەھىرىدە «ئازاد رادىئو ئىستانسىسى»نى تەسىس قىلىپ، شەرقىي ياۋروپا دۆلەتلىرى تىللىرىدا توختىماي ئاڭلىتىش بېرىپ كەلدى. رۇسىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا بىۋاستە ھۆكۈمرانلىق قىلىشى بۇ رايونلاردا مىللىي مەسىلە، ئېتنىك مەسىلە، ئېتىقاد ئەركىنلىكى مەسىلىسى پەيدا قىلدى. «ئازاد رادىئوسى» ئوخشاشلا تۈركمەن تىلى، ئەزەربەيجان تىلى، قىرغىز، قازاق، ئۆزبېك تىللىرىدا ئوتتۇرا ئاسىياغا ئاڭلىتىش بېرىشكە باشلىدى. ھەتتا «ئامېرىكا ئاۋازى» رادىئوسىنىڭ قارمىقىدا ئۆزبېك تىلى بۆلۈمى تەسىس قىلىندى. ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشايدىغان

ئۇيغۇرلارنىڭ تىلىدا رادىئو ئاڭلىتىشنى ئورۇنلاشتۇرىدىغان بىر دۆلەت يوقمۇ؟ ئاڭلىشىمىزچە «ئازاد رادىئو ئىستانسىسى»دە ئۇيغۇر تىلىدا بىر مەزگىل ئاڭلىتىش بېرىلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئامېرىكا ــ جۇڭگو ئىككى دۆلەت دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورنىتىش دەۋرىگە كىرگەندە، مۇستەملىكىچى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ تەلەپ ـ ئارزۇلىرى، دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورنىتىشنىڭ سىياسىي شەرتلىرىگە ئاساسەن «ئازاد رادىئوسى» دا ئۇيغۇر تىلىدا ئاڭلىتىش بېرىش پروگراممىسى 70 ــ يىللاردا بىكار قىلىنغان ئىكەن. شۇ كۈندىن باشلاپ ئۇيغۇر خەلقى دۇنيادىن بىخەۋەر ياشىدى. تۇرمۇش ئۇسۇلىنىڭ ياكى تۇرمۇش شەكلىنىڭ (ئازادمۇ ياكى مۇستەملىكەمۇ) نېمە ئىكەنلىكىنى بىلەلمىدى. چۈنكى، مۇستەملىكە ئۇيغۇرىستاندا ئۇيغۇرلار ئۆزئارا پىكىر ئالماشتۇرىدىغان مەتبۇئات ئەركىنلىكى يوق ئىدى.

مەن ئامېرىكىغا كەلگەن كۈنلەردە ئۆزبېك تىلىدا بېرىلىدىغان رادىئو ئاڭلىتىشلىرىدىن، ئۇيغۇرلارمۇ بەھرىمەن بولالايدۇ، دېگەندەك مىش ـ مىش گەپلەرنى ئاڭلاپ قالغان ئىدىم. ئۆزبېكلەر ئېتنىك جەھەتتە باشقا مىللەت، ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشايدىغان ئۇيغۇرلار ھەم ئېتنىك جەھەتتە يەنە باشقا بىر مىللەت ئىدى. ئۆزبېكلەر ئۆزبېك ــ قىپچاق تىلىدا سۆزلەشسە، ئۇيغۇرلار، ئۇيغۇر ــ قارلۇق تىلىدا سۆزلىشەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە چاررۇسىيە، كېيىن لېنىن ــ ستالىن رۇسىيىسى ئوتتۇرا ئاسىيادا قىرغىز ــ ئۆزبېك قاتارلىق مىللەتلەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلغاندىن كېيىن، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئۇيغۇرىستان ئۆلكىسىگە مانجۇ ــ خىتايلار ھۆكۈمرانلىق قىلغاندىن كېيىن، ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى ئوتتۇرىسىدىكى باردى ــ كەلدى، سودا ــ تىجارەت مۇناسىۋەتلىرى پۈتۈنلەي ئۈزۈلۈپ قالدى. شۇڭا

ئوتتۇرا ئاسىيادا ھەرخىل مىللەتلەرنىڭ تىل ـ لۇغەت سوستاۋىدا ئىنتايىن زور ئۆزگىرىشلەر يۈز بېرىدىپ، كىرىمىل ھۆكۈمرانلىق قىلغان ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىــرى ئىلىــم ـ پەن مــۇۋەپپەقىيەتلىرىنى، ئاتــالغۇ، ئۇقــۇملارنى تېخنىكىلىق مۇۋەپپەقىيەتلەرنى رۇس تىلى بىلەن ئىپادىلەيدىغان بولدى. ئىپادىلەش كۈچىگە ئىگە ئۇيغۇر تىلى، تەسۋىرى ئىبارىلەرگە ئىنتايىن بــاي يۇمشــاق تىــل بولســىمۇ، مەدەنىــيەت، تىــل ئاسسىمىلياتسىيىســىنى مەجبۇرى يولغا قويغــان خىتــاي ھۆكــۈمىتى ئۇقــۇملارنى، ھــازىرقى زامــان ئىلىم ـ پەن ئاتالغۇلىرىنى خىتاي تىلىدا قېلىپلاشتۇرۇپ، ئۇيغۇر خەلقىنى شۇنداق ئىستېمال قىلىشقا زورلىدى. شۇڭا ھازىرقى كۈندە ئۇيغۇر تىلىنــى ئۆزبېك خەلقى، ئۆزبېك تىلىنى ئۇيغۇر خەلقــى چۈشــەنمەيدۇ، دېســەم شــۇ ئاساستا ئامېرىكىنىڭ رادىئو باشقۇرۇش ئورگانلىرىغا ئىلتىماس يازسام، ئۇيغۇر تىلىدا ئۇيغۇرلارغا رادىئو ئېچىپ بېرىدىش توغرىسىدا ئويلىشىپ كۆرەرمۇ؟

3

1997 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى

1949 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى خىتاينىڭ قىزىــل ئارمىيىســى ئۇيغۇرىســتانغا تاجــاۋۇز قىلىــپ كىــرگەن كۈنــدىن باشــلاپ، ئۇيغۇرنىــڭ ئەنئەنىۋى ئۇچۇر ـ ئالاقە، مەتبۇئاتتا پىكىــر ئالماشــتۇرۇش ھوقــۇقلىرىنى، مەتبۇئاتتا ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي پىكىــر قىلىــش ھوقــۇقلىرىنى، ئىسلام دىنىنى مۇھــاكىمە قىلىــش، ئەقىــل بىــلەن ئۆزلەشــتۈرۈش ھوقــۇقلىرىنى، قۇرئــان كەرىمنــى ئەقىــل بىــلەن تەتقىــق قىلىــش، ئۆزلەشــتۈرۈش

ھوقۇقلىرىنى، ئىسلام دىنى پەلسەپىسى ۋە خرىستىئان دىنى پەلسەپىسىنى سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىش ھوقۇقلىرىنى بىكار قىلدى.

خىتاي مۇستەملىكىچىلىرى ئۇيغۇر تىلى مەتبۇئاتىنى تەرجىمە تىلى مەتبۇئاتىغا، رادىئو ئىستانسىسى ۋە تېلېۋىزىيە كۆرسىتىش پروگراممىلىرىنى، خىتاينىڭ يۇقىرى بېسىملىق سىياسىتىنى تەشۋىق قىلىدىغان، كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ تارىخىنى تەشۋىق قىلىدىغان، ساختا مىللىي سىياسەتنى تەشۋىق قىلىدىغان ۋە تەشۋىقات مەزمۇنلىرىنى ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي ئېڭىغا زورلاپ تاڭىدىغان تەشۋىقات ـ تەرغىبات قورالىغا ئايلاندۇرۇپ قويدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي ئۆزلۈك، مىللىي كىملىك قاراشلىرى، مۇستەقىل مىللىي ئاڭ، مىللىي خاراكتېرىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى، مىللەتنىڭ ئىجتىمائىي خاراكتېرىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ تەلەپلىرىگە ماسلىشالمىدى.

ئۇيغۇرلارنىڭ مائارىپى مىللىي ئالاھىدىلىكىنى يوقاتقان مۇستەملىكە بېقىندى مائارىپقا ئايلىنىپ قالدى. مەكتەپلەردە ئۇيغۇرنىڭ تارىخىنى، مەدەنىيەت تارىخىنى سۆزلەشكە رۇخسەت قىلىنمىدى. ئەقەللىيسى ئۇيغۇرنىڭ ئەدەبىياتىنى خىتاي مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ سىياسىتىگە خىزمەت قىلىدىغان، خىتاينىڭ دۆلەت سىياسىتىنى، مىللىي سىياسىتىنى شەكىللىۋازلىق بىلەن تەرغىب قىلىدىغان ياكى سىياسەت ئەمەس ياكى ئەدەبىيات ئەمەس بىر نەرسىگە ئايلاندۇرۇپ قويدى. ئەسلىدە گۈزەللىك خاتىرىلىگىلى بولىدىغان ئىدىيىلەرگە ۋە تەجرىبىلەشكەن ئىستېتىزىملىق ھادىسىلەرگە ئايلانغان زامانلاردا، ئۇيغۇرنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئىتى ئوبيېكتىپ تېمىلارنى بايان قىلغۇچى، تەبىئەت ۋە جەمئىيەت سەھنىسىدە پىشىپ يېتىلگەن ئىجادىيەت ھەرىكىتىگە ئايلانغان زامانلاردا، ئۇيغۇر

خەلقـــى ئەدەبىيـــات ـ ســـەنئەت ئـــارقىلىق ئىجـــادى پىكىرلەرنـــى مۇكەممەللەشـتۈرۈپ، نەچـچە مـىڭ يىللىـق مۇسـاپىنى بېسـىپ كەلـگەن مىللەت ئىدى.

ئۇيغۇرنـــىڭ ئەدەبىيـــات ـ ســـەنئىتى، ئۇيغۇرنـــىڭ خەلـــق ئېغىـــز ئەدەبىياتى، خەلق مۇزىكىلىرى، ناخشىلىرى بىر روھنى، يېگىلمەس مىللىي روھنى كۆيلەپ ئەكس ئەتتۈرۈپ كەلگەن. ئۇشبۇ جەمئىيەتتە يەنە دائىمى شۇنداق ئەكس ئەتتۈرۈشى كېرەك ئەمەسمىدى؟ ئەمما، خىتاينىڭ مىللىـي مۇستەملىكە سىياستى مىللىي روھنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ساھەسىدە ئوبرازلىق، ئىستېتىزىملىق ئەكس ئەتتۈرۈلۈشىنى چەكلىدى.

بىـر مىللەتنىـڭ ئـۆزىگە خـاس ئۆچمەيـدىغان مىللىـي روھـى بولـىدۇ. شـۇنىڭغا يارىشـا ھەددى ـ ھەرىكىتـى بولـىدۇ، شـۇنىڭغا يارىشـا تـاللاش ھوقۇقى ۋە تاللاش ھوقۇقىنى ئىشقا سالىدىغان مىللىي ئىرادىسى بولـىدۇ، مىللـــي روھ پەقەت جىســـمانىيەتكە يېپىشـــىپلا تۇرىـــدىغان ئـــارتۇقچە پىسخىكىلىق ھادىسە بولماستىن ياكى پىشىپ يېتىلىشتىن يىراق تۇرغـان تەســىرلىنىش شــەكلى بولماســتىن، بەلكــى مىللىــي روھ ئوخشاشــلا بىــر مىللەتنىڭ ھاياتلىق شەكلىدۇر. ياخشى بىلەن يامانىنى، خۇنۈكلۈك بىلەن گۈزەللىكنى پەرقلەندۈرىدىغان مىللىي ئىرادىنىـڭ ۋە مىللىـي ئۇيۇشـۇش كۈچىنىــڭ شــەكلىدۇر. خىتــاي ھۆكــۈمتى ئۇيغۇرنــىڭ ئەدەبىيــات ـ ســەنئىتىنىڭ تەرەققىيــاتىنى مەمــۇرى سىياســي ۋاســىتىلەر ئــارقىلىق چەكلىگەندە، مىللىي روھنىـڭ ئىپادىلىنىشـىگە زەربە بەردى، دەپ ھۆكـۈم قىلىمىز.

رادىئـو بېرىـڭلار ئامېرىكـا خەلقـى، ئۇيغۇرلارغـا ئۇيغـۇر تىلىـدا رادىئـو ئېچىپ بېرىڭلار. سۆزلەيلۇق، ئۇيغۇرنىڭ ئۆتمۈشكە ئايلانغان ۋە ھـازىرمۇ

داۋاملىشۋاتقان ئىجتىمائىي، سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئەخلاقىي دەرسلىرىنى سۆزلەيلۇق، ئۇيغۇرلارغا رەھىم قىلىڭلار، رادىئو ئارقىلىق ئۇيغۇرلار يوقاتقان مىللىي روھنى ئەسلىگە كەلتۈرەيلۇق، مىللىي روھىمىزنى ۋە مىللىي غۇرۇرىمىزنى قۇتقۇزۇپ قالايلۇق.

4

1997 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى

1997 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى «ۋاشىنگتون پوست گېزىتى»گە ئىمزالىق ماقالە يازغان مودا مونىخەن ئەپەندىم: «خىتايلار نېمىدىن قورقىدۇ» ماۋزۇلۇق ماقالىسىدە: تىبەتلەر، ئۇيغۇرلار توغرىسىدا توختالغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسىنى 20 مىليون دەپ كۆرسەتتى. پۈتۈن دۇنيا ئوقۇيدىغان بۇ گېزىتتە ئۇيغۇر دېگەن مىللىي ئېتنىك ئىسىم بىلەن بىللە، 20 مىليون دېگەن ئىشەنچلىك ساننىڭ ئېلان قىلىنىشى مېنى ئىنتايىن خۇشال قىلدى. بىراق، ئۇيغۇر خەلقى بۇ گېزىتنى كۆرەلمەيدۇ ۋە گېزىتتىكى بۇ خەۋەردىن خەۋەردار بولالمايدۇ.

خىتاي كوممۇنىست ئارمىيىسى ئۇيغۇرىستانغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەندىن كېيىن «شىنجاڭ گېزىتى»، «ئىلى گېزىتى»، «قەشقەر گېزىتى»، «ئاقسۇ گېزىتى»، «تۇرپان گېزىتى»، «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» قاتارلىق گېزىتلەرنى ۋە «تارىم»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» قاتارلىق ژۇرناللارنى ئۇيغۇر تىلىدا تەسىس قىلىپ بەرگەن بولسىمۇ، بۇ گېزىت ـ ژۇرناللاردا ئۇيغۇرنىڭ تۇرمۇشىغا ئائىت، ئۇيغۇرنىڭ مىللىي روھنى ئۇرغۇتقۇچى ياكى يېتەكلىگۈچى ماقالە ـ خەۋەرلەر، ئەدەبىي ئەسەرلەر ئېلان قىلىنمىدى، ئەكسىچە كوممۇنىزم ـ سوتسىيالىزمنى

ئۇچۇرۇپ ماختايدىغان، جۇڭگونىڭ داھىيلىرىنى خۇداغا ئايلاندۇرىدىغان ماقالە ـ خەۋەرلەر ئېلان قىلىندى.

شــۇنداق بولۇشــىغا قارىمــاي خىتــاي مىللىــي ھۆكــۈمرانلىرى ئۇيغۇرىستاننىڭ پوچتا ـ تېلېگراف ئىشلىرىنى، ھاۋا قاتناش تاش يول قاتناش ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرمىغانلىقتىن يۇقىرىقىدەك سەپسەتە تارقاتقۇچى، يالغان ـ ياۋىداقنى ئېلىپ يۈرگۈچى گېزىت ـ ژۇرناللار ئۇيغۇرىستاننىڭ خوتەن ئۆلكىسىدىكى قاراقۇم تاغ يېزىسىغا 45 كۈندە يەتكۈزۈپ بېرىلمەكتە. 20 ـ ئەسىر ئاخىرلىشاي دېگەندە، دۇنياۋى سانائەت ئىنقىلابىنىڭ، دۇنياۋى پەن ـ تېخنىكا ئىنقىلابىنىڭ، دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ نەتىجىلىرى جاھاننىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئومۇملىشاي، دەپ تۇرغاندا، دۇنيا ئەللىرى، خەلقلىرى ماددىي ۋە مەنىۋى بوشلۇقنى ئۈزلۈكسىز تولدۇرۇپ، مەرىپەتنىڭ نەتىجىلىرىدىن بەھرىمەن بولۇۋاتقاندا، ئۆزلىرىنىڭ ئەمگىكى ئارقىلىق مەدەنىيەت يارىتىۋاتقاندا، تۈزۈملەشكەن دېموكراتىيىك دۆلەتلەردە ئەركىن ئىرادىنىڭ بەلگىلەش رولى ئېچىۋېتىلگەن جەمئىيەتنىڭ مۇئەييەن تەرتىپلىرى جاري قىلدۇرۇلۇۋاتقاندا، گەرچە يەر شارىنىڭ بىر بۇرجىكىدە ياشاپ ئۆزىگە تەئەللۇق زېمىنغا ۋەتەنگە ئىگە بولسىمۇ، لېكىن ئۆزى ياراتقان مەدەنىيەت ۋە ئۆزى ياراتقان تارىخنىڭ ئىگىسى بولالمىغان ئۇيغۇر مىللىتى 45 كۈنگىچە گېزىت كۆرەلمىسە بۇ بىر مىللەت ئۈچۈن ئېيتقاندا ئېچىنىشلىق ئەھۋال ئەمەسمۇ؟

80 ـ يىللاردا جۇڭگودا ئىسلاھات، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش سىياسىتى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، خىتاينىڭ سەرخىل زىيالىيلىرى غەرب جەمئىيىتى خەلقلىرىنىڭ تۇرمۇشىغا ئائىت ئېسىتېتىكا، پەلسەپە،

پسىخولوگىيە، قانۇنشۇناسلىق، سىياسىي، سوتسىئولوگىيە، كىشىلىك هوقۇق بىلىملىرى قاتارلىق كىتابلارنى خىتاي تىلىغا توختىماي تەرجىمە قىلىپ، خىتاي پۇقرالىرىنى بەھرىلەندۈردى. يۇقىرىقى كىتابلارنى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىشقا يول قويۇش ئۇياقتا تۇرسۇن، ھەتتا ئىسلام دىنىغا ئائىت كىتابلارنىمۇ تەرجىمە قىلىشقا يول قويمىدى. ئۇيغۇر تىلىغا قانداق كىتابلار تەرجىمە قىلىندى؟ «ۋېلىسىپىتنى قانداق رېمونت قىلىش»، «كۆممىقوناقنى قانداق پەرۋىش قىلىش»، «پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتىنى ئومۇملاشتۇرۇش» قاتارلىق كىتابلار تەرجىمە قىلىنىپ نەشر قىلىندى.

يۇقىرىدا كۆچمەن خىتايلار باشقۇرغۇچى، رەھبەرلىك قىلغۇچى مىللەت، يېنىك ۋە ئېغىر سانائەت ئىشلەپچىقىرىشى بىلەن شۇغۇللانغۇچى مىللەت، ئۇيغۇرلار باشقۇرۇلغۇچى، ناتۇرال ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللانغۇچى مىللەت دەپ سىياسىي جەھەتتە پەرقلىق مۇئامىلە قىلىشنىڭ نەشرىياتچىلىق ساھەسىدىكى پەرقلىرىنى كۆرۈپ ئۆتتۇق.

5

1997 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى

ئامېرىكىنىڭ سابىق پرېزىدېنت تامىس جېففىرسۇن يازغان «مۇستەقىللىق خىتابنامىسى»نى ھازىرقى دۇنيادا ئوقۇپ كۆرمىگەن ياكى شۇنداق بىر خىتابنامىنىڭ ئېلان قىلىنغانلىقىنى بىلمەيدىغان قايسى مىللەت باردۇر، كىم باردۇر؟ خىتاي تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىشقا يول قويمىغانلىقتىن «مۇستەقىللىق خىتابنامىسى»نىڭ روھىدىن ئۇيغۇر خەلقى خەۋەردار بولالمىدى. ئۇيغۇرلار «مۇستەقىللىق

خىتابنامىسى»نى ئۆزىنىڭ مۇقەددەس تىلى ئۇيغۇر تىلىدا ئوقۇشقا، زوقلىنىشقا مۇيەسسەر بولالمىدى. مەسىلىنىڭ تۈگۈنى نەدە ئىدى؟

1950 ـ يىلى خىتاي مۇستەملىكىچىلىرى ئۇيغۇرىستاندا مىللىي هۆكۈمرانلىقنى تىكلىگەندىن كېيىن ئامېرىكىنى هاقارەتلەش، ئامېرىكىنى قارىلاش، ئامېرىكىنى سىياسىي جەهەتتە چۆكۈرۈش تەشۋىقاتىنى باشلىۋەتتى. ئامېرىكا جاهانگىر، دېدى ئۇيغۇرلارغا شۇنداق چۈشەندۈردى. «ئامېرىكا قەغەز يولۋاس» دېدى، ئۇيغۇرلارغا شۇنداق يامان كۆرسەتتى، ئامېرىكا ئۇرۇش دەۋرىدە قورال سېتىپ باي بولدى، دېدى. 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ تارىخىنى، ئامېرىكا ئارمىيىسىنىڭ فاشىزمنىڭ ئۈستىدىن غەلىبە قىلغانلىقىنى ئۇيغۇرلارغا بۇرمىلاپ چۈشەندۈردى. «ئامېرىكا مۇسۇلمانلارنىڭ دۈشمىنى» دەپ تەشۋىقات يۈرگۈزدى. ئاڭلاپ جىم ئولتۇرۇشقا ئادەتلەنگەن ئۇيغۇر خەلقى، خىتاي تىللىغانلىقى دۆلەت ئەمەسە ياخشى دۆلەت ئىكەن دېيىشىپ هېسسىياتى چۈشەنچىلەر ئارقىلىق خىتاينىڭ يالغان تەشۋىقاتىغا رەددىيە بەردى.

خىتاي هۆكۈمىتى ئۇيغۇرىستاندا مىللىي هۆكۈمرانلىقنى تىكلىگەن كۈندىن باشلاپ ئامېرىكا دېگەن ئىسىمنى، ئامېرىكا تارىخىنى، ئامېرىكىنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئىتىنى باشلانغۇچ، ئوتتۇرا مەكتەپ هەتتا، ئالىي مەكتەپلەرنىڭ دەرسلىكىگە كىرگۈزمىدى. ئىشىنىڭلار رەهبەرلەر؟ ئۇيغۇر خەلقى تاكى هازىرغىچە ئامېرىكا مەدەنىيىتى، تارىخى، ئامېرىكا سىياسىي مەدەنىيىتى، دېموكراتىيىسى، ئامېرىكا تاشقى سىياستى ۋە تاشقى سىياستىنىڭ تارىخى توغرىسىدا هېچقانداق چۈشەنچىلەرگە ئىگە بولالمىدى.

خىتاي ھۆكۈمىتى «ئېچىۋېتىش، ئىسلاھات» سىياسىتىنى يولغا قويغان 80 ـ يىللاردىن باشلاپ، ئامېرىكىنىڭ كىنو فىلىملىرى جۇڭگو بازىرىغا كىرىشكە باشلىغاندىن كېيىن، ئۇيغۇر خەلقى ئاندىن ئامېرىكىنى چۈشىنىشكە باشلىدى. (بولۇپمۇ، 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىغا ئائىت كىنو فىلىملەرنى كۆرگەندىن كېيىن) بولۇپمۇ، 1990 ـ يىلى دېڭىز قولتۇقى ئۇرۇشى پارتلاپ، مۇسۇلمان دۆلىتى كۇۋەيتكە تاجاۋۇز قىلغان ساددامنىڭ ئارمىيىسىنى مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىن، ئۇيغۇر خەلقى ئامېرىكا دۆلىتىنى ھەقىقىي چۈشىنىشكە باشلىدى.

ئامېرىكىنىڭ دۆلەت تۈزۈمىدەك ـ دېموكراتىك تۈزۈمگە ئۇيغۇر خەلقى مۇستەقىل بولماي تۇرۇپ ئېرىشەلمەيدۇ. لېكىن ئامېرىكا دېموكراتىيىسىنىڭ زادى قانداق دېموكراتىيە ئىكەنلىكىنى رادىئو ئارقىلىق ئاڭلاپ، تەسەۋۋۇر قىلىپ زوق ئېلىشى كېرەك. شۇڭا ئۇيغۇر خەلقىگە ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇر تىلىدا رادىئو تەسىس قىلىپ بېرىشىنى تەلەپ قىلىمەن.

## خىياللاردىن تۇغۇلغان خىياللار

1997 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى

كىشلىك دۇنياسى تەرەققىياتىنىڭ بىرەر دەقىقىلىرىدە دۇنياۋى پۈتۈن باغلىنىشلار سىياسىي، ئىقتىسادى، مەدەنىيەت باغلىنىشلىرىنىڭ روھى ۋە تارىخى باغلىنىشلارنىڭ ئاخىرقى «ئەركىن سىستېمىسى» تۈزۈلگەن بولسا ئىدى، شۇ باغلىنىشلارنىڭ بىر ھالقىسى ئۇيغۇرلارنىڭ بويىنغا چۈشكەن بولسا، ئۇيغۇر خەلقىمۇ «ئەركىن سىستېما» ئىچىدە مۇستەقىللىققا ئېرىشكەن ۋە دۇنيادىكى مىللەتلەر قاتارىدىن ئورۇن ئالغان بولاتتى. «يالتا سىستېمىسى» بارلىققا كەلتۈرگەن مەجبۇرى باغلىنىشلارنىڭ ئىچىدە «ياۋروپا ئىستراتېگىيىسى» ئالدىنقاچان بىتچىت بولدى. ئىشىنىمەنكى «يالتا سىستېمىسىنىڭ»، «يىراق شەرق ئىستراتېگىيىسى» رامكىسى ئەمدى ئاسىيا ۋە ئۇلۇغ ئوكيان رايونىدا بىتچىت بولۇشقا يۈزلەندى. ھاياجانغا كەلدىم. ئۇيغۇر مەسىلىسى «يالتا سىستېمىسى» ئىچىدىكى بىر مەسىلە، 1945 ـ يىلى موسكۋادا ئىمزالانغان «جۇڭگو ـ سوۋېت دوستلۇق شەرتنامىسى»دا ئۇيغۇر مەسىلىسى ئەڭ مۇھىم مەسىلە ئەمەسمىدى؟

## ۋاپا قىلغانغا يۈزسىزلىك قىلىش

1997 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى

ئۇيغۇرلاردا «ۋاپاغا ـ جاپا بارمۇ، دېسە، ئىزدىسەڭ تېپىلار» دېگەن تەمسىل بار. يېقىندا خىتاي مىللەتچىسى خې شىن ئامېرىكا خەلقىنى ۋە ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنى قاغاپ ئورنىدىن قوپتى. ئۇنىڭ پىكىرلەش ئۇسۇلىغا مەزمۇن بولغان « لوگىكىلىق ماتېرىيال، ئامېرىكا ـ جۇڭگونىڭ قانۇنلۇق ھۆكۈمىتىنى ئاغدۇرۇپ، جۇڭگونى پارچىلىماقچى» دېگەندىن ئىبارەت. مەن بۇنداق بىر مەنتىقىنى خې شىن ئەپەندىنىڭ مەنتىقىسىگە قارشى قويدۇم. ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە جۇڭگونى ئامېرىكا بىرلىككە كەلتۈرگەن. خىتايغا تەۋە بولمىغان ئۇيغۇرىستاندەك زېمىنلارنى خىتايغا قوشۇپ بەرگەن سابىق سوۋېتلار ھۆكۈمىتى ئامېرىكىنىڭ يەرشارى خاراكتېرلىك سىياسىتىگە ماسلىشىپ بەرگەن ئىدى. ئەگەر بۈگۈن ئامېرىكا جۇڭگونى پارچىلىماقچى بولسا تامامەن يوللۇق بولمامدۇ؟

يېڭى دەۋردە خىتاينىڭ ئىشتىن سىرتقى مىللەتچىسى بولۇپ يېتىشىپ چىققان خې شىن «جۇڭگونىڭ گۈللىنىشى ۋە دۇنيانىڭ كەلگۈسى» ماۋزۇلۇق كىتابىدا ئامېرىكىنىڭ جۇڭگوغا قاراتقان سىياسەتلىرىنىڭ ئۆزگىرىشى توغرىسىدا مۇنداق پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى:

مەدەنىيەت ئىنقىلابىنىڭ كرىزىسىگە پېتىپ قىلىپ لاسسىدە بولۇپ قالغان جۇڭگو كرىزىستىن قۇتۇلۇشنىڭ يولىنى ئىزدەپ تەلمۈرۈپ تۇرغاندا... ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى غەرب ئەللىرى ياردەم بېرىش ۋاستىسى ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ دۇنياۋى نىشانىنى ۋە يەرشارى خاراكتېرلىك ئىستراتېگىيىلىك مەقسەتلىرىنى ئۆلچەم قىلىپ، ماسلاشتۇرۇلغان ۋە تەرتىپكە سېلىنغان سىياسەتنى خىتايغا توغرىلىدى.

ئامېرىكىنىڭ خىتايغا قاراتقان سىياستىنى ئۈچ دەۋرگە بۆلسەك ئۆزلۈكسىز ئۆزگىرىپ تۇرغان ۋەزىيەتكە ئەگىشىپ ۋاستىلىرىنىڭمۇ ئۆزلۈكسىز ئۆزگىرىپ تۇرغانلىقىنى بايقايمىز.

1

1980 ـ 1984 ـ يىللار

بۇ باسقۇچتا ئامېرىكا جۇڭگوغا ئېزىدىنىش، سىناپ كۆرۈش تەرىقىسىدە مۇئامىلە قىلغان ئىدى. ئامېرىكا جۇڭگونىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش سىياستىنى قوللاش شەرتى ئاستىدا، جۇڭگونى ئامېرىكىغا يېقىنىغان ھالدا ئامېرىكىنىڭ يەرشارى خاراكتېرلىك ئىستراتېگىيىلىك سىياستىگە ماسلىشىدىغان بىر يولغا ئېلىپ كىرمەكچى بولدى. بۇ ئارقىلىق شەرقىي ياۋروپا گۇرۇھىنى ۋە سابىق سوۋېتلەرنى ئىسكەنجىگە ئېلىشنى مەقسەت قىلاتتى. بۇ چاغدا ئامېرىكىنىڭ نىشانى جۇڭگوغا قارىتىلغان بولماستىن، بەلكى ئامېرىكا جۇڭگو بىلەن مەلۇم دائىرىدە ھەمكارلىق مۇناسىۋىتىنى ساقلاپ تۇرغان ئىدى... بۇنداق سىياسەت ئەينى چاغدىكى پرېزىدېنت روزۋېلتنىڭ خىتايغا قاراتقان ئەنئەنىۋى سىياستىگە ئوخشاپ كېتەتتى.

2

(1997 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى)

1984 ـ 1989 ـ يىللار

بۇ باسقۇچتا ئامېرىكا جۇڭگو جەمئىيىتىگە سىڭىپ كىرىپ، قارىماقتا ساغرىسىنى سىلىغىلى بولمايدىغان، سۇ ئۆتمەيدىغان جۇڭگو جەمئىيىتىدە ئىنتايىن زور بوشلۇق ۋە ئاجىزلىقنىڭ مەۋجۇدلۇقىنى بايقىدى ۋە ئامېرىكا

بۇ بوشلۇق ۋە ئاجىزلىقتىن پايدىلىنىشنى قارار قىلدى. شۇ ۋاقىتتىن باشلاپ ئامېرىكا ـ جۇڭگو مۇناسىۋىتى يېتەكلەش ۋە يېتەكلىنىش، مېھرىبانلىق كۆرسىتىش مۇناسىۋەتلىرىگە تەرەققىي قىلدى. شۇنداق بولۇپلا قالماي شۇ ۋاقىتتىن باشلاپ ئامېرىكا جۇڭگوغا كەڭ كۆلەملىك ئىدېئولوگىيىلىك ھۇجۇم قوزغاپ، ئاستا ـ ئاستا سىڭدۈرۈپ كىرىشكە باشلىدى. ئامېرىكا جۇڭگولۇقلاردىن جۇڭگونىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي تۈزۈمىنىڭ ئامېرىكىنىڭ ئۆلچىمى بويىچە بولۇشىنى تەلەپ قىلغاندىن باشقا، جەمئىيەتنى «دېموكراتىيىلەشتۈرۈش، ئىقتىسادنى خۇسۇسىيلاشتۇرۇش، بازارنى ئەركىنلەشتۈرۈش»نى جۇڭگونىڭ ئىسلاھات ۋە ئىشىكنى ئېچىۋېتىش سىياسىتىنى يېتەكلەيدىغان ئۇچ بۈيۈك نىشان قىلىپ كۆرسەتتى. ئامېرىكا جۇڭگو زىيالىيلىرىنى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈپ ئىسلاھات نامى ئاستىدا تۈزۈمگە قارشى تۇرۇش ھەرىكىتى بىلەن شۇغۇللىنىشقا ئۈندەتتى. ئامېرىكا بەزىدە تۈزۈمگە قارشى تۇرغۇچىلار بىلەن ھۆكۈمەتنى ياراشتۇرغۇچى ئورنىدا تۇرغان بولسا، بەزى چاغلاردا جۇڭگو دېموكراتىيىلىرىنى قوللايدىغان ۋە دېموكراتىيىنى قوغدايدىغان ئەركىنلىك ئىسلاھاتىنىڭ رولىنى ئوينىدى. بۇ ۋاقىتتا يەتكەندە جۇڭگو دۇنيا سوتسىيالىزم لاگېرىدا ئەڭ ئاجىز، ئوڭايلا پاچاقلىنىدىغان بولىدىغان بىر ھالقا دەپ قارالدى ۋە ئامېرىكا جۇڭگوغا قاراتقان خىزمەتلىرىنى جىددىيلەشتۈردى. ئامېرىكا ئىنتايىن چېۋەر ئۇسسۇلنى ئىشلەتتى. دوستلۇق، ھەمكارلىق, دېموكراتىيىگە ياردەم بېرىش، كىشىلىك ھوقۇقنى تەكىتلەش قاتارلىق ئەخلاق بايرىقى ئاستىدا ئامېرىكا بۇ خىزمەتلەرنى ئېلىپ باردى. ئامېرىكا جۇڭگونىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئىجتىمائىي كۈچلەردىن پايدىلاندى.

## 3

1997 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى

1989 ـ 1996 ـ يىللار

1989 ـ يىلى تيەنئەنمېندە پارتلىغان ۋە باستۇرۇلغان دېموكراتىك ھەرىكەت ئامېرىكىنىڭ جۇڭگوغا قاراتقان ھەقىقىي ئىستراتېگىيىلىك مەقسىتىنى ئاشكارىلاپ قويدى. سوۋېتلەرنىڭ ئاجىزلىشىپ ئىچكى قالايمىقانچىلىققا يۈزلىنىشى، ئامېرىكىنىڭ جۇڭگو بىلەن بىرلىشىپ سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى تۇرۇشىنىڭ ئەھمىيىتىنى يوقاتتى. شۇڭا قولىنى بوشىتىپ، جۇڭگو جەمئىيىتىنى قالايمىقانلاشتۇرۇپ مەنىۋى جەھەتتە جۇڭگولۇقنىڭ بۇددىزملىق روھى تەبىئىتىگە ماسلاشقان ھاكىم مۇتلەق ئىقتىسادى، سياسىي قۇرۇلمىنى يىمىرىپ تاشلاپ (باشقىلارنىڭ زېمىنىنى بېسىۋېلىپ ۋارقىراپ يۈرۈشكە ئاساس ۋە چوڭ سۆزلەشكە ئاساس تىكلەپ بەرگەن ئاتالمىش «ۋەتەنىنىڭ بىرلىكى»نى ئۈزۈل ـ كېسىل بىتچىت قىلىپ) جۇڭگونى پارچە ـ پارچە بۆلەكلەرگە ۋە بىرقانچە دۆلەتكە ئايرىۋېتىشنى پىلانلىدى.

ئۆزىمىزنىڭ گېپىگە كېلەيلۇق. خې شىن ئامېرىكىنىڭ سياسىي ھەرىكەتلىرىنى ئەيىبلىگەندە ئەيىبلەشكە دەسمايە قىلغان ماتېرىيالنىڭ جۇڭگونىڭ ھازىرقى ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشكەنلىكىنى ئېغىزغا ئالمىدى. ئامېرىكا شۇنداق پىلانلىدى ۋە پىلان بويىچە شۇنداق ئىش قىلدى دەيلۇق. جۇڭگونىڭ شۇ ۋاقىتتىكى ۋە ھازىرقى ۋەزىيىتىنى ھاكىم مۇتلەق سياسىي تۈزۈم كەلتۈرۈپ چىقارغانمۇ ياكى ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى پەيدا قىلغانمۇ؟ ئۇيغۇرىستاندا يولغا قويۇلغان مىللىي زۇلۇم سياسىتىنى ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى بەلگىلەپ بەرگەنمۇ؟

مونوپولوگىيلىك ئىقتىسادى سىياسەت، مونوپولوگىيلىك ۋە ئولگارخىيلىك ئىجتىمائىي، سىياسىي تۈزۈمنى ئامېرىكا تۇرغۇزۇپ بەرگەنمۇ؟ ئامېرىكا تۈزۈپ بەرگەنمۇ؟ ھوقۇقنى تاۋارغا ئايلاندۇرۇپ پۇقرالارنى قاقتى ـ سوقتى قىلىشنى، كۆچمەن خىتايلارنىڭ تىبەتتە، ئۇيغۇرىستاندا يەرلىشىشىنى، ھۆكۈمەتسىزلىكنى، قانۇنسىزلىقنى، قانۇننى ھۆكۈمەتكە ئەمەس، پۇقرالارغا تەتبىقلاشنى ئامېرىكا بەلگىلەپ بەرگەنمۇ؟ ئەنە شۇنداق ئىجتىمائىي زىددىيەتلەر تىيەنئەنمىن كوچىلىرىدا ئاشكارىلانغان بولسا ۋە بۇ خىل ئىچكى زىددىيەتلەرگە ئامېرىكا تاشقى جەھەتتىن ئارىلاشقان بولسا (خۇددى خىتاي كامبودژانىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلاشقاندەك) ئامېرىكىنىڭ نېمە گۇناھى بار؟ ئامېرىكا دۇنيادا مۇستەبىت سىياسەتنىڭ ساقلىنىپ قېلىشىنى ھەرگىز خالىمايدۇ... شۇنداق ئەمەسمۇ خې شىن ئەپەندىم.

**رۇسىيىنىڭ قايتا قۇرۇش سىياسىتى مەغلۇپ بولدىمۇ ياكى غەلىبە قىلدىمۇ؟**

1997 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى

يېقىندا جۇڭگودا نەشر قىلىنغان «جۇڭگولۇقلار ئامېرىكىلىقلارغا ياق دېيىشى كېرەك» ماۋزۇلۇق كىتابنىڭ ئاپتورى خې شىن دۇنيا ۋەزىيىتى ۋە جۇڭگونىڭ ئىچكى ۋەزىيىتى توغرىسىدا ئەتراپلىق توختىلىپ «ئامېرىكا جۇڭگونى پارچىلىماقچى، شۇڭا ياق دېيىشىمىز كېرەك» دېگەن قارارغا كەلگەن.

خىتاي نەزەرىيىچىسى خې شىن بۇنىڭدىن يەتتە يىل بۇرۇن خىتاي مەركىزى ھۆكۈمىتىگە مەخپىي خەت يېزىپ خىتاي خانلىرىغا ۋە بۇ خانىدانلىقنىڭ ۋارىسلىرىغا ئاگاھلاندۇرۇش بەرگەن ئىكەن. ئۇ خېتىدە تەكلىپ بېرىپ: «1. ئامېرىكىنىڭ تاشقى سىياسىتىدىن ھوشيار بولۇش؛ 2. شەرقىي ياۋروپا گورۇھى ئالدىمىزدا پارچىلىنىدۇ؛ رۇسىيىنىڭ قايتا قۇرۇش سىياسىتى مەغلۇپ بولۇپ، دۇنيا زور داۋالغۇشقا يۈزلىنىدۇ» دېگەن ئىكەن.

مەن ھازىرغىچە تەپەككۇر ئۇسۇلىنى «ئاچچىق سۇ مەدەنىيىتى» كونترول قىلىپ تۇرغان بىر جەمئىيەتتە ياشايدىغان بىر مىللەتتىن بۇنچىلىك ئالدىن كۆرەر بىر ھۆكۈما ئوتتۇرىغا چىقىدۇ، دەپ ئويلاپ كۆرمىگەن ئىدىم. مىللەتچى خې شىننىڭ ئالدىن كۆرەرلىكى ئاز ئۆتمەيلا شەرقىي ياۋروپادا ۋە سابىق سوۋېتلەردە ئەمەلىيلەشتى. بىراق خې شىن تەرىپىدىن ھۆكۈملەنگەن بىر قاراش ـ «رۇسىيىنىڭ قايتا قۇرۇشى مەغلۇپ بولىدۇ» دېگەن كۆز قاراش توغرا ئىسپاتلاشقا ئېرىشەلمىدى.

مىللەتچى خې شىن گورۇھى خىتاي ئىمپېرىيىسىنى قوغدايدىغان ۋە ئىمپېرىيىنىڭ ئۇزاققىچە مەۋجۇد بولۇپ تۇرۇشى ئۈچۈن جان كۆيدۈرىدىغان كىشىلەر بولغاچقا كوممۇنىزم ئىمپېرىيىسىنى تىكلىگۈچى رۇسىيىلىكلەرنىڭ «قايتا قۇرۇش سىياسىتى»نىڭ رۇسىيىنىڭ يىمىرىلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغانلىقىدىن ئىبارەت قايتا ئىسپات تەلەپ قىلمايدىغان ئۇلۇغ نەتىجىنى خې شىن «مەغلۇبىيەت» دەپ ھۆكۈم قىلدى. ئەمەلىيەتتە رۇسىيىلىك ئاق قۇلاقلارنىڭ «قايتا قۇرۇشى»نىڭ غەلىبە قىلغانلىقىنى سېلىشتۇرۇشقا توغرا كەلسە، يەنە بۇنىڭغا ئوخشايدىغان شۇ شەكىلدىك ئۆلگىسىدىن بىرنى ئىنسانىيەت تارىخىدىن ئىزدەپ تاپقىلى بولمىسا كېرەك. رۇسىيىلىك موژىكلار مۇستەملىكىلىرىنى ئازاد قىلىۋەتتى. تارىخىدا دۆلەت قۇرۇپ باقمىغان يايلاق مىللەتلىرى، باغۋاران مىللەتلەر دۆلەت قۇرۇشقا مۇيەسسەر بولدى. ساخاۋەتلىك دۇنيا كوممۇنىزم ئىمپېرىيىسىنىڭ مەۋجۇد بولۇپ تۇرۇشىدىن خالاس بولدى. دۇنيا ئالقىشلىغان، دۇنيانى يېنىك تىن ئالدۇرغان بۇنداق غەلىبە نېمىشقا خىتاي مىللەتچىلىرىنىڭ قەلىمىدە «مەغلۇبىيەت» دەپ يېزىلدى؟

دۇنياۋى ھادىسىلەرنى ھەتتا ئاددىي ھادىسىلەرنىمۇ «زۆرۈرىيەت»، «تاسادىپىيلىق» دېگەن ئۇقۇملارغا مەركەزلەشتۈرۈپ تەتىبقلاپ تەسۋىرلەپ كەلگەن پەلسەپە بويىچە خې شىننىڭ قەلىمى ئارقىلىق قايسى دۆلەتنىڭ تەھدىتكە دۇچ كەلگەنلىكىنى ۋە يەنە قايسى دۆلەتتە سىياسىي مەنبەلىك تەھدىتنىڭ مەۋجۇدلۇقىنى بىزگە تەسۋىرلەپ بەرمەكتە. قىسقىسى، دۇنيا قۇرۇلمىسىنىڭ مۇرەككەپ، يوشۇرۇن تەھدىتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا تەشكىللەنگەنلىكىنى شۇنىڭ ئۈچۈن يەنە شۇ قۇرۇلمىنىڭ ئۆزىنى ئىنكار قىلغۇچى تەھدىتلەرنى ئۈزلۈكسىز پەيدا

قىلىدىغانلىقىنى بىز ئېسىمىزدە چىڭ ساقلىشىمىز لازىم. ئالايلۇق، ھاياتلىق ئۆز نۆۋىتىدە ماماتلىق ئامىللىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولىدۇ. ماماتلىقمۇ ھاياتلىق ئامىللىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولىدۇ. قايسى بىر تەرەپنىڭ يەنە قايسى بىر تەرەپتىن خالاس بولۇشى مۇتلەق مۇمكىن ئەمەس. شۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، 1949 ـ يىلى قۇرۇلغان خىتاي جۇڭخۇا ئىمپېرىيىسى قۇرۇلغان كۈندىن باشلاپلا ئۆزۈل ـ كېسىل يىمىرىلىشىنىڭ ئامىللىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىمپېرىيە ئىدى. ئەمما، خې شىن قاتارلىق خىتاي مىللەتچىلىرى بۇنداق ھەقىقەتلەرگە تىكىلىپ قاراشقا جۈرئەت قىلالمايدۇ.

خې شىن مۇنداق دەيدۇ: «مەن ئىشىنىمەنكى ئىنسانىيەتنىڭ دۇنيا تەرتىپىدە زور ئۆزگىرىش بولىدىغان بىر دەۋر يېتىپ كەلمەكتە. ئىش ئەمدىلا باشلاندى، تېخى ئاخىرلاشمىدى... كېيىنكى 10 يىل ئىچىدە جۇڭگو ۋە دۇنيا يەنە ئىنتايىن زور ئۆزگىرىشكە دۇچ كېلىدۇ... بۇنىڭ ئۈچۈن جۇڭگونىڭ ئالدىن پەرەزلىرى بولۇشى، تەييارلىقى بولۇشى كېرەك... مېنىڭ بۇ دوكلاتنى يېزىشىم... جۇڭخۇا ئىمپېرىيىسىنىڭ مەۋجۇدلۇقى ۋە ئۇنىڭ بىخەتەرلىكىدىن ئىبارەت ئەڭ بۈيۈك مەنپەئەت ئۈچۈندۇر».

ئامېرىكىنىڭ جۇڭگو سىياسىتىدىن ھوشيار بولۇشىغا كەلسەك، خې شىن ئامېرىكىنىڭ قانداق سىياسەتتىن ھوشيار بولۇش كېرەكلىكىنى ئېنىق تاپشۇرمايدۇ. ئامېرىكىنىڭ جۇڭگوغا قاراتقان سىياسىتىنىڭ خاراكتېرى زادى نېمە ئىدى؟

1895 ـ يىلى ئامېرىكا ياپونىيىنىڭ تەيۋەننى ھەربىي ئىگىلىشىنى قوللىغان، 1900 ـ يىلى سەككىز دۆلەت قاتارىدا جۇڭگوغا تاجاۋۇز قىلغان

دۆلەت ئىدى. 1925 ـ يىلى گۇاڭجۇدا خۇاڭپۇ ھەربىي مەكتىپىنى قۇرۇپ بەرگەن كوممۇنىزم رۇسىيىسى جۇڭگونىڭ ھەرقانداق بىر ھۆكۈمىتىنى ئېتىراپ قىلماي تۇرغاندا، ھەتتا رۇسىيىدە ئوقۇغان جياڭ جېشىنىڭ ئوغلى جياڭ جىڭگونىڭ ئىناۋىتىنىمۇ ھېسابقا ئالماي تۇرغاندا، ئامېرىكا 1928 ـ يىلى جۇڭگودا ئىچكى ئۇرۇش قىلىۋاتقان يەتتە مىلتارىستىنىڭ بىرى جياڭ جېشىنىڭ گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنى تۇنجى بولۇپ ئېتىراپ قىلىپ جۇڭگودا مىلتارىستلار ئوتتۇرىسىدا داۋاملىشىۋاتقان ئىچكى ئۇرۇشنى ئاياغلاشتۇرغان ئىدى. 20 ـ ئەسىرنىڭ 40 ـ يىللىرىدا جۇڭگو ئىچكى ئۇرۇشىنىڭ قىسمەتلىرىگە يەنە بىر قېتىم دۇچ كەلگەندە، باش ئەلچى ئاچسۇن ئىككى تەرەپنى ياراشتۇرۇش ئۈچۈن ئاجايىپ سىياسىي خىزمەت ئىشلىگەن بولسىمۇ، قولاق سالمىغان، ئىلىك ئالمىغان جۇڭگولۇقلار 28 مىليون كىشىنى قۇربان بېرىش بەدىلىگە، كوممۇنىست خىتايلارنى يەنى ستالىنىنىڭ جۇڭگودىكى گۇماشتىلىرىنى تەختكە چىقارغان ئەمەسمىدى؟

ياپونىيىنى ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە مەغلۇپ قىلىپ، جۇڭگونىڭ مۇستەقىل دۆلەت قۇرۇشىغا يول ئېچىپ بەرگەن دۆلەت قايسى دۆلەت ئىدى؟

خىتاينىڭ نەزەرىيىچىسى لىيو شاۋ بۇ نېمە دەيدۇ؟ «ئۇلار (بىزنىڭ تىلىمىزدا خىتاي مىللەتچىلىرى) ئامېرىكىنىڭ جۇڭگوغا ياردەم بېرىپ جۇڭگونىڭ زېمىن پۈتۈنلۈكى ۋە ئىگىلىك ھوقۇقىنىڭ مۇكەممەللىكىنى ساقلاپ قالغانلىقىنى ئېغىزغا ئېلىشمايدۇ، ياپونغا قارشى ئۇرۇش غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، جۇڭگونىڭ ئىچكى ئۇرۇشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن كوممۇنىستىك پارتىيە بىلەن گومىنداڭ پارتىيىسى ئوتتۇرىسىدا ئامېرىكا دىپلوماتلىرىنىڭ قاتراپ يۈرۈپ تىرىشچانلىق كۆرسەتكەنلىكىنى ئېغىزغا

ئېلىشمايدۇ. سابىق سوۋېتلار بىلەن خىتاي كوممۇنىستلىرى قارشىلىشىپ قالغان، جۇڭگو دىپلوماتىيە جەھەتتە پۈتۈنلەي يېتىم قالغان 20 ـ ئەسىرنىڭ 60 ـ يىللىرىدا، سابىق سوۋېتلار جۇڭگوغا ئاتوم قوراللىرى بىلەن ھۇجۇم قىلىشقا تەرەددۇت قىلغان، 70 ـ يىللاردا سابىق سوۋېتلەرنىڭ جۇڭگوغا ھۇجۇم قىلىدىغان ئۇرۇش سىياستىگە قارشى تۇرۇپ، ئامېرىكىنىڭ تەشەببۇسكارلىق بىلەن قولىنى ئۇزىتىپ جۇڭگو بىلەن يارىشىپ قالغانلىقىنى ئېغىزغا ئېلىشمايدۇ. جۇڭگو ئىسلاھاتچىلىق يولىغا چۈشكەندىن كېيىن ئامېرىكىنىڭ مەبلەغ، تېخنىكا، ئىدىيە، مەدەنىيەت، ئاخبارات، جامائەت پىكرى جەھەتتە جۇڭگونى قوللىغانلىقىنى ھەرگىز ئېغىزغا ئېلىشمايدۇ» دەيدۇ.

ئۇنىڭدىن قالسا جۇڭگونى ئامېرىكىدىن ھوشيار بولۇشقا ئاگاھلاندۇرغۇچى خىتاي مىللەتچىلىرى ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى دەۋرىدە يەنە شۇ ئامېرىكىنىڭ خەلقئارا يىغىن چاقىرىپ يالتا يىغىنىدا خىتاي بىلەن رۇسىيىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ مانجۇرىيىنى، ئۇيغۇرىستاننى خىتاي جۇڭگوسىغا قوشۇپ بەرگەنلىكىنى ھەرگىز ئېغىزغا ئېلىشمايدۇ. (يۇقىرىقىدەك خەلقئارالاشقان چوڭ دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدا تالاش ـ تارتىشتا قالغان ئۇيغۇرىستان مەسىلىسىنى، خىتايغا قوشۇپ بېرىلگەن ئۇيغۇرىستان مەسىلىسىنى رابىيە قادىر بۆگۈن ئامېرىكىدا ئامېرىكا سىياسىيونلىرىنىڭ سەمىگە سېلىپ قويىدى).

ئامېرىكىنىڭ جۇڭگوغا قاراتقان تارىخى سىياسەتلىرىنىڭ ئەمەلىيىتى ئۈستىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتتۇق. خىتاي مىللەتچىلىرى ھوشيار بولىدىغان سىياسەت، ئامېرىكىنىڭ جۇڭگوغا قاراتقان قانىداق سىياستى بولغىيدى؟ مىللەتچى خې شىن ئامېرىكىنىڭ جۇڭگوغا ياردەم بېرىش

سىياسەتتىن ھوشيار بولۇشنى ياكى ئامېرىكىنىڭ جۇڭگونى ئىسكەنجىگە ئېلىش سىياسىتىدىن «ھوشيار» بولۇشنى كۆزدە تۇتقانمۇ؟ ئامېرىكىنىڭ قىزىل رەقەملىك سودا ـ تىجارەت سىياسىتىدىن «ھوشيار» بولۇشنى ياكى ئامېرىكىنىڭ جۇڭگونى قورشاش سىياسىتىدىن «ھوشيار» بولۇشنى كۆزدە تۇتقانمۇ؟ ياكى كىشىلىك ھوقۇقنى قوغداش سىياسىتىدىن «ھوشيار» بولۇشنى كۆزدە تۇتقانمۇ؟

خې شىن كۆڭلىدىكى گەپنى ئېنىق ئېيتمىغان خىتاي مىللەتچىسىدۇر. ئامېرىكىلىقلار 40 يىل سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى قوزغاپ رۇسىيىدە كوممۇنىزم ئىمپېرىيىسىنى ئاغدۇردى. ئامېرىكىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن سابىق سوۋېتلەرنىڭ قايتا قۇرۇش سىياسىتى غەلىبە قىلدى. ئامېرىكىلىقلار ھازىر جۇڭگونىڭ ئىسلاھاتچىلىقىنى قوللاۋاتىدۇ. شۇڭا ھوشيار بولۇڭلار جۇڭگولۇقلار دېمەكچى ئىدى. لېكىن مىللەتچى خې شىن ئۇنداق دېيەلمىدى.

## ئۇيغۇرلارنىڭ مۇستەملىكە بولۇپ قېلىشىنىڭ سەۋەبلىرى

1997 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى

ئۇيغۇرىستانىنىڭ مانجۇلارغا مۇستەملىكە بولۇپ قېلىش تارىخىنى، ئۇيغۇرىستانىنىڭ خىتايغا مۇستەملىكە بولۇپ قېلىش تارىخىنى، تارىختا سادىر بولغان ۋەقەلەرنىڭ تەرتىپى ۋە يىلنامە تەرتىپى بويىچە ئىنتايىن تولۇق، ئەتراپلىق يورۇتۇپ كەلگەن تارىخچىلىرىمىز، يەنە ئۇيغۇرلارنىڭ مانجۇ ـ خىتاي مۇستەملىكىچىلىرىگە قارشى قوراللىق كۈرەش قىلىش تارىخىنىمۇ ئىنتايىن تولۇق ۋە ئەتراپلىق سۆزلەپ كەلگەن تارىخچىلار ئىدى.

تارىخچىلار ئۇيغۇرىستانىنىڭ مانجۇ ـ خىتايلارغا مۇستەملىكە بولۇپ قېلىشىنىڭ سەۋەبلىرى ئۈستىدە توختالغاندا، كۆپىنچە ئۇيغۇر قوشۇنلىرىنىڭ ئاجىزلىقىنى، قوشۇندا تەرتىپ ـ ئىنتىزامنىڭ قوشۇنغا خاس بولماسلىقىنى، قوماندانلارنىڭ ئىقتىدارسىزلىقىنى، تەشكىلسىزلىكىنى، ئىتتىپاقسىزلىقىنى، قەيسەرلىكتىن خالىي ئىكەنلىكىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتتى. شۇ ئارقىلىق تارىخىي مەغلۇبىيەتنىڭ تەجرىبە ـ ساۋاقلىرىنى چۈشەندۈرمەكچى بولۇشتى.

تارىختا قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن ئۇيغۇرلار مانجۇ ـ خىتايلارغا قارشى جەڭلەردە ئاجىزلىقتىن، تەرتىپسىزلىكتىن مەغلۇپ بولدىمۇ ياكى ئۇيغۇرلار مانجۇ ـ خىتايلارغا قارشى جەڭلەردە سىياسەتنى بىلمىگەنلىكتىن مەغلۇپ بولدىمۇ؟ سوئالدىن ـ سوئال تۇغۇلۇپ تۇرۇپتۇ.

ئۇنداقتا، ئىنقىلابنىڭ ئوبيېكتى كىم ۋە نېمە ئىدى؟ ئىنقىلابنىڭ سۇبيېكتى كىم ۋە كىملەر ئىدى؟ ئىنقىلاب ئوبيېكتىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان ئىچكى ـ تاشقى سۇبيېكتىپ شارائىت (خەلقئارا شارائىت) يېتىپ

كەلگەن نۇسرىتى پۇرسەتلەر، غەنىيمەتلەر نىمە ئىدى؟ نۇسرىتى پۇرسەت ۋە غەنىيمەتلەرنى ئىنقىلاب سۇبيېكتىنىڭ تونۇش ئىقتىدارى قانچىلىك ئىدى؟ ئىنقىلاب سۇبيېكتىنىڭ ئۆزىنىڭ كۈچىنى، ئۆزىنىڭ سىياسىي ئاڭ سەۋىيىسىنى، مىللىي ئاڭ سەۋىيىسىنى تونۇش، بىلىش ئىقتىدارى زادى قانچىلىك ئىدى؟ بۇ سوئاللارغا جاۋاب تېپىپ ئانالىز قىلغاندا، مۇشۇ ماۋزۇلاردا پىكىر يۈرگۈزگەندە، قەلەم تەۋرەتكەندە ئۇيغۇر تارىخىنىڭ غەلىبە ۋە مەغلۇبىيەت بىلەن يېزىلىپ كەلگەن مۇرەككەپ قاتلاملىرى كۆز ئالدىمىزدا ئايدىڭلىشىدۇ.

ئىنقىلابقا قاتناشقان مىللەت كوللېكتىپى ھەتتا بۇ ئىنقىلابنىڭ رەھبەرلىرى جامائەلەر ئىستىخىيىلىك ھالدا ئۇيۇشقانمىدى ياكى ئاڭلىق ھالدا تەشكىللەنگەنمىدى ياكى خۇسۇسىي مەنپەئەت، خۇسۇسىي غەرەزلەرنى كاپالەتكە ئىگە قىلىشنى ئالدىنقى پىلانغا قويغانمىدى؟ تەربىيە كۆرمىگەن، مىللىي ئومۇمىي مەنپەئەت بىلەن خۇسۇسىي ئايرىم مەنپەئەتنىڭ چەك ـ چېگرىسىنى، قىممەت ۋەزنىنى ئايرىۋالالمىغان ئىنقىلابچىلار تارىخنىڭ ئۇزاق مۇساپىلىرىدە ئۇيغۇرلارنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرىغا قەھرىمانلىق ئېپوسلىرىنى قالدۇرۇپ كەتكەن بولسىمۇ ئوخشاشلا ئۆز ئالدىغا قويغان ئىنقىلابنىڭ مەقسەتلىرىنى غەلىبىگە ئېرىشتۈرمەي مەغلۇبىيەتكە يېتەكلەپ، خىتاينىڭ ئۇيغۇرىستانغا مىللىي ھۆكۈمرانلىق قىلىشى ئۈچۈن شەرت ـ شارائىت يارىتىپ بەرگەن ئىنقىلابچىلار ئىدى.

بۇ ئىنقىلابچىلارنى تارىخى شارائىت ئىچىگە قويۇپ تەنقىدلەيمىزمۇ ياكى تارىخى شارائىت ئىچىگە قويۇپ ئۇلارنىڭ ئىش ـ ئىزلىرىنى ئىجابىي مۇقىملاشتۇرىمىزمۇ؟ ئۇيغۇرنىڭ ئادەمىيلىك تەبىئىتى ياكى ئۇيغۇرنىڭ

مىللىي تەبىئىتى زادى قانداق تەبىئەت ئىدى؟ دىنىي ئەقىدىچىلىك تەبىئىتىمۇ ياكى سىياسىي بىلىش خاراكتېرلىك تەبىئەتمىدى؟ مىڭ ئەپسۇس! دىنىي ئەقىدىسى كۈچلۈك دىنىي ئاكابىرلىرىمىزنىڭ ھازىرقى زامان ئىلىم ـ پەنلىرىدىن خەۋىرى بولمىدى. ئىلىم ـ پەندىن خەۋەردار بولغان زىيالىيلىرىمىزنىڭ ئىسلام دىنىدىن ۋە بۇ دىنىنىڭ پەلسەپىسىدىن تولۇق خەۋىرى يوق دېيەرلىك ئىدى. ئىستىلا قىلىش تارىخى ۋە ئىستېلاغا قارشى تۇرۇش تارىخىنىڭ كەسكىنلەشكەن، قانلار تۆكۈلگەن تارىخىدا مىللىي ئاڭ، مىللىي غۇرۇر، مىللىي روھ زادى قانچىلىك رول ئوينىدى، مىللىي ئاڭ، مىللىي غۇرۇر، مىللىي روھ سىياسەت ياكى مىللەتچىلىك ئارقىلىق ئۆزىنى ئىسپاتلىدىمۇ؟ ياكى مىللىي ئاڭ، مىللىي غۇرۇر، مىللىي روھ دىنىي ئەقىدىلەر ئاساسىدا چەكلىمىگە ئۇچرىدىمۇ؟ ئاددىي بىر مىسالنى كەلتۈرەيلۇق: تۆمۈر خەلپە قۇرئان كۆتۈرۈپ قەسەم قىلىپ ئالدىغا كەلگەن تۇنگانغا قۇرئاننى ھۆرمەت قىلىپ تەسلىم بولغاندا، پۈتۈن مىللەتنىڭ ئىستىقبالىنى قوشۇپ تەسلىم بولغان ئىدى. سىياسەت بىلەن ئىش كۆرگەن بولسا، ئىش شۇ تەرىقىدە ئاخىرلاشمىغان بولاتتى. سان ـ ساناقسىز يۇقىرىقىدەك مىساللارغا تولۇپ ـ تاشقان ئۇيغۇر تارىخى مەغلۇبىيەت بىلەن غالىبىيەتنىڭ ئورنىنى ئالماشتۇرۇپ كەلگەن تارىخ ئىدى. بۈگۈنمۇ ئۇيغۇرلار شۇنداق سىناقلارغا يەنە دۇچ كەلمەيدۇ دەپ كىم ئېيتالايدۇ.

يەنە بىر تەرەپتىن ئېيتقاندا تارىخنىڭ ئۆتمۈشى بىلەن تارىخنىڭ داۋامى ھېسابلانغان بۈگۈنكى رېئاللىقنى سېلىشتۇرۇپ كۆرسەك، بىر مىللەتنىڭ ئۆزىگىلا خاس تارىخىنىڭ مەۋجۇد بولغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ. ھەر قانداق مىللەتنىڭ تارىخى دۇنيا تارىخىنىڭ بىر

قىسمى، بەلكى دۇنيا تارىخىغا چېتىلىپ كەلگەن تارىختۇر. مەسىلەن: ئاجىز مىللەتلەرنىڭ تارىخىنى ھەقىقىي تارىخ دەرىجىسىگە كۆتۈرگىلى بولاتتىمۇ، ئاجىز مىللەتلەر كۆپ ھاللاردا كۈچلۈك مىللەتلەرنىڭ تارىخ يېزىشىغا ئۆزىنىڭ دۈمبىسىنى تۇتۇپ بەرگەندىمۇ. ئاجىز مىللەتلەرنىڭ تارىخى يەنىلا دۇنيا تارىخىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ قېلىۋېرەتتى. شۇڭا ھازىرغىچە دۇنيا تارىخى ئىستىلا قىلىنغۇچى دۆلەتلەر بىلەن شۇنىڭغا ئوخشاش ئىستىلا قىلغۇچى ئىككىنچى بىر دۆلەتنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى رەھىمسىز كۈرەشنىڭ تارىخى بولۇپ يېزىلىپ كەلدى ۋە كۈچلۈك دۆلەتلەر ئاجىز مىللەتلەرنىڭ تەقدىرىنى ياكى مۇستەقىللىقىغا يول قويۇش يولى بىلەن ياكى مۇستەملىكە بولۇشقا مەجبۇرلاش يولى بىلەن بەلگىلەپ كەلدى.

1830 ـ يىللاردا رۇسىيىلىك موژىكلار بىلەن ئىككىنچى ئاسىيا قۇرۇقلۇقىدا يەرلەشكەن كونا مۇستەملىكىچى برىتانىيەلىكلەر ئوتتۇرىسىدا ئوتتۇرا ئاسىياغا سىڭىپ كىرىش ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانى تالىشىش كۈرىشى باشلىنىپ كەتكەن ئىدى. تالىشىشنىڭ غەلىبە مۇۋەپپەقىيەتلىرى رۇسىيىلىك موژىكلارنىڭ پايدىسىغا بولۇپ، برىتانىيەلىكلەر ئوتتۇرا ئاسىيادىن چېكىنىپ چىقىشقا مەجبۇر بولدى. قەشقەرىيەدە ئۇيغۇر دۆلىتى قۇرۇش ۋە بۇ توغرىدا مانجۇ ھۆكۈمىتىگە بەرگەن تەكلىپلىرى، مۇشۇ يولدا برىتانىيەلىكلەرنىڭ كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقلىرى، رۇسىيىلىك موژىكلارنىڭ ئىلى سۇلتانلىقىغا تاجاۋۇز قىلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئەمەسمىدى؟ ئۇيغۇرىستاندا دۈچ كەلگەن ھەربىر مەغلۇبىيەتكە تەن بەرمىگەن مانجۇ ھۆكۈمىتى، ئۇ تەرەپتىن دىپلوماتىك خىزمەت ئىشلەپ رۇسىيىلىك موژىكلارنىڭ ياردىمىنى قولغا كەلتۈرۈپ، بۇ تەرەپتىن

برىتانىيەلىكلەرنىڭ ياردىمىنى قولغا كەلتۈرۈپ، خىتاي زو زۇڭتاڭنى ئۇيغۇرىستانغا تاجاۋۇز قىلىشقا يەنە بىر قېتىم ئەۋەتتى. 1884 ـ يىللاردىن باشلاپ ۋەتىنىمىز ئۇيغۇرىستان مەنچىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ مۇستەملىكىسىگە ئايلىنىپ قالدى. بۇ ۋەقە تارىختا رۇسىيىلىك موژىكلارنىڭ ئۇيغۇرىستاننى مانجۇ ـ خىتايلارغا تۇنجى قېتىم سېتىپ بېرىشى بولۇپ خاتىرىلەندى.

ھوقۇقسىزلىقنىڭ دائىرىسىدە دۆلەت قۇرۇش ئىقتىدارىنىڭ تۆرەلمىسىنى تەييارلىغان بولسىمۇ, خىلمۇخىل تاجاۋۇزچىلارنىڭ ئاسارىتىدىن تېخى يېڭىلا قۇتۇلۇپ چىققان، لېكىن مۇستەقىل سىياسىي يول تۇتۇشقا، سىياسىي تەشكىللىنىشكە پۇتۇنلەي قابىلىيەتسىز، ئېزىشنىڭ، خورلاشنىڭ مەنىۋى يارىلىرىدىن، روھى ئازابلىرىدىن پۈتۈنلەي قۇتۇلۇپ كېتەلمىگەن ئۇيغۇر خەلقى بۇ قېتىم مۇستەقىللىقتىن ئايرىلىپ قالدى. رۇسىيىلىك موژىكلار بىلەن برىتانىيىلىك ئايال پادىشاھنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيانى تالىشىشى، تەسىر دائىرە تالىشىشى، مۇستەملىكە تالىشىشى، تەبىئىي بايلىقلارنى تالان ـ تاراج قىلىشتا ئۇستۇنلۇك تالىشىشى 19 ـ ئەسىر يەر شارى سىياسىتىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا مەركەزلەشكەن يۈزلىنىشى بولۇپ، ئۇيغۇرىستاننىڭ مانجۇ ـ خىتايلارغا مۇستەملىكە بولۇپ قېلىشىنى بەلگىلىگەن خەلقئارا سىياسەت ئىدى.

1884 ـ يىلدىن 1911 ـ يىلغىچە ئارىدا 27 يىل ئۆتتى. 1911 ـ يىلى ئۇيغۇرىستاننىڭ قۇمۇل ئۆلكىسىدە پالگان تۆمۈر خەلپە رەھبەرلىكىدە قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلدى. ئۇزۇن چېچىنى بېشىغا يۆگەپ، ژۇنىدە ئېقىپ يۈرگەن كوچىلاردا ئەپكىشىنى دولىسىغا سېلىپ تىلەمچىلىك قىلىپ يۈرگەن، مانجۇلارغا مۇستەملىكە بولۇپ قالغان، شەرقىي ئاسىيانىڭ

كېسەل كۆرپىسى خىتايلارغا پالگان تۆمۈر خەلپىگە ئىنقىلابى ئۇيغىنىش ئېلىپ كەلدى. شۇنىڭدىن كېيىن خىتاينىڭ ئىچكى ئۆلكىلىرىدە مانجۇلارنىڭ مىللىي ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى خىتايلارنىڭ شىنخەي ئىنقىلابى پارتلىدى. پالگان تۆمۈر خەلپە قومۇلنىڭ سەرۋەك تاغلىرىدا مانجۇ ـ خىتايلارنىڭ قېنىنى تۆكۈۋاتقاندا، سۇن جۇڭسەن تېخى ئامېرىكىنىڭ كالىفورنىيە شتاتىدا تىلەمچىلىك قىلىپ يۈرەتتى. بۇنداق تارىخى ئەينەنلىك خىتايلارنىڭ مانجۇلاردىن مۇستەقىل بولۇشىغا ئۇيغىنىش ۋە سىياسىي قاراشلار بىلەن ئاساس تەييارلاپ بەرگەن كىشى ئۇيغۇرنىڭ پالگانى تۆمۈر خەلپە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بەردى.

قومۇل قوراللىق قوزغىلىڭىنىڭ تەرەققىياتىنى ۋە شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ پارتلىغانلىقىنى كۆزىتىپ تۇرغان رۇسىيىلىك موژىكلار، قومۇل ئۆلكىسىنىڭ تاشقى موڭغۇلىيىگە تۇتاشقان نوم ئېغىزى ئارقىلىق، ئۇيغۇرىستاننى سوراپ يەۋاتقان مىلتارىست ياڭ زىڭ شىڭغا ياردەم بېرىپ، تۆمۈر خەلپە رەھبەرلىكىدىكى ئۇيغۇر قوزغىلاڭچىلارنى ياڭ زىڭ شىڭنىڭ قولى ئارقىلىق باستۇرۇپ، ئۇيغۇرىستاننى باشقۇرۇش ھوقۇقىنى يەنە مىلتارىست ياڭنىڭ ئىختىيارىغا ئۆتكۈزۈپ بەردى. لېكىن شۇ كۈنلەردىن باشلاپ ئۇيغۇرىستان رۇسىيىلىك موژىك چاررۇسىيىنىڭ تەسىر دائىرىسىگە كىرىپ قالدى. بۇنداق ئەھۋالدا چاررۇسىيە مۇستەملىكە ئۇيغۇرىستاندا نېمە ئىش قىلمەن دېسە شۇ ئىشنى قىلالايتتى.

بۇ ۋەقە تارىختا رۇسىيىلىك موژىكلارنىڭ ئۇيغۇرىستاننى مانجۇ ـ خىتايلارغا ئىككىنچى قېتىم سېتىپ بېرىشى بولۇپ خاتىرىلەندى.

«شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ئورتاق گۈللىنىش چەمبىرىكى» سىياسىتىنى ھەربىي يۈرۈشىنىڭ شوئارىغا ئايلاندۇرۇپ 1931 ـ يىلى

دېگىزدىن مانجۇرىيىگە، قۇرۇقلۇققا چىققان ياپونىيە ئارمىيىسى شۇ زېمىندا مانجۇ مىللىتىنىڭ تەلەپلىرىگە خاس مانجۇرىيە دۆلىتىنى قۇرۇپ بەرگەن ئىدى. تارىخى پۇرسەت ۋە تەقدىرى نۇسرەتنى غەنىيمەت بىلگەن ئۇيغۇر خەلقى 1933 ـ يىلى ئۇيغۇرىستانىنىڭ قەشقەر ئۆلكىسىدە سابىت داموللا رەھبەرلىكىدە «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى»نى قۇردى. شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلۇشى ئەقىلگە يارىشا دۆلەت قۇرۇش، ئەقىلگە يارىشا جەمئىيەت قۇرۇش ھېسابلىناتتى. دۆلەت قۇرغۇچىلار مىللىي ئاڭغا زىت كېلىدىغان ۋە ئەقىلگە قارشى كېلىدىغان، سىياسەتكە قارشى كېلىدىغان بارلىق نەرسىلەرنى رەھىمسىز رەۋىشتە رەت قىلالمىدى. شۇ دەقىقىلەردە ئۇيغۇر مىللىتى مىللىي ئاڭنىڭ ئۆسۈپ كېلىۋاتقانلىقىنى ۋە ئەقلىيلىككە قاراپ تەرەققىي قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ يېتەلىگەن بولسىمۇ، بۇنداق تەرەققىياتنى تۇتۇپ تۇرالمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇيغۇرىستانىنىڭ ئىچكى ۋەقەلىرىگە ستالىن ئارىلىشىپ رۇس، قازاق، قىرغىزلاردىن تەشكىللەنگەن 5 مىڭ كىشىلىك ھەربىي قوشۇننى 200 ماشىنىغا قاچىلاپ ئارتۇش تاغ ئېغىزى ئارقىلىق قەشقەرگە ئەۋەتىپ دۆلەت قۇرغان ئۇيغۇرلارنى باستۇرۇپ، ئۇيغۇرىستانىنىڭ ھوقۇقىنى ملىتارىست شىڭ شىسەيگە ئۆتكۈزۈپ بەردى.

بۇ ۋەقەلەر تارىختا رۇسىيىلىك موژىكلارنىڭ ئۇيغۇرىستاننى خىتايلارغا ئۈچىنچى قېتىم سېتىپ بېرىشى بولۇپ خاتىرىلەندى.

ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى ئۇيغۇرلارغا يەنە بىر قېتىم تارىخى پۇرسەت جامالى نۇسرەت ئاتا قىلدى. 20 ـ ئەسىرنىڭ 40 ـ يىللىرىدا ئۇيغۇرلار مىللىي ئويغىنىش دەۋرىگە كىرگەن، تەشكىللىنىش، ئىتتىپاقلىشىش جەھەتتە تارىختا مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىگە يېتىپ، ئۇيغۇرىستانىنىڭ

ئىلى ئۆلكىسىدە خىتاينىڭ مىللىي ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى قوراللىق ئىنقىلاب پارتلىدى. خۇش خەۋەرلەر مەسجىدلەرنىڭ مېھرابىدىن تار كوچىلارغا، ئائىلىلەرگىچە تارقالغان ئىدى. پۇرسەت ئۇيغۇرلارنىڭ قولىغا يەنە بىر قېتىم قورال تۇتقۇزدى. ھودۇقۇپ كەتكەن شىڭ شىسەي ستالىننىڭ قوينىدىن ئاجراپ چىقىپ گومىنداڭنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئاتتى. ئارقىدىنلا گومىنداڭ خىتايلىرىنىڭ 100 مىڭ كىشىلىك ھەربىي قوشۇنىنى ئۇيغۇرىستانغا باشلاپ كىرگۈچى مىللىي مۇناپىقلارمۇ، گومىنداڭ خىتايلىرىنىڭ 100 مىڭ كىشىلىك مۇنتىزىم ئارمىيىسىمۇ ئۇيغۇرنىڭ مىللىي ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ زەربىسىگە بەرداشلىق بېرەلمىدى. مەغلۇپ بولدى... بىراق، ئۇيغۇرىستاننىڭ مىللىي ئازادلىق ئارمىيىسى 1945 ـ يىلى 10 ـ ئايدا ماناس دەرياسى بويىدا توختاپ قالدى. گويا ئۆز ئوقىدا ئايلىنىۋاتقان يەر شارى ئۆز ئوقىدا توختاپ قالغاندەك بولدى. گويا دۇنيا تارىخى يەر شارىنىڭ دەشت چۆللىرىدە، دېڭىز ساھىللىرىدا ئېزىقىپ كەتكەندەك بولدى. مىللىي ئازادلىق ئارمىيە ماناس دەرياسى بويىدا توختاپ قالدى...

فاشىزمغا قارشى ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسى ھارپىسىدا ئۈچ مەركىزى دۆلەتلەر بىلەن ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدا بىر كېلىشىم ئىمزالىنىشتىن ئاۋۋال 1945 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى سابىق سوۋېتلەرنىڭ يالتا شەھىرىدە تارىخى ئەھمىيەتكە ئىگە خەلقئارا يالتا يىغىنى چاقىرىلدى. بۇ يىغىننى ئۇرۇشتىن كېيىن دۇنيانىڭ يېڭى تەرتىپىنى قانداق تىكلەش توغرىسىدا ئۈچ دۆلەت ــ ئامېرىكا، ئەنگلىيە، رۇسىيە ئوتتۇرىسىدا سۆھبەت ئېلىپ بېرىلغان يىغىن بولدى. يالتا يىغىنى ۋە يالتا سىستېمىسى ئۇرۇشتىن كېيىنكى «سوغۇق مۇناسىۋەتلەر» ئۇرۇشغا

ئاساس سالغان بىر يىغىن بولۇپ قالدى. يىغىنغا قاتنىشىش سالاھىيتى يوق جياڭ جېشى ـ گومىنداڭ ھۆكۈمىتى يىغىننىڭ سىرتىغا قېقىپ چىقىرىۋېتىلگەن ئىدى. چوڭ دۆلەتلەر قول تۇتۇشۇپ ئىتتىپاقلىشىپ، يىراق شەرقتە ياپونىيىنى قانداق مەغلۇپ قىلىش، جۇڭگو ـ سوۋېت ئىككى دۆلەتنى قانداق ئىتتىپاقلاشتۇرۇش ۋە جۇڭگونى ياپونغا قارشى ئۇرۇش مەيدانىغا ئايلاندۇرۇش مەسىلىسى يالتا سىستېمىسىنىڭ يىراق شەرق ئىستراتېگىيىسىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى ئىدى. بۇنىڭدىن باشقا سابىق سوۋېتلەرنى ياپونغا قارشى يىراق شەرق ئۇرۇشىغا قاتناشتۇرۇش يۇقىرىقى مەقسەتنىڭ ئەڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇپ قالدى. ياپونغا قارشى يىراق شەرق ئۇرۇشىغا قاتنىشىشنىڭ ستالىنچە سىياسىي شەرتلىرى تۆۋەندىكىچە ئىزاھلاندى:

1. گېرمانىيە سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئۇرۇش چىقىمى تۆلەش، بۇ ئىش ئۇرۇشتىن كېيىن رۇسىيىنى قايتا قۇرۇشقا مۇناسىۋەتلىك.

2. 1904 ـ يىلى ياپون دېڭىزىدا پارتلىغان رۇس ـ ياپون ئۇرۇشىدا، رۇسىيىنىڭ قولىدىن چىقىپ كەتكەن زېمىنلارنى سابىق سوۋېتلەرگە قايتۇرۇپ بېرىش.

3. شەرقىي ياۋروپادا رۇسىيىگە بېقىندى دۆلەتلەرنى بەرپا قىلىش.

4. تاشقى موڭغۇلىيىنىڭ ھازىرقى ھالىتىنى ساقلاش ۋە ئەمەلىيەتتىكى مۇستەقىللىقىغا كاپالەت قىلىش.

يالتا يىغىنى 40 ـ يىللاردا يىرىكلەشكەن جۇڭگو ـ سوۋېت مۇناسىۋىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش جەھەتتە مۇنداق خىزمەتلەرنى ئىشلىدى:

تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، ئىتتىپاقداش دۆلەتلەرنىڭ ئىتتىپاقىنى مۇستەھكەملەپ ياپونغا قارشى تۇرۇش؛ بۇنىڭ ئۈچۈن يالتا يىغىنىغا قاتناشتۇرۇلمىغان خىتاي گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بىلەن سابىق سوۋېتلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر شەرتنامە ئىمزالاپ، ئىككى دۆلەتنىڭ مۇناسىۋىتىنى ياخشىلاپ ياپونغا قارشى ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈش. يالتا يىغىنى بەلگىلىگەن پرىنسىپ بويىچە 1945 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى موسكۋادا «جۇڭگو ـ سوۋېت شەرتنامىسى» ئىمزالاندى.

شەرتنامىدە ستالىن خىتاي گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ مانجۇرىيىگە ئىگىلىك ھوقۇق يۈرگۈزۈشىنى ئېتىراپ قىلدى. مۇستەقىللىق جاكارلىغان ئۇيغۇرىستاننى مۇنقەرز قىلىپ خىتاي گومىنداڭ ھۆكۈمىتىگە قوشۇپ بېرىپ، ئۇيغۇرىستاننى خىتاينىڭ مۇستەملىكە قىلىشىغا تۇتۇپ بەردى. شەرتنامە ئىمزالانغاندىن كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرى مولوتوپ، خىتاينىڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرى ۋاڭ شى جې شەرتنامىگە قول قويدى.

بۇ قېتىملىق سېتىش تارىختا، رۇسىيىلىك موژىكلارنىڭ ئۇيغۇرىستاننى خىتايغا تۆتىنچى قېتىم سېتىشى بولۇپ خاتىرىلەندى.

(بۇ توغرىدا ئەتراپلىق توختىلىشىم كېرەك ئىدى «رەقىبلەر ۋە ئىتتىپاقداشلار» ماۋزۇلۇق كىتابنى تەرجىمە قىلىش جەريانىدا ھېس قىلغانلىرىمنى يۇقىرىقىدەك ئىزاھلىدىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە يالتا شەرتنامىسى ۋە موسكۋا شەرتنامىسى ھازىرغىچە دۇنياغا ئاشكارا ئېلان قىلىنمىدى. پەرەز ۋە قىياسلار ئاساسىدا نۇرغۇن يازغۇچىلار نۇرغۇن تىللاردا بۇ توغرىدا توختىلىپ ئۆتتى. پارچە ـ پۇرات ماتېرىياللار ئاساسىدا بىزنىڭمۇ پارچە ـ پۇرات گەپ قىلماقتىن باشقا ئامالىمىز يوق، كەچۈرۈڭلار ئوقۇرمەنلىرىم).

# ئۇيغۇر خىتاينىڭ دۈشمىنى

1997 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى

ئۇيغۇرنىڭ ۋەتىنى، ئۇيغۇرنىڭ يەر ـ مۈلكىنى دۆلەتنىڭ يەر ـ مۈلكى دەپ ئاساسى قانۇنىغا پۈتتۈرگەن خىتاي ھۆكۈمىتى 1980 ـ يىللاردىن باشلاپ تېرىلغۇ يەرلەرنى ئۇيغۇر دېھقانلىرىغا كۆتۈرە بېرىشكە قارىغاندا ئۇيغۇر دېھقانلىرى ھەقىقىي مەنىدە ئىجارىكەش دېھقانلارغا ئايلاندى. ئېشىندى ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ دېھقانلار سودا ـ تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان دېھقان ئۇيغۇرلار كۆپىيىشكە باشلىدى. ئۇلار تىجارەت ئارقىلىق ئازراق دەسمايىگە ئېرىشكەندىن كېيىن، تاشقى سودا بىلەن شۇغۇللىنىپ چەت ئەللەرگە، بولۇپمۇ ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىگە سودا ـ تىجارەت قىلىپ بېرىپ كېلەلەيدىغان بولدى. ئەقلى ـ ھوشى جايىدا بىر قىسىم ئۇيغۇر تىجارەتچىلەر موسكۋاغىچە ھەتتا شەرقىي ياۋروپا ئەللىرىگىچە بېرىپ سودا ـ تىجارەت قىلالايدىغان بولدى. شۇ ۋاقىتتا موسكۋاغا يېتىپ كەلگەن ئۇيغۇر سودىگەرلىرىنىڭ ئىقتىدارىنى، سودا ئەخلاقىنى، بىر ئېغىز چەت ئەل تىلى بىلمەي تۇرۇپمۇ سودا ئىشلىرىدىكى ماھىرلىقىنى ھەۋەس قىلىپ كۆزىتىپ تۇرغان موسكۋالىق دوستلار تەرجىمان ئارقىلىق ئۇيغۇر سودىگەرلەر بىلەن پاراڭلىشىپ: «سىلەر ئاسىيانىڭ يەھۇدىيلىرى ئىكەنسىلەر» دېگەن ئىكەن.

ۋەتىنىمىز ئۇيغۇرىستان خىتايغا مۇستەملىكە بولۇپ قالغان كۈندىن باشلاپ تارتقان خورلۇقىمىز، چەككەن جەبىر ـ جاپالىرىمىز، ھوقۇقسىز ئورۇندا تۇرغانلىقىمىز، ياۋروپا ۋە باشقا مەملىكەتلەردە ياشىغان يەھۇدىيلارنىڭ ئەينى چاغدا تارتقان خورلۇقىدىن ئېشىپ چۈشسە چۈشىدىكى ھەرگىز قېلىشمايتتى. تىجارەتتىكى ماھىرلىقىمىز

يەھۇدىيلارنىڭ تىجارەتتىكى ماھىرلىقىغا ئوخشاش بولغاندەك؛ ھوقۇقسىز زۇلۇم ـ ستەم تارتقانلىقىمىزمۇ ئەينى تارىخى شارائىتتا ئوخشاش ئىدى. ئەمما ئىسرائىللار دۆلەت قۇردى، ئۇيغۇرلار داۋاملىق زۇلۇم ئىسكەنجىسىدە ياشاپ كەلمەكتە.

گېرمانىيە مىللەتچىلىرى: «يەھۇدىيلار ياۋۇزلۇق ۋە ئىرقى جەھەتتە گېرمانىيە خەلقىنىڭ چىقىشالمايدىغان دۈشمىنى» دەپ ئېلان قىلغاندا، 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرقى يىللىرىغا كەلگەندە يەھۇدىيلارغا قارشى تۇرۇش ھەرىكىتى پۈتۈن ياۋروپاغا كېڭىيىپ كەتكەن ئىدى. «سىرلىق تەپەككۇر»نىڭ قانچىلىك تارتىش كۈچى بارلىقىنى بۇ خىل تەپەككۇرنىڭ قۇدرىتى ۋە خەتىرىنى گېرمانىيە مىللەتچىلىرى ئىنسانىيەتكە يېزىق ئارقىلىق ئېلان قىلدى ۋە مۇئەييەن دەۋرلەردە مۇئەييەن مەقسەتتە تەكرارلاپ تۇردى. بۇ «سىرلىق تەپەككۇر» يەھۇدىيلارنىڭ تەپەككۇرى ئەمەسمىدى؟

مۇستەملىكە ئۇيغۇرىستاندا خىتاي بىلەن ئۇيغۇر ئىككى مىللەت ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتلەرنىڭ كەسكىنلىكىنى ساختا «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى» ئارقىلىق يوشۇرۇپ كەلگەن خىتاي مىللەتچىلىرى، 1996 ـ يىلى 4 ـ ئايدا «قاتتىق زەربە بېرىش ھەرىكىتى»نى قوزغاپ ئۇيغۇرنىڭ 56 مىڭ نەپەر ئوغۇل ـ قىز پەرزەنتلىرىنى قولغا ئالغاندىن كېيىن، شۇ يىلى 10 ـ ئايدا «بۈنىڭدىن كېيىن مەيلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلار بولسۇن ياكى چەت ئەللەردە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلار بولسۇن ئوخشاشلا خىتاي مىللىتىنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى» دەپ ئېلان قىلدى. گېرمانىيە مىللەتچىلىرىنىڭ يەھۇدىيلارنى «دۈشمەن» دەپ ئېلان قىلىشى بىلەن خىتاي مىللەتچىلىرىنىڭ

ئۇيغۇرلارنى «دۈشمەن» دەپ ئېلان قىلىشنىڭ نېمە پەرقى بار؟ ئۇيغۇرلار پەخىرلىنىشى كېرەك. خىتايغا دۈشمەن بولالىغىنى ئۈچۈن پەخىرلىنىشى كېرەك. مۇقىملاشتۇرۇشقا ئەرزىيدىغان بىر تەرىپى شۇكى، يەھۇدىيلارنىڭ «سىرلىق تەپەككۇرى» ئەينى چاغدا ياۋروپاغا ئەندىشە ئېلىپ كەلگەن بولسا، ئۇيغۇرلارنىڭ «سىرلىق تەپەككۇرى» بولۇپمۇ 90 ـ يىللاردىن كېيىن ماكان كەڭلىكىدە كېڭەيگەن زامان ئىچىدە ئاشكارىلانغان ئۇيغۇرنىڭ «سىرلىق تەپەككۇرى» خىتاي مىللىي ھۆكۈمرانلىرىغا ئەندىشە، تەھدىت ئېلىپ كەلدى. ئۆز مىللىتىنىڭ ئىقتىدارىدىن پەخىرلەنمەيدىغان بىر كىشى بارمىدۇ، دۇنيادا پەقەت نادان، ئەقىلسىز ئادەملەرلا پەخىرلىنىش تۇيغۇسى يوق ئادەملەردۇر.

## بويسۇندۇرۇش

1997 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى

«پان گېرمانىيە جەمئىيىتى»نىڭ ھۆكۈمالىرى، پەيلاسوپلىرى «ئىرق بىئولوگىيىسى»گە ئاساسلىنىپ بىزگە: ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچى ئىرقلار ۋە ھۆكۈمرانلىق قىلىنغۇچى ئىرقلارنىڭ ئىرقى پەرقلىرى توغرىسىدا سۆزلەپ بەرگەندە، «خەلقئارا سىياسەت تارىخى بۇ پەقەت ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچى ئىرقلار ئۈتتۈرىسىدىكى رەھىمسىز كۈرەشنىڭ تارىخىدۇر، ئەڭ مۇھىمى بويسۇندۇرۇش بۇ ـ ھۆكۈمران ئىرقنىڭ خىزمىتىدۇر، پەقەت شۇ خىل ئىرقلار بويسۇندۇرالايدۇ، بويسۇندۇرىدۇ ۋە بويسۇندۇرۇش بىلەن شۇغۇللىنىدۇ» دېيىشكەن.

ئەينى دەۋرلەرنىڭ مەھسۇلى بولغان بۇ خىل پەلسەپىۋى قاراشلار، يېقىنقى دەۋرلەردە باشقا مىللەتلەرنى بويسۇندۇرۇشقا ئۇرۇنغان، لېكىن دۇنيانىڭ ھەرقانداق بىر جايىدا ھەرقانداق بىر مىللەتنى بويسۇندۇرالماي ئاخىرلاشقان «پان گېرمانىيە»، «پان سىلاۋىيانلار» تەۋەككۈلچىلىكىنىڭ ئېچىنىشلىق نەتىجىسى ئارقىلىق ئىنكار قىلىنغان بولسىمۇ لېكىن «خەلقئارا سىياسەت تارىخى بۇ پەقەت ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچى ئىرقلار ئۈتتۈرىسىدىكى رەھىمسىز كۈرەشنىڭ تارىخىدۇر» دېگەن ھۆكۈم ھۆكۈملىگۈچى بىلەن ھۆكۈملەنگۈچىنىڭ لوگىكىلىق مۇناسىۋىتىدە دۇنيا تارىخىنىڭ ھەقىقەتەن شۇنداق بىر تارىخ ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بەرمەكتە. رەھىمسىز كۈرەش بىلەن رەھىمسىز ئۇرۇش ياكى مەغلۇپ بولىدىغان ياكى غەلىبە قىلىدىغان بىر نەتىجىگە چوقۇم ئىگە بولۇشى كېرەك. دۇنيادا رەھىمسىز كۈرەش ۋە رەھىمسىز ئۇرۇش ئارقىلىق مۇتلەق بويسۇندۇرغۇچى ئىرق ۋە مىللەت ئۈتتۈرىغا چىقالمىغاندەك، ئەگەر بىر

مىللەت ئۇرۇشمۇ قىلالايدىكەن، رەھىمسىز كۈرەشمۇ قىلالايدىكەن مۇتلەق بويسۇندۇرۇلغان مىللەتمۇ بولمايدۇ. جاھان تارىخىنىڭ كېيىنكى تەرەققىياتى بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلاپ بەرمەكتە.

1404 ـ يىلى موڭغۇللىيىنىڭ ئەۋلادى ئاقساق تېمۇرنىڭ ئىمپېرىيىسى يىمىرىلگەندىن كېيىن، ئوتتۇرا ئاسىيادا باش كۆتۈرگەن ئۇيغۇرنىڭ پۇشتى، ئەجدادى، سەلجۇق تۈركلىرىنىڭ قىلىچى مىسىر، شىمالىي ئافرىقا، سۈرىيە، ئەرەب دېڭىزى بويلىرىدا غىلىپىدىن سۇغۇرۇلغان ئىدى. تۈركلەر 1529 ـ يىلى ياۋروپاغا تەھدىت سالغاندا ئوسمان ئىمپېرىيىسىنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىك پۇقراسى خرىستىئان مۇرىتلىرى ئىدى. ئىسپانىيىدىن قوغلاپ چىقىرىلغان خرىستىئان ۋە يەھۇدىي دىنى مۇرىتلىرى ياكى ئۆز دۆلىتىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا بەرداشلىق بېرەلمىگەن ياۋروپالىق دېھقانلار ئوسمان ئىمپېرىيىسىنىڭ دۆلەت تەۋەلىكىدە پۇقرا بولۇپ، ئۆزىنىڭ دىنى ئېتىقاد ئەركىنلىكىنى ئىسلام تەلىماتىنىڭ كەڭچىلىكى ئاستىدا ساقلاپ كەلگەن. 16 ـ ئەسىرلەردە دۇنياۋى تەسىر قالدۇرغان بۇ ئىمپېرىيە 17 ـ ئەسىرگە كىرگەندە زاۋالغا يۈزلىنىپ، 18 ـ ئەسىردە پۈتۈنلەي دېگۈدەك ياۋروپالىقنىڭ كەينىدە سۆرۈلۈپ قالدى. ياۋروپالىقلار ئەينى چاغدا تۈرك ئىمپېرىيىسىنىڭ تەۋەلىكىدىن پاناھلىق ئىزدىگەندەك، ئەمدى بۈگۈن شۇ تۈركلەرنىڭ تارقىلىش مەنبەئى بولۇپ كەلگەن ئۇيغۇرلار ئەلۋەتتە بۈگۈن روناق تاپقان ئامېرىكا ۋە شىمالى، غەربىي ياۋروپادىن سىياسىي پاناھلىق ئىزدىمەكتە.

تارىخچىلار، پەيلاسوپلار ئۆزگىرىشچان دۇنيا تارىخىنىڭ سىياسىي قىياپەتلىك ھالەتلىرىنى ئامەتنىڭ بىر كۈن ئۇ تەرەپكە، ئاپەتنىڭ بىر كۈن بۇ تەرەپكە ئۆتۈپ تۇرۇشىنىڭ، يۆتكىلىپ تۇرۇشىنىڭ سەۋەبلىرىنى

خىلمۇخىل چۈشەندۈرۈپ كەلگەن بولسىمۇ، دۇنيادا مۇتلەق ھاكىملىقنىڭمۇ، مۇتلەق مەھكۇملۇقنىڭمۇ بولمايدىغانلىقىنى تەن ئالغان ئىدى. شۇڭا تارىخ يەنە تارىخ بولۇپ كەلگەن، شۇڭا بۇ دۇنيا شۇنداق رەڭدار دۇنيا بولۇپ كەلگەن. دۇنيا تارىخىنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ مەنبەئىنى ۋە دۇنيا تارىخىنىڭ ئۆزگىرىپ تۇرۇش سەۋەبلىرىنى ئىزدەپ تاپماقچى بولغان بەندىنىڭ تەپەككۇرى پەقەت ياراتقۇچىنىڭ ئىرادىسىگە مۇراجىئەت قىلماقتىن ئۆزگە بار چارىنى ئىزدەپ تاپالمىسا كېرەك.

ئامېرىكىلىق تارىخ پەلسەپىچىسى Mebuhr. Reinhold ئاللاھنىڭ تارىخنى بەلگىلىشى توغرىسىدا توختىلىپ:

«بارلىق تارىخى تەقدىر بىردىنبىر ئاللاھنىڭ تىزگىنلىشى ئاستىدا تۇرىدۇ»، دېگەن ئىدى.

تۈرك ئىمپېرىيىسى 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا دۇنيانىڭ سىياسىي سەھنىسىدىن غايىب بولدى. برىتانىيە ئىمپېرىيىسى 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن دۇنيانىڭ سىياسىي سەھنىسىدىن قوغلاپ چۈشۈرۈلگەن بولسا، موسكۋانىڭ ئەتراپىدىكى ئورمانلىقلاردا قۇرۇلۇپ، 17 ـ ئەسىردە سىبىرىيىگە، 19 ـ ئەسىردە ئوتتۇرا ئاسىياغا قاراتقان كېڭەيمىچىلىكىنى تاماملاپ بىر ئىمپېرىيىگە ئايلانغان چاررۇسىيە ـ لېنىن ـ ستالىن رۇسىيىسى 20ـ ئەسىرنىڭ 90 ـ يىللىرىغا كەلگەندە دۇنيانىڭ سىياسىي سەھنىسىدىن تامامەن غايىب بولدى. پۈتۈنلەي چېكىنىپ موسكۋاغا كەتمىگەن بولسىمۇ ھەرھالدا ئوتتۇرا ئاسىيادىن دېگۈدەك چېكىنىپ چىقتى.

نۆۋەتتىكى خىتاي ئىمپېرىيىسىگە كەلسەك، بۇ يىل 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئەنگلىيىنىڭ سابىق ۋەزىرى شاڭگاڭدا سۆزلىگەن نۇتقىدا:

«ھازىرقى دۇنيادا ئىمپېرىيە يىمىرىلمەكتە. ئەكسىچە جۇڭگو ئىمپېرىيە قۇرماقتا...» دېدى. سۆزىنىڭ مەنىسى جۇڭگو ئىمپېرىيە قۇرالمايدۇ، ئەكسىچە يىمىرىلىدۇ، دېگەنلىكتۇر.

ۋار ـ ۋار مىللەت خىتايلارنىڭ ئىمپېرىيە قۇرۇش تارىخى ئامېرىكىلىق سىياسەت تارىخچىسى جون گارۋېر ئەپەندى ئېيتقاندەك 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى ئاخىرلاشقان مەزگىلدە باشلاندى، رۇسىيىلىكلەر مانجۇرىيىنى، ئۇرۇش سەۋەبلىرى تۇپەيلى گېرمانىيىلىكلەر ئۇيغۇرىستاننى، يەنە شۇنداق سەۋەبلەر تۇپەيلى ئامېرىكىلىقلار تەيۋەننى قوشۇپ بېرىش ئارقىلىق قۇرۇلغان جۇڭخۇا خەلق رېسپوبلىكىسى خىتاي تارىخىدا قۇرۇلغان تۇنجى ئىمپېرىيىدۇر. موڭغۇل ئاتلىقلىرى ۋە مەنچىڭ ئاتلىقلىرىنىڭ چېگرا ئاتلاپ كەلگەنلىكىنى ھېسابقا ئالمىغاندا خىتاي بۇ مىللەتنىڭ دۆلەت چېگرىسى ئەزەلدىن سەددىچىن سېپىلىدىن ھالقىپ چىققان ئەمەس.

خىتاي ئىمپېرىيىسى يىمىرىلىشكە يۈزلەنگەن دەقىقىلەردە جاھان ۋە دۇنيانىڭ سىياسىي ئېقىملىرى ۋە ۋەزىيەت يۈزلىنىشلىرىگە پەرۋا قىلماستىن خىتاي مىللەتلىرى ئىنسانىيەتنىڭ ئىنسانپەرۋەرلىك ئەنئەنىسىنى ئاجىزلاشتۇرۇشقا باشلىدى. بۇ مىللەتچىلەر مىللىي باراۋەرلىكنى دەپسەندە قىلدى، تەڭلىك، باراۋەرلىكنى مەمەدانلارنىڭ تەشۋىقاتىغا ئايلاندۇردى. ئەمەلىيەتتە، ھەرىكەتتە بولسا ئۇيغۇر، تىبەتلەرنىڭ ئەقەللىي ھوقۇق ـ تەلەپلىرىنىمۇ ئىنكار قىلدى. كىشىلىك ھوقۇق، دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى، ئىنسانپەرۋەرلىك ساۋاتسىز خىتاي مىللەتچىلىرىنىڭ مەسخىرە قىلىدىغان ئوبيېكتلىرىغا ئايلاندى. جەمئىيەتتە كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ دانالىقى توغرىسىدا ئەپسانە تارقىتىپ خۇراپاتلىقنى ئومۇملاشتۇرۇپ، بىر پارتىيىگە چوقۇنۇشنى قارشى

تۇرغىلى بولمايدىغان كۈچكە ئايلاندۇردى. شۇنداق ئاپەتلەرگە دۇچ كەلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ تەپەككۇر ماكانى، ھاياتلىق ـ ياشاش ماكانى تارايدى، مىللەتنىڭ مەۋجۇدلۇقى قارشىلىقسىز تەھدىتكە ئۇچرىدى.

بويسۇندۇرۇلغۇچىلار بىلەن بويسۇندۇرغۇچىلار ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش بىر كۈن توختىمايدىكەن ۋە چوڭ دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى مەنپەئەت كۈرەشلىرى بىر كۈن توختىمايدىكەن، بىر دۆلەتنىڭ يوقىلىشى ۋە بىر مىللەتنىڭ مۇستەملىكە بولۇپ قېلىشى ياكى بىر مىللەتنىڭ مۇستەقىللىق جاكارلىشىمۇ ھەرگىز توختاپ قالمايدۇ. ئەمدىلا باشلانغان ئۇيغۇرنىڭ «سىرلىق تەپەككۇرى» پۈتۈن دۇنيانى ئالدىغا قويۇپ تەپەككۇر قىلىدىغان ئادەتنى يېتىلدۈرۈشى لازىم.

# ئىرادە

1997 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى

ئىرادە، ئىرادە دېگەن نېمە؟ ئىرادە ئەقلىنىڭ، جاسارەتنىڭ، ئارزۇنىڭ جەمئىسىدۇر. ئىرادە تاللىۋالغان يۆنىلىش بويىچە شۇ يۆنىلىشنىڭ ئاخىرقى مەنزىلىگە يەتمەكچى بولىدۇ. دەسلەپتە زورۇققانىدەك ھېس قىلىشى مۇمكىن، لېكىن ئۇ چوقۇم شۇنداق قىلىشقا ئادەتلىنىدۇ. بەزىلەر بەزى چاغلاردا غايىسىگە مۇۋاپىق ھەرىكەتلىرىگە مۇناسىپ ئالاھىدىلىكلەر بويىچە باشقىلاردىن ھالقىپ كېتىشى مۇمكىن. ئىرادىنىڭ ھەرىكىتىگە شۇ ئىرادىنىڭ غايىسى ماس كەلمىگەندە، بەزىلەر ھەرقانداق بىر ئىشنى باشقا ئېلىپ چىقالماسلىقى مۇمكىن. بىراق ئۆزگەرمەيدىغان بىر نەرسە شۇكى، پەيلاسوپ خوپخۇز ئېيتقاندەك، «ياشاۋاتقان بىر ئادەم ياشاپلا تۇرىدىكەن ئاچكۆزلۈك بىلەن ھوقۇق قوغلىشىدۇ». مۇنداقچە ئېيتقاندا ھوقۇق ئىرادە دېگەنلىكتۇر، ئىرادە ھوقۇقنى قولغا كەلتۈرگۈچى كۈچ دېگەنلىكتۇر. شەخسلەر ئۈچۈنمۇ شۇنداق، پۈتۈن بىر مىللەت ئۈچۈنمۇ ئەلۋەتتە شۇنداق بولىدۇ. بۇنداق كۆز قاراشنى تۆۋەندىكى پىكىر ئارقىلىق تېخىمۇ تولۇق ئىسپاتلىغىلى بولىدۇ. گىتلېر «ئادەم ھاياتى مەۋجۇدلۇق ئۈچۈن بولغان كۈرەشلەردە ئەڭ مەرتىۋىلىك ئورۇنغا ئېرىشىش ئۈچۈن ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقنى قولغا كەلتۈرۈشى لازىم» دېگەندەك، ھوقۇق قوغلىشىش ھەرگىز يامان ئىش ئەمەس. بەختكە ئىزدەنگەن، ئىزدىنىدىغان، بىختەرلىككە ئىزدەنگەن، ئىزدىنىدىغان ئادەملەر ھەرىكىتىنىڭ ئەقلىگە مۇۋاپىق نەتىجىسىدۇر. ياشلىرىمىز چۈشىنىشى كېرەككى ئاۋۋال مىللەتنىڭ قەد كۆتۈرۈش ھوقۇقنى قولغا كەلتۈرگەندىلا ئاندىن شەخسنىڭ ھوقۇق ـ تەلەپلىرى كاپالەتكە ئىگە بولىدۇ.

ھوقـۇق، ئىـرادە ئـاللاھ تەرىپىــدىن ئـادەملەرگە تەقسىــم قىلىــپ بېرىلگەنــدە پەرقسىـز ئىـدى. ئەممـا، خىتـاي جەمئىيىتىــدە قېلىپلاشـقان دەرىـجە، تەبەقە قاراشـلىرى ھوقۇقنىـڭ ۋە داۋاملىـق ھەرىـكەت قىلغـۇچى ئىرادىنىڭ پەرقسىز تەقسىم قىلىپ بېرىلگەنلىكىنـى ئېتىـراپ قىلمىـدى. شۇڭا شۇ دەرىجىگە، شۇ تەبىقىگە مەنسۇپ بولغـان خىتـاي مىللەتچىلىـرى خىتـاي جەمئىيىتىــدە دەرىـجە قاراشـلىرىنى، تەبەقە، مىلـلەت قاراشـلىرىنى كــۈچەيتىش ئــارقىلىق خىتــاي مىللىتىنىــڭ ئىمتىيــازىنى قوغــداپ، ھۆكــۈمرانلىقىنى مۇســتەھكەملەپ؛ دەرىــجە قاراشــلىرىنى شــەكىللەپ ئايلاندۇرۇش ھوقۇقلىرىدىن، تەبەقە بولۇپ، مىللەت بولۇپ تەشكىللىنىش ھوقۇقلىرىدىن، ئىرادىسىدىن مەھرۇم قىلىنغان، شۇلارغا مۇناسىپ بارلىق ئىمكانىيەتلەردىن يىراقلاشتۇرۇلغان ئۇيغۇرلارنى مەھكۇملۇققا بەند قىلىپ تامامەن ھۆكۈمرانلىق قىلىنغۇچى ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويىدى.

ئېتنىك، مەدەنىيەت، تىل، تۇرمۇش ئادەتلىرى جەھەتتە بىر ـ بىرىگە تۈپتىن ئوخشىمايدىغان ئىككى مىللەت ئۆزئارا قانـداق ئالاقىـدە بولۇشـى مـۇمكىن. ھوقـۇقى مۇناسـىۋەتلەر دائىرىسـىدە بىـرى يەنە بىـرىگە قانـداق مۇئـامىلە قىلىشـى مـۇمكىن. بىـرى يەنە بىرىنىـڭ يـاردىمىگە تايىنىشـى مۇمكىنمۇ؟ بۇ يەردە ئۆزئارا دۈشمەنلىك، مىللىي ئۆچمەنلىك، مۇستەملىكە بولۇش، مۇستەملىكە قىلىش مۇناسىۋەتلىرىدىن باشقا يەنە قانداق مىللىـي مۇناسىۋەتنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولىدۇ.

بۇ مۇناسىۋەتلەر دائىرىسىدە ئۇيغۇرلارغا ئىرادىنىڭ كـۈچىگە تايىنىـپ ھوقۇق قوغلىشىشتىن باشقا ھېچقانـداق نەرسـە ئېشىـپ قالمىـدى. ئـاللاھ ساڭا يار بولسۇن ۋەتەنداشلىرىم!

## قانداق كىشى ھۆكۈمران بولۇشى كېرەك

1999 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى

ھەرقانداق بىر دۆلەت، ھەرقانداق بىر مىللەت ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانىغا ئېھتىياجلىق بولىدۇ. بۇ ھۆكۈمران ئەقىل ۋە ئەمەلىيەت جەھەتتە ئەخلاق مىزاننى بىلىش، ئەمەل قىلىش جەھەتتە ھەددى ـ ھەرىكەتلەردە باشقا ھەرقانداق كىشىدىن ئېشىپ چۈشكەن بولۇشى شەرت. ئاللاھ ئۇنىڭغا ئاتا قىلغان ئالدىن كۆرەرلىك ئىقتىداردىن تولۇق پايدىلانغاندىن، ئىقتىدارىنى تولۇق ئىشقا سالغاندىن باشقا يەنە ئۇنىڭ ئەقلى تولۇق بولۇشى لازىم. ئەستە قالدۇرۇشى كۈچلۈك بولۇشى، ھۆكۈمرانىنىڭ مېڭىسى ئۆتكۈر بولۇشى، ھۆكۈمران بىلىمنى سۆيۈشى، يېمەك ـ ئىچمەكتە تەرتىپلىك بولۇشى، سەمىمىيلىكنى سۆيۈشى لازىم. ئادالەتنى سۆيۈشى، ھىمايە قىلىشى، قەتئىي ۋە باتۇر بولۇشى لازىم. ئۇنىڭدىن باشقا ھۆكۈمرانىنىڭ جىسمانىي ساغلام، قۇۋۋەتلىك ۋە يەنە ناتىق بولۇشى لازىم.

يۇقىرىقى قاراشلار فارابىغا مەنسۇپ بولۇپ، فارابى بۇ يەردە، يۇقىرىقى قاراشلاردا ئارىستوتىلنىڭ ئېتىكىلىق تەلىماتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ كۆزقاراشلىرى ئوتتۇرا ئەسىر ئىسلام شەرىئەتچىلىرىنىڭمۇ تەسىرىگە ئۇچرىغان ئىدى. بۇنىڭغا ئوخشاش ھوقۇق پەلسەپىسىگە ئائىت ئەقلىنىڭ دۇردانىلىرى بىر ھۆكۈمراندىن كۈتىدىغان ئۈمىد ۋە بىر ھۆكۈمرانغا قويۇلىدىغان تەلەپلەر دۆلەت قۇرغان ۋە دۆلەت قۇرىدىغان ئۇيغۇرلارغىلا تەئەللۇق ئىشتۇر.

## ئەگەر جۇڭگو پارچىلانسا...

1997 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى

يېقىندىن بېرى ئامېرىكا، جۇڭگو قۇرۇقلۇقىدىكى ئەنئەنىۋى ئائىلە مەدەنىيىتى مۇھىتىدا ياشاۋاتقان خىتايلارغا دېموكراتىك ئىدىيىلەرنى ئۆزلۈكسىز سىڭدۈرگەن ئىمىش. ئامېرىكىنىڭ مەدەنىيەت تورىدىكى توختالغاندا خې شىن: «بۇ مەدەنىيەت ھەقىقەتەنمۇ قەدىرلىك، قىممەتلىك بىر يۈرۈش سىياسىي مەدەنىيەت» دەپ كۆرسەتتى. ئەمما، مىللەتچى خې شىن: «ئامېرىكا جۇڭگوغا تونۇشتۇرۇپ كېلىۋاتقان سىياسىي تۈزۈم جۇڭگودا يولغا قويۇلىدىغانلا بولسا، بىر ـ بىرىگە تۈپتىن ئوخشىمايدىغان ئامېرىكا بىلەن جۇڭگونىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ئاساسلىرىمۇ ئوخشاش بولمىغانلىقتىن شۇنداق تۈزۈمنى جۇڭگولۇقلار قوبۇل قىلىدىغانلار بولسا، جۇڭگودا سىياسىي ئاجىزلىق ۋە چېچىلاڭغۇلۇق يۈز بېرىپ، مىللىي ئۆيۈشۈش ئىقتىداردىن ئايرىلىپ ئامېرىكىغا بېقىنىپ قالىدىغان ئىقتىدارسىز بىر ھۆكۈمەت ئوتتۇرىغا چىقىدۇ» دەپ قەيت قىلدى.

شۇڭا بۇ ھۆكۈمەت ئۆزىنىڭ نەزىرىدە جۇڭگو دۇچ كېلىۋاتقان خىلمۇخىل مۇرەككەپ ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلالماس« ئىمىش» ئىجتىمائىي داۋالغۇشنى ۋە جۇڭگونىڭ مىللىي دۆلەتلەرگە پارچىلىنىشىنى توسۇپ قالالماس«ئىمىش»... ئەگەر «شىنجاڭ» ـ تىبەت جۇڭگودىن بۆلۈنۈپ چىقىپ كەتسە، ئۇنداقتا جۇڭگونىڭ يەر مەيدانى 3\1گە ئازىيىپ كېتەر «ئىمىش» نۇرغۇنلىغان خىتاي نوپۇسى ئېشىپ قالغان زېمىنغا توپلىنىپ قالار «ئىمىش».

مۇبادا ئۇيغۇر ـ تىبەت ئاللاھ ئاتا قىلغان ھوقۇقلار بويىچە ئۆز تەقدىرىنى ئۆزلىرى بەلگىلەشكە ھوقۇقلۇق ئىكەن، خىتاي نوپۇسىنىڭ

كۆپ بولۇشى ۋە يەر ـ زېمىنىنىڭ تار بولۇشى بىلەن ئۇيغۇر ـ تىبەت خەلقلىرىنىڭ نېمە ئالاقىسى بار؟ قۇدرەت ئىگىسى ئۇيغۇر ـ تىبەت مىللەتلىرىگە: زېمىنىڭلارنى خىتايغا بېرىپ خالىساڭلار قۇل بولۇپ، خالىساڭلار دېدەك بولۇپ ياشاڭلار دەپ بۇيرۇق چۈشۈرمىگەن ئىدىغۇ؟! يەنە شۇ قۇدرەت ئىگىسى ئۇيغۇر ـ تىبەت مىللەتلىرىنىڭ پېشانىسىگە: ئاچ قالغان خىتايلارنى، پارىخور ـ خىيانەتچى خىتايلارنى بېقىڭلار دەپ يېزىپ قويمىغان ئىدىغۇ؟!

## ئەگەر جۇڭگو پارچىلانسا...

1997 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى

خې شىن: «جۇڭگونىڭ دېڭىز بويلىرىدا سانائەت تەرەققىي قىلغان، ئەمگەك كۈچلىرىگە باي، تېخنىكىسى ئىلغار، مەبلىغى يېتەرلىك... مەدەنىيەت سەۋىيىسى ئۈستۈن...» دەيدۇ. ئۇيغۇرلارنى، تىبەتلەرنى ئېغىزغا ئېلىپ ئۆتكەن مىللەتچى خې شىن: «شىنجاڭ بىلەن تىبەتنىڭ زامانىۋىلىشىش ئېھتىياجىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئەمگەك كۈچى (ئىشسىز قالغان ئۇيغۇرلار كىمدۇر) ۋە مەبلەغ يېتىشمەيدۇ، سانائەت ۋە تېخنىكا تەرەققىي قىلمىغان، ئەمما يەر ئاستى بايلىقى ئىنتايىن مول» دەيدۇ.

سوراپ باقايلۇق «يەر ئاستى بايلىقى ئىنتايىن مول»، ئۇيغۇر ۋە تىبەت خەلقلىرىنىڭ «تېخنىكا كۈچى، مەدەنىيەت، بىلىم سەۋىيىسى، سانائەت مەشغۇلاتلىرى» نېمە ئۈچۈن تەرەققىي قىلمىدى؟ ھوقۇقسىز مىللەتنىڭ ئەمگەك شارائىتلىرىدىن بەھرىمەن بولۇش ياكى ئەمگەك شارائىتىنى يارىتىش ھوقۇقمۇ يوق، دېسەڭچۇ! مىللەتچى! ئۇيغۇر ـ تىبەت خەلقلىرىگە بارلىقىنىڭ «نىجاتكارى» خىتاي كوممۇنىستلىرى رەھبەرلىك قىلالىتتىغۇ؟! خىتاي كوممۇنىستلىرى قىبلىنامە قىلغان ماركسىزمنى ياراتقۇچى ماركس «ھەربىر كىشىنىڭ ئەتراپلىق تەرەققىي قىلىشى» دېگەن بىر جۈملە ئىبارىنى ئىشلەتكەن، ئىجاد قىلغان ئىدىغۇ؟ شۇنداق ئىكەن، دېڭىز بويلىرىغا جايلاشقان خىتايلار تەرەققىي قىلالىدى، نېمىشقا ئۇيغۇرلار ـ تىبەتلەر تەرەققىي قىلالمىدى؟ مۇستەملىكە... مۇستەملىكە، نېمىشقا بۇ ئۇقۇمنى ئېغىزغا ئېلىپ باقمايسەن خىتاينىڭ مىللەتچىسى! خىتاي كوممۇنىستلىرى مىللىتى خىتايلارغا ماركسىزمنى تەتبىقلاپ، ماقۇل

دېسەڭ ھايات قالىسەن، ماقۇل دېمىسەڭ ھالاك بولىسەن دەيدىغان ئىجتىمائىي دارۋىنىزمنى ئۇيغۇرلارغا، تىبەتلەرگە تەتبىقلىغان بولامدۇ؟

مىللەتچى خې شىنىنىڭ «نەزەرىيىلىرى» بىزگە: مىللىي زۇلۇم بىلەن مىللىي تەڭلىكنىڭ، مىللىي ھۆكۈمرانلىق بىلەن مىللىي مەھكۇملۇقنىڭ، تەرەققىيات بىلەن تالان ـ تاراج قىلىشنىڭ، ھوقۇق بىلەن ھوقۇقسىزلىقنىڭ، خورلاش بىلەن خورلىنىشنىڭ، ھاقارەت بىلەن مىللىي غۇرۇرنىڭ، مىللىي ئاسسىمىلياتسىيە بىلەن ئىسيانكارلىقنىڭ زىددىيەتلىك پەرقلىرىنى ئۆگەتتى.

## ئەگەر جۇڭگو پارچىلانسا...

1997 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى

مىللەتچى خىتاي شىننىڭ نەزىرىدە: «ئەگەر ئۇلار (تىبەتلەر ۋە ئۇيغۇرلارنى دېمەكچى) ئانا ۋەتەن جۇڭگودىن ئايرىلىپ چىقىپ كېتىدىكەن، «ئۇيغۇرىستان» بىلەن تىبەتنىڭ دېڭىزغا چىقىش ئېغىزى يوق بولغاچقا يېتىم ھالەتكە چۈشۈپ قېلىپ قالاق ۋە باشقىلاردىن ئايرىلىپ قالغان ئىچكى قۇرۇقلۇقتا يېتىم ئارالغا ئايلىنىپ قالار» ئىمىش.

دېڭىز بويلىرىغا ئىگە، دېڭىزغا چىقىش ئېغىزى بار جۇڭگو 1949 ـ يىلى دۆلەت قۇرغان كۈندىن باشلاپ 1972 ـ يىلغىچە نېمىشقا «يېتىم ھالەتكە» چۈشۈپ قالغاندى، يەنە نېمىشقا «يېتىم ئارالغا» ئايلىنىپ قالغاندى، دېڭىز نېمىشقا جۇڭگولۇقلارنى «يېتىم ھالەتتىن، يېتىم ئارالغا ئايلىنىپ قېلىش»تىن قۇتقۇزۇپ قالالمىدى. خې شىن ئەپەندى؟ ئاخىرى جۇڭگولۇقلارنى كىم قۇتقۇزدى؟ تەلەيلىرىگە، پىكىرلىرىگە «ياق» دەپ جاۋاب بەرگەن ئامېرىكىلىقلار جۇڭگولۇقنى قۇتقۇزۇپ قالمىدىمۇ؟ 1972 ـ يىلى جۇڭگوغا تەشەببۇسكارلىق بىلەن قولنى ئۇزاتقان ئامېرىكىلىقلار قۇتقۇزۇپ قالمىدىمۇ؟ 1979 ـ يىلى جۇڭگو بىلەن دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورنىتىپ ئامېرىكىلىقلار جۇڭگونى «يېتىملىكتىن» قۇتقۇزۇپ قالمىدىمۇ؟ بۇ يەردە دېڭىز ۋە ئېغىز رول ئوينىمىدىغۇ؟ خې شىن جانابلىرى!

ئافرىقا قۇرۇقلۇقىنىڭ ئىچكى قىسمىغا جايلاشقان ئىگىلىك ھوقۇقلۇق دۆلەتلەرنىڭ مىللىي مۇستەقىللىقىغا نەزەر تاشلاڭ ئەپەندىم. ئۇ دۆلەتلەرنىڭ ھەرقانداق بىر دۆلەتلەرگە ئېھتىياجى يوق. پەقەت دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورنىتىشتىن باشقا، دېڭىزغا چىقىش ئېغىزى

بولمىغانلىقتىن بۇ دۆلەتلەر خىتاينىڭ مۇستەملىكە قىلىشىنى تەلەپ قىلىشى كېرەكمىدى؟ ھەرقانداق ئېھتىمالنىڭ ئافرىقا دۆلەتلىرىگە زۆرۈرىيىتى يوق.

ئۇيغۇرلارنىڭ، تىبەتلەرنىڭ دۆلەت قۇرۇشىغا مۇناسىۋەتلىك دېگىز ئېغىزى توغرىسىدا ئارتۇقچە غەم قىلماڭ ئەپەندىم. ۋاختانىۋاخ يېتىپ ئاللاھ نۇسرەت بېرىپ ئۇيغۇرلار دۆلەت قۇرغاندا، بۇ دۆلەت ھەربىي كۈچكە تايىنىپ لىيەنيۈن گاڭنى دېڭىزغا چىقىش ئېغىزى قىلىپ تاللىۋېلىشى مۇمكىن. بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ قانۇن ـ نىزامنامىلىرىدە بېكىتىلگەندەك ئىچكى قۇرۇقلۇقتا جايلاشقان دۆلەتلەرنىڭمۇ دېڭىز ـ ئوكيانلاردىن پايدىلىنىش ھوقۇقى بولىدۇ، ئەپەندىم.

«شىنجاڭ (ئۇيغۇرىستان) تىبەتلەر ئايرىلىپ چىقىپ دۆلەت قۇرسا نېمە ياخشىلىققا ئېرىشىدۇ؟» ئوھوي! سادىغاڭ كېتەي خىتاي «مەنتىقىسى»؟ خىتايلار ـ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ئەينى چاغدا موڭغۇللارنىڭ مىللىي مۇستەملىكىچىلىكىدىن قۇتۇلۇپ قانداق ياخشىلىققا ئېرىشتى، مانجۇلارنىڭ ۋە ياپونلارنىڭ مىللىي مۇستەملىكە قېلىشىدىن قۇتۇلۇپ، خىتاي مىللىتى قانداق ياخشىلىققا ئېرىشكەن بولسا، ئۇيغۇرلار ۋە تىبەتلەر خىتاينىڭ مۇستەملىكە قىلىشىدىن قۇتۇلۇپ، ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ ياخشىلىققا ئېرىشىدۇ. بۇ نۇقتىنى بىر مىللەتچى خىتاي قانداق تەسەۋۋۇر قىلالىسۇن.

## خىتاي

1997 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى

خىتاينىڭ دۆلەت قۇرۇش، دۆلەت باشقۇرۇش ئەنئەنىسى نېمە؟ بۇ ساھەدە ئەنئەنە دېگۈدەك زادى قانداق ئەنئەنىسى بار؟ ئادەم ـ ئادەمنى باشقۇرۇش؛ گۇرۇھۋازلىق، مەزھەپچىلىك، دۆلەتنىڭ ئالىي ھوقۇقنى سۈيىقەست بىلەن قولغا چۈشۈرۈۋېلىش؛ يېقىنلىرىنى، تۇغقانلىرىنى، خۇشامەتچىلەرنى ھوقۇقتا ئىگە قىلىش، ئۇيۇشۇش، تەشكىللىنىش كۈچىگە ياندىشىۋالغان «پارتىيە» شەكىللىرىنى سىرتتىن كۆچۈرۈپ كېلىش، ئومۇمىي پۇقرانىڭ ئەمەس شەخسنىڭ ئىرادىسىنى قانۇنغا ئايلاندۇرۇش؛ بۇددا دىنىنىڭ تۇرمۇش ئەقىدىلىرىگە، پەلسەپىۋى قاراشلىرىغا ئەسلا توغرا كەلمەيدىغان مەسىلەكنى تاشقىي دۇنيادىن ئىمپورت قىلىش، تاشقى دۇنيانىڭ قىممەت قارشى، دېموكراتىيىسىنى بولسا ئۈزلۈكسىز رەت قىلىش ۋەھاكازا. بۇلار ئەلۋەتتە خىتاينىڭ دۆلەت باشقۇرۇش ئەنئەنىسىدۇر. چۈنكى مەندىن ئىبىتقاندا خىتايلارنىڭ دۆلەت باشقۇرۇش ئەنئەنىسى خىتاينىڭ تارىخى ھۆكۈمرانى مانجۇلار قالدۇرۇپ كەتكەن تەجرىبىلەردىن تەشكىللەنگەن ئەنئەنىدۇر.

ئەنە شۇنداق ئەنئەنە مۇھىتىدا دۆلەت قۇرغان ماۋ زېدۇڭ ئۆلگەندىن كېيىن تەختكە چىققان دېڭ شياۋپىڭ ماۋ زېدۇڭنىڭ شەكلى ئۆزگەرگەن پادىشاھلىق تۈزۈمگە ۋارىسلىق قىلىپ، ئۇ 1980 ـ يىللاردىن باشلاپ دۆلەتنىڭ سىياسىتىنى ئۆزگەرتىشكە باشلىدى. خۇ ياۋباڭنى نېمە ئۈچۈن تەختتىن چۈشۈرۈۋەتتى؟ جۇڭگو، ئامېرىكا ئىككى دۆلەت 1979 ـ يىلى 1 ـ ئايدا دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقاندىن كېيىن، خۇ ياۋباڭ تىبەت توغرىسىدا (6) ماددىلىق سىياسەت، «شىنجاڭ» (ئۇيغۇرىستان) توغرىسىدا

(6) ماددىلىق سىياسەت بەلگىلەپ، ئوخشاشلا بىر ۋاقىتتا تىبەتتىن، ئۇيغۇرىستاندىن چېكىنىپ چىقىشنى قارار قىلغان ئىدى. خىتاي مىللەتچىسى دېڭ شياۋپىڭ خۇ ياۋباڭنى تەختتىن چۈشۈردى ۋە ئۇ بەلگىلىگەن سىياسەتنىمۇ بىكار قىلدى.

## بۈگۈن

1997 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى

بۈگۈن ئۇيغۇرلار ئۈچۈن ئىنتايىن ئەھمىيەتلىك بىر كۈن بولدى. 19 ـ ئەسىر ۋە 20 ـ ئەسىرنىڭ 50 ـ يىللىرىغىچە رۇسىيىلىك موژىكلار بىلەن بىرىتانىيىنىڭ، رۇسىيىلىك موژىكلار بىلەن مانجۇ ـ مەنچىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ، كېيىنچە رۇسىيىلىك موژىكلار بىلەن گومىنداڭ خىتايلىرىنىڭ، لېنىن ـ ستالىن رۇسىيىسى بىلەن كوممۇنىست خىتايلارنىڭ تالاش ـ تارتىشىغا، زېمىن، تەسىر دائىرە تالىشىشىغا ئوبيېكت بولغان ۋە خۇددى ئاسىيادىكى پولشىغا ئايلىنىپ قالغان؛ خىلمۇ خىل كىشىلەرگە، ئېيتقىلى بولمايدىغان مەقسەتلەرگە ئىگە چەت ئەل سىياسىي كۈچلىرى ئېلىشىدىغان زېمىنغا ئايلىنىپ قالغان ئۇيغۇرىستان؛ رۇسىيىلىك موژىكلار بىلەن خىتايلارنىڭ دىپلوماتىيە ساھەسىدە بىر ـ بىرىنى تىزگىنلەش ئۈچۈن يەمچۈك بولۇپ بەرگەن ئۇيغۇرىستان ئۈچۈن ئېيتقاندا ئالاھىدە ئەھمىيەتلىك بىر كۈن بولۇپ قالدى. بۈگۈندىن باشلاپ ئۇيغۇرىستاننىڭ يېڭى دەۋر تارىخىنىڭ بىر بېتى ئېچىلغاندەك بولدى. ئۇيغۇرلارغا ئۇيغۇر تىلىدا رادىئو ئېچىپ بېرىش توغرىسىدا ئامېرىكا كونگىرىسى ماقۇللىغان قانۇن لايىھىگە پىرىزدىنت كىلىنتون ئىمزا قويدى.

مانجۇلارنىڭ مىللىي ھۆكۈمرانلىقى ئاغدۇرۇلغان جۇڭگودا، گومىنداڭ پارتىيىسىنىڭ ۋەكىلى سۈن جۇڭسەننىڭ نەزىرىدە ئۇيغۇرىستاننى جۇڭگوغا قوشۇۋېلىش، جۇڭگونىڭ كەلگۈسى دۆلەت قۇرۇش مەنزىرىسىدە ئىنتايىن ھالقىلىق رول ئوينايتتى. سۈن جۇڭسەن «رۇسىيە بىلەن بىرلىشىش» سىياسىتىنى ئوتتۇرىغا قويغاندىن كېيىن ستالىن، لېنىن

قاتارلىق ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ رەھبەرلىرى سىياسىي، ئىقتىسادىي، ھەربىي ساھەلەردە جۇڭگوغا ياردەم بېرىشتىن ئىلگىرى ئاۋۋال چارروسىيە ئۇيغۇرلارنى ھوقۇق قەسىرىگە يولاتماي 1911 ـ يىللىرىدىن باشلاپلا مىلىتارىستلار ئارقىلىق ئۇيغۇرىستاننى كونتروللۇقى ئاستىغا ئالغان ئىدى. ئۇيغۇرىستان قارىماقتا گومىنداڭغا تەۋە ئەمەلىيەتتە چارروسىيە ۋە لېنىن ـ ستالىن روسىيىسىنىڭ كونتروللۇقىدىكى بىر ئۆلكىگە ئايلىنىپ قالغان ئىدى.

جياڭ جېشى ۋە ئۇنىڭ خوتۇنى سوڭ مېيلىنىڭ يېلىنىپ يالۋۇرۇشى (بۇ خوتۇن 1943 ـ يىلى ئامېرىكا كونگرىسىدە دوكلات بەرگەن ئىدى) تىز پۈكۈپ تەلەپ قىلىشلىرىغا ماقۇل بولغان، ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا، ياپونىيىگە قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە، جۇڭگونى ئۇرۇش مەيدانىغا ئايلاندۇرۇش نىيىتىگە كەلگەن ئامېرىكا پرېزىدېنتى روزۋېلتنىڭ ئارىلىشىشى ئارقىلىق (قاھىرە يىغىنىدا جياڭ جېشى شىنجاڭ مەسىلىسىنى روزۋېلتنىڭ سەمىگە سېلىپ قويغان ئىدى. شۇ ۋاقىتتا سوڭ مېيلىڭ روزۋېلتقا ئەركىلەپ بەرگەن. قولۇمدا تەپسىلىي ماتېرىيال بولمىغاچقا پارچە ـ پۇرات ماتېرىياللارنى ئوقۇپ ئېسىمدە قالغىنى بويىچە يېزىۋاتىمەن بۇ قۇرلارنى) روسىيە بىلەن خىتاينىڭ دىپلوماتىك مۇناسىۋىتى ياخشىلىنىشقا يۈزلەندى. روزۋېلتنىڭ ئۇنىڭدىن كېيىن ترۇمىننىڭ تەسىر كۆرسىتىشى ۋە يالتا سىستېمىسىنىڭ پرىنسىپلىرىغا ئەمەل قىلىپ، 1945 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى موسكۋادا «جۇڭگو ـ سوۋېت دوستلۇق ئىتتىپاقداشلىق شەرتنامىسى» ئىمزالاندى. شەرتنامىنىڭ روھىغا ئاساسەن ستالىن ئۇيغۇرىستاننى خىتاي گومىنداڭ ھۆكۈمىتىگە قوشۇپ

بەرگەن، جىياڭ جېشى خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇيغۇرىستاننى تېررىتورىيىسىگە قوشۇۋېلىشقا يەنە بىر قېتىم مۇۋەپپەق بولغان ئىدى.

1950 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى ستالىن بىلەن ماۋ زېدۇڭ ئوتتۇرىسىدا يەنە شۇنداق بىر شەرتنامە «جۇڭگو ـ سوۋېت شەرتنامىسى» ئىمزالاندى. بۇنىڭ ئۈچۈن ستالىن، ماۋ زېدۇڭ ئىككى مۇستەبىت قەدەھ كۆتۈرۈشتى.

ستالىن «جۇڭگو ـ سوۋېت شەرتنامىسى» يېڭى شەرتنامە بولۇشى، يالتا كېلىشىمى بىلەن چاتىقىمىز بولماسلىقى كېرەك دەپ كۆرسەتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن ستالىن سۆھبەتكە ئالاقىدار سىياسىي شەرتلەر ئورنىدا: «3 ـ دۆلەت پۇقرالىرىنىڭ جۇڭگونىڭ شەرقىي ـ شىمالىغا كىرىشىگە رۇخسەت يوق؛ 3 ـ دۆلەت پۇقرالىرىنىڭ جۇڭگونىڭ شەرقىي ـ شىمالىدا ۋە شىنجاڭ (ئۇيغۇرىستاندا) دا ئولتۇراقلىشىشىغا رۇخسەت يوق» دەپ كۆرسەتتى. 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، سوۋېتلار رۇسىيىسى ۋە ئامېرىكا، جۇڭگوغا كۆز تىكىشكە باشلىدى. ئامېرىكىلىقلارنىڭ جۇڭگونىڭ شەرقىي شىمالىي ۋە ئۇيغۇرىستانغا كىرىپ ئولتۇراقلىشىشى ستالىن ئۈچۈن ئېيتقاندا ئىنتايىن سەزگۈر مەسىلە بولۇپ قالغان ئىدى. (1945 ـ يىلى گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزگەندە ستالىن بۇ مەسىلىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن) (بۇ مەزمۇنلار ستالىن ۋە ماۋ زېدۇڭ دېگەن كىتابتىن ئېلىندى).

ستالىن ئۆلۈپ كەتتى، ماۋ زېدۇڭ ئۆلۈپ كەتتى، مۇستەبىتلەرنى زامان ـ ۋاقىت يوقاتتى. ستالىن ۋە ماۋ زېدۇڭ جۇڭگونىڭ شەرقىي شىمالىدا ۋە شىنجاڭ (ئۇيغۇرىستان) دا ئولتۇراقلىشىشىغا رۇخسەت قىلمىغان

ئامېرىكىلىقلار ئەمدى بۇگۈن ئەركىن ئاسىيا رادىئو ئىستانسىسىنىڭ قارمىقىدا ئۇيغۇرلارغا ئۇيغۇر تىلىدا رادىئو ئېچىپ بەرمەكچى بولدى. ئامېرىكىلىقلارنىڭ قىممەت قارىشى، ئامېرىكىنىڭ دېموكراتىيىسى، ئامېرىكىنىڭ سىياسىي مەدەنىيىتى تۇنجى بولۇپ ئۇيغۇر تىلى ئارقىلىق ئۇيغۇرىستانغا يېتىپ بارىدىغان بولدى. بۇنىڭ ئارقىدىنلا ئامېرىكىلىقلارمۇ ئۇيغۇرىستانغا يېتىپ بېرىشى مۇمكىن، ئەسلى دۇنيا شۇنداق قائىدىلەر بىلەن تۈزۈلگەن دۇنياغۇ؟ رادىئودا كىم ئىشلەيدۇ، خىتاي ئەۋەتكەن جاسۇسلارمۇ ياكى ئۇيغۇرنىڭ ئەخلاقلىق ئوغۇل ـ قىزلىرىمۇ؟ خۇدا بىلىدۇ!!!

دۇنيادا...

1997 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى

دۇنيادا غەلىتە ئىشلار ئىنتايىن كۆپ بولىدۇ. شۇڭا كىشىلەر «ئىشلار» دېگەن پېئىلنىڭ ئالدىغا «غەلىتە» دېگەن سۆزنى قوشۇپ جۈملە تۈزۈشكە ئادەتلەنگەن. «غەلىتە قىلىق»، «غەلىتە ئىشلار»، «غەلىتە سۆز ـ ئىبارىلەر» ھازىرقى دۇنيادا خىتاينىڭ ئەمەلىيىتىگىلا خاس بولسا كېرەك. چۈنكى خىتاينىڭ ئەجدادىدىن ھازىرقى ئەۋلادىغىچە دۇنيادا مەنتىقە دېگەن نەرسىنىڭ بارلىقىنى بىلمەيدۇ.

خىتاينىڭ رەئىسى جياڭ زېمىن 12 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى مېكسىكىلىق مۇخبىرلارنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاب بەرگەندە، «سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىنى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتمەكچى بولۇۋاتىمىز... كىشىلەرنىڭ دېموكراتىك تاللىشىغا كاپالەت قىلماقچى بولۇۋاتىمىز...» دەپ جاۋاب بەردى. قىزىقى شۇ يەردىكى دېموكراتىيە توغرىسىدا توختىلىۋاتقان جياڭ زېمىن 180 گرادۇس ئۆزگىرىپ، جۇڭگو تۇپرىقىدىكى يەر كۆلىمى دۇنيا تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنىڭ 7% نى تەشكىل قىلىدۇ... جۇڭگودا ھەر يىلى 12 مىليون نوپۇس كۆپىيىدۇ. بىز جۇڭگولۇقلار دۇنيادا ھەرقانداق بىر دۆلەت دۇچ كەلمىگەن چوڭ بىر مەسىلىگە دۇچ كەلدۇق... بۇ مەسىلە بىزنىڭ بېشىمىزنى ئاغرىتماقتا، دېگەن.

ئاھالە نوپۇس بىلەن يەر ـ زېمىننىڭ ئوڭ تاناسىپلىق ۋە تەتۈر تاناسىپلىق مۇناسىۋەتنى جياڭ زېمىنغا كىم ھەل قىلىپ بەرمەكچى؟ مەن بۇ قۇرلارنى ئوقۇۋاتقان چېغىمدا ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدىكى جياڭ جېشى ئېسىمگە كەلدى. جياڭ جېشى شۇ چاغدا ئىنتىپاقداش دۆلەت باشلىقلىرىغا ئۆزى ياكى دىپلوماتىك يوللار ئارقىلىق: «شىنجاڭ

ياكى مانجۇرىيىنى جۇڭگو زېمىنىغا قوشۇپ بەرمەيدىكەنسىلەر، مەن ياپونىيىگە تەسلىم بولىمەن» دېگەن ئەمەسمىدى؟ ھەتتا شاڭگاڭدا ياپونىيە ھەربىي تەرەپ بىلەن جۇڭگو ھەربىي تەرەپ مۇشۇ مەسىلە توغرىسىدا (تەسلىم بولۇش توغرىسىدا) سۆھبەت ئۆتكۈزگەن ئەمەسمىدى، ئامېرىكىلىق سىياسىيونلارغا شۇ ئارقىلىق بېشارەت بەرگەن ئەمەسمىدى؟ جياڭ جېشىنىڭ ئەۋلادى جياڭ زېمىن بۈگۈن بۇنچە كۆپ پاقىنى قەيەردە باقىمەن، دېيىش ئارقىلىق نېمە دېمەكچى؟ بۇ سۆزلەرنىڭ يوشۇرۇن مەنىسى نېمە؟

بىر بۆيۈك دۇنياۋى ئېقىم ـ «مىللەتلەرنىڭ مۇستەقىل بولۇشى»، «دۆلەتلەرنىڭ ئازاد بولۇشى» مىللەتلەرنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزلىرى بەلگىلىشى شىددەتلىك سىياسىي تاشقىنغا ئايلىنىپ، جۇڭگونىڭ بوسۇغىسىغا بېسىپ كەلگەندە، جياڭ زېمىن سەل ئالدىغا چۈشۈپ قالغان چاشقاندەك بىر ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغاندەك كۆرۈندى. كەچۈرۈڭ جياڭ زېمىن جانابلىرى ئۇيغۇر خەلقى ئەمدى خىتاي كۆچمەنلىرىنى باقالمايدۇ.

## ئۇيغۇرلار

1997 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى

ئۇيغۇرلار سىياسىي ساپاسى تۆۋەن، خەلقئارا سىياسەتتىن خەۋىرى يوق دېيەرلىك، مەسىلىلەرگە يولۇققاندا سالماقلىق، ئەقلى مۇئامىلە قىلماي كۆپرەك ھېسسىياتقا تايىنىپ ئىش كۆرىدىغان بىر خەلق بولۇپ قالدى. خىتاي مىللىي ھۆكۈمرانلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي تەربىيىلىنىشكە كېرەك بولغان ئىجتىمائىي، سىياسىي مۇھىتنى يوق قىلىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىيغا ئارىلىششىغا مۇتلەق يول قويمىدى. مەسىلەن: بىر تاۋۇز ئوغرىلاپ قولغا چۈشكەن ئۇيغۇرغا ئۆلۈم جازاسى بېرىلدى. 300 مىليون خىيانەت قىلغان بېيجىڭنىڭ شەھەر باشلىقى چېن شىتۇڭغا 16 يىللىق قاماق جازاسى بەردى. ئۇيغۇرلار نېمە ئۈچۈن دەپ، سوئال قويالمىدى. سىياسىي ئاڭ يوق ئىدى. سىياسىي ئاڭ يوق ۋۇجۇدتىن ئەلۋەتتە جۈرئەت، شىجائەت دېگەننىڭ قارىسىنىمۇ ئىزدەپ تاپقىلى بولمايتتى. جۈرئەتلىك، شىجائەتلىك ئۇيغۇر يىگىتلىرىمۇ ئوتتۇرىغا چىقتى. بىراق يۇقىرىقى ئاڭسىز خەلقنىڭ قوللىشىغا ئېرىشەلمىگەنلىكتىن خىتايلارنىڭ قولىدا بىر ـ بىرلەپ ھالاك بولدى.

ئەمما، خىتاينىڭ مىللىي ھۆكۈمرانلىقىدىكى جەمئىيەت ئۇيغۇرلارنى تەربىيىلىمەكتە. مەقسەت بىلەن رېئاللىق ئوتتۇرىسىدىكى سۈركىلىش ئۆلغىيىۋاتقان مىللىي زىددىيەتلەر ئۇيغۇرلارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرمەكتە. گەرچە ئۇيغۇرلار ئالىي مائارىپ تەربىيىسىگە ئېرىشەلمىگەن بولسىمۇ ئىجتىمائىي ئالىي مەكتەپلەرنى تولۇق دەرىجىدە پۈتتۈرمەكتە.

ئۇيغۇرلار بىر قېرى مىللەت، ئوخشاشلا بىر تەرسا  مىللەت. ئۇنىڭ قېرىلىقى ــ تارىخ ۋە هاياتلىق قەيەردىن باشلانغان بولسا شۇ يەردە ئۇيغۇرلار بار ئىدى دېگەنلىكتۇر. زوراۋان، ياۋايى، ئەخلاقسىز، مەدەنىيەتسىز ئاچكۆز مىللەت خىتاينىڭ ئاسسىمىلياتسىيە سىياسىتىنى تۈرلۈك قارشىلىق كۆرسىتىش ئارقىلىق رەت قىلغانلىقى، ئۇيغۇرلارنىڭ ئالقىشلاشقا ئەرزىيدىغان تەرسالىقىدۇر. ئەنە شۇنداق تەرسالىق ۋە ئىسلام دىنى ئېتىقادى بۇ مىللەت ئۇيغۇرلارنى هالاكەتتىن ساقلاپ كەلمەكتە. هازىرقى كۈندە ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇشىدا ئادەت قاراشلىرىدىن باشقا هېچقانداق بىر يېڭىلىق يوق. شۇڭا ئۇيغۇرلارنىڭ مەسىلىلەرنى ئاڭقىرىشىغا، بىلىشىگە، تەپەككۇر قىلىشىغا توسقۇنلۇق قىلىۋاتقان ئادەت كۈچلىرىمۇ، ئادەت كۈچلىرىنىڭ هىمايىچىلىرى هەم بەزى ئۇيغۇر ئادەملەرنىڭ خاراكتېرىنىڭ مەهسۇلاتى هېسابلانغان ئەقىدىۋازلارچە مەنمەنلىك، ئۆزۈمچىلىك، شەخسىيەتچىلىك، كوللېكتىپ جەمئىيەت قارشىنىڭ كەملىكى مۇستەملىكە بولۇپ قالغاندىن تارتىپ تاكى هازىرغىچە ئۇيغۇرلارنىڭ مەنىۋىيىتىنى تەشكىللىگۈچى ئىجتىمائىي ئامىللار بولۇپ قالدى.

## رابىيە قادىرنىڭ مىڭ ئانا شىركىتىنى قۇرۇپ چىقىشى

1997 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى

بۈگۈن رابىيە قادىر، رابىيە قادىر سودا سارىيىنىڭ 6 ـ قەۋىتىگە 200 نەپەر ئۇيغۇر ئايالنى سۆھبەتكە چاقىردى. بۇ ئاياللار بىر يەرگە جەم بولۇپ، زىياپەت ئۆتكۈزدى. سۆھبەتلەشتى، مۇڭداشتى «1000 ئانا شىركىتى» قۇرماقچى بولۇشتى.

بۇ زىياپەتكە، يىغىلىشقا ئائىلە ئاياللىرى، خىتاي تەقسىم قىلىپ بەرگەن چوڭ ـ كىچىك ئەمەلدارلارغا ئېرىشكەن «ئەمەلدارلار»نىڭ ئاياللىرى، زىيالىي ئاياللار، ئىشسىز، جەمئىيەتكە تاشلىنىپ قالغان ئاياللار، ياشانغان چوكانلار، ياش جۇۋانلار، يەنە باشقا خانىم ـ قىزلار دەۋەت قىلىنغان ئىدى.

زىياپەتتە رابىيە قادىر ئالدى بىلەن نۇتۇق سۆزلىدى:

ھۆرمەتلىك ئۇيغۇر ئاياللىرى،

ھۆرمەتلىك ئۇيغۇر خانىم ـ قىزلار!

ــ تەشكىللىنەيلۇق، ھەممىمىز بىرلىكتە بۈگۈن ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ «1000 ئانا شىركىتى»نى قۇرۇپ چىقىمىز. ئوبوروتقا قاتناشتۇرۇلماي قولۇڭلاردا ساقلىنىپ تۇرغان مەبلەغنى بىر يەرگە توپلاپ، تىجارەتكە ئىشلىتىپ، كۆچمەس مۈلۈك ئۆي ـ ئىمارەت تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىمىز، قىسقىسى پۇل تاپىمىز.

پۇل دېگەن نېمە؟ پۇل ئالىي تاۋار، لېكىن ئارىمىزدا بەزى سوپىستىك تەركى دۇنياچىلىققا بېرىلىپ كەتكەن كىشىلەر ئەمەلىيەتتە ئەسىرلەر داۋامى تۇرمۇشنى قانداق تەشكىللەشنى، تۇرمۇشنىڭ زادى قانداق نەرسە ئىكەنلىكىنى بىلمەي ئۆتكەن كىشىلەر ئىدى. قىزىقى شۇ يەردىكى تېخى

تۇنۇگۈنگىچە ھەتتا 20 ـ ئەسىرگە قەلەم كۆتۈرۈپ كىرگەن شائىرلىرىمىز ۋە ھازىرمۇ بىر تال قەلەم بىلەن بىللە ياشاۋاتقان شائىرلىرىمىز ھەم «پۇلنىڭ كەينىگە كىرمەڭلار»، «پۇل ھەر ياققا باشلايدۇ» دەپ، يېزىپ مىسرالارنى تىزىپ چىققان بولسا، يەنە بەزى زىيالىيلىرىمىز «پۇلنىڭ كەينىگە كىرمەي باللىرىمىزنى ئوقۇتالىلى؟» دەپ، يېزىشتى. بۇلار ئەقىللىقمۇ؟ بىزنىڭ زىيالىي ئادەملىرىمىزمۇ، ـ بۇ؟!

باللىرىڭنى ئوقۇتماقچى بولۇشۇپسەن، پۇل بولمىسا قايسى يول بىلەن ئوقۇتىسەن؟ سېنىڭ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان باللىرىڭغا بىر كىشى دەپتەر ـ قەلەمنى بىكارغا تارقىتىپ بېرەمدىكەن؟ تۇرمۇشچۇ؟ ئىنسانىنىڭ تۇرمۇشى نېمىگە تايىنىپ داۋاملىشىدۇ، كونا زامانىنىڭ ئېتىقادچىلىرىدەك خەق ئېتىپ بەرگەن ئۇماچنى ئىچىپ، تاشلاپ بەرگەن ناننى غاجاپ خانىقالاردا ساپايە چېلىپ ئولتۇرىمىزمۇ؟ تىلەمچىلىك تاۋۇقنى كۆتۈرۈپ مەسجىدلەرنىڭ پەشتاقلىرىغا يامىشىمىزمۇ؟ بىز كىمدىن نېمە تىلەيمىز... بۇ دۇنياغا يارالغاندا تىلەمچى مىللەت بولۇش ئۈچۈنلا يارالغانمىدۇق؟ بىر كۈنلۈك ئۈچ ۋاخ تامىقىمىز ئۈچۈن تىلەمچىلىك قىلساق، ئەتىكى تۇرمۇشىمىزچۇ؟ كىم بىزگە سەدىقە ئاتا قىلىدۇ؟ بەزىلەر تارىخنى، تەرەققىياتنى بەلگىلەيدىغان مىللەت بولۇپ ئوتتۇرىغا چىقىشتى. ئۇيغۇرنىڭ ھاياتنى «بەلگىلەيدىغان» كىشىلەر ھازىر بىزنىڭ كەلگۈسىمىزنىڭ قانداق بولۇشىنى ھەم «بەلگىلەپ بولدى». بىز ئۇيغۇرلار ھازىر ھايات ـ ماماتنىڭ كۈرەشلىرى ئىچىدە ياشاۋاتىمىز... كەلگۈسىمىزنى ئۆزىمىز يارىتىشىمىز كېرەكمۇ، يوق؟ بەلگىلەنگۈچى مىللەتلىك ئورنىمىزدىن دەست تۇرۇپ ھەممىمىز، بارلىقىمىزنى...

كەلگۈسى ھاياتىمىزنى ئۆزىمىز بەلگىلەيدىغان مىللەتكە ئايلىنىشىمىز كېرەكمۇ، يوق؟

ھۆرمەتلىك خانىملار، قىزلار!

تىلەمچىلىك قىلىش، سەدىقە تىلەش ئاجىز ـ مېيىپ، قىسماق، جىناق ئادەملەرنىڭ ئىشى، قۇرۇق ئىبادەت، قۇرۇق ساخاۋەت، يەنە قۇرۇق ساداقەتكە ساپايە چېلىپ ئولتۇرساق، قولىمىزنى ئېگىز كۆتۈرۈپ دۇئا قىلساق بىزگە كېرەك نېمەتلەرنى ئاللاھ ئاسماندىن تاشلاپ بېرەمدۇ؟ ئىسلام دىنى بىزگە ئەجىر قىلىشنى ئۆگەتكەن ئەمەسمىدى؟ ئاللاھ بەندىلەرنى ياراتقاندا قول ـ پۇت، ھېسسىيات ۋە ئەقىل بېرىپ، كۈچ ـ قۇۋۋەت بېرىپ ياراتقان ئەمەسمىدى؟ بىز نېمىشقا ئەقلىمىزنى ئىشلەتمەيمىز، نېمىشقا قاششاق، قالاق تۇرمۇشىمىزنى ئۆزگەرتىشنىڭ كويىغا چۈشمەيمىز، نېمىشقا ئويغىنىشىمىزغا، تەرەققىي قىلىشىمىزغا توسقۇنلۇق قىلىۋاتقان ئەنئەنىۋى ئادەتلىرىمىزنى ئۆزگەرتمەيمىز؟ ئاللاھ بىز ئۇيغۇر بەندىلەرنى ئادەم دەپ ياراتقان ئىكەن، ئادەمدەك ياشاشقىمۇ ھەقلىق ياراتقان ئىدى. بىز نېمىشقا ئادەمدەك ياشىمايمىز، نېمىشقا يات مىللەتنىڭ قولىغا قاراپ قالىمىز؟

ئادەمدەك ياشاشنىڭ ئۆلچەملىرى نېمە؟

بىز ئۇيغۇرلار كىملەردىن، قايسى مىللەتتىن قېلىشاتتۇق. بىز ئۇيغۇرلار كىملەردىن تۆۋەن ئىدۇق، يەنە كىملەر بىز ئۇيغۇرلاردىن ئۈستۈن ئىدى؟ ئاللاھ بىز بەندىلەرنى ياراتقاندا تەڭ ھوقۇقلۇق ياراتقانغۇ؟ ياشاش ماكانى، زېمىن ـ تۇپراقنى ھەربىر قوۋم، ھەربىر مىللەتكە رىزقى ۋە نېسىۋىسىگە لايىق تەقسىم قىلىپ بەرگەنغۇ؟ بىز نېمىشقا ئۆزىمىزنىڭ زېمىنىدا قېقىندى، سوقۇندى بولىمىز، نېمىشقا ئۆزىمىزنىڭ يۇرتىدا

غېرىب، غۇرەبالىق ئىچىدە، ئاھانەت ۋە ھاقارەتنىڭ ئىچىدە ياشايمىز؟ ھۇرۇنلۇق بىز ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇشىدا كەسپلەشكەنمۇ؟ بىزنى شۇ كۈنگىچە غېرىبلىق، گادايلىققا گىرىپتار قىلغان سەۋەبلەر نېمە ئىدى؟ ھورۇنلۇقمىدى، قورقۇنچاقلىقمىدى ياكى ھوقۇقسىزلىقمىدى؟ نېمىشقا قانچە ھوقۇقسىز بولساق يەنە شۇنچە ئۈمىدسىز، غايىسىز بولۇپ كەتتۇق. ئۈمىدسىزلىك ئۆلۈكنىڭ ئۈمىدسىزلىكىدۇر، ئۈمىدسىزلىك مىللىي روھى ئۆلگەن مىللەتنىڭ ئۈمىدسىزلىكىدۇر.

ھۆرمەتلىك ئاچا ـ سىڭىللار!

ــ بىز ئۇيغۇرلارنى بەزىلەر «ناخشا ـ ئۇسسۇل مىللىتى» دېيىشتى. دېمىسىمۇ شۇنداق. ئەلمىساقتىن تارتىپ تاكى ھازىرغىچە ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئويناپ غەم ـ قايغۇنى ئۆزىمىزدىن يىراقلاشتۇرۇپ كەلدۇق. بىراق بىر مىللەت ھاياتىنىڭ بارلىق تەلەپلىرى ئاشۇلا ئەمەس ئىدى. ناخشا ـ ئۇسسۇل بىر مىللەت مەۋجۇدلۇقىنىڭ نىگىزلىك كاپالىتىمۇ ئەمەس ئىدى. پەقەت ناخشا ئېيتىپلا، ئۇسسۇل ئويناپلا، ناخشا ـ ئۇسسۇلنىڭ سىرتىدىكى دۇنيانىڭ قانداق دۇنيا ئىكەنلىكىنى بىلمەي ياشاپ كەلدۇق. ناخشا ـ ئۇسسۇل سەھنىسىنىڭ سىرتىدا يەنە قانداق سەھنىلەرنىڭ بارلىقىنى بىلمەي ياشاپ كەلدۇق. بۇ سەھنىلەرنىڭ قانداق سەھنىلەر ئىكەنلىكىنى بىلىشنىڭ يولىدىمۇ ئىزدىنىپ باقتۇق. سەھنىگە چىقتۇق، ئويۇن قويدۇق... بىراق تاماشىبىنلارنىڭ كۆڭلىنى «رام» قىلالماي سەھنىدىن چۈشۈپ كەتتۇق، ئۇستا ئارتىسلار بىزنىڭ سەھنىمىزنى تارتىۋالدى... خالىسۇن، خالىمىسۇن ئەمدى بۈگۈن بىز، باشقىلارغا ئۇسسۇل ئويناپ بېرىدىغان مىللەتكە ئايلىنىپ قالدۇق. بىزنىڭ تۇپرىقىمىز، زېمىنىمىزغا بىنا سېلىپ، تۆمۈر يول تارتىپ، ۋاگون ـ ۋاگون

پـويـزلار نېفـىـت قـاچىلاپ شـەرققە قـاراپ ماڭغانـدا، لېنتـا كەسـكەندە بىـز ئۇسسـۇل ئويـنـاپ بەردۇق. ئەممـا داپنـى باشـقىلار چېلـىـپ بەردى، بىـز ئۇسسۇل ئويناپ بەردۇق. ئۆزىمىزنىڭ دېپىغا ئۇسسۇل ئوينىغان بولساق بۇ يەنە باشقا گەپ ئىدى.

ھۆرمەتلىك خانىم ــ قىزلار!

ناخشـا ــ ئۇسسـۇل جەھەتـتە مـاھىرلىق، بـۇ ئىپتىـدائىي ھايۋانىنـىڭ ئىپتىدائىي ئىقتىدارىغا خاس ماھىرلىق ئىدى. ئۆزىنى تونۇش، ئۆزلۈكىنى (مەنىنـى) تونـۇش، ئـادەمنى تونـۇش، مىللەتنـى تونـۇش، مىللەتنـىڭ ئـارتۇقچىلىق، كەمچىلىكلىرىنـى تەن ئـېلىش بـۇ ئادەمنـىڭ تەبىئـي ئىقتىدارى ئىدى.

ئىنسانىيەتنىڭ تۇرمۇشىنى تۇرمۇش قىلغۇچى خىلمۇ خىل قانۇنىيەت، قائىدىلەر ئىچىدە گويا بىر قائىدە، بىر قانۇنىيەت باركى بۇ قانۇنىيەت ۋە بۇ قائىـدىلەر بـارلىق قائىـدە ــ قـانۇنىيەتلەرگە قارىغانـدا تېخىمـۇ تـوغرا ۋە كۆڭـۈلگە يـېقىن تۇرىـدىغان قائىـدە ۋە قـانۇنىيەتتۇر. شـۇنداق ئىـكەن، «ئەگەر ئـادەم ئۆزىنـىڭ مەرىپەتلىـك ئـادەمىيلىكىنى سـاقلاپ قېلىشـنى ئويلايـدىغان بولسـا مەرىپەتلىـك ئـادەم (مىلـلەت) بولـۇپ چىقىشـنى ئويلايـــدىغانلار بولســـا، كىشـــىلەرگە تەئەللـــۇق شـــەرت ــ شـــارائىت باراۋەرلىكىنىڭ ئۆسۈشىگە ئەگىشىپ، ئوخشاش بىر گەۋدىلىك سەنئەتنى ئاندىن ماس قەدەمدە يۇقىرى كۆتۈرۈشى ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشى لازىم»، («ئامېرىكىنىڭ دېموكراتىيىسى» دېگەن كىتابتىن ئېلىندى).

شەرت ــ شارائىت باراۋەرلىكى دېگەن گەپكە دىققەت قىلىڭلار: مۇبادا شەرت ــ شارائىت باراۋەرلىكى بولمايدىكەن، ئۇيغۇرلار ئەبەدىي «ناخشا ــ ئۇسسـۇل مىللىتـى»، «ئەنئەنـۋى مىلـلەت»، «دىنـى مىلـلەت»، «دىنـى

ئېتىقاد مىللىتى» بولۇپ قېلىشىۋېرىشى كېرەكمۇ؟ بۇنداق دېگۈچىلەر بىزنىڭ ناخشا ـ ئۇسسۇل سەنئىتىمىز بىلەن بىزنى ھاقارەت قىلدى؛ بىزنىڭ دىنى ئېتىقادىمىز بىلەن يەنە ئۆزىمىزنى ھاقارەت قىلماقچى بولدى. شۇڭا بۇ يەردە «شەرت ـ شارائىتىمىز باراۋەرلىكى»نى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن باشقا يول تۇتۇشىمىز كېرەكمۇ ـ يوق؟؟ «شەرت ـ شارائىت باراۋەرلىكى بولمايدىكەن، ناخشا ـ ئۇسسۇل سەنئىتىمىزمۇ ماس قەدەمدە يۇقىرى كۆتۈرۈلەلمەيدۇ، تەرەققىي قىلالمايدۇ.» شەرت ـ شارائىت باراۋەرلىكىنى قانداق قولغا كەلتۈرىمىز؟

ھۆرمەتلىك خانىم ـ قىزلار!

ئۆزىمىزگە مەلۇمكى ئۇيغۇر مىللىتى سودا ـ تىجارەت ئېڭى بار، ئەڭ بۆيۈك سودا ئەخلاقىغا ئىگە مىللەت. ئۇيغۇر ئاياللىرى ئەمدى بىرلىشىپ تىجارەت قىلىمىز، بىر شىركەتكە ھەممىمىز بىرلىشىپ پاي سالغان ئىكەنمىز، سالغان مەبلىغىمىزگە قاراپ پايدا ئايرىيمىز. «مىڭ ئانىلار شىركىتى»نى باشقۇرۇش، يولغا سېلىش ئۈچۈن بىزنىڭ زامانىۋى بىلىمىمىز بولۇشى كېرەك. بىزنىڭ يېتەرلىك بىلىمىمىز يوق. ئەمما، ئۇيغۇرلارنىڭ سودا ـ تىجارەت تەجرىبىمىز ئىنتايىن تولۇق، ئەقلىمىزگە تايىنىپ تەجرىبىلەرنى بىلىمگە ئايلاندۇرۇشىمىز تامامەن مۇمكىن.

تۇرمۇشىنىڭ مەقسىتى نېمە؟ ئادەملىرىمىزنىڭ، مىللىتىمىزنىڭ مەۋجۇدلۇقىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدىغان قىممەت قاراشلىرىمىز... بۇ نېمە؟ ئادەم قانداق قىلغاندىلا ئۆزىنى تاكامۇللاشتۇرۇشىنىڭ يۇقىرى چېكىگە يېتىپ بارالايدۇ؟ بىزگە تېڭىلغان «غايىلەر» نى ئويلاشتىن، قوبۇل قىلىشتىن ئاۋۋال ئاچا ـ سىڭىللار! بىز ئۆزىمىزنى ئويلىشىمىز، جەمئىيەتنى، جەمئىيەتتىكى ئۆزىمىزنى، جەمئىيەتتىكى ئورنىمىزنى

چۈشىنىشىمىز كېرەك. ھەددى ـ ھەرىكەتلىرىمىزنى تەرتىپكە سېلىپ، پەزىلىتىمىزنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، يۇقىرى سۈپەتلىك ئەخلاق، مەدەنىيەتلىك مۇھىتقا يېتىشىمىز لازىم. بىزگە ۋە سىزگە پايدىلىق ئەنئەنىمىزگە، ئۆرپ ـ ئادەتلىرىمىزگە، دىنى ئاڭ ھەم قاراشلىرىمىزغا ئۇيغۇن كېلىدىغان ئەخلاق قاراشلىرىنى ئۇرغۇتۇشىمىز كېرەك. ئىمتىيازغا بېقىنىدىغان، شەخسكە چوقۇنىدىغان، يالۋۇرىدىغان، بىر پارتىيىگە چوقۇنىدىغان، ياتلارنىڭ قولىغا قاراپ قالىدىغان خۇراپىي قاراشلاردىن ئارىمىزنى ئېنىق قىلىپ ئاجرىتىپ، ئادا ـ جۇدا بولۇپ، ئادەملەرگە كۆيۈنىدىغان، مىللەتنىڭ غېمىنى يەيدىغان ئەخلاق قاراشلىرىنى تۇرغۇزۇشىمىز لازىم.

ئىنسانىنىڭ ئېتىقادى ۋە ھەددى ـ ھەرىكەتلىرى ئەقلىنىڭ نۇرىنى ئېمىشى كېرەك؛ ئەتراپىمىزدىكى مۇھىتتىن ئەقىل ئۆگىنىشىمىز، بارلىق ھادىسىلەرنى ئەقىل بىلەن كۆزىتىشىمىز كېرەك.

ھۆرمەتلىك ئاچا ـ سىڭىللار!

پۇل ـ پۇل ھايات تۇرۇشىنىڭ ۋاستىسى، پۇل تەرەققىياتنىڭ ۋاستىسى. ۋاستىدىن ئايرىلغان ھايات ھەقىقىي مەنىدىكى ھايات بولالامدۇ؟ ۋاستىدىن ئايرىلغان تۇرمۇش تۇرمۇش مەزمۇنىغا ئىگە بولالامدۇ؟ «ئىشىنىڭلار، پۇل ئەقلىنىڭ ئوغۇتى، پۇلنىڭ مېۋىسى ئەقىل»، ھازىرقى زامان چۈشەنچىلىرىگە ئاساسلانغاندا ئىقتىسادنىڭ تەرەققىي قىلىشى بىر مىللەتنىڭ تەرەققىيات ھوقۇقىغا ئائىت مەسىلىدۇر. شۇنداقلا «ھەممە ئادەمنىڭ ئەتراپلىق تەرەققىي قىلىشىغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىدۇر.»

رەھمەت سىلەرگە.

1998 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى

بۈگۈن يېڭى يىل 1998 ـ يىل كىردىپ كەلدى. ئۆتكەن بىر يىل سەن ئۇيغۇرىستاندا قانچە قېتىم ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىدىڭ، مەن بۇياقتا ئامېرىكىدا قانچە قېتىم ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىدىم. ئۆزىمىزلا بىلىمىز خېنىم. كىمنىڭ دەردىنى كىم ئاڭلايدۇ؟ ئا. پ. چىخوپنىڭ «كىمگە ئېيتاي دەردىمنى» ماۋزۇلۇق ھېكايىسىدە، ھېكايىنىڭ باش قەھرىمانى دەردىنى ئېيتىپ بېرىدىغان سىرداش تاپالماي ئاخىرى ئوقۇرىنىڭ بېشىدا ئولتۇرۇپ، ئۆزىنىڭ ياردەمچىسى ئاتقا دەردىنى سۆزلەپ بەرگەن ئىكەن. بۇ دۇنيادا بىر ـ بىرىنىڭ ھالىنى، دەردىنى چۈشىنىدىغانلار بەك ئاز. چۈنكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى دەردمەن. ئەمما سەن كىشىلەرنىڭ دەردىنى ئاڭلايتتىڭ، كەمبەغەللەرنىڭ دەردىنى ئاڭلايتتىڭ، مۇساپىر بولۇپ قالغان ئۇيغۇرنىڭ دەردىنى ئاڭلايتتىڭ، كېسەل كۆرسىتىپ ھەققىنى تۆلىيەلمىگەن بىمارنىڭ دەردىنى ئاڭلايتتىڭ، ئەمما ئۆزۈڭنىڭ دەردىنى ماڭا سۆزلەپ بېرەتتىڭ، دەردىمىزنى بىر ـ بىرىمىزگە سۆزلەپ بېرەتتۇق. ئىككىمىزنىڭ دەردى خۇسۇسىيلىقتىن، شەخسىيەتتىن ھالقىپ كەتكەن ئىدى. ئوخشاش ئىدى. سېنىڭ دەردىڭ ۋەتەننىڭ، مىللەتنىڭ دەردى ئىدى. مېنىڭ دەردىمۇ ۋەتەننىڭ، مىللەتنىڭ دەردى ئىدى، بۇنداق دەردىمىزنى ئەتراپىمىزدىكى كۆرگەنچە كىشىگە سۆزلەپ بېرەلمەيتتۇق، چۈنكى كۆرگەنچە كىشىگە ئىشەنمەيتتۇق. ئىككى يۈرەك بىر ـ بىرىمىزگە دەردىمىزنى سۆزلەيتتۇق. يۈرەكنىڭ دەردىنى پەقەت يۈرەكلا ئاڭلايتتى.

بۇ يېڭى يىل يەنىلا ئىككىمىزگە قايغۇ ـ ئەلەم ئېلىپ كەلگەندىن باشقا ھېچنەرسە ئېلىپ كەلمىسە كېرەك. 1997 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 27 ـ

كۆنى سىنىڭ پاسپورتۇڭ تارتىۋېلىندى. سەن ۋەتەندە قالدىڭ، مەن چەت ئەلدە مۇساپىر بولۇپ  قالدىم.

بىلىۋال خېنىم ئادەمنىڭ ئەقلى ئادەمنىڭ ھېسسىياتىنى مەنبە قىلىدۇ. گېرمانىيىلىك پسىخولوگ ‹Erich Fromm› فروم:

«ھەربىر مۇشۇنداق ئۇقۇم ۋە ھەرخىل تەلىماتلارنىڭ باشلىنىش ھېسسىيات مەنبئىسى بولىدۇ» دەپ كۆرسىتىدۇ. نېمىشقا يەككە ئۇيغۇرلارنىڭ شۇ خىل ھېسسىياتى كوللېكتىپ مىللىي ھېسسىيات دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلمەي، پەقەت شەخسىيەتچىلىك پىرقىراپ يۈرىدىغان ئىپتىدائىي باسقۇچتا قېلىپ قالىدى. ئەگەر ئۇيغۇر ئادەملەر شەخسىيەتچىلىكنى دېموكراتىك شەخسىيەتچىلىك باسقۇچىغا كۆتۈرەلىگەن بولسا ئۇ ۋاقىتتا ئادەملەر شەخسىيەتچىلىك ھېسسىياتىنى كوللېكتىپ مىللىي ھېسسىيات دەرىجىسىگە كۆتۈرەلىگەن بولاتتى. (مەن بۇ ئۇقۇملارنى تېخىمۇ چوڭقۇر شەرھلىشىم كېرەك ئىدى ياكى كۆچۈم يەتمەيدۇ ياكى ۋاقتىم يوق. مەن پەقەت كۆڭلىدىكى خاتىرە يېزىۋاتىمەن) يۇقىرىقى مەنىۋى ھادىسىلەرنى راست ئېيتقاندەك سېنىڭ ۋۇجۇدۇڭدا كۆرەلەيتتىم. ھېسسىياتىنىڭ  كوللېكتىپ مىللىي ھېسسىيات دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلۈشى سېنىڭ ۋۇجۇدۇڭ مىللەتچىلىككە، مىللەتپەرۋەرلىككە باراۋەر ئىدى. چۈشىنىشىڭ كېرەك ئىدىكى ئادەملەر ئاۋۋال ۋەتەن دېگەن ئىسمنى چۈشەنگەندىلا، ھېسسىيات بىلەن بىرلەشتۈرۈپ چۈشەنگەندىلا ئاندىن ئەقىل بىلەن بىرلەشتۈرۈپ چۈشىنەلەيتتى. ئاندىن بىر ـ بىرىگە كۆيۈنەتتى، بىر ـ بىرىگە مېھرىبانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلاتتى. ھەتتا بىر ـ بىرىنى ۋەتەن، دەپ چۈشىنەتتى. ئۇيغۇر تىلىنى، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى، ئۇيغۇرنىڭ دىنى ئېتىقادىنى ۋەتەن دەپ چۈشىنەلەيتتى. شۇ ۋاقىتقا

يەتكەنـدە ۋەتەنپەرۋەرلـك، مىللەتپەرۋەرلـك ئۆزىنىـڭ كـۈچ ـ قـۇدرىتىگە ئىـگە بـولالايتتى. خىتـاي مىللەتچىلـرى ئۇيغۇرلارنىـڭ ھېسسـىياتىنى شەخسىيەتچىلىككە يېتەكلەپ، ئۇيغۇرلارنى پەقەت شەخسىيەتچىلىكنىلا، مەسـىلەن: خـاتىرجەملىكنى، ئەمىنلىكنـى، ئاسايىشـلىق ئىچىـدە جـان بېقىشـنىلا ئويلايـدىغان مۇھىتقـا ئىتتىرىـپ ئۇيغۇرلارنىـڭ ئىسـيانكارلىق روھىنى سۇندۇرۇۋەتتى. ئۇيغۇرلارنى بىر ـ بىرىـدىن ياتلاشتۇرۇپ، ھەتتـا بىر ـ بىرىگە ئىشەنمەيدىغان قىلىۋەتتى. شـۇڭا ئۇلـۇغ مەقسەتلەر يولىـدا، ئىككىمىـزگە ئوخشـاش يولغـا چىققـان يولۇچىلارنىـڭ سـانى بارغانسېرى ئازلاپ كەتتى. ئەمما، بىز ئىككىمىزنـى قوللايـدىغان كىشىلەر، مەسـىلەن، رامىـلە، كامىـل ئەپەندىـدەك كىشـىلەر بىـز بىـلەن بىـر تەن، بىـر جانغـا ئايلانغاندەك، ھاياتنىڭ ئۇزاق مۇساپىلىرىدە بىز بىلەن بىللە بولدى.

دۈشـمەنلىك بولـۇپ قالـدۇق. بىرىنچـى دۈشـمىنىمىز خىتـاي ئىـدى. خىتايغـا ياللىنىـپ ئىشـلەيدىغانلار ئىككىنچـى سـەپتە سـاڭا، ماڭـا قارشـى پائالىيەت قىلىۋاتقان كىشىلەر ئىـدى. بـۇ كىشـىلەر بىـزگە دوسـت بولـۇپ، ئەتراپىمىـزدا ئايلىنىـپ يـۈرەتتى. مىللەتچىلىـك تېمىسـىدا تاقـا ـ توقـا سۆزلەپ ئىككىمىزنـى نـازارەت قىلىشىـپ يـۈرەتتى. قىسقىسـى، ئىككىمىـز دۈشمەنىنىڭ قورشاۋىدا قالغان چاغلاردىمۇ سەن دائىم دېگۈدەك:

ــ مەن ساڭا نېمىشقا تەگدىم؟

ــ ئىنقىلاب قىلىدۇ دەپ.

ــ مەن نېمىشقا پۈتۈن مۇھەببىتىمنى ساڭا بېغىشلىدىم؟

ــ سېنى ئىنقىلاب قىلىدۇ دەپ.

ــ مەن ساڭا نېمىشقا ئۈمىد باغلىدىم؟

ــ بۇرۇن سەندىن ئىنقىلاب چىققان، يەنە ئىنقىلاب چىقىدۇ دەپ.

ئۆيگە كىرگەندە، ئۆيدىن چىققاندا، ئىككىمىزنىڭ ئارىسىدا مىللەت، ۋەتەن، ئازادلىق توغرىسىدا دىئالوگلار باشلانغاندا يۇقىرىقى سۆزلەرنى تەكرارلىغىنىڭ ھازىرغىچە قۇلىقىمدىن كەتمەيدۇ خېنىم. بۇ سۆزلىرىڭنى بەزىدە كۈلۈپ تۇرۇپ ئەسلەيمەن، بەزىدە مۇڭلىنىپ تۇرۇپ ئەسلەيمەن، بەزىدە مۇھەببەت بىلەن ئەسلەيمەن، بەزىدە ئىچ ئاغرىتىش بىلەن ئەسلەيمەن. ئىككىمىزنىڭ خاراكتېرى نېمىشقا بۇ قەدەر ئوخشاش. خاراكتېرىمىز بىزنى قەيەرگە باشلايدۇ خېنىم، سەنمۇ ـ مەنمۇ ئېيتىپ بېرەلمەيمىز.

ئۆيدە يۇقىرىقىدەك مەنىلىك سۆزلەرنى قىلغان چاغلىرىڭدا بەزىدە رەنجىيتتىم، تاپا قىلما دەيتتىم. بەزىدە ئاچچىقلاپ سەن رابىيە خېنىم، بىر ساددا قەلبىنىڭ ئىگىسى، ئويلىغانلىرىڭ بىلەن ئاياللىق نازاكىتىڭ ماسلاشمايدۇ، ساددا ئارزۇلارنى ئۆزۈڭدىن نېرى قىل دەيتتىم. بىراق، سەندەك ئايالنى ئاللاھنىڭ ماڭا ئۆمۈرلۈك مەھبۇبە قىلىپ بەرگەنلىكىدىن سۆيۈنەتتىم. بۇنداق چاغلاردا مەن ساڭا ئايال كىشى دەپ مۇئامىلە قىلمايتتىم. ۋەتەن توغرىسىدا تىنىمسىز سىلكىنىپ تۇرغان ۋۇجۇدۇڭنىڭ ئىچىدە سوقۇپ تۇرغان يۈرىكىڭنى كۆرۈپ تۇراتتىم.

ــ ئالدىرىما دەيتتىم.

ــ خېنىم! ئىنقىلاب دېگەن باراۋەر پۇرسەت دېگەنلىكتۇر. ئىنقىلاب قىلغۇچى سۇبيېكتىنىڭ پىشىپ يېتىلىشى، ئىنقىلاب قىلىدىغان ئوبيېكتىپ شارائىتنىڭ پىشىپ يېتىلىشى بۇ پۇرسەت دېگەنلىكتۇر. شۇنداق پۇرسەتلەرنى تەييارلايدىغان، پىشۇرۇپ يېتىلدۈرىدىغان مەتبۇئات ھوقۇقى بىزنىڭ قولىمىزدا يوق ئىدى. خىتاينىڭ مەدەنىيەت ئىنقىلابى دەۋرىدە، تەشۋىق ـ ۋەرەقىلەر ئارقىلىق مىللىي ئويغىنىشنى قولغا

كەلتۈرگەن ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار 1968 ـ يىلى 5 ـ ئايدا زور كۆلەملىك نامايىش تەييارلىغان ئىدى. «يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى تۇرۇش» دەيدىغان خىتايچە ئۇقۇمنى نامايىش ئارقىلىق كۈچ كۆرسىتىپ ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار خىتاينىڭ «مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش» دەيدىغان خىتايچە ئۇقۇمغا ئۆزگەرتىشكە سىياسىي بېسىم پەيدا قىلغان ئىدى.

ئىنقىلاب سوۋېيېتىنىڭ پىشىپ يېتىلىشىنىڭ مۇھىملىقىنىڭ يەنە بىر مىسالىنى كەلتۈرۈپ باقاي. 1934 ـ يىلى ستالىن ئاتۇشنىڭ تېرەك ئېغىزى ئارقىلىق تانكا، قۇرۇقلۇق قىسىملىرىنى، هاۋا قىسىملىرىنى ئەۋەتىپ قەشقەردە قۇرۇلغان دۆلەتنى ۋە بۇ دۆلەتنىڭ ئارمىيىسىنى باستۇردى. قەشقەردە پىدائىيلار ئوقنىڭ ئىچىدە قالدى. ئاتۇشتا ئاتۇشلۇقلار تانكىلارنىڭ ئەتراپىغا ئولىشىپ، ستالىن ئېتىپ بەرگەن پولوغا ئۆچىرەت تۇردى. يېقىندىن بىر مىسال كەلتۈرەي، 1997 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى خىتايغا قارشى نامايىش كۆتۈرگەن ئۇيغۇرلار غۇلجا شەهىرىدە ئوقنىڭ ئىچىدە قالدى. ئۈرۈمچىدە ئۇيغۇرلار ئۆيمۇ ـ ئۆي هېيتلاپ بىر ـ بىرىنى تاۋاپ قىلدى. شۇڭا، ئىنقىلاب سوۋېيېتىنىڭ پىشىپ يېتىلىشى مىللىي ئويغىنىش، ئىنقىلابنى باشلاشتا ۋە ئىنقىلابنى غەلىبىگە ئېرىشتۈرۈشتە ئىنتايىن مۇهىم ئامىلدۇر.

شۇنى تەكرارلايمەن خېنىم، پۇرسەت قاچان كېلىدۇ؟ دەپ كۈتۈپ تۇرغىلىمۇ بولمايدۇ. ئەقىللىق مىللەت ئۈچۈن بولۇپمۇ بىزدەك مۇستەملىكە بولۇپ قالغان مىللەت ئۈچۈن هەربىر دەقىقە پۇرسەت يارىتىشقا مۇۋاپىق دەقىقىدۇر.

پۇرسەتنى يارىتالايدىغان كىشى، پۇرسەت يېتىپ كەلگەندە ھەرقانداق ئېھتىماللىقنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، ھەتتا ھاياتىنى دوغا تىكىپ ئوتتۇرىغا چۈشەلەيدىغان كىشى ھەقىقىي ئىنقىلابچى، ھەقىقىي ۋەتەنپەرۋەر كىشىدۇر.

ھەممە ئادەم ئۆزىنىڭ جېنى بىلەن قالغاندا، سېسىق جېنىنى ساقلاپ قېلىشنىلا ئويلاپ يۈرگەندە، بۇ كىشىلەرنىڭ مىللەت ئۈچۈن قايغۇرۇش ئېڭى ھەتتا مىللەت ئۈچۈن قايغۇرۇش تۇيغۇسى بولمىسا... بۇ مىللەتنى قايسى يول بىلەن ھەرىكەتكە كەلتۈرگىلى، قايسى يول بىلەن ئىنقىلابقا جەلپ قىلغىلى بولىدۇ، خېنىم.

ئاللاھ كۆڭلۈمىزگە سالدى، مىللەتنىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن ئاتلانىدۇق. مەن ئۇيغۇرنىڭ مىللىي سىياسىي دەۋاسىنى قىلىش ئۈچۈن ئامېرىكىغا يېتىپ كەلدىم. سەن ئارقا سەپتە ۋەتىنىمىز ئۇيغۇرىستاندا قالدىڭ، پاسپورتۇڭ تارتىۋېلىندى. مەن ئامېرىكىدا سىياسىي پاناھلىق تىلىدىم. دېمەك، كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە ئىككىمىزنىڭ ئائىلىسى ۋەيران بولدى، ئەمەلىيەتتىمۇ شۇنداق بولدى. قاچان ئۇچرىشىمىز، قاچان ئائىلىمۇ جەم بولىدۇ، قاچان باللىرىمىزنى ئەركىلىتىمىز، ۋاقىت ئاللاھنىڭ ئىختىيارىدىكى ۋاقىت، بىلگۈچى ئاللاھ...

كوچا كويلارغا غەيۋەت، پىتنە ـ پاساتلارغا قۇلاق سالدىڭمۇ خېنىم؟

ــ بەك يوغىناپ كەتكەن ئىدى، بۇ ئىككىسى كوچىغا پاتماي قالغانىدى، ئەجەب ئوبدان بولدى.

ــ بوينىغا ئالتۇن مېدالىئون ئېسىپ بەك يوغىناپ كەتكەن ئىدى بۇ خانىم، ئەجەب ئوبدان بولدى، ئائىلىسى ۋەيران بولدى.

ــ ئۆزىنى چاغلىماي يۈرگەن بىر نېمىدى، ئاخىرى ئۆزىنىڭ بېشىغا چىقتى.

ــ سىڭگەن نېنىنى يېسە بولمامدۇ؟ ئاۋۇ.

مۇشۇنداق غەيۋەت قىلغۇچىلار كىملەر ئىدى. سىېنىڭ، مېنىڭ تونۇشلىرىم، سەن، مەن ئازاد قىلىمەن دېگەن ئادەملەر شۇلار ئەمەسمىدى؟

بۇ كىشىلەر ئۇيغۇر ئادەملەر ئەمەسمۇ؟ هازىرقى زامان ئۇيغۇر جەمئىيىتى ئەمەسمۇ، بۇ؟!

بىر كىشىنىڭ بېشىغا كۈن چۈشكەندە، شۇنداق كۈننىڭ ئۆزىنىڭ بېشىغا چۈشمىگەنلىكىدىن يېنىكلەپ، ئۆزىدىن ـ ئۆزى خوش بولۇپ، بالايىئاپەتكە ئۇچرىغان باشقىلارنىڭ تۇرمۇشىنى ئۆزىنىڭ «خاتىرجەم» تۇرمۇشىغا سېلىشتۇرۇپ، ئۆزىدىن ـ ئۆزى مەست بولۇپ، يۇقىرىقى دىئالوگلاردا ئۆزىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى، خاراكتېرىنىڭ قانداق خاراكتېر، تەبىئىتىنىڭ قانداق تەبىئەت ئىكەنلىكىنى ئاشكارىلاپ قويغان بۇ ئادەملەر ئۇيغۇر ئەمەسمىدى؟

ئەمەلىيەتتە كۈن كىمنىڭ بېشىغا چۈشتى، پۈتۈن مىللەتنىڭ بېشىغا كۈن چۈشتىغۇ؟

رابىيە خېنىم، سېغىنىشتىن پەيدا بولغان ھېسسىياتلىق تۇيغۇلار، شۇ تاپتا قەلەمگە ئېلىنغان بۇ تۇيغۇلارنى تىل بىلەن ئىپادىلەپ بېرىش بەك ئۇزىراپ كەتتى. كۆڭلۈمدىكى گەپلەرنى دەۋالاي خېنىم:

قۇل بىلەن خوجايىنىنىڭ پەرقى نېمە ئىدى؟ بىر مىللەتنىڭ قۇل بولۇپ قېلىشىنىڭ، يەنە بىر مىللەتنىڭ خوجايىن بولۇپ قېلىشىنىڭ تارىخى، ئىدىيىۋى، ئاجىزلىق ۋە كۈچلۈكلۈكنىڭ سەۋەبلىرى نېمە

بولغىيدى؟ رەھىمدىل خۇدا ماۋۇ مىللەت قۇل بولىدۇ، ماۋۇ مىللەت خوجايىن بولىدۇ دەپ بەلگىلەپ بەرگەن ئەمەس ئىدىغۇ؟ پەيلاسوپ گېگىل خوجايىن بىلەن قۇلنىڭ پەرقى توغرىسىدا توختالغاندا، «ئۆلۈمدىن قورقمايدىغان كىشى خوجايىن بولىدۇ، ئۆلۈمدىن قورقىدىغان كىشى قۇل بولىدۇ»، دېگەندەك بىر گەپنى قىلغان ئىدى. ئۇيغۇرلارنى قۇلغا ئايلاندۇرۇپ قويغان سىياسىي، تارىخىي ھادىسلەر، خەلقئارالاشقان سىياسىي سودىلار، ھەربىر مۇداخىلە، باشقىلارنىڭ ھەربىي كۈچ ئۈستۈنلۈكى ۋە باشقا ئىجتىمائىي ھادىسلەرنى تىلغا ئېلىپ ئولتۇرماي، پەقەت بىرلا خىل مۇمكىنلىكنى، ئۆزىنىڭ قۇل ئىكەنلىكىنى تونۇش ياكى تونۇماسلىق مۇمكىنلىكىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتسەملا كۇپايە بولار.

ئادەتتە ئايلىنىپ كەتكەن قورقۇنچاقلىق، ئۆزىنى تۆۋەن چاغلاش، نەپسى بالالىق، ئاچكۆزلۈك، بارلىق ساھەلەردە ئۆزىنى كۆرسەتكەن ھۇرۇنلۇق، يالقاۋلىق يېتەرلىك تەلىم - تەربىيىگە ئېرىشەلمەسلىك، مۇستەملىكە بولغانسېرى قاششاق بولۇپ كېتىپ، مىللەتنىڭ تەقدىرى توغرىسىدا تەپەككۇر قىلماسلىق كەم ـ كۈتىسىز قۇل بولۇپ قېلىشنىڭ ئامىللىرىدۇر.

ئۆزىنىڭ قۇل ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتەلىگەن مىللەت، قۇللۇقتىن خوجايىنغا ئايلىنىشنىڭ كۈرەشچان يولىنى تاللىۋالغان مىللەتتۇر. بۇ يول مۇشكى ئەنبەر پۇراپ تۇرىدىغان يول ئەمەس، بۇ يول كۆك يانتاقلىق يول، خانلەيلۈننى توۋلاپ ماڭىدىغان بوستانلىق باغلارغا ئېسىلىپ بارىدىغان يول ئەمەس. بۇ يوللار مەقسەتلىك ئاڭ پەيدا بولغان زېمىندىن باشلىنىپ يەنە شۇ مەقسەتلىك ئاڭ يەتمەكچى بولغان نىشانغا ئېلىپ بارىدىغان، قان ھىدى پۇراپ تۇرىدىغان يوللاردۇر. ئۇيغۇرنىڭ نى ـ نى ئەركەكلىرى

مېڭىپ ئۆتكەن ۋە كېيىنكى ئەۋلادلارغا ئېچىپ بەرگەن يوللاردۇر. رابىيە خېنىم ــ «جەننەت قىلىچنىڭ سايىسىدا» ھەربىر ئۇيغۇر: «دىن ئۈچۈن يىغلىماي (مىللەت ئۈچۈن) قايغۇرماي، قىسقىسى دىن ئۈچۈن، ئېتىقاد ئۈچۈن، مىللەت ئۈچۈن، ۋەتەن ئۈچۈن، مېنىڭ جېنىم، مېنىڭ مېلىم ھەر ۋاقىت تەييار» دەيدىغان ئىنقىلابىي روھنى تىكلىمەي تۇرۇپ، «ئالغان تاھارەتنىڭ، ئوقۇغان نامازنىڭ كارايىتى چاغلىق» ئىكەنلىكىنى ئارىمىزدا چۈشىنىپ يېتەلىگەن قانچىلىك ئۇيغۇر بار؟

ئۇيغۇرلارنىڭ خىتايغا قارشىلىق كۆرسىتىش ئىرادىسى بولمىسا، ئەگەر شۇنداق نىيەتلا بولىدىغان بولسا، داۋاملىق قارشىلىق كۆرسىتىشنى ئادەتكە ئايلاندۇرىدىغانلا بولسا، ئىرادە شۇ پۇرسەتتە يېتىلىپ چىقىدۇ. پەيلاسوپ نېتزىنىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا، «ھوقۇق ئىرادىسى پەقەت قارشىلىق كۆرسىتىشكە تايىنىپلا ئۆزىنى ئىپادىلەيدۇ». «ھوقۇق» سىياسىي سوتسىئولوگىيە ساھەسىدىكى ئۇقۇم «ئىرادە» پسىخولوگىيە ساھەسىدىكى ئۇقۇم، ھوقۇق قاراشلىرى رېئاللىق ئىچىدە پەيدا بولىدۇ ياكى رېئال مۇناسىۋەتلەرنىڭ ھاسىلاتىدۇر. ھوقۇق كۆزگە كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان ماددىي شەكىلمۇ بولالايدۇ، بەلكى ھوقۇق ئادەملەر ھەر قەدەمدە دۇچ كېلىدىغان ماددىي كۈچ بىلەن مەنىۋى كۈچنىڭ ئالاھىدە شەكلىدۇ.

ئالاھىدە ھوقۇق شەكىل ــ مەنىپەئەت تەلەپلىرىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى مەقسەتلىرىگە مۇۋاپىق كېلىدىغان ئالاھىدە شەكلىدۇر. ھوقۇقى يوق ئادەم، ھوقۇقى يوق مىللەتنىڭ مەنپەئەت تەلەپلىرى كاپالەتكە ئىگە بولۇشى ئۇياقتا تۇرسۇن ھەتتا بۇنداق ئادەم، بۇنداق مىللەتنىڭ جېنىمۇ كاپالەتكە ئىگە بولمايدۇ. شۇڭا مەنىۋى ساھەسىدە پەيدا بولۇپ، ئەمەلىي

ھەرىكەتلەرگە تەتبىق قىلىنغان ئىگىلىك ھوقۇق، مۇستەقىللىق ھوقۇقى، سىياسىي ھوقۇق، كىشىلىك ھوقۇق، تەرەققىيات ھوقۇقى، ئىقتىساد، مەدەنىيەت تەرەققىيات ھوقۇقى، خۇسۇسىي مۈلۈك ھوقۇقى دەيدىغان ھوقۇق شەكىللىرى ئوتتۇرىغا چىققان ئىدى. ھوقۇق تىلىگەنگە بېرىدىغان نەرسىمۇ ئەمەس، قاراپ تۇرغانغا تەقدىم قىلىنىدىغان نەرسىمۇ ئەمەس، ھوقۇق كۈچ ئىشلىتىپ تارتىپ ئالىدىغان ۋە تىلەمچىلىك قىلىپ ئەمەس، قارشىلىق كۆرسىتىپ ئېرىشىدىغان نەرسىدۇر. قېنى شۇنداق ئىرادە؟ ئۇيغۇرلاردا بۇنداق ئىرادە ئاجىز ياكى بولمىغاچقا، شۇڭا ھوقۇق قاراشلىرىمۇ، ھوقۇق ئىدىيىلەرمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەتىنىدە، ئۇيغۇرلارنىڭ ئېڭىدا پەيدا بولمىدى. ئۇيغۇرلار تارىختىن بېرى ئىرادە بىلەن ھوقۇقنىڭ مۇناسىۋىتىنى ۋە كۈچ بىلەن مەنپەئەتنىڭ بىرلىكى ھوقۇق بولىدىغانلىقىنى چۈشەنمەي كەلدى. پەيلاسوپ نېتزى بىزگە بۇ يەردە ھوقۇق بىلەن ئىرادىنىڭ مۇناسىۋىتىنى شەرھلەش ئارقىلىق، ھوقۇق ئىدىيىلىرىنى ئېڭىمىزنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىغا سىڭدۈرۈپ، مىللىي ئىرادىنىڭ كۈچىگە تايىنىپلا ھوقۇقنى قولغا كەلتۈرگىلى بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بەردى.

## دۇنيا گېزىتى

1998 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى

مۇخبىرنىڭ شاڭگاڭدىن بەرگەن خەۋىرىگە ئاساسلانغاندا خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەزىرى جۇرۇڭجى ئامېرىكىنىڭ غەربنى ئېچىش تەجرىبىسىنى ئۆگىنىپ، جۇڭگونىڭ غەربىنى ئېچىش توغرىسىدا قەسەم بەرگەن. جۇرۇڭجى: دۆلىتىمىز ئامېرىكىنىڭ 19 ـ ئەسىرنىڭ دەسلەپكى دەۋرىدە كالىفورنىيە ۋە باشقا غەربىي شتاتلارنى ئاچقان ئىدى. بۇ تارىخى تەجرىبە ـ ساۋاقلارنى بىز قوبۇل قىلىشىمىز كېرەك... دېگەن ئىمىش. ئۇ بۇنىڭ ئۈچۈن كۆپلەپ مەبلەغ ئاجرىتىپ غەربكە (مۇستەملىكىسى ئۇيغۇرىستانغا) يۆتكەشكە ۋەدە بەرگەن. «شىنجاڭ»نى تېزلىك بىلەن ئېچىش، ئىشتىن بوشىتىلغان ئىشچىلارغا چىقىش يولى تېپىپ بېرىش ۋە ئۇلارنىڭ شىنجاڭغا (مۇستەملىكە ئۇيغۇرىستانغا) كۆچمەن بولۇپ كۈچىشىگە ئىلھام بېرىش كېرەك دېگەن ئىمىش.

جۇرۇڭجى ئالدىراپ قاپتىغۇ، نېمە ئىشلار جۇرۇڭجىنىڭ ئالدىراپ قېلىشىغا سەۋەبكار بولۇپ قالدى، كىم جۇرۇڭجىنى ئالدىراتتى؟ ئۇيغۇرىستاننىڭ ئىلى ئۆلكىسىدە كۆتۈرۈلۈپ چىقىپ مۇستەقىللىقنى تەلەپ قىلغان ئۇيغۇرلار جۇرۇڭجىنى ئالدىرىتىپ قويمىدىمۇ؟ ياكى شاڭگاڭ جۇڭگونىڭ ئەپكىشىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، خەلقئارا جەمئىيەتتە پەيدا بولغان سوئال ـ جاۋابلاردا گەۋدىلەنگەن خەلقئارالىق ئەخلاقى مەجبۇرىيەتلەر جۇرۇڭجىنى ئالدىرىتىپ قويدىمۇ؟ شاڭگاڭ غەيرىي مەمۇرى رايون بولۇپ قۇرۇلۇپ، جۇڭگونىڭ ئەپكىشىگە قايتىپ كەلدى. شاڭگاڭلىقلار خىتاي ئىدى، ئالاھىدە ھوقۇققا، ئالاھىدە ئىمتىيازغا ئېرىشتى، خىتاي بولمىغان تىبەتلەرگە، ئۇيغۇرلارغا بېرىلگەن

ئاپتونومىيە شاڭگاڭنىڭ ئالدىدا چىنىپ قالدى. خىتاي جۇڭگوسىنىڭ بايرىقى بەش قۇلاق بولسا، مەمۇرى رايون شاڭگاڭ تۆت قۇلاقلىق بايراق ياساپ چىقتى. ئەسلى بايراقلىق تىبەت، ئۇيغۇرىستان بايراق چىقىرىش بۇياقتا تۇرسۇن ھەتتا بايرىقىمىز بار دېيەلمىدى... شۇ ئىشلار جۇرۇڭجىنى ئالدىرىتىپ قويدىمۇ؟ شۇڭا غەربكە ـــ مۇستەملىكە ئۇيغۇرىستانغا كۆچمەن خىتايلارنى كۆچۈرۈشكە ئالدىراپ كەتتىمۇ؟ زادى نېمە بولدى...؟ پرېزىدېنت كلىنتون 6 ـ ئايدا بېيجىڭنى زىيارەت قىلىدۇ. ماڭا ـ ساڭا ئايان بولمىغان سىرلىق زىيارەت جۇرۇڭجىنى ئالدىرىتىپ قويغانمۇ، يە؟!

# كىشىلىك ھوقۇق

1998 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى

كىشىلىك ھوقۇق نەزەرىيىۋى مەسىلە، سىياسىي سوتسىئولوگىيىلىك مەسىلە، پەلسەپىۋى، قانۇن پەلسەپىسى مەسىلىسى ۋە ئەڭ مۇھىمى ھەرىكەتتىكى مەسىلە بولۇپ، دۇنيادا پەيدا بولغىنىغا 200 يىلدىن ئاشتى. ئۇيغۇرلار ئۈچۈن ئېيتقاندا كىشىلىك ھوقۇق ھازىرغىچە بىر سىرلىق مەسىلە بولۇپ كەلدى.

ئۇيغۇرلار خىتاي كوّچمەنلىرىنىڭ قولىدىكى ھوقۇقلارغا كۈندە دېگۈدەك دوقۇرۇشۇپ تۇرسىمۇ ئۆزىنىڭ ھوقۇقلىرىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ھازىرغىچە بىلمەي كەلدى. كىشىلىك ھوقۇقلىرىنىڭ نېمە ئۈچۈن دەپسەندە قىلىنىدىغانلىقىنى چۈشەنمەي كەلدى، شۇڭا ھەرىكەتتە ئارقىلىق ئىسپاتلاپمۇ بېرەلمىدى.

18 ـ ئەسىردە ياۋروپادا جاھاننى زىلزىلىگە سالغان كىشىلىك ھوقۇقنى قولغا كەلتۈرۈش ھەرىكىتى پارتلىغاندىن كېيىن، كىشىلىك ھوقۇق تەشەببۇسلىرى ئۆزۈندىن بېرى ئۈزۈلۈپ قالماي بۈگۈنگىچە داۋاملىشىپ ھازىرقى جاھاندا مىليونلىغان كىشىلەرنىڭ قەلبىدىن ئورۇن ئالدى. بۈنىڭدا زادى قانداق سىر بار؟ 18 ـ ئەسىردىكى كونا ئۇقۇملار، كونا تەشەببۇسلار، كونا قاراشلارنىڭ قالدۇقلىرى بۈگۈن قايتا تىرىلدىمۇ ياكى كونا ئۇقۇملار، كونا كۆزقاراشلار، كونا كىشىلىك ھوقۇق تەشەببۇسلىرى يېڭى تارىخى شارائىتتا يېڭى ھاياتى كۈچكە ئېرىشتىمۇ؟

كىشىلىك ھوقۇق ئۇقۇملىرىنىڭ سىرىنى ئېچىش ئۈچۈن كىشىلىك ھوقۇق ئۇقۇمىنى تارىخى ۋە تەرەققىيات نۇقتىسىدىن تەكشۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. مۇبادا بىز كىشىلىك ھوقۇق قاراشلىرىنى خىتايلارغا ئوخشاش

«دۆلەت ئەھۋالى ئوخشاش ئەمەس»، «غەربنىڭ دېموكراتىيىسى، كىشىلىك ھوقۇق نەزەرىيىسى جۇڭگونىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ماس كەلمەيدۇ»، «شۇڭا كىشىلىك ھوقۇق قاراشلىرىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ» دەپ شەرھلىمەي، خىتايچە كۆزقاراشلارنىڭ تامام ئەكسىچە (يەنى غەربچە ئىجتىمائىي تەرەققىيات يۆنىلىشى بويىچە) كىشىلىك ھوقۇق تارىخى تەرەققىيات جەريانىدا ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىۋاتقان تارىخى ھادىسە دەپ چۈشىنىدىغان بولساق، تەرەققىي قىلىدىغان ۋە تەرەققىي قىلىۋاتقان ھوقۇق قاراشلىرى دەپ چۈشىنىدىغان بولساق، ئۇنداقتا كىشىلىك ھوقۇق ھازىرقى دۇنيادا شەخسلەر، مىللەتلەر ۋە دۆلەتلەر باش تارتىپ بولمايدىغان، تىكلىپ قاراشتىن ئۆزىنى قاچۇرالمايدىغان، دۆلەتلەر ۋە مىللەتلەر چوقۇم دۇچ كېلىدىغان بىر مەسىلە ـ كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسى ئىكەنلىكىنى چۈشىنىۋالالايمىز.

## ئومۇمەن...

1998 ـ يىلى 1ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى

ئومۇمەن ئېيتقاندا كىشىلىك هوقۇق بۇ، ـ ئىنسان، مىللەتنىڭ هوقۇقىدۇر. كىشىلىك هوقۇق هەم تارىخى كاتېگورىيە هەم ئىجتىمائىيلاشقان كاتېگورىيىدۇر. كىشىلىك هوقۇق ـ ئادەم بەھرىمەن بولۇشقا تېگىشلىك هەرقانداق هوقۇقتىن هەرقانداق چاغدا، هەرقانداق يەردە ئىختىيارى بەھرىمەن بولۇش هوقۇقى دېگەنلىكتۇر. يەنە باشقا مەنىدىن ئېيتقاندا كىشىلىك هوقۇق ئىنسان يەنە شۇ ئادەمنىڭ ئۆز ماھىيىتىگە يارىشا بەھرىمەن بولۇشقا تېگىشلىك نېگىزلىك هوقۇقى ۋە ئەركىنلىكى دېگەنلىكتۇر. شۇڭا بۇ تۈرلۈك هوقۇقلارنى كىشىلەر ئادەتتە كىشىلىك هوقۇق دەپ ئاتاشقا ئادەتلەنگەن. ئادەتكە يارىشا كىشىلىك هوقۇقنىڭ مەنىسىگە نەزەر تاشلىساق، بەزى هوقۇقلار، مەسىلەن: تەبىئىي كۆپىيىش، ئۆي ـ ئوچاقلىق بولۇش، نەسىل قالدۇرۇش هوقۇقلىرى، پىكىرنى ئەركىن بايان قىلىش هوقۇقلىرى، دىنى ئېتىقاد ئەركىنلىكى هوقۇقلىرى، تەشكىلاتلارغا ئۇيۇشۇش، نامايىش قىلىش نارازىلىقلىرىنى ئىپادىلەش هوقۇقلىرى، مۇستەملىكە مىللەتلەرنىڭ مۇستەقىللىق تەلەپ قىلىش هوقۇقلىرى ۋەھاكازا... قاتارلىق هوقۇقلار ئادەمنىڭ تەبىئىتى ۋە ئۇنىڭ ماھىيىتىگە ئاساسەن باراۋەر هالدا، بەلكى ئوخشاش دەرىجىدە جەمئىيەتتىكى بارلىق كىشىلەرگە مۇۋاپىق كېلىدۇ. (ئۇيغۇرىستاندا خىتايدىن باشقا كىشىلەرگە، چۈنكى خىتايلار بۇ ئۆلكىگە قانۇنسىز كۆچۈپ كىرگەن كۆچمەنلەردۇر).

كىشىلىك هوقۇقنىڭ مەزمۇنى ۋە شەكلى جەھەتتە پىكىر قىلساق، بۇ هوقۇقلار ئىرق ۋە رەڭ ئايرىماي، جىنسى پەرق، تىل ۋە دىنى پەرقلەرگە

قارىماي، سىياسىي كۆزقاراشلار ۋە باشقا كۆزقاراشلارنى پەرقلەندۈرمەي، مىللەتىنىڭ ئېتنىك كېلىپ چىقىشى ۋە خۇسۇسىي مال بىساتىنىڭ ئاز ـ كۆپلۈكىنى ئايرىماي، شەخسنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە سالاھىيىتىنى پەرقلەندۈرمەي بارلىق ئادەمگە مۇۋاپىق كېلىدىغان ھوقۇقتۇر. كىشىلىك ھوقۇق ــ ئادەمنىڭ تەبىئىتى ۋە ماھىيىتىگە يارىشا باشقىلارغا ئۆتۈنۈپ بەرگىلى بولمايدىغان، ئۆزىنىڭ ھوقۇقلىرىغا باشقىلارنىڭ دەخلى ـ تەرز قىلىشىغا يول قويمايدىغان ئۆزى ھەم باشقىلارنىڭ ھوقۇقلىرىغا دەخلى ـ تەرز قىلمايدىغان ۋە شۇنداق قىلمەن دېگۈچىلەرنى ئەخلاقى جەھەتتە چەكلەپ قويىدىغان ھوقۇقتۇر.

كىشىلىك ھوقۇق شۇنىڭ ئۈچۈن كىشىلىك ھوقۇق دەپ ئاتىلىدۇكى، بەزى نېگىزلىك ھوقۇقلار چېقىلغىلى بولمايدىغان تەبىئىي ھوقۇقلاردۇر. مەسىلەن: ھەربىر ئادەمنىڭ ئەتراپلىق تەرەققىي قىلىش ھوقۇقى، ھەربىر ئادەمنىڭ شەخسى تەرەققىي قىلىش ھوقۇقلىرى... قاتارلىق ھوقۇقلار، شاپائەت قىلغۇچى كىشىلەر تەرىپىدىن باشقىلارغا ئىئانە قىلىدىغان نەرسە ئەمەس، بەلكى ئۇ بىر خىل ھوقۇق، ئۇ ھەرگىز بىر خىل ئاقىلانە تەشەببۇس ياكى ئاقىلانە ئارزۇ ئەمەس، ئۇ پەقەت بىر خىل ھوقۇقتۇر.

## باللىرىمنى تاپتىم

1998 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى

ئوكلاخوما شەھىرىنىڭ ئايروپىلان ئىستانسىسىغا چىقتىم. كۆرۈشمىگىلى ئىككى يىل بولغان باللىرىمنى كۈتۈۋالدىم. ئەسلىدە بىر يىلدا كېلىپ بولۇشى كېرەك ئىدى. خىتاي كوممۇنىست مۇستەملىكىچىلىرى پاسپورت بېرىشنى رەت قىلدى. ماڭا ياردەملىشىپ سىياسىي پاناھلىق ئېلىپ بەرگەن ئادۋوكات ۋىندى خانىم، ئامېرىكا كونگىرىسى ئاۋام پالاتاسى تاشقى مۇناسىۋەتلەر كومىتېتىنىڭ رەئىسى كىرىستوفىر سمىت ئەپەندىگە باللىرىم ۋە ئايالىم رابىيە قادىر توغرىسىدا دوكلات يېزىپ، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ ئائىلىگە پاسپورت بەرمىگەنلىكىنى تىلغا ئېلىپ ياردەم تەلەپ قىلغاندا، رەئىس كىرىستوفىر ئەپەندى ھەقىقىي ياردەم قىلدى. بىراق خىتاي كۆچمەنلەر ھاكىمىيىتى ئايالىم رابىيەم قادىرنىڭ پاسپورتىنى بەرمىدى. باللىرىم ئامېرىكىغا كەلدى، خېنىم رابىيە ۋەتەندە قېلىپ قالدى. شۇنداق قىلىپ باللىرىمنى قارشى ئالدىم... يىغلاشتۇق، قۇچاقلاشتۇق. كىچىك باللار تېخى ۋەتەنىنىڭ، ئۆز يۇرتىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتى. لېكىن چوڭ بولغانسېرى ۋەتەنىنىڭ قەدرى ئۆتىلىشكە باشلىدى. ئانىسىنى سېغىنىشقا باشلىدى. پاسپورت دېگەننىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى، سىياسىي پاناھلىقنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى شۇنىڭ ئۆچۈن ۋەتىنىگە قايتالمايدىغان بولۇپ قالغانلىقىنى چۈشىنىشكە باشلىدى. ۋەتەن بىزنىڭ، زېمىن، بىز نېمىشقا ئۆز ۋەتىنىمىزگە قايتالمايمىز؟ بىز ۋەتىنىمىزدىن قوغلاپ چىقىرىلدۇقمۇ، ۋەتىنىمىزگە مەڭگۈ بارالمايمىزمۇ باللارچە سوئاللار... باللارچە جاۋابلار.

باللارغا دادا بولماقمۇ تەس ئىكەن، باللارغا ئانا بولماقمۇ تەس ئىكەن، ئىنقىلاب قىلىمەن دېگەن دادا ۋە ئانىنىڭ باللارنىڭ ئالدىدا جاۋابكارلىقمۇ كۆپ ئىكەن. ھەم ئانا ھەم دادا بولۇپ، باللىرىمغا مېھرىبانلىق قىلىشقا باشلىدىم. كۆڭلەر شۇنداق ئۆتمەكتە، ئاخىرقى مەنزىل قەيەردە؟

## دۆلەت ۋە تۈزۈم

1998 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى

دۆلەت ئاددىيلا ئىجاد قىلىنغان نەرسە ئەمەس، ئۇ بىر نەچچە ئەسىرلەر داۋامىدا ئىجاد قىلىنغان (بۈيۈك) ئەسەردۇر. ئۇ ئەقىل ۋە ئەقىللىق ئادەمنىڭ ئىشىدۇر. پەقەت مۇشۇ خىل ئاڭ مۇئەييەن مىللەتنىڭ ئارىسىدا تەرەققىي قىلىپ (دۆلەت شەكلىگە) ئىرىشكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن (دۇنيادا) سۇبىيېكت ئىجاد قىلغان بىر(مۇ) دۆلەت يوق.

دەريا ئېقىنىدەك ئېقىپ ئۆتۈپ تۇرغان تارىخى جەريانلاردا، ئەسىرلەر داۋامىدا ئۇيغۇرلار دۆلەت (شەكلى) بەرپا قىلالمىغانمۇ؟ ئۇيغۇرلارمۇ ئىجادى «ئەسەر» دۆلەت شەكلىنى بەرپا قىلالىغان ئىدى. بىراق قۇرۇلغان دۆلەتلىرىنى ئۇيغۇرلار راستىنى ئېيتقاندا «ئەقلى نەرسىلەرنىڭ ئىگىسى» ئايلاندۇرالمىدى. دۆلەت قۇرۇش ھەرىكىتى ئۇيغۇرلارنىڭ ئارىسىدا «ئەقلى نەرسىلەرنىڭ ئىگىسى» ئورنىدا تەرەققىي قىلىشقا ئېرىشەلمىدى. چۈنكى دۆلەت قۇرغۇچى «ئاڭ» دۆلەت شەكلىنىڭ تەلەپلىرىگە مۇۋاپىق تەرەققىياتقا ئېرىشەلمىدى. ئېھتىمال دۆلەت شەكلى بىلەن ئىجتىمائىي تۈزۈم ماسلىشالمىدى ياكى دۆلەت ئىدېئولوگىيىسى ئىجتىمائىي تۈزۈمگە ياكى دۆلەت شەكلىگە ماسلىشالمىدى. مىللەتنىڭ يېتىلمىگەن ئەقلى دۆلەتكە ۋە دۆلەتنىڭ ئىجتىمائىي تۈزۈمگە ئېغىر يۈك بولۇپ قالدى. شۇڭا ئۇيغۇرلار دۆلەتنى قولىدا تۇتۇپ تۇرالمىدى.

1998 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى

مەن بۈگۈن 2000 يىل بۇرۇن ئۆتكەن پىلاتون بىلەن پىكىردە بىللە بولدۇم. ئۇخشاش مەسىلىلەر بويىچە ئوخشاش پىكىر قىلىشنىڭ يولىنى تاللىۋالدىم. ھۆددىسىدىن چىقالامدىمەن؟ بىلمەيمەن، ياخشىلار ئەينى چاغلاردىلا ياخشى سۆزلەرنى، كىشىلەرنى ھاياجانغا سالىدىغان ۋە كىشىلەرنى پىكىرلەشكە يېتەكلەيدىغان ئۇقۇملارنى ئۆزىنىڭ ھاياتىغا، ئۆزىنىڭ تۇرمۇشىغا تەتبىق قىلىدىغان ئەقىل ۋە پىكىر قىلىشنىڭ ئۇسۇللىرىنى بىر ـ بىرىگە ئۆگىتىپ بولغان ۋە بىر ـ بىرىدىن ئۆگىنىپ بولغان ئىكەن. بىلىمسىز ۋە نادان بولسامۇ، پىلاتون ۋە ئارىستوتىلدىن كېيىن پەيلاسوپلارنىڭ بۈگۈنگىچە پىلاتون ۋە ئارستوتىل ئېچىپ بەرگەن تەپەككۇر يولىدىن چىقىپ كېتەلمىگەنلىكىنى ھېس قىلىپ يەتتىم.

پىلاتون: «ئاقىلانە ھەرىكەت قىلىش توغرىسىدا بىلىملەر ئەڭ نوپۇزلۇق بىلىم، شۇنداقلا ئەڭ ئەمەلىي ھەقىقىي بىلىم» دەپ كۆرسەتكەن ئىكەن. ئاللاھ ياراتقان بەندىلەرنىڭ ھەددى ـ ھەرىكەتلىرى ئاقىلانە بولۇشى ۋە ھەددى ـ ھەرىكەتلەر توغرىسىدا بىلىملەرمۇ ئاقىلانە بولۇشى، بىلىمگە ئېرىشىش ۋە بىلىمنى قانداق ئىشلىتىش توغرىسىدا نىيەتلەرمۇ ئاقىلانە بولۇشى كېرەك. شۇنداق بولغاندىلا بۇنداق بىلىم نوپۇزلۇق بىلىم بولىدۇ. ئىنسانلارغا پايدىلىق بىلىم بولىدۇ.

سىياسىي سوتسىئولوگىيە ئەنە شۇنداق بىلىمدۇر. چۈنكى سىياسىي سوتسىئولوگىيە ھەربىر دۆلەت، ھەربىر مىللەت تەتقىق قىلىشقا تېگىشلىك ئىلىم ۋە ھەربىر پۇقرا چۈشىنىشكە تېگىشلىك ئىلىمدۇر. بىز كۆرۈپ ئۆتكەن ياكى ھەتتا ئەڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئىلىملىك كىشىلەرنىمۇ

قايىل قىلالايدىغان بىلىملەرنىڭ ھەممىسى سىياسىي سوتسىئولوگىيىنىڭ ئىچىدە بولىدۇ؛ مەسىلەن: ئىستراتېگىيىلىك تەتقىقاتچىلىق، ئىقتىسادشۇناسلىق قاتارلىقلار بەلكى ھازىرقى كۈنلەردە سىياسىي سوتسىئولوگىيە يەنە باشقا ھەممە پەنلەرگە ماسلىشىپ كەلمەكتە.

«سىياسىي سوتسىئولوگىيە ھەربىر دۆلەت تەتقىق قىلىشقا تېگىشلىك ئىلىم» دېيىلىدۇ. خىتاي دۆلەت ئاپپاراتىدا مىللەتچى خىتايلارنىڭ بۇ ئىلىمنى تەتقىق قىلىدىغانلىقى ھەممىمىزگە ئايان. ئۇيغۇر دېگەن بۇ مىللەتنى قانداق بويسۇندۇرۇشنىڭ، قانداق ۋاستىلەرنى ئىشلىتىپ ئەبەدىي، مۇتلەق ئاسسىمىلياتسىيە قىلىشنىڭ ئۇسۇل ـ چارىلىرىغا ئىزدىنىش خىتاي مىللەتچىلىرىنىڭ سىياسىي سوتسىئولوگىيە ساھەسىدە ئالدىغا قويغان مۇھىم ۋەزىپىسىدۇر. بۇنىڭدىن سىياسىي سوتسىئولوگىيە بىر مىللەتنى قانداق يوقىتىشنىڭ ئۇسۇل ـ چارىلىرى ئۈستىدە ئىزدىنىدىغان پەنمۇ؟ دېگەن سوئال تۇغۇلمايدۇ، ئەلۋەتتە. بىراق سىياسىي سوتسىئولوگىيە خىتاي مىللەتچىلىرىنىڭ قولىدا شۇنداق پەنگە ئايلىنىپ قالدى. خىتاي مىللەتچىلىرىنىڭ قولىدا سىياسىي سوتسىئولوگىيە ئۇيغۇرلارغا مىللىي ھۆكۈمرانلىق قىلىشنىڭ چارە ـ تەدبىرلىرى ئۈستىدە ئىزدىنىدىغان بىر پەنگە ئايلىنىپ قالغان بولسا، ئۇنداقتا، ئىشىنىمەنكى، خىتاي مىللەتچىلىرى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ مەۋجۇدلۇقىنى قانداق كاپالەتكە ئىگە قىلىشنى ئەمەس، بەلكى ئاۋۋال ئۇيغۇر مىللىتىنى قانداق يوقىتىشنىڭ يوللىرىنى تەتقىق قىلىدۇ، دېگەن سۆز. مەسىلەن: خىتاي مىللەتچىلىرى ئۇيغۇر ئائىلىلەردە بىر جاننىڭ دۇنياغا كېلىشىنى ۋە بىر جاننىڭ يورۇق دۇنيادىن كېتىشىنى، قىسقىسى تۇغۇلۇشىنى ۋە ئۆلۈشىنى 50 ـ يىللاردىن باشلاپ تەتقىق قىلىپ كېلىۋاتىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆلۈش

نىسـبىتى كـۆپ سـالماقنى ئىگىلەمـدۇ، يـاكى ئۇيغۇرلارنىـڭ تۇغۇلـۇش نىسبىتى كۆپ سالماقنى ئىگىلەمدۇ؟ بۇ تېما خىتاي مىللەتچىلىرىنىڭ ئەڭ مۇھىم تەتقىقات تېمىسىدۇر. ئاچ قويۇش، يالىڭاچ قويۇش، بىر قاچا تاماققا قارىتىپ قويـۇش، ئىقتىسادى جەھەتـتە گادايلاشتۇرۇش، ئۇيغۇرلارنىـڭ بىكـارچىلىقتىن ئىـش تېرىشـىنىڭ ئالـدىنى ئـېلىش ئۈچـۈن قىشـنىڭ كـۈنلىرى ھاشـارغا ھەيـدەش، مەجبـۇرى ئەمگەكـكە سـېلىش، ئىناۋەتلىـك قەرز بېرىش باھانىسىدە يېزا دەرىجىلىك بانكىلارغا قەرزدار قىلىپ قويۇش، ۋەھاكازا قاتارلىق سياسەتلەرنىڭ نەتىجىسىنى بىلمەكچى بولغان خىتـاي مىللەتچىلـىرى ئۇيغۇرلارنىـڭ ئاھـالە ـ نوپـۇس ئەھـۋالىنى تەكشـۈرۈپ تـۇرۇش ئـارقىلىقلا، ئۇيغۇرلارغـا قارىتـىپ بەلگىلـىگەن سياسـەتنىڭ نەتىجىسىدىن خەۋەردار بولالايدۇ.

يۇقىرىقى تېمىلاردا ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقات پائالىيەتلىرى خىتـاي مىللەتچىلىرى ئۈچۈن ئېيتقاندا ئەلۋەتتە «ئاقىلانە ھەرىكەت» ھېسابلانسا، مەندەك ۋە سىزدەك چۈشەنگەن ئۇيغۇرلارغا نىسبەتەن ئېيتقانـدا، خىتـاي مىللەتچىلىرىنىڭ بۇ قىلمىشى ئەلـۋەتتە جىنـايى ھەرىكەتتـۇر. بـۇ توغرىـدا خىتـاي مىللەتچىلـىرى ئىگىلـىگەن «بىلىمـلەر» خىتـاي مىللەتچىلـىرى ئۈچـۈن ئېيتقانـدا «ئـاقىلانە بىلىـم» ھېسابلانســا، ئۇيغـۇرلار ئۈچـۈن ئېيتقاندا، ساختا بىلىم ھېسابلىنىدۇ. خىتـاي مىللەتچىلىرىنـىڭ قىلمىشـى ئـارقىلىق خىتـاي مىللەتچىلىرىنـىڭ سياسـىي مەقسـىتىنى چۈشـىنىپ يەتكەن ئۇيغۇرلار قولىغا قەلەم ئېلىپ پاش قىلىش، تەنقىـد قىلىش، رەت قىلىش ئۇسۇلىنى قوللانسا، ئۇيغۇرلارنىـڭ بـۇ خىـل ھەرىكىتـى «ئـاقىلانە ھەرىـكەت» ۋە بـۇ يولـدا ئـۆگەنگەن، ئىشـلەتكەن بىلىملـىرى «ئـاقىلانە بىلىم» «نوپۇزلۇق ئىلىم» بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

شۇڭا ھەربىر پۇقرا سىياسىي سوتسىئولوگىيىنى چۈشىنىشى، ئۆگىنىشى لازىم بولىدۇ. قانداق ياشاپ كەلدۇق، قانداق ياشايمىز، قانداق ياشىشىمىز كېرەك، دېگەن سوئاللارنى ئالدىغا قويالىغان مىللەت، سوئالغا دەرھال جاۋاب ئىزدەپ تاپالمىغاندىمۇ، جاۋاب تېپىش جەريانىدا شۇ مىللەتنىڭ كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقى بىر تەرەپتىن شۇ مىللەتنىڭ نۆۋەتتىكى ئەزالىرىنى قانائەتكە ئىگە قىلسا ھەم شۇ مىللەتنىڭ كېيىنكى ئەۋلادىنىڭ پەخىرلىنىشكە ماتېرىيال بولالايدۇ. بىراق، ھازىرقى زامان ئۇيغۇرلىرى ئاتا ـ بوۋىلىرى ئېچىپ بەرگەن يولدىمۇ تۈزۈك ماڭالمايۋاتسا، ئۆزلىرىنىڭ يول ئېچىپ ماڭالىشى مۇمكىنمىدۇ؟

## بۈگۈن

1998 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى

خىتاي كۆچمەنلىرى هاكىمىيىتىنىڭ «شىنجاڭ» ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇستەملىكە دائىرىلىرى، ئۈرۈمچى شەهەرلىك سودا ـ سانائەت ئىدارىسى، ئۈرۈمچى شەهەرلىك ساقچى ئىدارىسى بىرلىكتە ساقچى ۋە كادىر ئەۋەتىپ رابىيە قادىر شىركىتىنىڭ قارمىقىدا قۇرۇلغان «مىڭ ئانا شىركىتى»گە پېچەت سالدى.

شىركەتلەرگە، بايلارغا «قانۇنلۇق تىجارەت قىلمىدى»، «باج ئوغرىلىدى» دەپ جىنايەت ئارتىپ، خۇسۇسى كارخانىلارنى ۋە خۇسۇسى تىجارەتچىلەرنى يوقىتىپ كەلگەن خىتاي هۆكۈمىتى «مىڭ ئانا شىركىتى»گە «قانۇنسىز تىجارەت قىلدى»، «باج ئوغرىلىدى» دەيدىغان جىنايەتلەرنى ئارتالمىدى. چۈنكى، بۇ «مىڭ ئانا شىركىتى» تېخى تۈنۈگۈنلا 12 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى قۇرۇلۇپ رەسمىي تىجارەتكە كىرىشمىگەن ئىدى.

ئەمما، خىتاينىڭ مۇستەملىكە دائىرىلىرى «قانۇنسىز مەبلەغ توپلىدى» دېگەن باهانىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، «مىڭ ئانا شىركىتى»نى قۇرغۇچى ئاياللار، شىركەتكە توپلىغان 1 مىليون يۈەن خىتاي پۇلىنى بانكىدا توڭلاتتى. شىركەتنىڭ سودا ـ تىجارەت كىنىشكىسىنىمۇ مۇسادىرە قىلدى. رابىيە قادىرنىڭ ئۇيغۇر ئاياللىرىنى تەشكىللەپ شىركەت قۇرۇش پىلانىغا زەربە بەردى.

# ھوقۇق

1998 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى

ھوقۇق بىر تەرەپتىن كۈچ، بىر تەرەپتىن مەنپەئەت دېگەنلىكتۇر. دېمەك، كۈچ بىلەن مەنپەئەتنىڭ بىرلىكى ھوقۇق دېگەنلىكتۇر. بۇ يەردە ھوقۇق ئۇقۇمىنىڭ ئالدىنقى شەرتى ــ مەنپەئەت ئۇقۇمىدۇر. ھوقۇق توغرىسىدىكى كۆزقاراشلارنىڭ قانداق خاراكتېرلىك ۋە قانچە خىل بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ھوقۇق ئۇقۇمىنىڭ ئاساسى مەنپەئەت ئۇقۇمىدۇر. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ھوقۇقنىڭ مۇئەييەن جەمئىيەتتىكى كۆرسەتكۈچى مىللىي مەنپەئەت، خۇسۇسى مەنپەئەت ياكى مىللىي مەنپەئەت بىلەن خۇسۇسى مەنپەئەتنىڭ بىرلىكى بولسۇن ياكى سىياسىي مەنپەئەت بىلەن ئىجتىمائىي مەنپەئەتنىڭ بىرلىكى بولسۇن، ئۇلار ھامان مۇئەييەن جەمئىيەتتە ھوقۇق مۇناسىۋەتلىرىنى تەشكىل قىلىدۇ. بۇنداق ھوقۇق مۇناسىۋەتلىرى مۈلۈكچىلىك مۇناسىۋەتلىرىنى، ئىقتىسادى مۇناسىۋەتلەرنى ئۆزىگە ئاساس قىلىدۇ. شۇڭا بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ھوقۇق ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي قۇرۇلما ۋە بۇ قۇرۇلما تىزگىنلەپ تۇرغان جەمئىيەتنىڭ مەدەنىيەت ۋە تەرەققىيات ھالەتلىرىدىن ھالقىپ چىقىپ كېتەلمەيدىغانلىقى نىسپى بولىدۇ. چۈنكى، ھەرقانداق بىر جەمئىيەت، ھەرقانداق چاغدا ئىنقىلابقا ھامىلە بولغانلىقتىن، ئىنقىلاب ھوقۇقى مۇناسىۋەتلەرنىڭ ئۆزگىرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

يەككە ــ يېگانە ھوقۇق ئارزۇلىرى ۋە مەنپەئەت تەلەپلىرى ۋە غەيرىي ئارزۇلار ھوقۇقنى تەشكىل قىلالمايدۇ. چۈنكى، سىياسىي جەھەتتە يوللۇق بولغان، قائىدىلەشكەن ھوقۇق ـ مەنپەئەت مۇناسىۋەتلىرىلا ئاندىن ھوقۇق ـ مەنپەئەت ئىپادىسىگە ئىگە بولىدۇ. بۇ دېگەنلىك ھوقۇق

ئۇقۇمى مەنپەئەت قاراشلىرىدىن باشقا يەنە ھوقۇق ـ كۈچ ئۇقۇمىنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشى كېرەك، دېگەنلىكتۇر.

ھەرقانداق شەخسنىڭ ياكى مىللەتنىڭ سىياسىي ھوقۇقلىرى قانۇنلۇق، دەپ ئېتىراپ قىلىنغاندىلا، ئادالەتنىڭ، ئىنسانلىقنىڭ مەنپەئەت تەلەپلىرى، ھاسىلات مۇناسىۋەتلىرى ئاندىن ھوقۇق بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ. خىتاي مىللەتچىلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ سايلاش، سايلىنىش ھوقۇقلىرىنى قانۇنلار ياكى تېگىشلىك سىياسەتلەر ئارقىلىق ئېتىراپ قىلغانمۇ ـ يوق؟ ياق! ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي ھوقۇقلىرى ھازىرغىچە خىتايلار تۈزگەن ئاتالمىش قانۇنلارنىڭ، ئالاقىدار سىياسەتلەرنىڭ ھىمايىسىگە، كاپالىتىگە ئېرىشەلمىگەنلىكتىن ئۇيغۇرلارنىڭ مەنپەئەت تەلەپلىرى ئېتىراپ قىلىشقا ئېرىشەلمىدى. بۇنداق ئەھۋالدا ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇقلىرىدىن ئېغىز ئاچقىلى بولامتىمۇ؟

سىياسىي ھوقۇقلارنىڭ قانۇن دائىرىسىدە (ئەمەلىيەتتە) ئېتىراپ قىلىنىشى، ئادالەتنىڭ، ئىنسانلىقنىڭ مەنپەئەت تەلەپلىرى ۋە ھەرخىل جەمئىيەت مۇناسىۋەتلىرىنىڭ ھوقۇق بولۇپ ئىپادىلىنىشى شۈبھىسىزكى، شەخس بىلەن دۆلەت ھوقۇقىنىڭ (ئىگىلىك ھوقۇق، مىللەتنىڭ قانۇن چىقىرىش ھوقۇقى) مۇناسىۋىتىگە بېرىپ چېتىلغان بولىدۇ. شۇ دۆلەتنىڭ قانۇن چىقىرىشىدا شەخسنىڭ تۇتقان ئورنى (خىتاينىڭ قانۇن چىقىرىشىدا مىللەتنىڭ تۇتقان ئورنى) خۇسۇسنىڭ ھوقۇق - مەنپەئەتلىرىنى، مىللەتنىڭ ھوقۇق - مەنپەئەتلىرىنى ئەكس ئەتتۈرگەندىن باشقا، پۇقرالارنىڭ مەجبۇرىيەتلىرىنىمۇ ئەكس ئەتتۈرگەن بولىدۇ.

شۇڭا دۆلەت ھوقۇقى بۇ ـ بارلىق ھوقۇقنىڭ مەنبىئىدۇر.

## بۈگۈن

1998 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى

خىتاينىڭ سەندۇڭ ئۆلكىسىدىن مۇستەملىكە ئۇيغۇرىستانغا كۆچۈپ كەلگەن كۆچمەن، كۆچۈپ كېلىپ قورچاق شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ سېكرېتارى بولۇۋاتقان ۋاڭ لېچۈن، رابىيە قادىرىنىڭ سىياسىي كېڭەشتىكى سالاھىيىتىنى بىكار قىلىپ سىياسىي كېڭەشتىن قوغلاپ چىقارغانلىقىنى جاكارلىدى.

ئۇيغۇر خەلقى خىتاينىڭ سىياسىي كېڭىشىگە سىياسىي كېڭەش دەپ ئىسىم قويۇۋالغان ئىدى. قائىدە بويىچە مۇبادا قائىدە ئېتىراپ قىلىنسا، قانۇن بويىچە قائىدە ـ قانۇنلار ئېتىراپ قىلىنسا جۇڭگودا ياكى جۇڭگونىڭ مۇستەملىكىسى ئۇيغۇرىستاندا سىياسىي كېڭەش خىتايلاردىن تەشكىللەنگەن، خىتايلارنىڭ كونتروللۇقىدىكى سىياسىي كېڭەش بولماستىن، سىياسىي كېڭەش ئۇيغۇرلاردىن تەشكىللەنگەن، ئۇيغۇرلارنىڭ كونتروللۇقىدىكى سىياسىي كېڭەش بولاتتى.

كەلگىندى، دۆملاندى، تېجىمەل ۋاڭ لېچۈن، ۋەتەنىنىڭ ئىگىسى، ئۇيغۇرىستاننىڭ خوجايىنى بولۇشقا تېگىشلىك بىر ئۇيغۇر رابىيە قادىرنى سىياسىي كېڭەشتىن قوغلاپ چىقارغانلىقى كۈلكىلىك بىر ئىش بولدى.

## ختاي

1998 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى

20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى ختاي جەمئىيىتىگە تەھلىل يۈرگۈزەيلۇق. شۇ دەۋرلەردە جۇڭگو يايلاق مىللىتى مانجۇلارنىڭ مۇستەملىكىسى ئىدى. تارىخى ئومۇمىيە مەۋقەسىدە تۇرۇپ جۇڭگونىڭ مۇستەملىكە تارىخىنى يېزىشقا قەلەم تەۋرەتكەندە جۇڭگو تارىخى ئىككى خىل يېزىلاتتى. جۇڭگونى مۇستەملىكە قىلىش بابىدىن سۆز ئاچقاندا، بۇ تارىخ مانجۇلارنىڭ ختاي مىللىتىنى مۇستەملىكە قىلىشى ھېسابىغا تولۇق تارىخ بولۇپ يېزىلاتتى. مانجۇلارغا مۇستەملىكە بولۇش بابىدىن سۆز ئاچقاندا، جۇڭگونىڭ تارىخى ختايلارنىڭ مانجۇلارغا مۇستەملىكە بولۇپ قېلىش ھېسابىغا تولۇق بىر تارىخ بولۇپ يېزىلىشى كېرەك ئىدى.

ئەمما، مەيلى گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋرلەردە تەربىيە كۆرگەن ختاي تارىخچىلىرى بولسۇن ياكى كوممۇنىست ختايلار ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان دەۋردە تارىخنى شوئارغا، تارىخنى سىياسەتنىڭ قورالىغا ئايلاندۇرۇپ، تارىخنىڭ ئوبيېكتىپ قىممىتىنى، تارىخنىڭ ئىلمى قىممىتىنى مەنسىتمەي تەربىيە كۆرگەن ختاي تارىخچىلىرى بولسۇن، مانجۇلار بىلەن ختايلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنىڭ مۇستەملىكە بولۇش، مۇستەملىكە قىلىش مۇناسىۋەتلىرى تارىخى ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلدى.

مانجۇلار ختاي مىللىتىگە سېلىشتۇرغاندا ھۆكۈمران مىللەت ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن جەمئىيەت مۇناسىۋەتلىرىنىڭ، ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇللىرىنىڭ ۋە ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنىڭ شەكلى، دۆلەت ئاپپاراتى ۋە دۆلەت تەشكىلاتلىرىنىڭ شەكلى مەۋجۇدلۇقىنى، مۇئەييەن

دەۋرگە خاس خىتاي تەپەككۇرىنىڭ مەۋجۇد بولۇپ تۇرۇشىنى مانجۇلارنىڭ بەلگىلەيدىغانلىقىنى ئىنكار قىلدى. بىراق خىتاي جەمئىيىتىنىڭ شۇ خىل ھالەتلىرىنى تونۇپ يەتكەن دېھقان داھىي ماۋ زېدۇڭ جۇڭگو جەمئىيىتى توغرىسىدا يېرىم فېئودال، يېرىم مۇستەملىكە دېگەن دانا ھۆكۈمنى ئوتتۇرىغا چىقارغان. بىراق، خىتاينىڭ مىللەتچى تارىخچىلىرى بۇ دانا ھۆكۈمنى ئېتىراپ قىلىشنى خالىمىدى، چۈنكى، بۈيۈك خىتاي چەمبىرىكىدە ھاقارەتتىن پەيدا بولغان مىللەتچىلىك ياكى خىتاي زىيالىيلىرىنىڭ مىللىي غۇرۇرى بىز «مانجۇلارغا مۇستەملىكە بولغانتۇق»، «جۇڭگو مانجۇلارنىڭ مۇستەملىكىسى ئىدى» دەپ ئېتىراپ قىلىشقا يول قويدى.

خىتاي مىللەتچىلىرى نەزەرىيە ۋە سىياسىي جەھەتتە، مانجۇ خىتاي مۇناسىۋەتلىرىنىڭ مۇستەملىكە بولۇش ۋە مۇستەملىكە قىلىش مۇناسىۋەت تارىخى ئىكەنلىكىنى ئايدىڭلاشتۇرمىغانلىقتىن بۈگۈن خىتاي رەھبەرلىرى جۇڭگو كۆپ مىللەتلىك دۆلەت سىياسىتىنى كۈچەپ تەشۋىق قىلغاندا، كۆپ مىللەت قاتارىغا كىرگۈزۈۋېتىلگەن مىللەتلەرنىڭ سىياسىي تەلەپلىرىنى ئېتىراپ قىلماي، ھەتتا، بۇ مىللەتلەرنىڭ ئېتنىك سۈپەتتە مەۋجۇدلۇقىنىمۇ ئېتىراپ قىلماي، خۇپسەنلىك قىلىش ئەمەلىيەتتە مانجۇلارنىڭ خىتايغا مىللىي ھۆكۈمرانلىق قىلىش تارىخىنى ئېتىراپ قىلماسلىقتىن باشلانغان ئىدى.

## بۆگۈن

1998 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى

بۆگۈن، مېنىڭ ھاياتىمدا ئەھمىيەتلىك بىر كۈن بولۇپ قالدى. 40 يىللىق قۇرۇلۇش تارىخىغا ئىگە MNESTY INTERNATIONAL خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى ئاسىيا بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى ئارلەت لەيدىگۆي خانىم ATLETTE LACICLUKUIE لوندوندىن ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىنىڭ ئوكلاخوما شەھىرىگە مېنى ئىزدەپ كەلدى. باللىرىم ماشىنا ھەيدەپ چىقىپ ئوكلاخوما ئايروپىلان ئىستانسىسىدە بۇ خانىمنى كۈتۈۋالدى. تۇرۇۋاتقان شەھىرىمىز شانى شەھىرىگە ئېلىپ كەلدى. ئارلەت لەيدىگۆي خانىم مەن بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كىشىلىك ھوقۇق خاتىرىسىنى ئىگىلەش ئۈچۈن لوندوندىن ئالاھىدە ئامېرىكىغا كەلگەن ئىكەن. ئارلەت لەيدىگۆي خانىم شانى شەھىرىگە كېلىشتىن بۇرۇن مەن تەييارلىق قىلىپ قويغان ئىدىم. ئۈرۈمچىدىن ئامېرىكىغا كېلىشتە ماتېرىياللارنى تولۇق ئېلىپ كەلگەن ئىدىم. بۇ ماتېرىياللار ختايلار تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان، ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان يېقىنقى سەككىز يىللىق «شىنجاڭ يىلنامىسى» ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا 1997 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى ئۇيغۇرىستاننىڭ ئىلى ئۆلكىسى غۇلجا شەھىرىدە ئۇيغۇرلار مۇستەقىللىق تەلەپ قىلىپ نامايىش قىلدى. نامايىش ختاينىڭ دەھشەتلىك باستۇرۇشىغا ئۇچرىدى. ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان گۇناھسىز ئۇيغۇرلارنىڭ بالا ـ چاقىسى، يارۇ ـ بۇرادەرلىرى خوش ئېيتىپ ئىجرا قىلىشقا ئېلىپ ماڭغان ھەربىر ماشىنىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە ختاي ئەسكەرلىرىنىڭ ئۆگزىلەرگە قۇرۇۋالغان پىلىمۇتتىن ئوق

ياغدۇرۇپ گۇناھسىز خەلقنى قانداق قىرغىن قىلغانلىقى توغرىسىدا ئاز ـ تولا ماتېرىيال توپلىغان ئىدىم.

غەربلىك بىر خانىم بىلەن تۇنجى قېتىم ئۇچراشقاندا سۆھبىتىمىز ئەلۋەتتە سىياسىي ماۋزۇلارغا ئائىت كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسىگە بېرىپ تاقىلاتتى. ئۇنىڭدىن باشقا مەن يەنە ئارلەت لەيدىگۆي خانىم بىلەن مۇشۇ شەھەردە مەن بىللە ياشاۋاتقان بىر قىسىم ئۇيغۇرلارنى كۆرۈشتۈرۈشنى نىيەت قىلدىم. بۇ كىشىلەر تۆۋەندىكى كىشىلەر ئىدى:

ئابدۇلھېكىم رەھمان - قارا شەھەرلىك

ھوشۇر مۇھەممەد- ئاتۇش ئازغانلىق

نەبىجان تۇرسۇن- ئۇچتۇرپانلىق

قۇتلۇق ئالماس - تۇرغۇن ئالماسنىڭ بالىسى

ئابدۇلھېمىد تىلەك- ئاتۇش

خاسىيەت قەييۇم- تۇرپانلىق

خاسىيەت قەييۇم شۇ كۈنكى سۆھبىتىمىزدە تەرجىمانلىق قىلدى.

مەن ئاۋۋال ئارلەت لەيدىگۆي خانىمغا ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇق خاتىرىسى توغرىسىدا دوكلات بەردىم. ئۇيغۇر دېگەن مىللەتنىڭ ئېتنىك قۇرۇلمىسىنى، بۇ مىللەتنىڭ دۆلەت قۇرۇش تارىخىنى، خىتايغا مۇستەملىكە بولۇپ قېلىشىنىڭ تارىخى سەۋەبلىرىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتتۈم. شۇ ئەسنادا ئىلى قىرغىنچىلىقىغا ئائىت 18 ـ چىسلانى 24 ـ چېسلا دەپ سالدىممۇ قانداق؟ ئارلەت لەيدىگۆي خانىم دەرھال تۈزىتىش بەردى. ئەمما، (دوكتور نەبىجان تۇرسۇن ئەپەندى بىلەن ھوشۇر مۇھەممەد ئەپەندىم، بىر ـ بىرىگە قاراپ مىيىقىدا كۈلۈشۈپ قويدى. دېمەك، بۇ كىشىلەر مېنى زاڭلىق قىلىشتى) ئارىدا بىرسى:

ــ ئىلى خەلقى ئەسلىدە نامايىش قىلمايتتى. خىتايلار شۇ چاغدا ئۇيغۇرلارنىڭ چىشىغا تېگىپ قويدى. ئاددىي ئىش نامايىشقا ئايلىنىپ كەتتى، دېدى. مەن تەرجىمانغا قاراپ توختا! تەرجىمە قىلما، دېدىم.

ــ ھەركىم ئۆزىنىڭ گېپىنى قىلمامدۇ، نېمىشقا توختىتىپ قويىمىز، دېدى ھوشۇر مۇھەممەد بەگ ئەپەندى.

ــ سەن جايىڭدا ئولتۇرۇۋەر، بۇ ئىش سەن ئارىلىشىدىغان ئىش ئەمەس، دېدىم ۋە ھېلىقى كىشىنىڭ سۆزىنى ئۈزۈپ:

خىتايلار ۋەتىنىمىزگە تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەندىن باشلاپ، ئۇيغۇرلار خىتايلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى نامايىش قىلىپ كەلمەكتە. بۇ قېتىم ئىلىدا پارتلىغان نامايىش تۇنجى نامايىشمۇ ئەمەس ۋە ئەڭ ئاخىرقى نامايىشمۇ ئەمەس، خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىنى داۋاملىق دەپسەندە قىلىدىكەن، ئۇيغۇر خەلقى بۇنىڭدىن كېيىن يەنە داۋاملىق نامايىش قىلىدۇ، دېدىم.

گەپنىڭ مەنىسى شۇ يەردىكى «خىتايلار چىشىغا تېگىپ قويمىسا ئۇيغۇرلار نامايىش قىلمايتتى» دېگەنلىك «چىشىغا تېگىپ قويمىسىلا ئۇيغۇرلار خىتايلارنىڭ مىللىي ھۆكۈمرانلىقىنى ياۋاشلىق بىلەن قوبۇل قىلاتتى»، دېگەنلىك بولمامدۇ؟ ئۇنداقتا بۇ دەرىجىلىك قانائەتچان مىللەتنىڭ كىشىلىك ھوقۇقلىرىغا كۆڭۈل بۆلۈشىنىڭ نېمە زۆرۈرىيىتى بار ئىدى؟ ئۆزلىرىنىڭ كىشىلىك ھوقۇق ۋە ھاياتى مەۋجۇدلۇقىنى قوغداش ئۈچۈن ئۇيغۇرلار توختىماي كۈرەش قىلىۋاتقان مىللەت ئىدى، دېيىلگەندە، ئۇيغۇر دېگەن ئېتنىك مىللەتنىڭ خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرىنىڭ ئالدىدا قەدرى ـ قىممىتى بولاتتىغۇ، دەيمەن.

قورسقىغا تاماق يېيىشتىن ئۆنىڭدىن كېيىن تەرەتخانىغا بېرىشتىن باشقىنى بىلمەيدىغان بۇ كىشىلەرنىڭ بىلجىرلاشلىرىنى زورىغا بېسىپ قويۇپ ئارلەت لەيدىگۆي خانىمنى ئايروپىلان ئىستانسىسىغا ئېلىپ چىقىپ ئۈزىتىپ قويدۇم. خوشلىشىدىغان چاغدا:

ــ ئارلەت لەيدىگۆي خانىم، مەن قاچان لوندونغا بېرىپ ئەنگلىيە پارلامېنتىدا ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇقى توغرىسىدا نۇتۇق سۆزلەيمەن، دەپ، چاقچاق قىلدىم.

ــ كۈتۈپ تۇر، دېدى ئادالەت لەيدىگۆي خانىم جاۋابەن.

ئارلەت لەيدىگۆي خانىم قانداقلارچە مېنى ئىزدەپ لوندوندىن ئوكلاخوما شەھىرىگە كەلدى. ھېكايىنى يەنە رابىيە قادىردىن باشلايمەن.

رابىيە خېنىم رابىيە قادىر سودا سارىيىنىڭ 6 ــ قەۋىتىدە ھەقسىز تىل مەكتىپى ئاچقان. بۇ مەكتەپتە ئىنگلىز تىلى، ئەرەب تىلى دەرسلىرى ئۆتۈلەتتى. ئوقۇتقۇچىلارنىڭ مائاشىنى رابىيە خېنىم بېرەتتى. ئورۇندۇق ــ ئۈستەل، دوسكا قاتارلىقلارنى رابىيە خېنىم تەييارلاپ بەرگەن ئىدى. بىرىنچى قارار، ئىككىنچى قارار ئوقۇغۇچىلار ياخشى ئوقۇپ ئارقا ــ ئارقىدىن مەكتەپ پۈتتۈردى. ئېگىز بويلۇق، خۇش پېئىل، چاقچاقچى، كېلىشكەن ئۇيغۇر يىگىت ئەكبەر مىجىت ئەپەندى بۇ مەكتەپتە ئوقۇغۇچىلارغا ئىنگلىز تىلىدىن دەرس ئۆتەتتى. شۇ ئارىلىقتا، ئوقۇتقۇچىلىق قىلىش ئۈچۈن ئەنگلىيەدىن ئۈرۈمچىگە كەلگەن سالى خانىم بىلەن ئەكبەر مىجىت تونۇشۇپ قېلىپ، تونۇشلۇق مۇھەببەتكە، مۇھەببەت بۇ ئىككى ياشنى توي قىلىشقا ئېلىپ كېلىدۇ. ئىككى ياش توي قىلىپ ئەنگلىيىگە كېتىش ئالدىدا خوشلىشىش ئۈچۈن رابىيە خېنىمنىڭ ئالدىغا كىرگەندە، رابىيەم خېنىم ئۇلارنى قىزغىن كۈتۈۋالىدۇ.

چىرايلىق سوۋغا ـ سالام، يوللۇق تۇتۇپ، پېقىرنىڭ ئامېرىكىدىكى ئادرېسىنى، تېلېفون نومۇرىنى ئەكبەر مىجىتنىڭ قولىغا تۇتقۇزغاندىن كېيىن:

ــ ئۇكام ئەكبەر، سىدىقھاجى روزى ئىنگلىزچە بىلمەيدۇ، تەرجىمانلىقنى سەن ئۇستۇڭگە ئال، سىدىقنى يالغۇز قويما! تاشلاپ قويما، مەن سەندىن رازى بولمەن، دەيدۇ.

1997 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا لوندونغا يېتىپ كەلگەن ئەكبەر مىجىت ئەپەندى، سالى خانىملار مەن بىلەن مەخپىي ئالاقە ئورناتتى. مەن ئۇلارنىڭ ئىسمىنى ھەرقانداق جايدا ئاشكارىلىماسلىققا ۋەدە بەردىم.

ئەكبەر مىجىت ئەپەندىلەر رابىيە خېنىمنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە لوندونغا كېلىپلا «خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى»نىڭ ئەزالىرى بىلەن ئالاقە ئورناتتى. بۇ كىشى ئارلەت لەيدىگوي خانىم ئىدى. ئارلەت لەيدىگوي خانىمنىڭ لوندوندىن ئوكلاخوماغا يېتىپ كېلىپ مېنى ئىزدىشىمۇ ئەنە شۇنداق ئارقا كۆرۈنۈشكە ئىگە ئىدى.

1995 ـ يىلى 9 ـ ئايدا خەلقئارا ئاياللار قۇرۇلتىيى بېيجىڭدا چاقىرىلدى. قورچاق ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ھۆكۈمەت ئۆلكىلەرگە چۈشۈرۈلگەن سان بويىچە، ئۇيغۇر ئاپتونوم رايوندىن خەلقئارا ئاياللار قۇرۇلتىيىغا قاتنىشىدىغان خىتاي ۋە ئۇيغۇر ئاياللارنىڭ تىزىملىكىنى تۈرغۇزۇپ چىقتى. بۇ تىزىملىكنىڭ ئىچىگە ئاۋۋال رابىيە خېنىم كىرگۈزۈلگەن بولسىمۇ، كېيىن نېمىشقىدۇر رابىيە خېنىم بۇ ۋەكىللەرنىڭ تىزىملىكىدىن چۈشۈپ قالدى.

رابىيەم خېنىم قورچاق ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى جاڭ فۇسىن (بېيجىڭلىق خىتاي) غا تېلېفون بېرىپ،

ۋەكىللەرنىڭ «تىزىملىكىدىن چۈشۈپ قېلىش» ئەھۋالىنى سۈرۈشتە قىلدى. قارشى تەرەپ تېلېفوندا نېمە دېدى مېنىڭ خەۋىرىم يوق. لېكىن رابىيەم خېنىم تېلېفوندا:

ــ ھۇي! پاقا يېگەن «لەيگۇزى خىتاي» (خىتاي پاقا دېمەكچى)، «شىنجاڭغا» كېلىپ قورسىقىڭ تويدىمۇ، ئەمدى ئۇيغۇرلارنى كۆزگە ئىلمايدىغان بولدۇڭمۇ... ماڭلىيۇر خىتاي! بىلىپ قوي بۇ يەردە، بۇ ئۆلكىدە ئۇيغۇرلار ياشايدۇ! مەن بارىمەن دېدىم، بېيجىڭغا چوقۇم بارىمەن. مەن قاتنىشىمەن، دېدىم. خەلقئارا ئاياللار قۇرۇلتىيىغا چوقۇم قاتنىشىمەن!

ــ راستىنى ئېيتسام مەن تىترەپ كەتتىم. رابىيەم خېنىم تېلېفوندا شۇ خىتاينى شۇنداق تىللاۋاتقاندا مەن نەق مەيداندا بار ئىدىم.

ــ ھاي رابىيە، يامان ئېشىپ كەتتىڭ، ئاقىۋىتىنى تەسەۋۋۇر قىلالمايسەن بۇ ئىشنىڭ دېدىم. لېكىن رابىيەم خېنىم مېنىڭ گېپىمگە قۇلاق سالمىدى.

ھاقارەتكە چىدىمىغان جاڭ يۈسىن يول خىراجىتىگە ۋە بېيجىڭدا تۇرۇش ـ قوپۇش، ئاياللار قۇرۇلتىيىغا ئاتاپ ۋاقىتلىق دۇكان ئېچىپ تىجارەت قىلىش ئىشلىرىغا (دۇكان ئىجارىسى شۇنىڭ ئىچىدە) بولۇپ، جەمئىي 25 مىڭ يۈەن پۇل تاپشۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. رابىيەم خېنىم بېيجىڭدا خەلقئارا ئاياللار قۇرۇلتىيىغا قاتنىشىش سالاھىيىتىگە ئىگە بولدى.

ئىشنىڭ قىزىقى شۇ يەردىكى ئەكبەر مىجىت ئەپەندىنىڭ تېلېفون ئارقىلىق ھېكايە قىلىپ بېرىشىچە:

ئـارلەت لەيـدىگۈي خـانىم يەنە باشـقا ئەنگلىيىلـىك ئايـاللار بـىلـەن بـىرلىكتە 1995 ـ يىلـى 9 ـ ئايـدا بېيجىڭغـا بېرىـپ خەلقئـارا ئايـاللار قۇرۇلتىيىغا قاتناشقان ئىكەن. قۇرۇلتاي جەريانىدا ئارلەت لەيدىگۈي يەنە باشـقا خـانىملار رابىـيە قـادىرنى كـۆرگەن ۋە رابىـيە قادىرنىـڭ قۇرۇلتـاي مەزگىلىـدىكى پائـالىيەتلىرىگە قىزىقىـپ كەيىنـدىن ئەگىشـىپلا يـۈرگەن ئىـكەن. رابىـيە قـادىر بـىلـەن مۇڭدىششىنى، سۆھبەتلىششىنى ئۈيلىغـان ئىكەن.

ــ بىراق، دېگەن ئىمىش ئارلەت لەيدىگۈي خانىم ئەكبەر مىجىتكە: بىزنىـڭ رەھبەرلىرىمىـز شـۇ ۋاقىتتـا رابىـيە خـانىم بـىلـەن تونۇشۇشـقا، سۆھبەتلىشىشكە رۇخسەت قىلمىغان ئىدى.

مەن ھەيران قالدىم...

شۇنداق قىلىپ « خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى» ئاسىيا بۆلۈمىنىـڭ رەھبىرى ئارلەت لەيدىگۈي خـانىم بىلـەن ئوكلاخوما ـ شـانى شـەھىرىدە تونۇشتۇم. ئۇيغۇرنىڭ دەپسەندە قىلىنغـان كىشىلىك ھوقـۇق خاتىرىسـى توغرىسىدا مەن يازىمەن. ئۇكام ئەكبەر مىجىت بىلەن ئايالى سالى خـانىم تەرجىـمە قىلىـدۇ. خىتـايچە ماتېرىيـاللارنى بەزىـدە شـۇ يېتـى ئەۋەتىـپ بېرىمەن. «خەلقئـارا كەچۈرۈم تەشـكىلاتى» بـىلـەن شـۇ كۈنـدىن باشـلاپ ئالاقە ئورناتتىم.

ئــۇكىمىز ئەكــبەر مىجىــت توغرىســىدا مۇناســۋەتلىك يىللارغــا ۋە مۇناسىۋەتلىك ئاي ـ كۈنلەرگە كەلگەندە قەلەم تەۋرىتىمەن.

# ئۇيغۇرلار

1998 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى

بۈگۈنكى ئۇيغۇرلار ئاكتىپ سىياسىي كۈچ ھېسابلىنامدۇ ياكى قالاق ئىجتىمائىي كۈچ ھېسابلىنامدۇ؟ بۇ توغرىدا بىر نەرسە دېيەلمەيمەن. ئۇيغۇرلار ئوقۇمايدۇ، تەپەككۇر قىلمايدۇ، ئۇيغۇرلار ئۆزى توغرۇلۇق ئويلانمايدۇ. بەزىدە غەزەپلىنىمەن، بەزىدە ئۇيغۇر بولغىنىمدىن پەخىرلىنىمەن... ئۇيغۇرلارنىڭ مەۋجۇدلۇقى ئەسلىدىن ئېيتقاندا بىر خىللا سىياسىي مەۋجۇدلۇق بولۇشى كېرەك ئىدى. بۇ دېگەنلىك ئۇيغۇرلار مۇستەملىكە ئىدى. ۋەتىنى ئۇيغۇرىستان ئىشغالىيەت ئاستىدا قالغان ئىدى. شۇڭا ئۇيغۇرلار سىياسىي ھوقۇقلىرى ۋە ئازادلىقى ئۈچۈن توختىماي كۈرەش قىلىشلىرى كېرەك ئىدى. شۇ ۋاقىتتا ئۇيغۇرلار سىياسىي مەۋجۇد مىللەت بولۇپ قالاتتى، دېگەنلىكتۇر. خىتاي مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان سىياسىي مۇئامىلىسى، ئۇيغۇرلارنىڭ ئاشۇ خىل سىياسىي مىللەتكە ئايلىنىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش بولۇپ ئىپادىلىنەتتى.

ئۇيغۇرلار قالاق ئىجتىمائىي كۈچ ھېسابلانغاندا، سىياسىي مىللەتكە ئايلىنىشىنىڭ ئاساسلىرى بۇنىڭدىن ئارتۇق بولمايتتى. بىراق، قالاق ئىجتىمائىي كۈچنى ئاكتىپ ئىجتىمائىي كۈچكە ئايلاندۇرۇش كىمنىڭ قولىدىن كېلەتتى. شۇ كىشى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىدا تارىخى شەخس بولۇق قالاتتى، خالاس.

## دالاي لاما

1998 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى

مۇشۇ يىلنىڭ باشلىرىدا «دۇنيا گېزىتى»نىڭ مۇخبىرى بىلەن دالاي لاما دالامسالادا سۆھبەت ئۆتكۈزگەن ئىدى. مەن بۇ سۆھبەتنىڭ خاتىرىسىنى قىسقىچە بايان قىلىمەن.

«پۈرسەتلا بولىدىكەن ۋەتىنىمگە قايتىپ كېتىشنى ئىزچىل ئۈمىد قىلىمەن».

خىتاينىڭ تىبەتنى خىتايلاشتۇرۇش سىياسىتى توغرىسىدا توختالغان دالاي لاما: بۇ بىر خىل مەدەنىيەت يوقىتىش، ئىرقىي يوقىتىش ھەرىكىتى بولۇپ، شۇنىڭ ئۈچۈن ۋەتىنىمنى زىيارەت قىلسام ۋە تىبەت مەسىلىسىنىڭ ئاخىرقى ھېسابتا ھەل قىلىنىشىغا تىرىشچانلىق كۆرسەتسەم دەيمەن، دېدى.

دالاي لاما: جۇڭگو ئەمەلدارلىرىنىڭ، خەلقئارا ئاخباراتچىلارنىڭ مەن بىلەن تىبەتكە بىللە بېرىشىنى قارشى ئالىمەن، دېدى. دالاي لاما دالامسالاغا قېچىپ كەلگەن تىبەتلىكلەردىن تىبەتنىڭ ئىچكى ئەھۋالىنى ئىگىلەپ تۇراتتى.

دالاي لامانىڭ تىبەتنى زىيارەت قىلىش ئارزۇلىرىنىڭ يەنە بىر تەرىپى ئۆزى تەشەببۇس قىلىۋاتقان «غەيرىي زوراۋانلىق پرىنسىپى»نى تىبەتلىكلەرگە چۈشەندۈرۈش ئىدى. دالاي لاما خىتاي مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ باستۇرۇشىنى كۈچەيتكەنسېرى، تىبەتلىكلەرنىڭ زوراۋانلىق بىلەن قارشى تۇرۇشىنى قوزغاپ قويۇپ، ئىككى تەرەپ ئوخشاشلا زىيان تارتىدىغان تراگېدىيىلىك ئاقىۋەتلەرنىڭ يۈز بېرىشىدىن ئەنسىرەيتتى. دالاي لاما تىبەتلىكلەرنىڭ پىكىر ـ تەلەپلىرىنى تىنچ يول

بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇشنى تەلەپ قىلاتتى. شۇنداق قىلغاندىلا تىبەتلەر بىلەن خىتايلار ئوتتۇرىسىدا سۆھبەت قۇرۇشنىڭ ئاساسىنى ياراتقىلى بولاتتى. يېڭى پۇرسەت يارىتىشنىڭ مۇمكىنلىكىگە ئىشىنەتتى.

دىڭ خىتاي ئۆلگەندىن كېيىن جۇڭگو دائىرىلىرى دالاي لاما بىلەن سۆھبەت قىلىشقا تەييار ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەن بولسىمۇ، ئەمما، دالاي لامانىڭ مۇستەقىللىقتىن ۋاز كېچىشنى ئالدىنقى سىياسىي شەرت قىلغانلىقتىن ھازىرغىچە تىبەتنىڭ سەرگەردان ھۆكۈمىتى ھېچقانداق رەسمىي ياكى غەيرىي رەسمىي ئۇقتۇرۇش تاپشۇرۇۋالمىدى.

دالاي لاما مۇخبىر بىلەن سۆھبەتلىشىۋاتقاندا مۇستەقىللىق تەلەپ قىلمايدىغانلىقىنى بىرقانچە قېتىم تىلغا ئېلىپ ئۆتتى. ئۇ: مېنىڭ ئىزدىنىدىغىنىم تىبەتنىڭ ھەقىقىي ھالدا ئۆزىنى ــ ئۆزى باشقۇرۇشى... بېيجىڭ يەنىلا تىبەتنىڭ ھەربىي، دىپلوماتىيە ئىشلىرىنى تىزگىنلىسە بولىدۇ، دېگەن گەپنى قىلدى.

«تىبەت تارىختا زادى جۇڭگو تېررىتورىيىسىنىڭ بىر قىسمىمۇ ياكى ئەمەسمۇ، بۇنىڭغا تارىخچىلار بىر نېمە دېسۇن، مەن بۇ چوڭ دۆلەت دائىرىسىگە كىرىپ، خەنزۇلار بىلەن بىرگە ياشاشقا ئاللىقاچان تەييارلىق قىلىپ قويدۇم» دېدى. دالاي لاما تەھلىل قىلىپ: تىبەتكە نىسبەتەن ئېيتقاندا، بىر چوڭ دۆلەتكە بېقىندى بولغاندا ماددىي ۋە باشقا جەھەتلەردە بەھرىمەنلىككە ئېرىشكىلى بولىدۇ، جۇڭگو ئۈچۈن ئېيتقاندا بۆلگۈنچى كۈچلەردىن ئەنسىرەشنى تۈگىتىپ، ئىتتىپاقلىق ۋە مۇقىملىقنى ئىلگىرى سۈرەلەيدۇ. لېكىن دالاي لاما: نۆۋەتتە بېيجىڭنىڭ تىبەتكە قاراتقان سىياسىي ئىتتىپاقلىققا، مۇقىملىققا قارشى تۇرىدىغان سىياسەت بولۇپ، بۇنداق سىياسەت قىسقا مۇددەتلىك ئۈنۈم بەرسىمۇ، لېكىن ئىنتايىن زور

زىيـــانلارنى كەلتـــۈرۈپ چىقىرىـــدۇ، دەپ كۆرســـەتتى. «ئەگەر مەن كۆرسەتكەن مادارا يولىنى» سىياسەتكە مەزمۇن قىلساق، بىيجىڭ زىيان تارتمايلا قالماستىن، بەلكى ناھايىتى ياخشى خەلقئارا ئوبرازغا ئېرىشكەن بولاتتى. تەيۋەننى بىرلىككە كەلتۈرۈشكىمۇ پايدىلىق بولاتتى. جۇڭگو بىرلىككە كەلتۈرۈشنى، مۇقىملىقنى ئىلگىرى سۈرۈشنى ئويلايدىكەن، قورال ئىشلىتىش ئارقىلىق بۇ مەقسەتكە يەتكىلى بولمايدۇ، دېدى.

گەرچە جۇڭگو ھۆكۈمىتى بىلەن دالاي لامانىڭ سۆھبەت قۇرۇش تىرىشچانلىقى كونكرېت نەتىجىلەرگە ئېرىشەلمىگەن بولسىمۇ، تىبەتنىڭ سەرگەردان ھۆكۈمىتى بىلەن چەت ئەللەردىكى خىتاي زىيالىيلىرى ئوتتۇرىسىدا باشلانغان «خىتاي تىبەت سۆھبىتى» ئۇزۇن يىللارنى باشتىن كەچۈردى، دالاي لاما: تيەنئەنمېن ۋەقەسىدىن بۇرۇن چەت ئەللەردە خىتاي دېموكراتلىرى تىبەتلەر بىلەن سۆھبەت قۇرۇشنى بەكمۇ خالاپ كەتمەيتتى، تيەنئەنمېن ۋەقەسىدىن كېيىن خىتاي زىيالىيلىرى تىبەتكە كۆڭۈل بۆلۈشنى ۋە تىبەتلەرگە ھېسداشلىق قىلىشنى ئاشكارا ئىپادىلىدى، دەپ كۆرسەتتى.

تىبەتلىكلەرنىڭ جۇڭگولۇققا قارشى تۇرمايدىغانلىقىنى خەنزۇلارغا، تىبەتلەرگە پايدىلىق بولغان ئاساستا تىبەت مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنىڭ يولىنى ئىزدەيدىغانلىقىنى تەكىتلەپ دالاي لاما مۇنداق كۆرسەتتى: ياۋروپادا، ئامېرىكىدا ئۆتكۈزۈلگەن «جۇڭگو ــ تىبەت سۆھبىتى» تېخىمۇ ئېچىۋېتىلدى. تېخىمۇ ئەمەلىي ئەھمىيەتكە ئىگە بولدى.

ئۆتكەن يىلى 10 ــ ئايدا ئامېرىكا ھۆكۈمىتى تاۋپوت ئەپەندىنى دالاي لاما بىلەن جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى سۆھبەتكە مەسئۇل بولىدىغان ئالاھىدە ئەلچى قىلىپ بېكىتكەندىن كېيىن، جۇڭگو

ھۆكۈمىتى ھىندىستانغا بېسىم ئىشلەتكەنلىكتىن تاۋپوت ئەپەندى، 11 ـ ئايدا دالامسالادا ۋە يېڭى دېھلىدا دالاي لاما بىلەن ئۇچرىشىش توغرىسىدىكى قارارىنى ۋاقىتلىق ئەمەلدىن قالدۇردى. دالاي لاما مۇخبىرغا: بۇنىڭ ئۇچۇن كۆڭلىنىڭ غەش بولمايدىغانلىقىنى ۋە ھىندىستان ھۆكۈمىتىدىنمۇ ئاغرىنمايدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتتى. ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ ئالاھىدە باش ئەلچى تەيىنلىگەنلىكى، ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ تىبەت مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنى خالايدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ، دېدى. دالاي لاما، خەلقئارادا جۇڭگو بىلەن ئالاقە قىلىش سىياسىتىنى يولغا قويۇشنىڭ مۇھىملىقىنى تەكىتلەپ دالاي لاما: يېتىم قالدۇرۇش تېخىمۇ كۆپ توقۇنۇش پەيدا قىلىدۇ، دەپ كۆرسەتتى.

دالاي لاما: ئامېرىكىدا تىبەت توغرىسىدا ئىشلەنگەن «تىبەتتە ئۆتكەن 7 يىل»، «ئۇرۇش ئوتى ئىچىدىن قېچىپ چىقىش»، «دالاي لامانىڭ تەرجىمھالى» قاتارلىق فىلىملەر توغرىسىدا توختالغاندا: «دۇنيا خەلقىنىڭ تىبەتنى چۈشىنىشىگە بۇ فىلىملەرنىڭ ياردىمى تەگدى» دەپ كۆرسەتتى. «دالاي لامانىڭ تەرجىمھالى» دېگەن ھۆججەتلىك فىلىمنى ئىشلەشكە قاتناشقان بىر كىشى: بۇ فىلىمنى كۆرگەن ھەربىر ئادەم يىغلىدى، لېكىن دالاي لاما يىغلىمىدى، دەپ سۆھبەتكە سۆز قاتتى. ئۇ يەنە: مەن دالاي لامانىڭ 4 ـ5 قېتىم يىغلىغىنىنى كۆرگەن ئىدىم. ھەر قېتىم نۇتۇق سۆزلىگەندە، تىبەت خەلقىنىڭ جاپالىق تۇرمۇشى ئۈستىدە توختالغاندا، خەلققە ئىچ ئاغرىتىپ يىغلىغانلىقىنى، دالاي لاما ھېچقاچان ئۆزى ئۈچۈن يىغلىمىغانلىقىنى كۆرگەن ئىدىم، دېدى.

## تىبەت

1998 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى

بۈنىڭدىن بىر ئاي بۇرۇن تەيۋەندە «تىبەت فوندى جەمئىيىتى» قۇرۇلغان ئىدى. دالاي لامانىڭ ۋەكىلى بولۇپ ئەنگلىيىدە سەككىز يىل تۇرغان گېسلاك تاكىلا خانىم بۇ جەمئىيەتنىڭ رەھبەرلىكىنى ئۆز ئۈستىگە ئالدى. كەلگۈسىدىكى خىزمەتلەر ئۈستىدە توختالغاندا تاكىلا خانىم: جەمئىيىتىمىز تەيۋەن خەلقى بىلەن تىبەت خەلقى ئوتتۇرىسىدىكى كۆۋرۈك بولۇشى لازىم. خىزمەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسى دىن، مەدەنىيەت، تىل ساھەلىرىدە ئۆزئارا ئالاقىلەرنى كۈچەيتىشتىن ئىبارەت، دەپ كۆرسەتتى. تاشقى موڭغۇلىيىگە سىلىشتۇرغاندا ئوخشىمايدىغان تەرىپى تىبەت جۇڭخۇا مىنگونىڭ تېررىتورىيىسى ئىچىدە بىرقەدەر تالاش ـ تارتىش قىلىنمايدىغان زېمىن ھېسابلىناتتى. ئەمما تاكىلا خانىم دالاي لامانىڭ ۋەكىلى بولغانلىقتىن يۈزلىنىش جەھەتتە ئىنتايىن قىيىن ئەھۋالغا دۇچ كېلەتتى. جۇڭخۇا مىنگونىڭ ئاساسى قانۇنىغا ئاساسلانغاندا تىبەت جۇڭخۇا مىنگونىڭ بىر قىسمى دېيىلىدۇ:

ــ سىز تەيۋەندە شۇنداق سوئالغا دۇچ كەلگەندە كەيپىياتىڭىز قانداق بولىدۇ؟ تاكىلا خانىم كۈلۈپ تۇرۇپ:

ــ سىلەر شۇنداق دەيسىلەر، بېيجىڭ ھەم شۇنداق دەيدۇ... بېيجىڭلىقلار تەيۋەننى ھەم جۇڭخۇا خەلق رېسپوبلىكىسىنىڭ بىر قىسمى دەيدىغۇ؟

## بىر جۇملىلىك مۇھاكىمە

1998 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى

1 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى نيۇ-يورك شەھىرىدە بىر مېھمانخانىدا «بىر دۆلەتتە ئىككى خىل تۈزۈم ۋە جۇڭگونىڭ كەلگۈسى تەقدىرى» توغرىسىدا مۇھاكىمە يىغىنى ئېچىلدى. يىغىندا تەيۋەنلىك مۇستەقىلچى «دېموكراتىيە ـ تەرەققىيات پارتىيىسى»نىڭ ئەزاسى خۇڭ جى شىن ئەپەندى: «تەيۋەن ئەزەلدىن جۇڭگونىڭ زېمىنى ئەمەس» دەيدىغان نەزەرىيىنى ياقىلاپ چىقتى. چەت ئەللەردە سەرگەردان بولۇپ يۈرگەن، ئۆزلىرىنى دېموكرات ئاتىۋالغان خىتايلار يۇقىرىقىدەك نەزەرىيىگە قارشى كۆزقاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتتى. بۇ قېتىمقى يىغىن دېموكراتچىل خىتايلار بىلەن مۇستەقىل تەيۋەن دېگۈچى خىتايلارنىڭ تۇنجى قېتىم ئۇچرىشىشىنىڭ ۋە تەيۋەن توغرىسىدا تۇنجى قېتىم تالاش ـ تارتىش قىلىشىنىڭ پۇرسىتىنى يارىتىپ بەرگەن يىغىن بولدى.

خۇجى شىن ئەپەندى: «بىر دۆلەتتە ئىككى خىل تۈزۈم تەيۋەنگە مۇۋاپىق كېلەمدۇ، كەلمەمدۇ» دېگەن مەسىلىنى تالاش ـ تارتىش قىلغاندا، كىشىلەر تەيۋەن ئەزەلدىن جۇڭگونىڭ زېمىنى دەپ قاراپ كەلمەكتە. لېكىن مەن بۇنىڭدىن گۇمانلىنىمەن، دېدى. جۇڭگو خاندانلىقلىرى ۋە سۇلالىلىرى دەۋرىدە ياكى تارىختا «جۇڭگو» دېگەن ئىسىم بولغان ئەمەس، شۇڭا تەيۋەن ئەزەلدىن تارتىپ جۇڭگونىڭ زېمىنى دېگەن سۆزمۇ مەۋجۇد ئەمەس؛ جۇڭخۇا مىنگو ئۇنىڭدىن كېيىن جۇڭخۇا خەلق رېسپوبلىكىسى ئارقا ـ ئارقىدىن قۇرۇلغاندا، تەيۋەن قايسى بىر ھۆكۈمەتنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا چۈشۈپ قالمىغان ئىدى. شۇڭا «تەيۋەن ئەزەلدىن تارتىپ جۇڭگونىڭ بىر قىسمى» دەيدىغان ساختا

قاراشلار «جۇڭگونى بىرلىككە كەلتۈرۈشنىڭ ئاساسى» قىلىۋېلىنىدىغان بولسا، ئۇنداقتا تەيۋەن خەلقىنىڭ جۇڭگو بىلەن بىرلىشىدىغان ھېچ قانداق مەجبۇرىيىتى يوق.

خۇجى شىڭنىڭ نۇتقى يىغىنغا قاتناشقان ئۆزلىرىنى دېموكرات ئاتىۋالغان كۆپچىلىك خىتايلارنىڭ ئارىسىدا ساراسىمە قوزغىدى. ئۆزىنى دېموكرات ئاتىۋالغان لىيۇ گو كەي پىكىر قىلىپ: «بىر جۈملىگە يىغىنچاقلىغاندا خوڭ ئەپەندىنىڭ سۆزلىرى رەددىيە بېرىشكە ئەرزىمەيدۇ» دېدى. ئۇ «دېموكراتىيە ـ تەرەققىيات پارتىيىسى»نىڭ قۇرۇلۇش سەۋەبلىرى ۋە جەريانلىرى ئۈستىدە توختالغاندا: «دېموكراتىيە ـ تەرەققىيات پارتىيىسى»نىڭ بەزى ئەزالىرى تەيۋەن مۇستەقىللىقى قاراشلىرىغا ئاساس تېپىش ئۈچۈن تەيۋەن خەلقى مۇستەقىل بىر مىللەت، قەدىمكى ۋېيتناملىقلارنىڭ پۇشتى ـ ئەۋلادى، خىتاي مىللىتىگە ئۇرۇقداشلىقى، قانداشلىقى يوق. تەيۋەنلىكنىڭ قېنىغا ياپونىيىلىك، گوللاندىيىلىكلەرنىڭ قېنى ئارىلىشىپ كەتكەن دېيىشىپ، تەيۋەنلىكلەرنىڭ 2 مىڭ يىل بۇرۇنقى خەنزۇلارنىڭ قېنى بىلەن ئوخشاش تېپلىق ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلىشتى، دېدى. يىغىندا ئۇنىڭ قاراشلىرى ئۆزىنى دېموكرات ئاتىۋالغان نۇرغۇن خىتايلارنىڭ قوللاپ ـ قۇۋۋەتلىشىگە ئېرىشتى.

ھەربىي ئىشلار تەتقىقاتچىسى لى جاشىڭ تەيۋەن بوغۇزى ۋەزىيىتىنى تەھلىل قىلىپ: «ئىككى قىرغاقنىڭ ھەربىي كۈچىنى ئۆزئارا سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ» دېگەندە خۇڭ ئەپەندى:

ــ تەيۋەننىڭ ھازىرقى ھەربىي كۈچىگە ئاساسلانساق «جۇڭگونىڭ دېڭىز بويىدىكى شەھەرلەرنى ۋەيران قىلىشقا يېتىپ ئاشىدۇ» دەپ

كۆرسەتتى. ئۆزىنى دېموكرات ئاتىۋالغان مۇھاكىمىگە قاتناشقۇچى لىيۇ تيەن كەي ئەپەندى: «تەيۋەن مۇستەقىل بولۇشنى ئويلايدىكەن، ئۇنداقتا شىنجاڭ (مۇستەملىكە ئۇيغۇرىستان)، شىزاڭ (مۇستەملىكە تىبەت) ئىچكى موڭغۇلىيىلەر مۇستەقىللىق تەلەپ قىلىشقا تېخىمۇ لاياقەتلىك» دەپ كۆرسەتتى.

جۇڭگودىن چەت ئەللەرگە يېتىپ كېلىپ ئۆزلىرىنى دېموكرات ئاتىۋالغان خىتايلار بىلەن تەيۋەن دېموكراتلىرى ئوخشاشلا دېموكراتىيىنى قوغلىشىدىغان بىر كۈچ ھېسابلانسىمۇ، بۇلارنىڭ تەيۋەن مەسىلىسىگە ئالاقىدار ئەڭ زور پەرقى شۇ يەردىكى بەزىلىرى تەيۋەننىڭ مۇستەقىل بولۇشىنى تەكىتلىمەكتە. تەيۋەننىڭ مۇستەقىل بولۇشىغا قارشى تۇرغۇچى دېموكرات خىتايلارنىڭ ماھىيىتىدىن خىتاي بۇ مىللەت ماھىيىتىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولامدۇ؟

## پرېزىدېنت كىلىنتوننىڭ بېيجىڭ سەپىرىگە ئائىت...

1998 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى

پرېزىـدېنت كىلىنتـون ئەپەنـدى، ئاسـىياغا ـ بېـيجىڭگە سـەپەرگە تەييارلىنىپسىز! گېزىتلەرنىڭ خەۋەرلىرىگە قارىغانـدا بـۇ قېتىم بېيجىڭنـى زىيــارەت قىلــىش جــاۋابەن زىيــارەت ھېســابلىنىدىكەن. مەن ئوتتــۇرا ئاسـىيانىڭ ئۇيغۇرىستان ئۆلكىسـىدىن ئامېرىكىغا كېلىـپ يەرلەشـكەن، ئۇيغــۇر سىياســىي مۇســاپىرمەن. شــۇڭا، ئەندىشــە ئىچــىدە ســىزگە كۆيـۈنگەنلىكىمنى ئىزھـار قىلىـپ ئاسـىياغا، بولۇپمـۇ خىتايغـا سـەپەرگە چىققانــدا ســەزگۈرلۈكىڭىزگە تايىنىــپ دىقـقەت قىلىشــىڭىزنى ئۈمىــد قىلىـمەن. چـۈنكى ئۇيغۇرنىـڭ دۆلەت رەھبەرلىـرى بېيجىڭغـا زىيـارەتكە ماڭغانـدا 1949 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى «ئايروپىلان ۋەقەسى»گە ئـۇچراپ قــازا قىلغــان ئىــدى. شـۇنىڭدىن كېـيىن ئۇيغـۇرلار بېيجىـڭ سەپىرىنى بەرىبىر خەتەرلىك سەپەر دېيىشكە ئادەتلەنگەن.

پرېزىدېنت ئەپەندىم!

ئۇيغــۇرلار بۈگــۈن ۋاقىتنــى تــوغرا مۆلچەرلىــدۇقمۇ يــاكى ۋاقىــت ئۇيغۇرلارنى سىناپ كۆرمەكچىمۇ ئوكيان ئاتلاپ يۇرتىڭىز ياكى دۆلىتىڭىز ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىغا يېتىپ كەلدىم. رەھبەرلىكىڭىزدىكى دۆلەتنىڭ پۇقرالىرى ماڭا ساخاۋەت ۋە رەھىمدىللىك كۆرسەتتى. ئۆزۈمنى ئويلىغاندا بەلكى ماڭا شۇنچىلىك رەھىمدىللىك ۋە شۇنچىلىك ساخاۋەتمۇ يېتەرلىـك ئىدى. لېكىن ۋەتىنىم ماڭا سوقۇپ تۇرغان يۈرەك ئاتـا قىلغـان. بـۇ يـۈرەك ۋەتىنىم ئۇيغۇرىستاندا سۈت ئېمىپ، ئۇيغۇرىستاندا دەريالارنىـڭ سۈيىنى ئىچىپ مۇقەددەس مەجبۇرىيەتنى ئۈستىگە ئالغان ئىدى. دېمەك، ئۇيغـۇر خەلقىگە ۋە ۋەتەنـگە خىـزمەت قىلىشنىڭ يـاكى سـىزگە تونۇشـلۇق ئىبـارە

بىلەن ئېيتقاندا ۋەتەن ئالدىدىكى قەرزىمىزنى ئادا قىلىشنىڭ ۋاقتى ــ پەيتى يېتىپ كەلدى دەپ، قارايمەن.

ھەممىمىز ئىنسان، ھەممىمىزنىڭ ۋەتىنى، ئانىسى، دادىسى سۆيۈملۈك مەھبۇبىمىز ۋە سۆيۈملۈك پەرزەنتلىرىمىز بار. ھەممىمىز بىر خۇداغا بەندە بولۇپ، چەكسىز ۋاقىتنىڭ ئىچىدە چەكلىك ياشايمىز، بۇ ۋاقىتنىڭ كىملەرگىدۇ ئاسايىش كۆڭۈلەرنى بېرىپ، يەنە كىملەرگىدۇ قاششاق، مۇستەملىكە تۇرمۇشىنى بەخشەندە قىلىپ بەرگەنلىكىنى ۋاقىتنىڭ ئۆزىدىن سورىمىغاندىمۇ لېكىن سىز ۋە بىز ياشاپ تۇرغان جەمئىيەتنىڭ پەرقى سىزگە، بىزگە بىمالال ئېيتىپ بېرەلەيدۇ. مەن ۋە سىز بۇنداق پەرقلەرنى كۆرەلىسەكلا تۇرمۇشىنىڭ ئاچچىق دەملىرىنىڭ قايسى مىللەتلەرگە، تۇرمۇشنىڭ تاتلىق دەملىرىنىڭ قايسى مىللەتلەرگە تالىق ئىكەنلىكىنى پەرقلەندۈرۈپ ئالالايمىز.

ئامېرىكىلىقلارنىڭ دەپتىرىدە ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئىسمى بارمۇ ــ يوقمۇ؟ كۆرۈپ چىقىشنى پېقىر بەندىنىڭ ئاللاھقا ھاۋالە قىلماقتىن باشقا چارىسى يوق.

سۆزىمىزگە قايتىپ كېلەيلۇق. ئوكيان ئاتلاپ دۆلىتىڭىزگە قەدەم تەشرىپ قىلغاندا 15 ــ ئەسىرنىڭ كارۋانلىرىغا ئوخشاش تۆگىلەرگە يۈك ئارتىپ كېلەلمىدىم. ئۆلكىمىز خوتەننىڭ قاش تېشىدىن سوۋغا ــ سالام ئېلىپ كېلىشىم تامامەن مۇمكىن ئىدى. بىراق كۇھقاپنىڭ ئاغزىنى ئەجدىھا بېسىپ يېتىپتۇ. شۇڭا مەن سىزگە ئادەتتىكى سوۋغا ــ سالاملارغا ئوخشمايدىغان ئىككىنچى بىر تۈرلۈك سوۋغا ــ سالام ــ كۆز ياش ئېلىپ كەلدىم. بۇ كۆز ياش 20 مىليون ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كۆز يېشى، بۇ كۆز ياش بۇ خەلقنىڭ دەرتلەرگە چىرمىلىپ كەتكەن يۈرىكىدىن چىققان سادا، بۇ

كۆز ياش ئەڭ كىچىك ۋە ئەڭ قىممەتلىك ئارزۇ، بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا بۇ كۆز ياش بۈيۈك بىر قۇدرەت ۋە بۈيۈك بىر كۈچىنىڭ مەنبەسىدۇر. ئۇيغۇرلار كىچىككە كەلدۇق، ئارزۇلار ۋەتىنىمىز ئازابلارنىڭ ئوچۇقىدا بىر كۈچ بولۇپ تاۋلاندۇق. كۆز ياش ئۇيغۇرلارنىڭ كۈچى ۋە غەزىپىمىز، كۆز ياش بۈگۈنكى ئۇيغۇرلارنىڭ قۇدرىتى، كۆز ياش ئۇيغۇرلارنىڭ سىزگە تۇتقان سوۋغىتى، كۆز ياش بۇ يىللارنىڭ ئارزۇسى ۋە بىر مىللەتنىڭ مۇستەقىللىق تەلەپلىرىدۇر.

مۇستەقىللىق تەلەپ قىلغۇچى مىللەتلەر ئاۋۋال تەشكىللىنىشى ۋە بىر كۈچ بولۇپ ئۇيۇشۇشلىرى ۋە بۇ كۈچنى ئومۇمى خەلق ئېتىراپ قىلغان بىر نوپۇزنىڭ ۋۇجۇدىغا جەملىشى كېرەك. بۇ يولدا ئۈلگە ياراتقان چېچەنىيە خەلقىنىڭ باتۇرلۇقىنى ھېكايە قىلىپ كەلدۇق، بۇ يولدا مېڭىپ ئازادلىققا ئېرىشكەن ئافغانىستان خەلقىنىڭ زېرەكلىكىنى، باتۇرلۇقىنى ھەم ھېكايە قىلىپ يۈردۇق. ئارىمىزدا بەزىلەر ئۇيغۇرلارنى يۇقىرىقى مىللەتلەرگە سېلىشتۇرۇپ باھالاپ كۆرگەندەك بولدى. لېكىن بۇنداق سېلىشتۇرۇشلارغا مېنىڭ كۆز قارىشىم باشقىچە بولدى.

ھۆرمەتلىك پرېزىدېنت ئەپەندىم!

بىر مىللەتنىڭ باتۇرلۇقىنى قانداق ئۆلچەم بىلەن ئۆلچەش كېرەك؟ ئوبيېكتىپ مۇھىت ۋە ئوبيېكتىپ ئىمكانىيەتنىڭ يار بېرىشى ياكى يار بەرمەسلىكىدىن ئېزدىنىش كېرەكمۇ ياكى تەلەپنىڭ ئوت كېلىشىدىن، ھۇما قۇشىنىڭ تۇيۇقسىز ئۇچۇپ كېلىشىدىن ئىزدەش كېرەكمۇ؟ مەن ھېچنېمىدىن قورقمايمەن، باتۇر مەن دېگەن كىشىنىڭ باتۇرلۇقىغا ئىشەنگىلى بولمايدۇ؛ پەقەت قورقۇشنى بىلىپ تۇرۇپ قورقۇشقا قارشى كۈرەش قىلغۇچى كىشىلەرنىڭلا باتۇرلۇقىغا ئىشەنگىلى بولىدۇ.

(ئوشنىسىكى) شۇلارغا ئاساسلىنىپ مىللەتنىڭ باتۇرلۇقىنى ياكى قورقۇنچاقلىقىنى ئۆلچىگەندە يەنە يۇقىرىقى ئۆلچەملەردىن باشقا شۇ مىللەتكە دۈشمەن بولغان مىللەتنىڭ ئەخلاق ساپاسىغا، مەدەنىيەت ساپاسىغا قاراش كېرەك.

چېچەنىيە ۋە ئافغانلارنىڭ دۈشمىنى رۇسىيىلىك ـ ئورۇسلار ئىدى. ئورۇسلارنىڭ ۋەھشىي بولۇشىغا مۇناسىپ يېتەرلىك مەرتلىكىمۇ بار ئىدى. مەردلىك ۋە ۋەھشىيلىك مۇئەييەن مەدەنىيەتنىڭ مەھسۇلى بولغاندەك، مۇستەملىكىلىرىگە ۋەھشىيلىكنىمۇ تەتبىقلاش، مەرتلىكنىمۇ تەتبىقلاش بۇ ئورۇش مەدەنىيىتىگە مۇناسىۋەتلىك تەربىيە كۆرگەن مىللەتنىڭ ئالاھىدىلىكى ئىدى. شۇڭا ئۇ رۇسلار ئاۋۋال شۇ رايونلاردا ئۇرۇش قىلدى. كېيىن بولسا بۇ مىللەتلەرنىڭ مۇقەددەس ھوقۇقلىرىنى ئېتىراپ قىلىپ، مەسىلەن: ئافغانىستاندىن چېكىنىپ چىقىپ كەتتى.

ئۇيغۇرلارنىڭ دۈشمىنى خىتايلارغا كەلسەك، خىتاي ئىگىسى ئۆيدىن قوغلاپ چىقىرىۋەتكەن لالما ئىتقا ئوخشايدىغان مىللەتتۇر. خىتاي مىللىتى داۋراڭ سېلىۋاتقان خىتاينىڭ 5 مىڭ يىللىق مەدەنىيىتىنىڭ نە تەسەۋۋۇر كۈچى يوق، نە ئىختىرا كۈچى، نە بەدىئىي سەنئەت كۈچى يوق. شۇڭا «ئادالەت كۈچى» يارىتالمىغان «ئاچچىق سۇ» مەدەنىيىتىدۇر. بولۇپمۇ ئىستېتىزىملىق قىممەت يارىتالمىغان مەدەنىيەت مۇھىتىدا ياشاۋاتقان مىللەتنىڭ ئادالەت تۇيغۇسىمۇ ۋە بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك مەردلىك تۇيغۇسىمۇ بولمايدۇ. مەسىلەن: پەيلاسوپ گېگىل: «جۇڭگودا 4 مىڭ يىلدىن بېرى داۋاملاشقان ۋەقەلەرنىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتى يوق» دېگەن ئىدى[1]. شۇڭا، رەھىمسىزلىك، شەخسىيەتچىلىك ۋە رودۇپايلىق

[1] «تارىخ پەلسەپىسى» خىتايچە نەشرى.

خىتاينىڭ ئەخلاق ۋە كىشىلىك قاراشلىرىنى بەلگىلىگەن بىردىنبىر سۈپەتتۇر. بۇ مىللەتتە يوق نەرسىنى يەنە شۇ مىللەتتىن تەلەپ قىلىش مۇمكىنمۇ؟ مەن بۇ يەردە دۈشمەنى قانچە مۇتتەھەم بولسا، ئۇنىڭ قارشى تەرىپىدە تۇرغان مىللەت شۇنچە باتۇر بولىدۇ، دېمەكچىمەن. ئورۇسلار بىلەن خىتايلارنىڭ ئاجىز مىللەتلەرگە قاراتقان مۇتتەھەم تەبىئىتى ئوخشاش بولسىمۇ ئورۇسلارنىڭ بىلىش كۈچى خىتايلارنىڭ بىلىش كۈچىدىن، ئورۇسلارنىڭ تونۇش كۈچى خىتايلارنىڭ تونۇش كۈچىدىن، ئورۇسلارنىڭ ئىنسانپەرۋەرلىكى خىتايلارنىڭ ۋەھشىيلىكى، ساختىپەزلىكىدىن ئۈستۈن ئىدى. شۇڭا دۈشمەنى پەرقلىق بولغان چېچەنلەر بىلەن ئۇيغۇرلارنى، ئافغانلار بىلەن ئۇيغۇرلارنى سېلىشتۇرغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ باتۇرلۇقى ئاۋۋالقى ئىككى مىللەتنىڭ باتۇرلۇقىدىن قېلىشمايتتى. ئۆتكۈپ كەتكەن 40 يىل ئۇيغۇرلار ئۈچۈن ئېيتقاندا، خىتاي مۇستەملىكىچىلىرىگە قارشى ئۈزلۈكسىز كۈرەش قىلغان 40 يىلدۇر. يەنە بىر پەرق شۇ يەردىكى چېچەنلەر، ئافغانلار چەت ئەلنىڭ ياردىمىگە ئېرىشەلىدى. لېكىن 40 يىل مابەينىدە ئۇيغۇرلار ھېچقانداق خەلقئارا ياردەمگە ئېرىشەلمىدى. رۇسىيىنىڭ تاجاۋۇزىغا ئۇچرىغان ئافغان خەلقى قۇدرەتلىك دۆلەت ئامېرىكىنىڭ ماددىي، ھەربىي، دىپلوماتىيىلىك ياردىمىگە ئېرىشكەن ئەمەسمىدى؟

پرېزىدېنت كىلىنتۇن ئەپەندىم!

ۋاقىت ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئىرادىسىنى ئۈزلۈكسىز ھەرىكەتكە كەلتۈرمەكتە. يەنە شۇ ۋاقىت ئامېرىكا بۇ دۆلەتنى ۋە بۇ دۆلەتنىڭ ھۆكۈمىتىنى ھازىرقى دۇنيادا بەلگىلىگۈچى ئورۇنغا كۆتۈردى، يەنە داۋاملىق كۆتۈرمەكتە. مەن ئۇيغۇرلارنىڭ مۇستەقىللىق تەلەپلىرىنى

ئامېرىكا كونگرېسسىنىڭ ۋە ھۆكۈمىتىنىڭ ئالدىغا قويغانىدا، ئۇيغۇرلارغا مۇستەقىللىقنىڭ راۋا ئىكەنلىكىنى ھۆكۈمىتىگىزنىڭ بەلگىلەپ بېرىشىنى تەلەپ قىلىمەن. بۈگۈنكى دۇنيادا ھەرقانداق مىللەت ئامېرىكا ھۆكۈمىتىگە ھەرقايسى ساھەلەر بويىچە تەلەپ قويۇپ، ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ بەلگىلەپ بېرىشىنى تەلەپ قىلىشى مۇمكىن. مەسىلەن: خىتايلار دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا ئەزا بولۇپ كىرىشىنى تەلەپ قىلىشتى، بۇنىڭدىن بۇرۇن دىڭ پاكار ئامېرىكىغا كېلىپ، جۇڭگو دۆلىتىگە سودىدا ئېتىبار بېرىشنى تەلەپ قىلغان ئىدى. ھەرقايسى دۆلەتلەر ۋە مىللەتلەر دۆلىتىگىزگە شۇ خىل تەلەپلەرنى قويۇش جەھەتتە قانچىلىك ھوقۇقلۇق ۋە قانچىلىك يوللۇق ئىدى، بۇ تەرەپلەرنى سىزمۇ ئېيتىپ بېرەلمەيسىز ۋە مەنمۇ ئېيتىپ بېرەلمەيمەن.

ئەمما، ئۇيغۇرلارنىڭ دۆلەت قۇرۇش پائالىيەتلىرىگە باغلىق خەلقئارا سىياسەت تارىخىنىڭ ۋە دۇنيا تارىخىنىڭ ئۇيغۇرلارغا كەلتۈرگەن بالايىئاپەتلىرىنى ئامېرىكا كونگرېسسىنىڭ ۋە ئامېرىكا خەلقىنىڭ ئالدىغا قويۇپ، ئۇيغۇرلار تارىختا قۇرغان دۆلەتلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى تەلەپ قىلسا ۋە بۇ تەلەپلەرنى ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ بەلگىلەپ بېرىشنى تەلەپ قىلسا، تارىخى جەھەتتىنمۇ، ئەخلاقى جەھەتتىنمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ تەلەپلىرى تامامەن يوللۇق تەلەپتۇر. جۈرئەتنى قەيەردىن ئالدۇق؟ تېخى يېقىندىلا 20 ـ ئەسىرنىڭ 1945 ـ يىلى يالتا شەھىرىدە خەلقئارا يىغىن ئاچقان دۆلەتلەر «يالتا سىستېمىسى»نى تۈزۈپ چىقىپ، ئۇيغۇرنىڭ شۇ ۋاقىتتا قۇرغان ئىككىنچى جۇمھۇرىيىتىنى مۇنقەرز قىلىپ، ئۇيغۇرىستاننى مۇستەملىكە قىلىپ خىتاينىڭ گومىنداڭ ھۆكۈمىتىگە قوشۇپ بەرگەن ئەمەسمىدى؟ يالتا يىغىنىنى چاقىرغان كىشى ئامېرىكىنىڭ ئۆزۈش

دەۋرىدىكى پرىنسىپلىرىنى روزۋېلت ئەمەسمىدى؟ «يالتا شەرتنامىسى»نىڭ ھــۆججەتلىرىگە ئېرىشەلمىســەكمۇ، قــولىمىزدىكى پــارچە ـ پــۇرات ماتېرىياللارغا ئاساسلىنىپ شۇنداق يەكۈن چىقىرىشقا تامامەن ھەقلىقمىز. ئۇرۇش دەۋرىدە بۇ سىياسىيون روزۋېلتقا بۇنىڭدىن ئۆزگە چارىمۇ يوق ئىدى.

ئەمدى بۈگۈنىمىزگە قايتىپ كېلەيلۇق. ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىنىڭ ئۇرۇشــتىن كېيىن ســايلانغان ھەر نۆۋەتلىــك پرېزىــدېنتلىرى ھوقــۇق يۈرگۈزگەنــدە ئاســىيا ۋە ئافرىقىــدا نۇرغــۇن مىللەتــلەر ئارقــا ـ ئارقىــدىن مۇستەقىللىققا ئېرىشتى. يېقىندىن ئېيتساق، ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىنىڭ سابىق پرېزىدېنتى رېگان، بوش ئەپەندىلەر ھوقۇق يۈرگــۈزگەن يىللاردا شەرقىي ياۋروپا، بالقان يېرىم ئارىلى، بالتىق بويى مىللەتلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن مۇستەقىللىققا ئېرىشتى. ئوتتۇرا ئاسىيادا ئۇيغۇرلاردىن باشقا مىللەتــلەر ۋە دۆلەتــلەر ئارقــا ـ ئارقىــدىن مۇســتەقىللىققا ئېرىشــتى. پەيغەمبەر ئىيسانىڭ روھى سىزگە غەيرەت ۋە شىجائەت، مېھرىبانلىق ئاتا قىلســۇن!... خەلقئــارا سىياســىي ئــالامەتلەر بــۇ كۈنلەرنىــڭ يېتىــپ كەلگەنلىكىـــدىن بېشـــارەت بەرمەكـــتە. تارىخنىـــڭ تەكرارلىنىـــپ تۇرىدىغانلىقى، بىر ۋاقىتتا كومېدىيىلىك تەكرارلانغان تارىخنىڭ يەنە بىر ۋاقىتقا كەلگەنــدە تراگېــدىيىلىك تۈسىتە تەكرارلىنىــدىغانلىقى (مــاركس) زامــان تەكرارلىنىشــقا قىســتىغاندا، تــارىخىي ماكانىنىــڭ بۇنىــداق تەكرارلىنىشىنى قوبۇل قىلماي تۇرالمايدىغانلىقى ھەممە كىشىگە ئايان ھەقىقەتتۇر. بۇ تراگېدىيە 20 ـ ئەسىرنىڭ 40 ـ يىللىرىدا ئۇيغۇرلارنىــڭ بېشــىغا كەلــگەن، ئەمــدى بــۇ تراگېــدىيىنىڭ ئۇيغۇرلارنىــڭ بېشــىغا

كېلىشىنى، كەلگەندىمۇ ناھايىتى تېز يېتىپ كېلىشىنى تۆت كۆزۈم بىلەن كۈتىمەن ئەپەندىم.

ھۆرمەتلىك پرېزىدېنت ئەپەندى!

ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ بۈگۈن دۇنياۋى بەلگىلەش ئورنىدا تۇرغانلىقى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەكىلى سىدىقھاجى روزىنىڭ ئامېرىكا كونگرېسىغە ۋە ئامېرىكا ھۆكۈمىتىگە ئۇيغۇرنىڭ مۇستەقىللىق تەلەپلىرىنى يازما شەكىلدە سۇنغانلىقى ئۇيغۇرلار كۈتۈپ كەلگەن ۋاقىتنىڭ توشقانلىقىدىن دېرەك بەردى. جاھان ئۆزگەرمەكتە. سابىق سوۋېتلار يىمىرىلگەندىن كېيىن «يەر شارىنىڭ يېگانە تەرتىپى» ئوتتۇرىغا چىقتى. ئامېرىكىنىڭ يەر شارى خاراكتېرلىك ئىستراتېگىيىلىك سىياسىتى ئاستا ـ ئاستا شەرقىي ئاسىياغا يۆتكەلمەكتە. شۇنىڭدىن كېيىنلا ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىنىڭ ئۇيغۇرلارغا تۇتقان مۇئامىلىسى، ئامېرىكىنىڭ دىپلوماتىك مۇناسىۋەتلەر چەمبىرىكىدە گەرچە زور ئۆزگىرىش پەيدا قىلالمىسىمۇ ئاز ـ تولا ئۆزگىرىش ھاسىل قىلدى. ئامېرىكا كونگرېسى ئاۋام پالاتاسىنىڭ ئەزالىرى 1997 ـ يىلى 6 ـ ئايدا «ئامېرىكا ئاۋازى» رادىئو ئىستانسىسىنىڭ ياكى «ئەركىن ئاسىيا» رادىئو ئىستانسىسىنىڭ قارمىقىدا ئۇيغۇر تىلىدا رادىئو ئاڭلىتىش بۆلۈمى تەسىس قىلىشنى قارار قىلدى. بۇ تەكلىپ ۋە قارار لايىھەنىڭ پرېزىدېنتقا يوللانغاندا پرېزىدېنت كىلىنتوْن ئەپەندىنىڭ بۇ قارار لايىھەگە تەستىق سالغانلىقىدىن خەۋەر تاپتۇق. ئۇيغۇر خەلقى سىزدىن، پرېزىدېنت كىلىنتوْندىن كۆپ مىننەتدار بولدى.

پرېزىدېنت كىلىنتوْن ئەپەندى!

نۆۋەتتە ئۇيغۇر خەلقى 40 ـ يىللاردا جاكارلىغان مۇستەقىللىقنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى شەرتسىز تەلەپ قىلماقتا. ئۇيغۇرلار ئۆز تەقدىرىنى

ئــۆزلىرى بەلگىلەشــنى شەرتسىــز تەلەپ قىلماقتــا. لــېكىن ئۇيغــۇرلار ھازىرغىچە خەلقئارا جەمئىيەتتىن ئېنىق بىر جاۋابقا ئېرىشەلمىدى. بۇنىڭ سەــۋەبلىرى نــېمە؟ ۋاقىــت ئامېرىكىنىــڭ يەر شــارى خاراكتېرلىــك ئىستراتېگىيىلىك سىياسىتىنىڭ ۋاقىت جەدۋىلى دېسىڭىزچۇ؟

20 مىليون نوپۇسلۇق ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشاۋاتقان بىر چوڭ مىللەتنىڭ ـ ئۇيغۇرلارنىڭ ئەلۋەتتە ئۆز تەقدىرىنى ئۆزلىرى بەلگىلەش ھوقۇقى بـار، ئەلـۋەتتە. تارىختـا قۇرۇلغـان دۆلەت سىستېمىسـىنى ئەسلىگە كەلتـۈرۈپ، قايتا دۆلەت قۇرۇش ھوقۇقى بار؛ ئەلۋەتتە ئۇيغـۇر خەلقىنىـڭ مەنـپەئەتىگە ۋەكىللىـك قىلىـدىغان سىياسـىي پـارتىيە قـۇرۇش ھوقـۇقى بـار؛ ئېتىنىـك مىللەت سۈپىتىدە ئۇيغۇرلار دۇنيا ئائىلىسىگە مەنسۇپ ئىكەن. شـۇنىڭ ئۈچـۈن ئــاۋۋال بىــز ـ ئۇيغۇرلارنىــڭ ئامېرىكــا خەلقــى ۋە ئامېرىكــا ھۆكۈمىتىنىــڭ ئالدىــدا سىياســىي تەلەپلىرىمىزنــى ئوتتۇرىغــا قويــۇش ھوقۇقىمىز بار. چۈنكى ئامېرىكا خەلقى بۈگۈنكى كۈندە جاھان خەلقىنىڭ بەختىگە مەسئۇل، شۇنداقلا ئامېرىكا خەلقى جاھـان تىنچلىقىغا مەسئۇل، ئۇيغــۇر ـ خىتــاي مۇســتەملىكە مۇناســىۋەتلىرىنىڭ تىــنچ يــول بىــلەن ئاخىرلىششــىنى تەشــەببۇس قىلىۋاتقــان ئۇيغۇرلارنىــڭ سىياســىي تەلەپلىرىنـى نەزەرگە ئېلىـپ، ئامېرىكـا ھۆكـۈمىتى ۋە سىز پرېزىـدېنتنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشىنى تەلەپ قىلىمىز.

1949 ـ يىلـى 10 ـ ئاينىــڭ 1 ـ كــۈنى ئۇيغۇرىســتان خىتايلارغــا مۇســتەملىكە بولــۇپ قالغــان كۈنــدىن باشــلاپ، كوممۇنىســت خىتــايلار ئۇيغۇرلارغـا سىياسـىي مۇئـامىلە قىلغانــدا، ئۇيغــۇرلارنى ئــادەم قاتارىــدا كۆرمىــدى. ئۇيغــۇرلارنى كــۆچمەن خىتايلارنىــڭ قۇلىغــا ئايلانــدۇرۇپ، ياراتقۇچى ئىگىمىز ئۇيغۇرلارغا ئاتا قىلغان ئۇيغۇرلاردا بولۇشقا تېگىشلىك

تەبىئىي ھوقۇقلىرىمىزنى، ئۇرۇپ ـ قىستاپ ئىقرار قىلدۇرۇشقا ئېتىراز بىلدۈرۈش ۋە تەھدىتكە ئۇچرىماسلىق ھوقۇقلىرىمىزنى، سوت قىلماي تۇرۇپ جىنايەت بېكىتمەسلىك، ئەركىن پىكىر بايان قىلىش ھوقۇقلىرىمىزنى، تەبىئىي كۆپىيىش ۋە مەۋجۇدلۇققا شەرت قىلىنغان ھەرخىل ھەر شەكىللىك ھوقۇقلىرىمىزنى، ئوزۇقلىنىش، كىيىنىش، تۇرالغۇ ئۆيگە ئىگە بولۇش، تېببىي ياردەمدىن بەھرىمەن بولۇش، تەربىيلەش، تەربىيلىنىش قاتارلىق ھوقۇقلىرىمىزنى، دىنغا ئېتىقاد قىلىش، دىنى ئالىملارنى تەربىيلەش، دىنى مەكتەپلەرنى قۇرۇش، دىننى تەبلىغ قىلىش ھوقۇقلىرىمىزنى ئېتىراپ قىلمىدى، زوراۋانلىق ئىشلىتىپ چەكلىدى ۋە شۇلارغا مۇناسىۋەتلىك نامايىش قىلىش ئارقىلىق ئوتتۇرىغا قويغان تەلەپلىرىمىزگە قوراللىق باستۇرۇش بىلەن جاۋاب بەردى. خىتايلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش شەكلى، خىتايلارنىڭ تۇرمۇش ئۆرپ ـ ئادىتى، خىتاينىڭ تىلى، مەدەنىيىتى ئۇيغۇرلارغا توختاۋسىز تېڭىلدى. كۆچمەن خىتايلار بىلەن ئۇيغۇرلار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتلەر كېلىشتۈرگىلى بولمايدىغان مىللىي زىددىيەتكە ئايلاندى. مىللىي ھۆكۈمرانلىق قىلىش شەكلى، ئۇسۇللىرى، چارىلىرى ئۇيغۇر خەلقى قوبۇل قىلالايدىغان نورمال چەكتىن ھالقىپ كەتتى.

پىرىزىدېنت كىلىنتون ئەپەندى!

كىشىلەر سىياسىي ئىشلار ۋە قانۇنى ئىشلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقى مەنبىئىنى بېكىتكەندە، ھۆكۈمەتلەر تۈزۈپ تارقاتقان ۋە يولغا قويغان قانۇنلار، ئەمر ـ پەرمانلار ئادالەتتىن يىراق بولىدۇ، ھېچبولمىغاندا ئادالەتكە يېقىنمۇ كەلمەيدۇ، دېيىشكەن. ئادالەت قانۇنىنىڭ ئەخلاق پىرىنسىپى ئەمەسمىدى؟ دېمەك، بىر ئەلدە ئادالەتكە ئاساسلانمىغان قانۇن

بىر كۈن مەۋجۇد بولۇپ تۇرىدىكەن، بۇنداق قانۇننىڭ قارشى تەرىپىدە تۇرغان پۇقرالار، مۇستەملىكىچىلەر تۈزگەن قانۇننىڭ قارشى تەرىپىدە تۇرغان مۇستەملىكە مىللەتلەر ئەلۋەتتە تەبىئەتتىن ۋە جەمئىيەتتىن ئادالەتنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قىلىپلاشقان ئۆلچىمىنى ئىزدەشكە توغرا كېلىدۇ. مۇستەقىللىق ئىنقىلابى ۋە ئەركىنلىك، كىشىلىك ھوقۇقنى قولغا كەلتۈرۈشكە تاشلانغان ھەربىر قەدەم بۇ ئۆلچەمگە يېتىشنىڭ بىردىنبىر ۋاستىسىدۇر. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، مەنچە ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى ھۆكۈمىتىنىڭ كىشىلىك ھوقۇق قىممەت قاراشلىرى ئاساسىدا تۈزۈلگەن كىشىلىك ھوقۇق تاشقى سىياسىتى يۇقىرىقى قەدەملەرنىڭ ئاساسىدۇر. بۇ ئاساس مېنى ئامېرىكىغا ئۈمىد بىلەن باشلاپ كەلدى.

پرېزىدېنت ئەپەندى!

1950 ـ يىللاردىن باشلاپ ئۇيغۇر خەلقى خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ مىللىي ھۆكۈمرانلىقىنى تۈرلۈك يوللار بىلەن رەت قىلىپ زادىلا قوبۇل قىلمىدى. قوبۇل قىلىشقا ھەرقانداق تارىخى ۋە رېئال ئاساسمۇ يوق ئىدى. يىگىردىن يىكىر تۇغۇلۇپ ئۇيغۇرلارنىڭ ئىرادىسى تاشقى بىر ماددا — ۋەتەن، تۇپراق ئۈستىدە ھوقۇق شەكلىدە گەۋدىلىنىشى كېرەك دېيىلىدىغان بولسا، گەۋدىلەنمەي تۇرۇپ ئۇيغۇرلار سۇبيېكتىپ جەھەتتە بۇ ۋەتەن ئۇيغۇرىستاننى مېنىڭ ۋەتىنىم دېسە، بۇ خىل نوقۇل ئىچكى خاھىش ھامان سۇبيېكتىپ خاھىش بولۇپ قېلىۋېرىدۇ. چۈنكى، بۇ ۋەتەننى ھازىر خىتايلار بېسىپ يېتىپتۇ. ئۇيغۇرلار ئىرادىسىنىڭ بۇ يەردىكى ۋەزىپىسى شۇكى «مېنىڭ ۋەتىنىم» دېگەن سۇبيېكتىپ ئىبارىنى كۈرەش ئارقىلىق ياكى تىنچ يوللار ئارقىلىق ياكى قان تۆكۈش ئارقىلىق ئوبيېكتىپ پائالىيەتكە ئايلاندۇرۇشى كېرەك، ياكى مۇنداق ئېيتقاندا،

ۋەتەننى ئەمەلىي ئىگىلەشكە كىرىشىشى لازىم. ئىگىلەش ھەرىكىتى ئۇيغۇرلار ۋاستە تاللاپ ئولتۇرمايدىغان ھەرىكەت بولۇشى كېرەك. ۋاستە بىلەن مەقسەتنى تولۇق بىرلەشتۈرۈپ، گاھىدا مەقسەتنى ۋاستىگە ئايلاندۇرۇپ، گاھىدا ۋاستىنى مەقسەتكە ئايلاندۇرۇپ، باتۇرلۇققا، ئەقىلگە تايىنىپ، ئاڭلىق مەقسەتنى قوغلىشىدىغان قارام ھەرىكەت تەييارلىشى لازىم. تەۋەككۈلچىلىك روھى يوق مىللەت ئىستىقبالى يوق مىللەتتۇر. ئىرادە ۋە ئىنقىلاب ئارقىلىق ئۇيغۇرلار ۋەتەن تۇپرىقىدا بىر شەكىلنى ــ دۆلەت شەكلىنى بەرپا قىلىشى لازىم. ئاندىن ۋەتەن مېنىڭ، بۇ ۋەتەن مېنىڭ ۋەتىنىم دېيىشى كېرەك. ئاندىن ئۇيغۇرلارنىڭ سۇبيېكتىپ ئىرادىسى ئىگىلىك ھوقۇقنى قولغا كەلتۈرۈش ئارقىلىقلا ئوبيېكتىپلاشتى دېيىشى كېرەك. تارىختا ئۇيغۇرلار شۇنداق قىلغان ئىدىغۇ ئەپەندىم.

ھۆرمەتلىك پىرىزىدېنت ئەپەندى!

خىتاي كوممۇنىستلىرى 1957 ــ يىلى 8 ــ ئاينىڭ 4 ــ كۈنى مىللىي خىزمەت بويىچە چىڭداۋ يىغىنى چاقىردى. خىتاينىڭ چۇلاق ۋەزىرى جۇ ئىنلەي «ئېلىمىزنىڭ مىللىي سىياستى توغرىسىدىكى بىرقانچە مەسىلە» دەيىدىغان تېمىدا يىغىنغا دوكلات بەردى. ئۇ دوكلاتىدا: «مەسىلەن، ئازادلىقتىن بۇرۇن بەزى ئەكسىيەتچىلەر بۆلگۈنچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىپ كاپىتالىزم ئۇلاردىن پايدىلىنىپ كەتكەن. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلىدىغان چاغدا يۇقىرىقى ئەھۋالغا ئاساسلىنىپ ئۇيغۇرىستان دېگەن ئىسىمنى قوللىنىشنى قوبۇل قىلمىدۇق. پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت ئويلىشىپ ئاخىرى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇشنى قارار قىلدى. شۇنداق قىلىپ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى دېگەن

قالپاق يەنىلا ئۇيغۇرلارنىڭ بېشىغا كىيدۈرۈپ قويۇلدى. چۈنكى، ئۇيغۇرلار شىنجاڭدا ئاساسلىق مىللەت بولۇپ 75% تىن ئارتۇق ئىدى» دەپ كۆرسەتكەن.

پىرىنسىپىنى ئەپەندىم!

چولاق جۇ ئىنلەينىڭ يەنە مۇنداق سۆزلىرىگە نەزەر تاشلايلۇق. «مىللىي رېسپۇبلىكا قۇرۇش ئۈچۈن زور كۆپچىلىك مىللىي ئاھالە بىر ئورۇندا ئولتۇراقلاشقان بولۇشى كېرەك» ئىمىش. ئالدىنقى ئابزاستا ئۇيغۇرلارنىڭ ئاھالە ـ نوپۇسى 75% تىن ئارتۇق دەپ تىلغا ئېلىنغان. دېمەك، ئاھالىنىڭ جۇغلىشىپ ئولتۇراقلىشىشى كېيىنكى ئابزاستا رېسپۇبلىكا قۇرۇشنىڭ شەرتى قىلىنغان. بۇ قانداق مەنتىقە؟ ئاقىۋەتتە ئوغرىنىڭ يۈرىكى پوك ـ پوك دېگەندەك خىتاي مىللەتچىلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ رېسپۇبلىكا قۇرۇشىغا يول قويۇشتىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايوندا 13 مىللەت ياساپ چىققان، 13 مىللەت ياساپ چىقىشنى ستالىن شىنىڭ شىسەيگە ئۆگەتكەن، شىنىڭ شىسەي گومىنداڭ خىتايلىرىغا ئۆگەتكەن، گومىنداڭ خىتايلىرى كوممۇنىست خىتايلارغا ئۆگەتكەن ئىدى.

يېقىندىن باشلاپ خەلقئارا ۋەزىيەتنىڭ جىددىيلىكىدىن جىددىيلىشىپ كەتكەن خىتايلار «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايوندا 47 مىللەت ياشايدۇ» دېگەن سەپسەتىنى كۆتۈرۈپ چىقتى. بۇ سەپسەتە جياڭ زېمىننىڭ 1995 ـ يىلى 10 ـ ئايدا بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ ئومۇمى يىغىنىدا: «جۇڭگونىڭ ئاھالىسى دۇنيا ئاھالىسىنىڭ 22% نى تەشكىل قىلىدۇ؛ ئەمما جۇڭگونىڭ يەر كۆلىمى 7% كىمۇ يەتمەيدۇ» دېگەن سەپسەتىسى بىلەن تامامەن ئوخشاش. بىرىنچى سەپسەتىنىڭ

قەپەستىن چىقىرىلىشى ئۇيغۇرىستاندا ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك مىللىي تەركىبىنى پارچىلاشنى مەقسەت قىلسا، كېيىنكى سەپسەتىنىڭ قەپەستىن چىقىرىلىشى خەنزۇلارنىڭ ئاھالىسى كۆپ، شۇڭا ئۇيغۇرلارغا مۇستەقىللىق بېرىشكە بولمايدۇ؛ خەلقئارا جەمئىيەت ئەھۋالىمىزنى، ئېتىرازىمىزنى چۈشىنىشى كېرەك، دېگەنلىكتۇر.

هۆرمەتلىك پىرېزىدېنت كىلىنتون!

خەلقئارا جەمئىيەت قانداق ئەھۋالدا، قانداق شەرتلەرنى مىللەتلەرنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەشنىڭ شەرتى قىلىدۇ؟ يەنە خەلقئارا جەمئىيەت قانداق ئەھۋالدا مىللەتلەرنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەشنى ئېتىراپ قىلىدۇ ۋە قانداق ئەھۋالدا مۇستەملىكە مىللەتنى مۇستەملىكە دەپ ئېتىراپ قىلىدۇ؟ دۇنيانىڭ يېقىنقى زامان تارىخى شۇ مىللەتنىڭ پەقەت قوراللىق ئىنقىلاب ئارقىلىق ئۆزىنىڭ مەۋجۇدلۇقىنى ئىسپاتلاش، سىياسىي تەلەپلىرىنى كۆرەش ئارقىلىق ئىسپاتلاشتىن باشقا ھەرقانداق بىر شەرتنىڭ يوق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. ئەكسىچە ھالدا، مۇبادا مىللەتنىڭ نوپۇسىنى بىرلىك قىلىدىغان بولسا، چوڭلاق جۇ ئىنلەي 75% دېگەن ئۇيغۇرنى ھازىر خىتايلار 7 مىليون، دەپ خەۋەر قىلماقتا. خىتاينىڭ كېمەيتىپ ئېلان قىلغان نوپۇس سانىمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەشكە ئاساس بولالايدۇ، خىتاي بۇ ئاساسلارنى يەنە كەملىك قىلىدۇ، دەپ قارىسا، ئۇنداقتا پىرېزىدېنت ئەپەندى: 1997 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى «ۋاشىنگتون پوست گېزىتى» دە ئېلان قىلىنغان «What atina Fears» (خىتاي نېمىدىن ئەندىشە قىلىدۇ؟) سەرلەۋھىلىك ماقالىنىڭ ئاپتورى مورا مونىخەن ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسىنى 20 مىليون دەپ ئېلان قىلدى. بۇ سانغۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز تەقدىرىنى

ئۆزى بەلگىلەشنىڭ ئاھالە نوپۇسى بويىچە ئاساسلىق شەرتى بولالايدىغاندۇ؟

بىر ئېغىز سۆز بىلەن ئېيتقاندا، ئۇيغۇرىستان مۇستەملىكە، خىتايلار مۇستەملىكىچى. بۇنداق شارائىتتا ئۇيغۇرلار ئۆز تەقدىرىنى ئۆزلىرى بەلگىلىشى شەرت. شۇڭا ئۇيغۇرلار بۆلگۈن ئورنىدىن دەست تۇردى. ئۇيغۇرلار خىتاينىڭ ۋەھىمىسى، تەھدىتى ئالدىدا تىك تۇردى. ئۇيغۇرلارنىڭ تەلەپلىرى مۇستەقىللىق، ئۇيغۇرلارنىڭ تەبىئەتتىن ھالقىغان ھوقۇقى مۇستەقىللىق، بۇنداق ئارزۇ پەيدا بولغاندىن باشلاپ ئۇيغۇرلار ۋاستە تاللاپ ئولتۇرمىغان، شۇڭا خىتاي كوممۇنىستلىرى ئۇيغۇرىستاندا ھۆكۈمەت نامىدا دۆلەت تېررورىزمىنى يولغا قويۇپ، قارا جەمئىيەت نامىدا مەخپىي تېررورىزمنى يولغا قويۇپ ئۇيغۇرلارنى ئۆلتۈرۈشنى، جەمئىيەتتە ۋەھىمە پەيدا قىلىشنى جىددىيلەشتۈرمەكتە. تاشقىرىغا قاراتقان تەشۋىقاتلىرىدا نومۇسنى بىر تەرەپكە قايرىپ قويۇپ، ئۇيغۇرلارنى تېررورىستلار، دەپ تەشۋىق قىلماقتا. شۇ ئارقىلىق خىتاي مىللىي ھۆكۈمرانلىرىنىڭ خىتايلىق تەبىئىتى ھەر كۈنى ئاشكارىلانماقتا.

بىر مىللەتنىڭ ئىچىدە تىنچ يول بىلەن ئىنقىلاب قىلىدىغانلارمۇ، قوراللىق ئىنقىلاب قىلىدىغانلارمۇ بولىدۇ. قوراللىق ئىنقىلاب قىلىدىغانلارنى قارا ـ قويۇق تېررورىستلار دېيىشكە بولمايدۇ. ھاياتى تەھدىتكە ئۇچرىغاندا ھەربىر ئادەم قولىغا قورال ئالسا يوللۇق بولمامدۇ؟

«بىر ئادەم ئۆزىنىڭ ھاياتىنى قايتا يارىتىش ئىقتىدارىغا ئىگە ئەمەسكەن، ئۇنداقتا ھەرقانداق ئەھۋالدا ئۆزىنىڭ جىسمانىي ۋۇجۇدىنى ئۆزىدىن باشقا بىر كىشىنىڭ ۋە ئۆزىدىن باشقا بىر مىللەتنىڭ قول قىلىشىغا تاپشۇرۇپ بېرەلمەيدۇ. ئۆزىنى باشقا مىللەتنىڭ ئىختىيارى ئاياغ

ـ ئاستى قىلىشىغا تاپشۇرۇپ، جېنى ۋە ھاياتىنى قۇربان قىلىپ بېرەلمەيدۇ» (لوك). شۇڭا مىللىي زۇلۇم ئىقتىسادى ۋە سىياسىي زۇلۇم پەيدا قىلغاندا تۇرمۇش بىلەن قۇللۇقنىڭ مۇۋازىنىتىنى تەڭپۇڭلاشتۇرىدىغان ئازاب ـ ئوقۇبەت ھاياتنىڭ قەدىر ـ قىممىتىدىن ھالقىپ كەتكەندە مەزلۇم مىللەت ئىسيان كۆتۈرۈشكە ھوقۇقلۇق! ئىرادىنىڭ كۈچى ھەتتا ھاياتنى بەدەل قىلىپ تۆلەش ئارقىلىق مۇستەملىكىچىلەرگە قارشى تۇرۇشى تامامەن يوللۇق!

ھۆرمەتلىك پرېزىدېنت كىلىنتون ئەپەندى، بۇ قېتىم بېيجىڭدا يۇقىرى دەرىجىلىك باشلىقلار ئۇچرىشىشى ئۆتكۈزگەندە، ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي تەلەپلىرىنى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئالدىغا قويۇشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمىز.

خۇش ۋاخ بولۇڭ ئەپەندىم.

## جۇڭگو ئىقتىسادى

1998 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى

جۇڭگونىڭ ئىقتىسادى داۋاملىق ئۆرلىگەندىن كېيىن، ئەمدى چوڭقۇر قاتلاملىق جىددىي مەسىلىلەرگە دۇچ كەلمەكتە. قانداق مەسىلىلەرگە دۇچ كەلدى؟ «ئۈنۈمدارلىققا يۈزلىنىش» ئىقتىساد تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى يادرو قىلغان ئىسلاھات ئاخىرى بۇ ھاكىمىيەتنىڭ قانۇنسىز ياكى قانۇنلۇق ھاكىمىيەت ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى ئېغىر بىر مەسىلىنى شۇ ھاكىمىيەتنىڭ ئالدىغا قويدى. بۇ ھۆكۈمەت قانۇنلۇق باج تۆلەيدىغان پۇقرالارنىڭ قانۇنلۇق بىلەت تاشلىشى ئارقىلىق سايلاپ چىقىلغان ھۆكۈمەتمۇ ياكى يەنىلا ھۆكۈمەت بېقىپ پەرۋىش قىلغان ئىشچىلار جەمئىيىتىنىڭ سوتسىيالىستىك پرىنسىپلىرىنى ئاساس قىلغانمۇ؟

دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ زىيان تارتىش مەسىلىسى 1996 ـ يىلىغا كەلگەندە ئاخىرقى چەككە يېتىپ، مالىيە قوشۇمچە ياردەم بېرىش تەرتىپلىرىنى ئەمدى داۋاملاشتۇرغىلى بولمايدىغان بولۇپ قالدى. مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرى ياكى كېلەر ئەسىرنىڭ باشلىرىدا بانكىنىڭ يامان سۈپەتلىك ھېساباتى زور دائىرىلىك ئوبوروت كرىزىسىنى پەيدا قىلىشى مۇمكىن. شۇنىڭدىن قارىغاندا ياكى ئۈنۈمدارلىق پرىنسىپلىرىغا ئاساسلانغاندا بىر تۈركۈم ئىشچىلارنى بوشىتىش نۆۋەتتە زۆرۈرىيەتكە ئايلىنىپ قالدى.

80 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ، جۇڭگو رەھبەرلىرى «قانۇنلۇق ھاكىمىيەت»نىڭ ئاساسلىرىنى ئۆزگەرتمىگەن ئەھۋالدا دۆلەت ئىگىلىكىدىكى تارماقلارنىڭ ئىقتىسادى ئۈنۈمدارلىقىنى قانداق ئۆستۈرۈش مەسىلىسىگە دۇچ كەلگەن ئىدى. تەرەققىي قىلىۋاتقان جۇڭگو

دۆلەتى «ئۇنۇمدارلىق پرىنسىپلىرى» غا بويسۇنمىسا بولمايتتى. قانۇنلۇق هۆكۈمەت دېگەن سەپسەتىلەرگە ماسلىشىپ، مۇۋاپىق ئۆزگەرتىش ئېلىپ بارمىسا بولمايتتى. ئۆزگەرتىش قانچە كېچىككەنسېرى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى مەبلەغنىڭ ئېقىپ كېتىشى شۇنچە كۆپ بولاتتى. ئىشسىز قالغان ئىشچىلارنىڭ يوقىنى كۆتۈرۈپ قوپالمايتتى. جەمئىيەتتە داۋالغۇش ئومۇملىشىپ شۇنچە كۆپ تەكرارلىنىشى مۇمكىن ئىدى.

جۇڭگو ئىقتىسادىغا ياندىشىپ كەلگەن يوشۇرۇن ئاپەت ئىقتىسادنىڭ ئۆزىدىن ئەمەس، بەلكى سىياسەت پەيدا قىلغان يوشۇرۇن ئاپەت ئىدى. چۈنكى، جۇڭگولۇقنىڭ سىياسىي ئەنئەنىسى ۋە هوقۇق قۇرۇلمىسى ناهايىتى زور دەرىجىدە جۇڭگولۇقلار ئۆزلىرى ئاتىۋالغاندەك «ئەخلاق ئېڭى» دەيدىغان نەرسىگە تايىناتتى. «ئەخلاق ئېڭى» دېگەن نېمە؟ بۇ ئۇقۇملارنى جۇڭگولۇق چۈشىنەمدۇ؟ سىياسەت پەلسەپىسى خىتايلارنىڭ ئېتىقاد دۇنياسىدا «ئەخلاق پەلسەپىسى»نىڭ بىر قىسمى دەپ قارىلاتتى. سوراپ باقايلىكى 90 ــ يىللاردىن بۇيان جۇڭگودا بۇ «ئەخلاق ئېڭى» قەيەردە قالدى؟ نۆۋەتتە جۇڭگودا كۆرۈنۈپ تۇرغىنى «ئەخلاقى» هۆكۈمەتسىزلىكتىن باشقا نەرسە ئەمەس. «ئەخلاقى هۆكۈمەتسىزلىك» ئاستىدا قانۇن بىلەن دۆلەت باشقۇرۇشنى داۋاملاشتۇرۇش قىيىنغا توختىغاندىن باشقا، قانۇن بىلەن دۆلەت باشقۇرۇشنى مۇستەهكەملەشنىمۇ، هەتتا ئادەمنى باشقۇرىدىغان جەمئىيەتنىڭ تەرتىپلىرىنىمۇ ساقلاپ قالغىلى بولمايتتى. ئاسىيادا يۈز بەرگەن پۇل ــ مۇئامىلە كرىزىسىنى چوڭقۇرراق تەهلىل قىلساق، ئاسىيانىڭ مەدەنىيىتى، دۆلەت باشقۇرۇش ئۇسۇللىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى بايقايمىز. چۈنكى، ئاتالمىش پۇل ــ مۇئامىلىسى دېگەن ئاتالغۇ تېگى ــ

تەكتىدىن ئېيتقاندا «ئىناۋەت»، «ئىشەنچ مەسىلىسى» ئىدى. بۇ «ئىناۋەت» خۇسۇسى مۇناسىۋەتلەر دائىرىسىدىن ھالقىپ كەتكەن، قانۇن ۋە كاپىتالىزمنىڭ يەنە باشقا «تايانچ سىستېمىسى»غا تايىنىپ «ئىناۋەتلىك مۇناسىۋەتلەرنى» ساقلاپ قالامدۇ ياكى ئۇرۇقداشلىق، قانداشلىق ۋە باشقا خۇسۇسى مۇناسىۋەتلەرگە قايتىش يولى بىلەن مەۋجۇد بولۇپ تۇرامدۇ؟ مەۋجۇد بولۇپ تۇرۇش بىر جەمئىيەتتە پۇل ـ مۇئامىلە تۈزۈمىنىڭ ئۈنۈمدارلىقىغا ئىنتايىن زىچ مۇناسىۋەتلىك ئەمەسمۇ؟ شۇڭلاشقا ئېيتىمىزكى، جۇڭگو ئىقتىسادىغا ئاشىنا بولغان يوشۇرۇن ئاپەت ئىقتىسادنىڭ ئۆزىدە ئەمەس، بەلكى سىياسەتتە، سىياسەتتە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ ئەخلاق ئاساسلىرىغا باغلىق بولۇپ كەلمەكتە.

قېنى ھازىر جۇڭگو جەمئىيىتىنىڭ ئەخلاق ئاساسلىرى بۇ دەپ نېمىگە ئېيتىمىز؟ بۇ توغرىدا ئىزدىنىپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق. چۈنكى، خىتايلار ئەخلاقنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى چۈشىنىشتىن ئاۋۋال ئۆزىنىڭ ئادەم ياكى ھايۋان ئىكەنلىكىنىمۇ چۈشەنگىنى يوق.

## كىرىملىل ئىمپېرىيىسى يىمىرىلدى

1998 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى

كىرىمىل ئىمپېرىيىسى يىمىرىلگەندىن كېيىن، چوڭ دۆلەتلەرنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىرىگە باغلىق دۇنياۋى ھوقۇق قۇرۇلمىسىدا يېڭى مۇۋازىنەت مۇناسىۋىتى تەدرىجىي يېتىلمەكتە. جۇڭگولۇقنىڭ نەزىرى بىلەن قارىغاندا مۇداپىئە بىلەن ھۇجۇمنىڭ بىر ـ بىرىگە تۈرتكە بولۇشى، دۆلەتلەر ئارا چوڭقۇر تەسىر پەيدا قىلىپ، خىتاي مىللىتىنىڭ كەلگۈسى تەقدىرىنى بەلگىلەپ قويۇشى مۇمكىن.

ئاسىيانىڭ ۋەزىيىتى يېقىندا ئەڭ يېڭى بىر تەرەققىيات دەۋرىگە كىرىپ قالدى. ئامېرىكا بىلەن ياپونىيىنىڭ «بىخەتەرلىك شەرتنامە» ئىمزالىغانلىقى، بۇ شەرتنامىگە «ياپونىيە دېڭىزىنىڭ ئەتراپىدا ۋەقە يۈز بەرگەندە» دېگەن بىر ماددىنى كىرگۈزۈپ قويغانلىقى، ئامېرىكا ئارمىيىسىگە ياپونىيە ئارمىيىسىنىڭ ئارقا سەپتىن ياردەم بېرىشى شۇ ماددىنىڭ بىر مەزمۇنى بولۇپ قالغانلىقى ئاسىيادا ۋەزىيەت تەرەققىياتىنىڭ كۆرسەتكۈچىنى بەلگىلەپ قويدى. مەيلى ئامېرىكا تەرەپ ياكى ياپونىيە تەرەپ بۇ شەرتنامىنىڭ خاراكتېرىنى قانداق چۈشەندۈرمىسۇن، «ياپونىيە دېڭىزى»نىڭ ئەتراپى جەنۇبىي دېڭىزنى، تەيۋەننى ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقتىن، ياپونىيە بىلەن ئامېرىكىنىڭ ھەربىي ھەمكارلىقىنىڭ مەزمۇنى ۋە دائىرىسىنىڭ كېڭەيتىلگەنلىكى مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان پاكىت بولۇپ قالدى.

يىراق كەلگۈسىدىن ئېيتقاندا «بىخەتەرلىك شەرتنامىسى» ياپونىيىگە ھەربىي جەھەتتە قايتا تىرىلىش پۇرسىتى يارىتىپ بەرگەندىن باشقا، ياپونىيىنىڭ «ئاساسى قانۇنى»نى ئۆزگەرتىشكە ھەم ئاق بەت تەييارلاپ

بەردى. «بىخەتەرلىك شەرتنامىسى» نۆۋەتتە تاقابىل تۇرىدىغان دۆلەت بەگۈاش شىمالى كورىيە دەپ قارالسىمۇ، لېكىن ھەقىقىي پەرەز قىلىنغان دۈشمەن ئەلۋەتتە جۇڭگو چوڭ قۇرۇقلۇقىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن «بىخەتەرلىك شەرتنامىسى» سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشىدىن كېيىن، يېڭى ئالامەتلىك، يېڭى يۆنىلىشلىك، جۇڭگونى قورشاۋغا ئېلىشنى ئىشقا ئاشۇرغۇچى دۆلەتلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئىتتىپاقلىشىشنىڭ مەنزىرىسىنى ئېچىپ بەردى.

ئاسىيا ــ ئۇلۇغ ئوكيان رايونىدا دەرىجىدىن تاشقىرى بىر دۆلەت بىلەن يەنە بىر قۇدرەتلىك دۆلەتنىڭ قولنى ــ قولغا تۇتۇشۇپ، مۈرىنى ــ مۈرىگە تىرەپ تىك تۇرۇشى جۇڭگو ــ جۇڭنەنخەينى ئەنسىرىتىپ قويغانلىقتىن جۇڭگو بۇ مۇھاسىرىنى بۆسۈشكە پائال ھەرىكەت قىلىپ كۆرسىمۇ، لېكىن بۇ ھەرىكەت «بىخەتەرلىك شەرتنامىسى»نىڭ مۇددىئالىرىغا قارشى پاسسىپ ھەرىكەت بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. شۇنىڭ ئۈچۈن جۇڭگو ھۆكۈمىتى ئامېرىكا، ياپونىيە ھۆكۈمەتلىرى بىلەن ئىستراتېگىيىلىك شېرىكلىك مۇناسىۋەتنى ئورنىتىشقا، سۈزلىشىشنى قارشىلىشىشنىڭ ئورنىغا دەسسىتىشكە، ياخشى چارىلەر بىلەن دۈشمەنلىك كەيپىياتلىرىنى يۇمشىتىشقا، زامانىنى كەينىگە سۈرۈپ ئالدىغا ئۆتۈۋېلىشقا، شۇنداق قىلىپ 21 ــ ئەسىردە باش كۆتۈرۈشكە پۇرسەت ئىزدىمەكتە.

جۇڭگونىڭ دىپلوماتىك غەرەزلىرى بارغانسېرى روشەنلەشمەكتە. بىر تەرەپتىن چوڭ دۆلەتلەر بىلەن باراۋەرلىكنى ئىشقا ئاشۇرماقچى، ئورتاق نىشان ئۈچۈن ئورتاق تىل تاپماقچى، ئىستراتېگىيىلىك شېرىكلىك مۇناسىۋەتنى ئورناتماقچى، شۇنداق قىلىپ مۇھاسىرىگە ئالغۇچى

دۆلەتلەرگە تەسىر كۆرسەتمەكچى بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئەنگلىيە، فرانسىيە، گېرمانىيە قاتارلىق دۆلەتلەر بىلەن دوستلۇق مۇناسىۋىتى، باردى ـ كەلدى، سودا ـ تىجارەت مۇناسىۋىتى ئورناتقاندىن باشقا، رۇسىيە فېدېراتسىيىسى بىلەن ئۆزئارا تاجاۋۇز قىلىشماسلىق شەرتنامىسى ئىمزالاپ، جۇڭگو قۇرۇقلۇقىنىڭ سول قانىتىنى مۇقىملاشتۇرۇپ، جۇڭگو ـ رۇسىيە مۇناسىۋىتىنىڭ تارىخى سارقىندىلىرىنى ساقلاپ قېلىشقا تىرىشماقتا. ھەتتا، ئافرىقا، ئوتتۇرا ئامېرىكا قىتئەلىرىدىن دوست ئىزدەپ خەلقئارادا خىتايغا مەدەت بەرگۈچى دۆلەتلەرنى پەرۋىش قىلىپ ئارقا سەپنى مۇقىملاشتۇرۇشقا ئۇرۇنماقتا.

يەنە بىر تەرەپتىن ئامېرىكا ـ ياپونىيە دۆلەتلىرىگە ياخشچاق بولۇپ، كۆچۈكلىنىپ ۋەقە ياراتقۇچى ھەرقانداق باھانە ـ سەۋەبلەرنىڭ ئامىللىرىنى يوقىتىشقا تىرىشىپ، دۈشمەن دەپ قارالغان دۆلەتلەرنىڭ، جۇڭگونىڭ ئىچكى قىسمىنى قالايمىقانلاشتۇرۇشىدىن ساقلىنىپ، دۆلەتنىڭ تەرەققىياتىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىشقا ئۇرۇنماقتا. ساقلاپ كەلگەن ئامېرىكا بىلەن سۆزلىشىشنىڭ يوللىرىنى ئىزدەۋاتقان خىتاي ھۆكۈمىتى، ئوچۇق دېڭىزدا تەۋەككۈلچىلىك قىلىشتىن ساقلانماقچى بولۇپ «ئىككى تەرەپنىڭ ئورتاق مەنپەئەتى» دېگەن ئىبارىنى كۆندە دېگۈدەك تەكرارلاپ، تەيۋەن بوغۇزىدا ئۇرۇش پارتلاشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن تىرىشماقتا. جياڭ زېمىن سىياسەت بىلەن ھەربىي تەرەپلەرنى چەكلەپ تۇرۇۋاتقان بولسا، ئامېرىكا تەرەپ سىياسەتنىڭ ئىسپىلىككە ئەھمىيەت بەرگەن ئەھۋالدا تەيۋەننى سۆھبەت ئۈستىلىگە قىستىماقتا.

## دالاي لاما

1998 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى

2 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى فرانسىيىدە مۇخبىرلارنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغان تىبەتلەرنىڭ روھانىي داھىيسى دالاي لاما: «تىبەتلەرنىڭ ئۆزىنى ـ ئۆزى باشقۇرۇشىنى تەشەببۇس قىلىدىغانلىقىنى يەنە بىر قېتىم تەكىتلەپ، بېيجىڭ دائىرىلىرى تىبەتنىڭ دىپلوماتىيە، دۆلەت مۇداپىئەسىنى داۋاملىق تىزگىنلىسە بولىدۇ» دەپ كۆرسەتتى.

«يېقىندىن بېرى جۇڭگودا يېڭى ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشنىڭ ساداسى ئوتتۇرىغا چىقىشقا باشلىدى ۋە تىبەتكە ئالىي ئاپتونومىيە بېرىشنى ماقۇل كۆردى» دەپ كۆرسەتتى. ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى ھۆكۈمىتىنىڭ تىبەت ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىدىغان يۇقىرى دەرىجىلىك ئەلچى تەيىنلىگەنلىكىدىن خەۋەر تاپقان دالاي لاما: «ئەگەر مەن شۇ باش ئەلچى بىلەن ئۇچرىشىدىغان قالسام تىبەتنىڭ مۇستەقىللىق تەلەپ قىلمايدىغانلىقىنى پەقەت تىبەتنىڭ ئىپتىدائىي ئۆزىنى ـ ئۆزى باشقۇرۇش يولىنى ئىزدەيدىغانلىقىنى داۋاملىق تەكىتلەيمەن» دەپ كۆرسەتتى.

ياۋروپا پارلامېنتىنىڭ مەخسۇس تىبەت ئىشلىرى ئورگىنى قۇرماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغان دالاي لاما: قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، تىبەت خەلقى ئاسايىش تۇرمۇشقا ئېرىشىدىغانلار بولسا مەن دەم ئېلىشقا چىقىمەن، مەن سەممىيىتىمنى قانچە ئىپادىلىگەنسېرى جۇڭگو ھۆكۈمىتى ماڭا مەنسىتمەسلىك بىلەن ئىپادە بىلدۈرمەكتە، دەپ كۆرسەتتى. شۇنداق بولسىمۇ تىبەت مەسىلىسىنى تىنچ يول بىلەن سۆھبەت ئارقىلىق ھەل قىلىدىغانلىقىنى يەنە بىر قېتىم بىلدۈرۈپ ئۆتتى.

بۇددا دىنى تەلىماتىغا ئاساسلىنىپ، جۇڭگو دائىرىلىرى تىبەتتە قىرغىنچىلىق ئېلىپ بارغان جىنايەتلىرىگە، جۇڭگودا كوممۇنىزمنى يولغا قويۇپ مىليونلىغان كىشىلەرنىڭ جېنىغا زامىن بولغان جىنايەتلىرىگە ئاز ئۆتمەي جاۋابكار بولىدۇ؟ دەپ كۆرسەتتى دالاي لاما.

جۇڭگو دائىرىلىرىنىڭ دىن تارقاتقۇچى خىرىستىئانلارنىڭ تىبەتكە كىرىپ، دىن تارقىتىشىغا يول قويغانلىقى ئۈستىدە توختالغاندا دالاي لاما: قارشى تۇرىدىغانلىقىنى، ھەربىر مىللەتنىڭ دىنى ئېتىقادى بولىدىغانلىقىنى، ياۋروپالىقنىڭ دىنىنى ئۆزگەرتىپ بۇددا دىنىغا ئىشىنىشنى قوللىمايدىغانلىقىنى، تىبەت ۋە موڭغۇلىيە خەلقىنىڭ دىنىنى ئۆزگەرتىپ خىرىستىئان دىنىنى قوبۇل قىلىشىنى كۆرۈشنىمۇ خالىمايدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتتى.

دالاي لاما، تىبەتتە تىنچلىق ئورنىتىپ، تىبەتنى ھەربىي ئىشلاردىن خالىي ئۆلكە، ئاتوم قوراللىرىدىن خالىي ئۆلكە قىلىپ قۇرۇپ چىقىپ، ھىندىستان بىلەن جۇڭگونىڭ ئوتتۇرىسىدا توقۇنۇش پەيدا بولۇشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا چىڭ تۇرىدىغانلىقىنى تەكىتلەپ كۆرسەتتى.

جۇڭگو دائىرىلىرى تىبەتتە ئاتوم قوراللىرى ھەربىي بازىسى قۇرغاندىن باشقا، تىبەتنىڭ شىمالى قىسمىدا كېرەكسىز ئاتوم قوراللىرى ماتېرىياللىرىنى ساقلىغانلىقتىن شۇ يەردە چارۋا ماللاردا غەيرىي كېسەللىكلەر پەيدا بولغان ئىدى.

## جياڭ زېمىنىنىڭ رىۋايىتى

1998 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى

1

ئۇيغۇر ۋەتەنداشلىرىم، سىلەرگە مەلۇم ھەرقانداق بىر دەۋرنىڭ ئۆزىگە يارىشا بىر رىۋايىتى بولىدۇ. ئۇچار تەخسە بوگۇنكى دەۋرنىڭ رىۋايىتى بولغاندەك، ئۇيغۇر بىلەن خىتاينىڭ «مۇستەملىكە مۇناسىۋەت تارىخى»دىن لېكسىيە سۆزلىگەن جياڭ زېمىننىڭ «شىنجاڭ خەن دەۋرىدىن تارتىپلا جۇڭگو زېمىنىنىڭ بىر قىسمى ئىدى» دەپ سۆزلىگەنلىكى بۇ كونا رىۋايەتنى يېڭىچە تەكرارلىغان جياڭ زېمىننىڭ يېڭى دەۋرىدىكى يېڭىچە رىۋايىتىدۇر. بۇنداق رىۋايەتنى غالچا تارىخچىلار ياكى يالالنما تارىخچىلار تەكرارلاپ يۈرگەن بولسا، ئەلۋەتتە پەرۋايىمىز پەلەك ئىدى. بىراق بۇ رىۋايەتنى مۇستەبىتنىڭ مۇستەبىتى، بىر دۆلەتنىڭ رەھبىرى جياڭ زېمىن تەكرارلىدى، نېمە ئۈچۈن پرېزىدېنت كلىنتون بېيجىڭغا زىيارەتكە كېلىش ئالدىدا تەكرارلىدى؟ يەنە نېمە ئۈچۈن جياڭ زېمىن ئاسىيا ـ ئۇلۇغ ئوكيان رايونىنىڭ ۋەزىيىتى ھەل قىلغۇچ دەۋرگە كىرگەندە تەكرارلىدى؟ شۇڭا بىز جياڭ زېمىننىڭ رىۋايىتى ھەققىدە ئانالىز يۈرگۈزمەي تۇرالمايمىز.

جياڭ زېمىننىڭ رىۋايىتى

(«شىنجاڭ گېزىتى» ئۇيغۇرچە، خىتايچە تىللاردا 5 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى) «يولداش دىڭ شياۋ پىڭنىڭ شىنجاڭ خىزمەتلىرى ھەققىدە بايانلىرىنى ئۆگىنىپ شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادى

تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرەيلى!» سەرلەۋھىلىك ماقالە ئېلان قىلدى. ئاپتورى ــ لو يىڭ خو.

يەنە شۇ گېزىتتە (5 ــ ئاينىڭ 21 ــ كۈنى) «شىنجاڭ تارىخى توغرىسىدا يولداش جياڭ زېمىننىڭ بايانىنى ئۆگىنىپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇپ، ۋەتەنىنىڭ بىرلىكىنى قوغدايلى!» سەرلەۋھىلىك ماقالە ئېلان قىلىندى. ئاپتورى چىن چۇڭ شۈن.

يەنە شۇ گېزىتتە (5 ــ ئاينىڭ 23 ــ كۈنى) «ماركسىزملىق دۆلەت قارىشىدا چىڭ تۇرۇپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك شەرەپلىك ئەنئەنىسىنى جارى قىلدۇرايلى» سەرلەۋھىلىك ماقالە ئېلان قىلىندى. ئاپتورى پەن جى پىن.

بۇ ماقالىلەر كىشىلەرگە ئېيتقىلى بولمايدىغان مۇددىئا ـ مەقسەتلەرگە مۇۋاپىق بىر قەلەمدىن يېزىلغان رىۋايەتلەردۇر.

1. ماقالىدە، مانجۇلار دەۋرىدىن جياڭ زېمىن دەۋرىگىچە، يايلاق مىللىتى مانجۇلارنىڭ 40 ــ يىللاردىن باشلاپ ختاي مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ ئۇيغۇرلارغا قىلىپ بەرگەن «ياخشى» ئىشلىرى سۆزلەنگەن.

2. ماقالىدە، «شىنجاڭ خەن دەۋرىدىن تارتىپ جۇڭگو زېمىنىنىڭ بىر قىسمى ئىدى» دېگەن رىۋايەت، سەپسەتە ئورنىدا جياڭ زېمىننىڭ تىلى بىلەن تەكرارلانغان. بىز بۇ ماقالىلەردىن ستاتىستىكا كەلتۈرۈپ ئاۋارە بولۇپ ئولتۇرمايمىز. چۈنكى، يىبىرىم ئەسىردىن بېرى ئۇيغۇر خەلقى ۋە ئۇيغۇرنىڭ ۋەتەنپەرۋەر زىيالىيلىرى بۇ تىپلىق خىيالىي سەپسەتىلەر بىلەن پۈتۈلگەن كىتابلارنى تەرەتخانىدا قەغەز ئورنىدا ئىشلىتىپ كەلگەن. سەپسەتىگە سەپسەتە بىلەن رەددىيە بېرىلسە بەك ياخشى بولاتتى. ئەخلاقىمىز بۇنداق قىلىشقا يول قويمىغانلىقتىن بىز پەقەت سەپسەتىگە

ھەقىـقەت بىـلەن رەددىـيە بېرىشـىمىز كېـرەك. خىتـاي تـارىخچىلىرى «شىنجاڭ خەن دەۋرىدىن تارتىپ جۇڭگو زېمىنىنىڭ بىر قىسمى ئىـدى» دەيـدىغان سەپسـەتىلىرىگە دەلىـل ئىزدىگەنـدە خىتـاي تارىخچىسـى سىماچيەنىنىڭ «تارىخى خاتىرىلەر» ناملىق كىتابىدىن ئاساس تەييارلايدۇ. «جياڭچەن غەربىي يۇرتقا كەلـگەن»، «خەن ئىمپېراتـورى غەربىـي يۇرتنـا دۇفـۇ مەھكىمىسـى قۇرغـان» ۋەھاكـازا دەيـدۇ. ئـارىمىزدا بەزى غالچـا تارىخچىلارمۇ، تارىخ يېزىش بىلەن نامىنى چىقارماقچى بولغانلارمۇ «جياڭ چەنىنـىڭ غەربىـي يۇرتقـا كەلگەنلىكـى»نـى تىلغـا ئېلىشـقان، خەن ئىمپېراتورىنىـڭ غەربىـي يـۇرت پادىشـاھىغا «قىـز» بەرگـەنلىكىنـى تىلغـا ئېلىشقان، لېكىن بۇنداق ۋەقەلەرنىڭ بىر رىـۋايەت ئىكەنلىكىنـى ھەرگىـز تىلغا ئېلىشمىغان ئىدى. بولۇپمۇ غەربكە كېلىش ۋە غەربتىن كېتىشىنىڭ سۇبيېكتى جياڭ چەنىنىڭ غەربى يۇرتقا نېمە ئۈچۈن «كەلـگەن» لىكىنـى تەتقىق قىلمىغان. خەن دۆلىتى، خەن ئىمپېراتورى دېگەنلەر زادى نېمە؟ تارىختا خىتاينىڭ خەن دۆلىتى دېگەن بىر دۆلىتى بولغانمىدى ياكى بـۇ دۆلەت خىيالپەرەس خىتاي تارىخچىلىرىنىڭ تەسەۋۋۇرىغا تايىنىپ ياساپ چىققان دۆلەتمىدى؟ بۇ تـارىخچىلار بۇنىڭـدىن بـۇرۇن خىتاينىـڭ چىـڭ بەگلىكىنىڭ خاقانى چىن شىخۇاڭنىڭ ئۆزىگە قوشنا بەگلىكلەرنى قانداق بىـرلىككە كەلتـۈرۈپ، چىـڭ بەگلىكنـى قانـداق قۇرغـانلىقىنى تىلغـا ئېلىشمايدۇ، چىڭ بەگلىكى يىمىرىلگەنـدىن كېيىن، خەن بەگلىكىنـىڭ قۇرۇلغانلىقىنى غەربىي خەن ۋە شەرقىي خەن دەيدىغان ئىككى بەگلىككە (خىتاي تارىخچىلىرى غەربىي خەندىن كېيىن شەرقىي خەننـى يىلنـامىگە تىزىپ كەلگەن. ئەمەلىيەتتە بىر دەۋرنىڭ بەگلىكلىرى ئىدى) ئۇنىڭـدىن باشقا يەتـتە پـارچە مەھەللىـۋى بەگلىككە پارچىلىنىـپ داۋاملىـق ئىچكـى

ئۇرۇش ھالىتىدە ياشىغانلىقىنى تىلغا ئېلىشمايدۇ ۋە بۇنداق تارقاق خىتاي بەگلىكلىرىنىڭ غەربىي يۇرتنى بويسۇندۇرۇشقا قۇدرىتى يېتەرمىدى؟ دەپ سوئال قويۇشمايدۇ. شۇنداق قىلىپ ئاڭسىز ياكى ئاڭلىق ھالدا تارىخچىلىق ساھەسىدە خىتاينىڭ سىياسىي مەقسىتىنىڭ كالتە پەم غالچىلىرىغا ئايلىنىپ قالىدۇ.

1949 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى (ئۇيغۇرلار قاسقان شەپكىلىك خىتايلارنى چېگرىدىن قوغلاپ چىقىرىۋەتكەندىن كېيىن، ئەمدى لاتا شەپكىلىك خىتايلار ئۇيغۇرىستانغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن ئىدى). قىزىل خىتاينىڭ ئۇيغۇرىستاندا قىلغان تۇنجى ئىشى «شىنجاڭ خەن دەۋرىدىن تارتىپ جۇڭگو زېمىنىنىڭ بىر قىسمى ئىدى» دەيدىغان رىۋايەتنى ياساپ چىقىش بولدى. بۇ رىۋايەت بۈگۈن جياڭ زېمىنىنىڭ ئاغزىدا قايتا تەكرارلانغان ئىكەن، يېڭى مەزمۇن بىلەن، يېڭى رىۋايەت شەكلىگە كەلتۈرۈلگەن ئىكەن، ئەمدى تۆۋەندە بۇ رىۋايەتنىڭ كېلىش مەنبەئى ئۈستىدە ئازراق توختالغاندىن كېيىن، جياڭ زېمىننى رىۋايەت سۆزلەشكە مەجبۇرلىغان زامانىنىڭ سەۋەبلىرى ئۈستىدىمۇ توختىلىپ ئۆتىمىز.

سىماچيەنىنىڭ ھەقىقىتى ـ خىتاي تىلىدا نەشر قىلىنىدىغان («تارىخشۇناسلىق» ژۇرنىلىنىڭ 1993 ـ يىل 2 ـ سانىدا) «سىماچيەنىنىڭ مىللەت قارىشىغا تەنقىد» سەرلەۋھىلىك بىر پارچە ماقالە ئېلان قىلىنغان ئىدى. ماقالىدە «تارىخى خاتىرىلەر» كىتابىغا كىرگۈزۈلگەن پەرغانە تەزكىرىسىدە مىللىي مەسىلە بويىچە سىماچيەنىنىڭ غەربتىكى دۆلەتلەرگە تۇتقان مۇئامىلىسى بىلەن ئىككى قورۇقنىڭ شەرقىدىكىلەرگە تۇتقان مۇئامىلىسى ئوخشاشمايدۇ، سىماچيەن جياڭ چەنىنىڭ غەربكە بېرىشىنى ئارتۇقچە ئىش، دەپ قارىغان، خەن

بەگلىكنىڭ پەرغانىگە يۈرۈش قىلىشىنى ئادالەتسىزلىك، كىڭەيمىچىلىك، بۇلاڭچىلىق دەپ قارىغان. بىز بۇ نۇقتىلارنى خەن بەگلىكى بىلەن غەربتىكى دۆلەتلەرنىڭ بېرىپ ـ كېلىشى ۋە ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن ئۇرۇشلاردىن كۆرۈۋالايمىز دەيدۇ ۋە سىماچيەن شۇنداق يازغانلىقى ئۈچۈن يازغۇچىنى تەنقىدلەيدۇ.

رىۋايەت خاتىرىلىگۈچى سىماچيەن: جياڭ چەننىڭ ئىككىنچى قېتىم غەربكە بېرىشىنى لايىق كۆرمىگەن. جياڭچەن دەيدۇكى، سىماچيەن: «خەن بەگلىكىدە خەن ۋۇدىنىڭ ئەتراپىدا نوپۇز تىكلەش، تۆھپە يارىتىش، ھېسسىياتقا يانداشقان، غەربتە ئۇيسۇنلار بىلەن بىرلىشىپ ھونلارنىڭ ئوڭ قانىتىنى يوقاتماقچى بولغان، جياڭچەن خەن ۋۇدىغا مەسلىھەت بېرىپ: «غەربنى بۇيۇك بەگلىككە مەنسۇپ قىلىۋالساق ۋە ئۇلارنى تاشقى ۋەزىرلىك قىلىپ تەيىنلىسەك» دېگەن. شۇنداق قىلىپ جياڭچەن 2 ـ قېتىم غەربكە ئەلچى بولۇپ بارغان، جياڭ چەننىڭ غەربكە بېرىش نىيىتى دۇرۇس بولمىغانلىقى ئۈچۈن بېرىش ۋە كېلىشىدە ھېچنەرسىگە ئېرىشەلمەي سالپىيىپ قايتىپ كېلىش بىلەن ئاخىرلاشقان. سىماچيەن، جياڭ چەننىڭ ئىككىنچى قېتىم غەربكە بېرىش نىيىتىنى چۈشەندۈرۈپ: «خەن بەگلىكىدە ئەمەلدىن ئايرىلىپ قالىدىغان ئەھۋال ئاستىدا، يۇقىرى مەنسەپكە قايتا ئېرىشىش ئۈچۈن خەن ۋۇدىغا ئۇيسۇن بىلەن بىرلىشىشنى تەشەببۇس قىلغان. بۇ جياڭ چەننىڭ ئويلاپ تاپقان ھىيلىسى ئىدى، دەپ تەسۋىرلىگەن. شۇنداق ئىكەن، مەقسەت ئېنىق بولمىغان، دىپلوماتلارغا خاس چېۋەرلىك كەم بولغان جياڭ چەننىڭ ئەلچى بولۇپ بېرىشىنىڭ مەغلۇپ بولۇشى بىر قارار ئىدى.

جياڭچەن 2 ـ قېتىم غەربكە بارغاندا 600 ئات يېتىلەپ بارغان، قايتىپ كەلگەندە ئاران 10 نى يېتىلەپ كەلگەن. كېيىن خەن بەگلىكى بىلەن غەربتىكى دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدا بېرىپ ـ كېلىش باشلانغان (ئېھتىمال سودا ـ تىجارەت بولسا كېرەك) لېكىن بېرىپ ـ كېلىش جياڭ چەننىڭ غەربكە ئەلچى بولۇپ بېرىشىنىڭ ھاسىلاتى بولۇپ قالغان، خالاس. «غەربكە ئەلچى ئەۋەتىش خەن ۋۇدىنىڭ غەربنىڭ (ئاق تۇلپارغا ئىشتىياقى چۈشۈپ قېلىش) تىن قوزغالغان. كېيىن ئات ئېلىش ئۈچۈن ئەلچىلەر پات ـ پات قورىغار رايونىغا بېرىپ ـ كېلىپ تۇرغان. بىراق غەربتىكى دۆلەت خەلقلىرى خىتاي پۇلىدىن بىزار بولغانلىقتىن، مال ساتمايدىغان بولۇۋالغان. خەن بەگلىكىنىڭ غەربىي يۇرتقا ئەۋەتكەن ئەلچىلىرى خەن ۋۇدىنىڭ ئالدىدا چوڭ سۆزلەۋەرگەنسېرى بۇ ئەلچىلەرنىڭ ۋەزىپىسى ئېغىرلىشىۋەرگەن. غەرب دۆلەتلىرىنىڭ شاھلىرى خەن بەگلىكىنىڭ ئەلچىلىرىنى «يارامسىز»، «ئۆلچەمسىز» دېگەن، كۆزگە ئىلمىغان. يېمەك ـ ئىچمەك بىلەن تەمىنلەشنى توختاتقان، خەننىڭ ئەلچىلىرى چاڭئەنگە قايتىپ كېلىپ خەن ۋۇدىغا: «غەرب دۆلەتلىرىگە ھۇجۇم قىلىپ ئۆچ ئېلىش توغرىسىدا مەسلىھەت بەرگەن. شۇنىڭ بىلەن خەن ۋۇدى جاۋپو دېگەن كىشىنى كرورانغا ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتكەن. دېمەك، رىۋايەت خاتىرىلىگۈچى سىماچيەننىڭ بۇ يەردە پوزىتسىيىسى ئىنتايىن ئېنىق بولغان: «جياڭچەن خەن بەگلىكىدە مەنسەپ ئورنىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈنلا خەن ۋۇدىنىڭ ئادالەتسىز ئۇرۇشىنى پەيدا قىلدى» دەپ خاتىرىلىگەن. سىماچيەن بۇ يەردە ھەم خەن ۋۇدىنى ئەيىبلىگەن ھەم جياڭ چەننى ۋە كېيىنكى خەن ئەلچىلىرىنى ئەيىبلىگەن... بىراق ئەلچىلەر تىنىم تاپماي «ئاق تۇلپار» توغرۇلۇق

سۆزلەۋەرگەن. نەتىجىدە ئەمەلگە ئېرىشىش كويىدا يۈرگەن لى گىۋاڭ لىنى 30 مىڭ ئەسكەرگە باشلىق قىلىپ خەن ۋۇدى قورىغار رايونىغا ئەۋەتكەن. رىۋايەت خاتىرىلىگۈچى سىماچيەن بۇ يەردە: «شىمالدا ئاپەت يۈز بەردى، غەربكە — دونخۇاڭغا بېرىش ھاجەتسىز ئىدى» دېگەن جۈملىنى قىستۇرغان. قورىغار رايونىدىكى دۆلەتلەر مۇداپىئە بىلەن ھۇجۇمنى تەڭ ئىشقا سېلىپ، خەن بەگلىكىنىڭ قوشۇنلىرىنى دۇنخۇاڭغا چېكىندۈرگەن. لى گىۋاڭ لى قايتىپ كېتىشكە ئىلتىماس سۇنغاندا، خەن ۋۇدى: يۈمىن گۈەن قوروغىدىن كىرسىلا ئۆلتۈرىمەن، دېگەن. رىۋايەت خاتىرىلىگۈچى سىماچيەن بۇ ئەھۋالنى «بىر ئات ئۈچۈن تۇغقانلىرىنىمۇ تونۇمايدىغان خەن ۋۇدى»، دەپ مازاق قىلغان. كېيىن خەن ۋۇدى لى گۋاڭ لىنى 240 مىڭ (20 ـ ئەسىردە دىڭ شياۋپىڭ ۋيېتنامغا تاجاۋۇز قىلغاندا ئاران 100 مىڭ كىشىلىك قوشۇن تەييارلىغان ئىدى. 2000 يىل بۇرۇنقى خەن ۋۇدى شۇنچىۋالا قوشۇننى قانداق تەييار قىلغاندۇ؟) ئەسكەر بىلەن غەربتىكى دۆلەتلەرگە ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتكەن. «غەلىبە قىلغان» ئىمىش. لېكىن پەرغانىلىكلەرنى بويسۇندۇرالمىغان. لى گىۋاڭ لى پەقەت ئون نەچچە ئاتنى ئولجا ئېلىپ قايتىپ كەلگەن. «غەلىبە قىلدى، لېكىن بويسۇندۇرالمىدى» دەيدىغان قارىمۇ قارشى ئاقىۋەتنى سىماچيەن: «شۇنچە ئېغىر بەدەل تۆلەپ ئېرىشكىنى ئاران بىرنەچچە ئات ھەمدە بەزى ئەسكىرى باشلىقلارنىڭ ئەمەلگە ئېرىشىش تەلەپلىرىنى قاندۇرۇشلا بولدى، خالاس» دەپ تەسۋىرلىگەن.

نېمە ئۈچۈن رىۋايەت خاتىرىلىگۈچى سىماچيەننىڭ غەربتىكى (ئوتتۇرا ئاسىيا) بىرقانچە دۆلەتكە تۇتقان مۇئامىلىسى بىلەن ئىككى قورۇقنىڭ شەرقىدىكىلەرگە (ختاي بەگلىكلىرىگە) تۇتقان مۇئامىلىسى ئوخشاش

بولمايدۇ؟ شەرق تەرەپتىكىلەرنى «قېرىنداشلار» غەرب تەرەپ قورىغار رايونىدىكىلەرنى «چەت ئەللىك» دەپ قارايدۇ؟ بۇنىڭ سەۋەبلىرى تۆۋەندىكىچە:

1. جۇغراپىيىلىك ئامىل ـ كورېيە، ۋېيتنام قاتارلىق ئەللەر خەلقلىرىنى، خەن بەگلىكىگە يېقىن، تۇپراقلىرى تۇتاش بولغانلىقتىن سىماچيەن بۇ ئەللەرنى «بىزنىڭ قېرىنداشلىرىمىز» دەپ خاتىرىلىگەن. قورىغار رايونى ـ غەربتىكى دۆلەتلەر خەن بەگلىكىدىن يىراق، دەشتى ـ چۆللەر، دالالار ۋە تاغلار بىلەن ئايرىلىپ تۇرغانلىقتىن ھەمدە بۇ يەرلەردە ياشايدىغان خەلقلەر چوڭقۇر كۆزلۈك، ساقاللىق، قاڭشارلىق، تۇرمۇش ئۆرپ ـ ئادەتلىرى بىز خەنلەرگە ئوخشمايدۇ، دەپ خاتىرىلىگەن. شۇڭا سىماچيەن قورىغار رايونىدىكى مىللەت ۋە دۆلەتلەرنى: «مىللەت تۇرىمىزگە، ئېتنىك قۇرۇلۇشىمىزغا ئوخشىمايدۇ، بىز خەن مىللىتىگە ئوخشمايدۇ، تۇپراقلىرى بىزنىڭ ئەمەس. ئۇلار بىلەن باردى ـ كەلدى ئالاقە قىلساق سىياسىي، ئىقتىسادى، ھەربىي جەھەتتە پايدا ـ زىيانىنى قايلىيالمايدۇ» دەپ خاتىرىلىگەن. بۇ پاكىتلارغا ئاساسلانغان سىماچيەن تارىخنى ھازىرقى زامان خىتايلىرىنىڭ مەقسەت ـ مۇددىئالىرىغا مۇۋاپىق خاتىرىلىمىگەنلىكى ئۈچۈن زامانداشلىرىغا ئاغرىنىپ بەرگەن، سىماچيەننىڭ مىللەت قارىشىغا باھا بەرگەن شىڭ خەن ئەپەندى: «سىماچيەن چەكلىمىگە ئۇچرىغان» دەپ يەكۈن چىقىرىدۇ. ئۇ چاغدا ماركسىزم يوق ئىدى، كوممۇنىست خىتايلارمۇ يوق ئىدى. سىماچيەن قانداق «چەكلىمىگە» ئۇچرىغاندۇ؟

خەن ۋۇدى «ئاق تۇلپار غەربتىن چىقىدۇ» دېگەن رىۋايەتنى «ئاسايىش خاتىرىلەر» دېگەن كىتابتىن كۆرگەن ئىكەن ۋە شۇ «ئاق

تۇلپارنىڭ» ئىشقىدا «ئات ئوغرىلىرى»نى (سىماچىيەننىڭ سۆزى) قورىغار رايونىغا توختىماي ئەۋەتكەن ئىكەن. سىماچىيەن يەنە: «كۇرەڭ چوڭچى، ھەرىكەت قىلىشىنى بىلمەيدىغان خەن بەگلىكىنىڭ ئەلچىلىرى ئەمەلىيەتتە ھەممىسى قەلەندەرلەر ئىدى» دەپ خاتىرىلىگەن. ئۇنىڭدىن باشقا سىماچىيەن يەنە: «بۇ ئەلچىلەر ئەمەلگە ئېرىشىشنى، شەخسى مەنپەئەتنى قاندۇرۇشنى چەت ئەلگە بېرىپ كېلىشتىن ئىزدەيتتى... بۇ بىر توپ كىشىلەر ئەمەلىيەتتە ئاچكۆز سودىگەرلەر ئىدى ياكى ھوقۇققا ھېرىس قىلغۇچى سودىگەرلەر ئىدى... نامرات ئائىلىسىنى بېيىتىش ئۈچۈن ئەلچى بولۇشنى تەلەپ قىلىپ تەۋەككۇلچىلىك قىلغانلار ئىدى» دەپ خاتىرىلىگەن. خەن ۋۇدى: «سودىگەرلەر خەن بەگلىكىنىڭ ئىناۋىتىنى يىراقلارغا ئېلىپ بارىدۇ، ئۇلارنىڭ مەنپەئەت يولىدا قىلىپ يۈرگەنلىرىگە كۆزيۇمنى يۇمۇپ ئالسام بولىدۇ» دەيدىغان بەگ ئىكەنىدۇق. شۇ دەۋردە رىۋايەت خاتىرىلىگۈچى سىماچىيەن: «ئاق تۇلپار ئۈچۈن غەربكە ئۇرۇش قوزغاشقا قارشى تۇرغان.» كېيىنكى دەۋرلەردە «ئاق كۆڭۈللەر»مۇ قورىغار رايونىغا ئۇرۇش ئېچىشقا قارشى تۇرغان.

ئەمما، خىتاينىڭ ھازىرقى زامان مىللەتچىسى شىڭ خەن: «قەدىمكى دەۋرلەردە ئۇرۇشتىن ساقلانغىلى بولمايتتى، دۆلەتنىڭ غەربنى ئېچىشتا ئۇرۇش تارىخنىڭ زۆرۈرىيىتى ئىدى» دەپ ھۆكۈم قىلىدى. بۇ تارىخچى 2000 يىل بۇرۇنقى غەلىبە قىلالمىغان تاجاۋۇزچىلىققا 2000 يىلدىن كېيىن يول خېتى يېزىپ بەرگەن تارىخچى بولۇپ قالدى.

بۈگۈن شىڭ خەن ئەپەندىنىڭ گەپىنى ئوچۇق قىلىشى، پەرغانىنىڭ «ئاق تۇلپارلىرىغا» ئېرىشىش ئۈچۈن غەربكە يۈرۈش قىلىپ غەلىبە قىلالمىغان خەن ۋۇدىنى «غەلىبە قىلدى» دەپ تەسۋىرلىشى، خەن

ۋۇدىنىڭ قورىغار رايونىنى ئىستىلا قىلالمىغانلىقىنى «ئىستىلا قىلدى» دەپ ئىستىلا قىلىش تارىخى تەرەققىياتىنىڭ «تەلپىي» ئىدى دەپ يېزىشى، «ئات ئوغرىلىرى»نى، «خەن بەگلىكىنىڭ قەلەندەر خىتايلىرى»نى، «ئىستىلا قىلغۇچى سەركەردىلەر» دەپ مەدھىيىلىشى كېرەك بولۇپ قالدى. سىماچيەنىڭ «بۈگۈنكىدەك دەۋرنى كۆرۈپ يېتەلمىگەنلىكى» ئۈچۈن سىماچيەندىن ئاغرىنىپ يۈرمەستىن خىتايچىلىق مەنتىقىسىگە ۋە كۆچمەن خىتايلارنىڭ «باي بولۇش» ئارزۇسىنىڭ مەنتىقىسىگە ئاساسلىنىپ، ئۆزىنىڭ ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارى بويىچە: «تارىخ، تارىخچىنىڭ قەلىمى ئاستىدىكى تارىختۇر» دەپ، پۈتۈن دۇنياغا جاكارلىشى كېرەك بولۇپ قالدى. مىللەتچى شىڭ خەن شۇنداق ۋارقىرىغاندىلا پۈتۈن دۇنيا خىتايچىلىق مەنتىقىسىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى چۈشىنىۋالغان بولاتتى. قاراڭلار! ئىككى مىڭ يىل بۇرۇنقى سىماچيەنىڭ تاجاۋۇزچىلىق قارا نىيىتى بولمىغاندىن كېيىن، بۈگۈنكى تاجاۋۇزچى شىڭ خەننىڭ قەلىمى ئارقىلىق سىماچيەنىڭ مىللەت قارىشى، بەگلىك قارىشى تەنقىدلەنمەكتە. «سىماچيەنىڭ كۆزقارىشى بىر كىشىگىلا خاس كۆز قاراشتۇر»، «دەۋر چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن سىماچيەنىڭ ئىككى قۇرۇقنىڭ (جايىگۋەن قوۋۇقى ۋە يۈمىنگۋەن قوۋۇقى) غەربىدىكى زېمىن ۋە مىللەتلەرگە «كۆز قارىشى تازا چوڭقۇر بولمىغان»، (ئەسلى خىتايلارنىڭ پۇشتى، ئەۋلادى قورىغار رايونىدا يازمىدى دېمەكچى). «تونۇشى يېتەرلىك بولمىغان»، «بۇنداق تونۇشنى بۇ تارىخچىدىن تەلەپ قىلىشقا چارىسىز» دېيىشمەكتە خىتاي مىللەتچىلىرى!!!

سىماچيەننىڭ يازغانلىرىمۇ رىۋايەتكە ئاساسلىنىپ يېزىلغان تارىخ بولۇپ، لېكىن ئۇنىڭ تەسەۋۋۇرى بۇ رىۋايەتكە بىر ھەقىقەتنى ــ «قورىغار رايونى چەت ئەل، قورۇغان رايونىدا ياشايدىغانلار چەت ئەللىك، بىز خەقلەر ئەمەس، چەت دۆلەت» دېگەن ھەقىقەتنى ئاتا قىلغان. شۇڭا بىز يۇقىرىقى رىۋايەتلەرنى بىر ھەقىقەت سىڭدۈرۈلگەن رىۋايەت: «سىماچيەننىڭ ھەقىقىتى» دەپ ئاتاشقا ھەقلىقسىز.

بۈگۈن جىياڭ زېمىن جۆيلۈگەندەك «شىنجاڭ خەن دەۋرىدىن تارتىپ جۇڭگونىڭ بىر قىسمى ئىدى» دېدى. «جۇڭگو» دېگەن ئىسىم يېزىق ساھەسىدە قاچان پەيدا بولغان؟ بۇ يەردە سىلەر خىتاي مىللەتچىلىرى، جىياڭ زېمىننى ماختاۋاتىسىلەر، چۈنكى خەن ۋۇدى «قىلىچ بىلەن ئالالمىغان ئىنتىقامنى (سىلەر بۈگۈن) قەلەم بىلەن ئالماقچى بولۇۋاتىسىلەر!» خەن ۋۇدى ئۇرۇش بىلەن يېتەلمىگەن مەقسەتكە (گەرچە ئات ئۇغرىلاش بولسىمۇ) بۈگۈن سىلەر قەلەم بىلەن يەتمەكچى بولۇۋاتىسىلەر، شۇنداق ئەمەسمۇ خىتاي مىللەتچىلىرى؟!

2

ئەمدى يەنە باشقا خىتاي مىللەتچىلىرىنىڭ بۇ توغرىدا يازغان يازمىلىرىغا نەزەر ئاغدۇرىمىز.

خىتاي تىلىدا نەشر قىلىنىدىغان («تارىخشۇناسلىق» ژۇرنىلىنىڭ 1993 ــ يىلى 8 ــ سانىدا) ئېلان قىلىنغان «جۇڭگو ۋە غەربنىڭ دەسلەپكى دەۋرلەردە بېرىپ ــ كېلىش ھەرىكەت ئالاھىدىلىكىنى تەكشۈرۈش»، قوشۇمچە «تارىخى خاتىرىلەر پەرغانە تەزكىرىسىگە باھا» ماۋزۇلۇق ماقالىنى كۆرۈپ چىقايلۇق.

ئــاپتور جــاڭ ســەن «ســىماچيەن خەن بەگلىكــى بىــلەن چەت دۆلەتلەرنىــڭ چېگرىســىنى ئېنىــق ئايرىغــان، پەرغــانىنى چېگــرا پاســىلى قىلىپ بېكىتكەن. پەرغانىنىــڭ شــەرقىي تەرەپلىرىنــى، دۇنخۇاڭ (دەشــت ئاتــا) نىــڭ ئــوڭ تەرەپلىرىنــى ســىماچيەن هونلارنىــڭ ئــوڭ قــانىتى، ئېلىمىزدىكــى مىللەتــلەر» دەپ قارىغــان دەيــدۇ. (ئەلــۋەتتە جــاڭ ســەن ئەپەندى ئاتالمىش شىنجاڭنى كۆزدە تۇتقان بولسا كېرەك) لېكىن دەيدۇ جاڭ سەن: «پەرغانە تەزكىرىسىدە بۇنداق كۆزقاراشلار قىسقارتىۋېتىلگەن» كىم قىسقارتىۋەتكەن «تارىخى خاتىرىلەر»نى ئۇيغۇرلار نەشر قىلمىغان ئىدىغۇ؟

جاڭ سەن باشقا يول بىلەن پىكىر قىلىۋاتىدۇ، شىڭ خەن ئەپەندى يەنە باشــقا يــول بىــلەن پىكىــر قىلىۋاتىــدۇ. جــاڭ ســەن «پەرغــانە تەزكىرىســىدىن قىســقارتىۋېتىلگەن» دەۋاتىــدۇ. شــىڭ خەن ئەپەنــدى: «سىماچيەنىڭ مىللەت قارىشى چوڭقۇر ئەمەس»، «سىماچيەن تــارىخىي چەكلىمىلىككە ئۇچرىغان» دەۋاتىدۇ. قىزىق، ئىنتايىن قىزىق ئىش. جــاڭ ســەن ئەپەنــدىنىڭ ئوقــۇپ تــۇگەتكىنى قايســى نۇســخىلىق «تــارىخى خاتىرىلەر» ئىكەن؟ ئەمدى شىڭ خەن ئەپەنىدىنىڭ ئوقــۇپ تــۈگەتكىنى يەنە قايســى نۇســخىلىق «تــارىخى خــاتىرىلەر» بولغىيــدى؟ تــاڭ تەيــزۇڭ «تەۋبە ـ ئىســتىغپار هۇجرىســى»غا كىرىۋېلىــپ ئــۆز دەۋرىــدىن بــۇرۇنقى دەۋرنىڭ بارلىق يازمىلىرىنى ئۆزگەرتكەنــدە «تــارىخى خــاتىرىلەر»ئىككــى خىــل يېزىلىــپ قالغــانمۇ، يە؟؟ «تــارىخى خــاتىرىلەر» مــاۋ زېــدۇڭ دەۋرىــدە باشقىچە نەشر قىلىنىپ، جياڭ زېمىــن دەۋرىــگە كەلگەنــدە يەنە باشــقىچە نۇسخىدا نەشر قىلىنغانمۇ، يە؟؟

ئـاۋۋال بـز مۇتـالىئە قىلـدىغـان مەسـىلە شـۇكى، دەيـدۇ، جـاڭ سـەن ئەپەندى: «جۇڭگو (خەن بەگلىكى) پەرغانە دۆلتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالـدا غەربىتىكـى يەنە باشـقا دۆلەتـلەر بـىلەن بـاردى ـ كەلـدى قىلـدى» دېگەن مەسىلىدۇر.

1. «بـاردى ــ كەلـدى قىلـىش ئـۇرۇش ۋە دۆلەت مۇداپىئەسـىنىڭ ئېھتىياجىـدىن بولغـان» خەن بەگلىكـى قايسـى تەرەپ، قايسـى بەگلـىك بـىلەن ئـۇرۇش قىلمـاقچى بولغـان بولغىيـدى؟ دۆلەت مۇداپىئەسـىگە كەلسـەك، خەن بەگلىكـى قايسـى دۆلەتنىـڭ ھۇجۇمىـدىن مـۇداپىئە كۆرمەكچى بولغان بولغىيدى؟

2. «خەن دۆلىتىنىـڭ غەربىتىكـى دۆلەتـلەر بـىلەن بـاردى ــ كەلـدى قىلىشـى، خەن دۆلىتىنىـڭ غەربىتىكـى دۆلەتلەردىـن ئـات سـېتىۋېلىش نىيىتىنى مەزمۇن قىلغان». دېمەك، بـۇ ئابزاسـىنىڭ مەزمۇنىغـا كـۆرە، خەن دۆلىتى غەربىتىكى دۆلەتلەر بـىلەن «بـاردى ــ كەلـدى» قىلغانـدا سـودا ــ تىجارەتنى كۆزدە تۇتقان.

3. «خەن ۋۇدىغا نىسبەتەن ئېيتقانـدا قىرىقىشـنىڭ ئىلكىـدە غەربىـي دۆلەتلەرگە تەسىر كۆرسىتىپ، ھەتتـا ئـۇلارنى بويسـۇندۇرماقچى بولغـان جاڭ سەن ئەپەندى: «بويسۇندۇرماقچى بولغان» دەيدۇ. خىتاينىـڭ باشـقا مىللەتچى تارىخچىلىرى (ھازىرقى) «بويسۇندۇرغان» شۇڭا شىنجاڭ خەن دەۋرىدىن تارتىپ جۇڭگونىڭ زېمىنى ئىدى» دەيدۇ. ئاۋۋالقى ئابزاسلاردا «بـاردى ــ كەلـدى» قىلـدى، «ئـات سـېتىۋېلىش ئۈچـۈن» دەيـدىغان ئىبارىلەرنى ئۇچراتتۇق. ئەمـدى بـۇ ئابزاسـتا «بويسـۇندۇرماقچى بولغـان» دېـگەن ئىبـارىنى ئۇچراتتـۇق. «بـاردى ــ كەلـدى» قىلـىش خەن بەگلىكىنىـڭ ئەتراپىتىكـى دۆلەتـلەر بـىلەن مۇناسـىۋەتتە ئىنـاق ــ

قوشنىدارچىلىقنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈنمۇ ياكى ئەتراپتىكى دۆلەتلەرگە تاجاۋۇز قىلىش ئۈچۈنمۇ؟ بىز قىزىقىدىغان يەنە بىر نۇقتا شۇكى، ئاپتور «بويسۇندۇرماقچى بولغان» دەۋاتىدۇ. «بويسۇندۇردى» دېيىشكە خىتاينىڭ ماللەتچى تارىخچىلىرى تارىختىن پاكىت تاپالمىدى، دېگەن سۆز.

تۆۋەندىكى ئىبارىلەرگە نەزەر ئاغدۇرايلۇق.

«باردى ـ كەلدى قىلىشنىڭ ئەھمىيىتى غەرب مەدەنىيىتى بىلەن شەرق مەدەنىيىتىنىڭ ئۇچرىشىشىلا ئەمەس، بەلكى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ بۇ دەۋردە غەربتىن كەلگەن مەدەنىيىتىنى شەرققە ئۆتكۈزۈپ بەرگەنلىكىدۇر»، «بۇ خىل ئۆزئارا چۈشىنىشنىڭ ئىلگىرى سۈرۈلۈشى دۆلەتلەر ئارا بېرىش ـ كېلىشنىڭ نېگىزلىك مەقسەتلىرىدىن بىرىدۇر»، «ئۇ ھەم باراۋەر مەنپەئەت يەتكۈزۈش خاراكتېرىگە ئىگە»، «پەرغانە تەزكىرىسى خەن بەگلىكىنىڭ غەربتىكى (قورىغار رايونى) دۆلەتلەر بىلەن ئالاقە قىلىشنىڭ تارىخى ھۆججىتى»، «... غەربتىكى دۆلەتلەر ئوتتۇرا ئاسىياغا، غەربىي ئاسىياغا، غەربىي جەنۇبىي ئاسىياغا جايلاشقان»، «... بۇ دۆلەتلەرنىڭ خەن بەگلىكى بىلەن ئالاقە قىلىشى، خەن بەگلىكىنىڭ چەتنىڭ مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلىشىغا تۈرتكە بولغان» ۋەھاكازا... ئىبارىلەرنىڭ مەزمۇنىغا قاراپ، دۆلەتلەر ئارا دىپلوماتىك مۇناسىۋەتلەرنىڭ تارىخى ھالىتىنى كۆرۈۋالايمىز. بۇنداق تارىخى ھالەتلىك دىپلوماتىك ئىبارىلەر «شىنجاڭ خەن دەۋرىدىن تارتىپلا جۇڭگو زېمىنىنىڭ بىر قىسمى ئىدى» دېگەن سەپسەتىنى ئۆزۈل ـ كېسىل ئاغدۇرۇپ تاشلايدۇ.

ئەمما، خىتاينىڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى تەشۋىقات ئورگانلىرى يېرىم ئەسىردىن بېرى خەن بەگلىكىنى بىر دەم «سۇلالە» دەپ

چۈشەندۈرسە، يەنە بىر دەم «خانىدانلىق» دەپ چۈشەندۈردى. خەن دىگەن ئىسمىنىڭ ئورنىغا «جۇڭگو» دىگەن ئىسىمنى قويۇپ چۈشەندۈرۈشكىمۇ، ھەتتا خەن بەگلىكىنى «دۆلەت» دەپ چۈشەندۈرۈشكىمۇ ئۇرۇنۇپ باقتى. «دۆلەت» دىگەن ئىسمىنىڭ تىخى 18 ـ ئەسىردىلا غەرب دۇنياسىدا پەيدا بولغانلىقىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىدى.

3

كىشىنى ئەجەبلەندۈرىدىغىنى شۇكى، بىر دۆلەتنىڭ رەھبىرى بولغان جياڭ زېمىن «شىنجاڭ خەن دەۋرىدىن تارتىپ جۇڭگو زېمىنىنىڭ بىر قىسمى ئىدى» دەپ رىۋايەت سۆزلىدى. جياڭ زېمىن ئاساسلانغان ئاتالمىش تارىخى ئاساسلارنى بىز يۇقىرىدا كۆرۈپ ئۆتتۇق. ئۇنداقتا، جياڭ زېمىن يەنە نېمىگە تايىنىپ، يەنە قانداق قورقۇنۇش ئىچىدە، يەنە قانداق مەجبۇرلاشنىڭ بېسىمى ئاستىدا ئۇيغۇرىستان (شىنجاڭ) خەن دەۋرىدىن تارتىپ جۇڭگو زېمىنىنىڭ بىر قىسمى ئىدى دېيىشكە جۈرئەت قىلالىدى؟ ئەسلى تارىخچىلار سۆزلەيدىغان سۆزنى بىر دۆلەتنىڭ رەھبىرىنىڭ سۆزلىشىگە مەجبۇرلىغان خەلقئارا ئامىللار ۋە خەلقئارا سىياسىي ۋەزىيەت زادى قانداق ئىدى؟

(«شىنجاڭ گېزىتى» 5 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى) ئېلان قىلغان «شىنجاڭ تارىخى توغرىسىدا يولداش جياڭ زېمىنىڭ باياناتىنى ئۆگىنىپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغدايلى!» سەرلەۋھىلىك ماقالىسىگە مۇنداق ئىلاۋە يازدى:

«يېقىندا يولداش جياڭ زېمىن شىنجاڭ تارىخى توغرىسىدا نۇتۇق بايان قىلدى. شىنجاڭ تارىخىدىكى نۇرغۇنلىغان چوڭ ـ چوڭ مەسىلىلەر ئۈستىدە چوڭقۇر، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىگەن ئاساستا تەھلىل يۈرگۈزدى ۋە ئۇنى خۇلاسىلىدى. بۇ ئىش پارتىيىمىز تارىخىدا ئاز ئۇچرايدۇ، شۇڭا بۇ ئىش چوڭقۇر تارىخىي ئەھمىيەتكە ۋە مۇھىم رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇ ماقالە نۆۋەتتە شىنجاڭدا مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى قانات يايدۇرۇپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى ۋە ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغداشنىڭ مۇھىم ئىدىيىۋى، نەزەرىيىۋى قورالى ھېسابلىنىدۇ»

بۇنىڭدىن 2000 يىل بۇرۇن ئۆتكەن رىۋايەت خاتىرىلىگۈچى سىماچيەن قورىغار رايونىنى «چەت ئەل» دەپ قەلەمگە ئېلىپ راست سۆزلىگەن تۇرسا، 21 ـ ئەسىرنىڭ بوسۇغىسىدا تۇرغان جياڭ زېمىن «شىنجاڭ خەن دەۋرىدىن تارتىپ جۇڭگو زېمىنىنىڭ بىر قىسمى ئىدى» دەپ رىۋايەت سۆزلىسە، يالغان سۆزلىسە يەنە قانداقلارچە ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىگەن بولىدۇ؟ جياڭ زېمىن «ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىگەن» دېگەندىن كۆرە، جياڭ زېمىن يالغانچىلىقنى ختاينىڭ ئەخلاق ئەنئەنىسىدىن ئىزدىگەن، دېسەك توغرا بولمامدۇ؟

ھۆرمەتلىك جياڭ زېمىن ئەپەندى! سىز يېقىندا «شىنجاڭ» ئۇيغۇرىستان تارىخى توغرىسىدا سۆزلىگەن ئىكەنسىز «شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ تەھرىرلىرى ئىلاۋە يېزىپ «بۇنداق ئىش پارتىيىمىز تارىخىدا ئاز ئۇچرايدۇ» دەپ كۆرسەتتى. راست بۇنداق ئەھۋال ختاي تارىخىدىمۇ ئاز ئۇچرايتتى. مەسىلەن: سۇن جۇڭسەن ئامېرىكىنىڭ كالىفورنىيە شتاتىدا تىلەمچىلىك قىلىپ يۈرگەن يىللاردىمۇ «شىنجاڭ» تارىخى

توغرىسىدا سۆزلىمىگەن ئىدى؟ جياڭ جېشى قاھىرە يىغىنىدا، پوتسىدام يىغىنىدا، ئۇيغۇرىستاننى جۇڭگوغا قوشۇپ بېرىشنى يالۋۇرۇپ روزىۋېلتتىن تەلەپ قىلغان چاغلاردىمۇ «شىنجاڭ» تارىخى توغرىسىدا سۆزلىمىگەن ئىدى. ماۋ زېدۇڭنىڭ خوتۇنى جياڭ چىڭ، رەئىس ليۇ شاۋ چى بىلەن بىرلىكتە 1949 ـ يىلى 5 ـ ئايدا موسكۋاغا بېرىپ، ستالىننىڭ قۇچىقىدا ئولتۇرۇپ بىللۇر قەدەھنى ستالىننىڭ لېۋىگە تەگكۈزۈپ تۇرۇپ، ئۇيغۇرىستاننى (شىنجاڭنى) جۇڭگوغا قوشۇپ بەرگىنىڭىزگە رەھمەت دېگەندىمۇ «شىنجاڭ تارىخى» توغرىسىدا سۆزلىمىگەن ئىدى. 1945 ـ يىلى جياڭ جېشىنىڭ ئوغلى جياڭ جىڭگو موسكۋاغا بېرىپ ستالىننىڭ قولىدىن «شىنجاڭ» دېگەن بۇ زېمىننى تاپشۇرۇپ ئالغاندىمۇ، «شىنجاڭ تارىخى» توغرىسىدا سۆزلىمىگەن ئىدى؛ ماۋ زېدۇڭ ستالىن بىلەن بىرلىشىپ، 1949 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى ئۇيغۇرنىڭ دۆلەت قۇرغۇچى داھىيلىرىنى ئايروپىلان ۋەقەسىگە باھانىداپ ئۆلتۈرگەن چاغدىمۇ «شىنجاڭ تارىخى» توغرىسىدا سۆزلىمىگەن ئىدى. ئەجەبا بۈگۈن جانابلىرىنىڭ ــ جياڭ زېمىن ئەپەندىنىڭ «شىنجاڭ تارىخى» توغرىسىدا رىۋايەت سۆزلىشى زۆرۈر بولۇپ قاپتىغۇ؟ ئەپەندى!

ئىلاۋە:

«شىنجاڭ گېزىتى» دە ئارقا ـ ئارقىدىن ئۈچ پارچە ماقالە ئېلان قىلىشتىن بۇرۇن (1998 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى) شۇ كۈننىڭ ئالدى ـ كەينىدە خىتاي تىلىدا نەشىردىن چىققان «دۇنيا گېزىتى» گە قارالسۇن) كۈنى ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ تەكلىپى بويىچە، بېيجىڭدا خىتاي كوممۇنىستلىرى ھۆكۈمىتىنىڭ «تەيۋەن ئىشلىرى خىزمەت

يىغىنى» چاقىرىلغان ئىدى. بۇ يىغىن نامدا «تەيۋەن ئىشلىرى خىزمەت يىغىنى» دەپ ئاتالدى. ئەمەلىيەتتە يىغىندا تەيۋەن مەسىلىسى، «شىنجاڭ» مەسىلىسى، تىبەت مەسىلىسى، شاڭگاڭدا دېموكراتىيە مەسىلىسى بىر ـ بىرلەپ قاراپ چىقىلدى. ھەممە باش ئاغرىتىدىغان سىياسىي مەسىلە سۈپىتىدە قاراپ چىقىلدى. تەيۋەن مەسىلىسى مەنتىقى يوسۇندا (ئۇيغۇرىستان) مەسىلىسىنى سۆرەپ چىقتى. شاڭگاڭ مەسىلىسى مەنتىقى يوسۇندا تىبەت مەسىلىسىنى سۆرەپ چىقتى. بارلىق مەسىلىلەر، مەسىلە سۈپىتىدە ئامېرىكا ـ جۇڭگو ئىككى دۆلەت مۇناسىۋەتلىرىنىڭ مەخپىي تەرەپلىرىنى، شۇنداقلا ئىككى دۆلەت مۇناسىۋەتلىرىنىڭ ئاشكارا تەرەپلىرىنى تەشكىل قىلاتتى. شۇڭا بۇ يىغىن ئامېرىكىغا ماقۇل بولۇشنىڭ شەرتلىرىنى ۋە ئامېرىكىغا تاقابىل تۇرۇشنىڭ شەرتلىرىنى تەييارلايدىغان يىغىن، دەپ قارالغان ئىدى. «شىنجاڭ گېزىتى» دە ئېلان قىلىنغان يۇقىرىقى ئۈچ پارچە ماقالىنىڭ قەپەستىن چىقىرىلىشى، بېيجىڭغا زىيارەتكە كېلىۋاتقان پرېزىدېنت كىلىنتونغا سۆھبەت ئۈستىلىدە تاقابىل تۇرۇشنىڭ ۋاستىسى دەپ قارىلىدىغان بولسا، ئۇ ھالدا خىتاي ھۆكۈمىتى خەلقئارا مۇناسىۋەتلەردە تۇيۇق يولغا كىرىپ قالىدۇ. ئەكسىچە، مۇبادا يۇقىرىقى ئۈچ پارچە ماقالىنىڭ قەپەستىن چىقىرىلىشى پرېزىدېنت كىلىنتون بېيجىڭغا زىيارەتكە كېلىشتىن ئاۋۋال ياكى قايتىپ كەتكەندىن كېيىن ئۇيغۇرىستاندا ۋەزىيەتنى كونترول قىلىش نەزىرىدە ئېلان قىلىنغان ماقالىلەر دېيىلىدىغان بولسا، ئۇ ھالدا بۇنداق دېيىش يوللۇق بولىدۇ.

«تەيۋەن مەركىزى ئاگېنتلىقى»نىڭ 1998 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى بېيجىڭدىن تارقاتقان خەۋىرىگە ئاساسلانغاندا: «شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان ۋاڭ لېچۈەن (سەندۇڭلۇق كۆچمەن) بېيجىڭدا

مەخپىي سۆھبەت بايان قىلغان». ئۇ سۆھبەتتە كۆنسايىن كۈچىيىۋاتقان ئۇيغۇرىستان مۇستەقىللىقى ھەرىكىتى 1990 ـ يىللاردىن باشلاپ تېخىمۇ گەۋدىلىك بولۇۋاتقانلىقىنى، ئۇيغۇر مىللەتچىلىرى بىلەن ئۇيغۇر بۆلگۈنچىلەرنىڭ مەكتەپلەردە ئىدېئولوگىيىلىك تەشۋىقات ئېلىپ بېرىشتىن ئەمدى جەمئىيەتتە زوراۋانلىقىقا يۈزلەنگەنلىكىنى ئېتىراپ قىلغان. ۋاڭ لېچۈەن: «خىزمىتىمىزدە بىر تەرەپلىمىتىن ساقلىنالمىدۇق، شۇڭا، شىنجاڭدا مىللىي مەسىلە ئوتتۇرىغا چىقتى. يەنە بىر تەرەپتىن كۆچۈپ كەلگەن خەنزۇ كادىرلارنىڭ يەنە قايتىپ ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە كۆچۈپ كېتىشىمۇ يەنە بىر سەۋەب دەپ كۆرسەتكەندىن كېيىن، شىنجاڭدا يەنە شۇنداق مىللىي كۆتۈرۈلۈش بولسا، بىز كەسكىن ھەرىكەت قوللىنىمىز» دېگەن.

ۋاڭ لېچۈەن 4 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلگەن «تەيۋەن ئىشلىرى خىزمەت يىغىنى»غا قاتنىشىشقا تەكلىپ قىلىنغانمۇ ياكى يىغىن ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، بېيجىڭ بۇ يەرلىك خاقاننى بېيجىڭغا كېلىپ مەخپىي دوكلات بېرىشكە ئۇيۇشتۇرغانمۇ؟ مەسىلىنىڭ بۇ تەرىپىي بىزگە قاراڭغۇ. ئەمما، «تەيۋەن ئىشلىرى خىزمەت يىغىنى» بىلەن ۋاڭ لېچۈەننىڭ دوكلاتى سىياسەت ساھەسىدە ئىككى ھادىسە، بەلكى ئەسلى بىر ھادىسە ھېسابلانسا كېرەك.

## تىبەت

1998 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى

1997 ـ يىلى 10 ـ ئايدا ۋاشىنگتوندا پرېزىدېنت كلىنتون بىلەن جياڭ زېمىننىڭ ئۇچرىششى ۋە ئىككى دۆلەت سۆھبىتى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، شۇ يىلى دېكابىرنىڭ 22 ـ كۈنى خەلقئارا قانۇن كومىتېتى تىبەتتە ئومۇمى خەلق بىلەت تاشلاش ئارقىلىق ئۆز تەقدىرىنى ئۆزلىرى ھەل قىلىش توغرىسىدا تەكلىپ بەرگەن.

خەلقئارا قانۇن كومىتېتى 22 ـ دېكابىر خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ تىبەتتە باستۇرۇشنى كۈچەيتكەنلىكىنى ئەيىبلەپ، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ نازارىتى ئاستىدا، تىبەتتە ئومۇمى خەلق بىلەت تاشلاش ئارقىلىق ئۆز تەقدىرىنى ئۆزلىرى بەلگىلەشكە خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ قوشۇلۇشىنى تەلەپ قىلدى. خەلقئارا قانۇن كومىتېتى بۈگۈن ئېلان قىلغان 365 بەتلىك دوكلاتىدا ۋە بۇ دوكلاتىنىڭ تىبەت، كىشىلىك ھوقۇق ۋە قانۇن بىلەن باشقۇرۇش قىسمىدا: «1950 ـ يىلى كوممۇنىست ئارمىيىسى تىبەتكە كىرگەندىن كېيىن تىبەتلەر، چەت ئەللىكلەر كېلىپ باشقۇرىدىغان مىللەتكە ئايلىنىپ قالدى» دېيىلگەن. شتابى جەنۋە شەھىرىگە جايلاشقان، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن، ئوخشاش بولمىغان ئەدلىيە تارماقلىرىدىن يىتىپ كەلگەن قانۇنشۇناسلاردىن تەشكىللەنگەن بۇ كومىتېت: «خەلقئارا قانۇنغا ئاساسلانغاندا تىبەت ئۆزىنىڭ سىياسىي ئورنىنى ئەركىن بەلگىلەشكە ھوقۇقلۇق» دەپ كۆرسەتتى.

## دۇنيا

1998 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى

20 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا دۇنيادا ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى. شىددەتلىك، شۇنداقلا كەڭ دائىرىلىك، ھازىرغىچە داۋاملىشىۋاتقان، دۇنياۋى مەدەنىيەت ئۆزگىرىشىنىڭ كەسكىن جەريانى، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا سودا ـ تىجارەت، مەرىپەت ۋە مەدەنىيەت، مائارىپ ۋە پەن ـ تېخنىكا ساھەلىرىدە ئىپادىسىنى تاپتى.

تارىختا غەرب مەدەنىيىتىگە ئوخشاش ھەرقانداق بىر مەدەنىيەت دۇنيا مىقياسىدا ئومۇملىشىش، ئۆزىنىڭ قىممەتلىك نەتىجىلىرىنى تەنتەنە قىلىش ۋە ئارقا كۆرۈنۈشى مۇستەھكەم بولغان مەنىۋى قۇرۇلمىسى ئارقىلىق باشقا تىپلىق مەدەنىيەتلەرگە تەسىر كۆرسىتىش جەھەتتە بۇ دەرىجىگە، بۇنداق مەنىۋى ئېقىم بولۇش دەرىجىسىگە يېتەلمىگەن ئىدى. ئاۋۋالقى ياۋروپالىقلار ۋە كېيىنكى ياۋروپالىقلارنىڭ ئەۋلادى، پارچىلانمايدىغان، بىر ـ بىرىگە تايىنىپ، بىر ـ بىرىگە يول قويۇپ ياشايدىغان بىر دۇنيانى يارىتىشتا ھەرقايسى ساھەلەر بويىچە ھەرقايسى دۆلەتلەرگە باشلامچى بولدى. بۇ دۇنيادا ھازىرقى زامان كىشىلىرى ياشماقتا ۋە كەلگۈسى ئەۋلادلارمۇ ئۆزلىرى ياراتقان مۇشۇنداق بىر دۇنيادا ياشايدۇ، ئەلۋەتتە.

دۇنيانىڭ ھەرقايسى بۇرجەكلىرىگىچە غەرب مەدەنىيىتىنىڭ غەربلىكلەرگە خاس دۇنيا قاراش خاسلىقى، تۇرمۇش ۋە كىشىلىك قىممەت قاراشلىرىنىڭ سىڭىپ كىرىشى تەسىر پەيدا قىلىش ئارقىلىق ئۆلگە ياراتتى. غەرب مەدەنىيىتى دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا پارچىلىنىپ كەتكەن يېزا ـ قىشلاق دۇنياسىنى، تەشكىلسىز، مەدەنىيەتسىز سىياسىي

گۇرۇھلارنى، بىر قىسىم مىللىي دۆلەتلەرنى سىڭدىپ كىرىدىش ئارقىلىق قۇرۇلما خاراكتېرلىك تەشكىللىنىشكە ئېلىپ كەلدى. ئۇلارنى تەشكىللىنىپلا ياكى ئورنىدىن دەست تۇرۇپلا بىر ـ بىرى بىلەن ئۆزئارا تالاش ـ تارتىش قىلالايدىغان يەرشارى خاراكتېرلىك جەمئىيەت ھالىتىگە ئايلاندۇردى. بەزى دۆلەتلەر زامانىۋىلىشىش نامىدا دۆلەت ۋە جەمئىيەتنى تەرتىپكە سېلىپ، دۆلەت دائىرىسىدە غەرب مەدەنىيىتىنى ئۆگىنىشكە, دۆلەت ئىچىدە غەربچە ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي تۈزۈمنى تەشكىللەشكە كىرىشىپ كەتتى. دەرىجىدىن تاشقىرى چوڭ دۆلەتلەرنىڭ يەر شارى خاراكتېرلىك سىياسىي تالاش ـ تارتىشلىرىنىڭ تەسىرى ئاستىدا بەزى چوڭ ـ كىچىك دۆلەتلەر ۋە مىللەتلەر غەربنى تاللاش ئوبيېكتىغا ۋە غەربنى ئۆگىنىش ئۇستازىغا ئايلاندۇردى. مۇشۇ جەريان باشلانغان كۈندىن باشلاپ ياكى 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى ئاخىرلاشقۇچە يەر شارىدا مۇستەملىكە سىستېمىسى بىتچىت بولۇشنىڭ، بەلكى ھايال ئۆتمەي يىمىرىلىشىنىڭ دەۋرىگە كىرىپ قالدى.

ئۇرۇشتىن كېيىن مۇستەملىكىچى دۆلەتلەرنىڭ دۆلەت ئەھۋالى، دۆلەت كۈچى ئاجىزلىشىشقا قاراپ يۈزلەنگەندە، مىللەتچىلىك ھەرىكەتلىرىنىڭ جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىشى، مۇستەملىكە ئەللەردە قۇراللىق تەشكىلاتلارنىڭ مىللىي ئازادلىق ئەقىدىلىرىگە سادىق بولۇشى، مىللىي مەدەنىيەت ۋە سىياسىي مەدەنىيەت روھىنىڭ دۇنياۋى كۈچ بولۇپ كۆتۈرۈلۈشى سىياسىي مۇستەقىللىق ئارزۇلىرىنىڭ يالقۇنىنى تۇتاشتۇرغان ئىدى. ئەركىنلىك، مىللەتلەرنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزلىرى بەلگىلىشى، مۇستەملىكە ئەللەردە مۇستەملىكىچىلەرگە قارشى ئۇرۇش شۇ دەۋرنىڭ مۇقەددەس شوئارىغا ئايلانغان ئىدى.

1946 ـ يىلى ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى فىلىپپىننىڭ مۇستەقىل بولۇشىغا يول قويغاندىن كېيىن، يەر شارى بويىچە شىددەتلىك ئەۋج ئالغان مۇستەملىكىدىن خالىي دۇنيا قۇرۇش ھەرىكىتى باشلاندى، 1947 ـ يىلى ھىندىستان ۋە پاكىستان مۇستەقىللىق جاكارلىدى. 1949 ـ يىلى گوللاندىيىنىڭ مۇستەملىكىسى ھىندونېزىيە، ياپونىيىنىڭ مۇستەملىكىسى جۇڭگو مۇستەقىللىق جاكارلىدى. 1954 ـ يىلى لائوس، كامبودژا، شىمالى ۋيېتنام مۇستەقىللىق جاكارلىدى. 1956 ـ يىلى شىمالى ئافرىقىدا ماراكەش ۋە تۇنىس قاتارلىق دۆلەتلەر مۇستەقىللىق جاكارلىدى. 1957 ـ يىلى گانا مۇستەقىللىق جاكارلاپ، پۈتۈن دۇنيادا قارا تەنلىكلەرنى خۇشال قىلدى. گانا مۇستەقىللىق جاكارلىغان شۇ دەقىقىلەردە خۇشاللىقتىن ھېسسىياتىنى تىزگىنلىيەلمىگەن گانالىق ئاياللار مۇستەقىللىقنى تەبرىكلەش مەيدانىدا چالا تۇغۇۋەتكەن ئىدى ياكى بويىدىن ئاجراپ كېتىشكەن ئىدى. 1959 ـ يىلى كۇبا مۇستەقىللىق جاكارلىدى، ئۇنىڭدىن كېيىن ئەنگلىيە، فرانسىيە تىزگىنلىگەن ئافرىقىدا مۇستەملىكە ئەللەردە مۇستەملىكە سىستېمىسى يىمىرىلدى. 1960 ـ يىلى بېلگىيىلىكلەر زايىردىن چېكىنىپ چىقتى. 1962 ـ يىلى ئالجىرىيىلىكلەر قوراللىق كۆرەش ئارقىلىق فرانسۇزلارنى ۋەتىنىدىن قوغلاپ چىقىرىپ مۇستەقىللىق جاكارلىدى. 1962 ـ يىلى ئۇيغۇرىستاننىڭ ئىلى ئۆلكىسىدە ئۇيغۇرلار زور كۆلەملىك نامايىش تەشكىللەپ مۇستەقىللىق تەلەپ قىلدى. نامايىش خىتاي مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ قوراللىق باستۇرۇشىغا ئۇچرىغاندىن كېيىن 100 مىڭدىن ئارتۇق قوزغىلاڭچىلار سابىق سوۋېتلەرگە قېچىپ چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى. 1970 ـ يىللارغا كەلگەندە ئاۋۋال مۇستەقىل بولغان مىسىر، سەئۇدى ئەرەبلىرىگە ئەگىشىپ

باشقا ئەرەب دۆلەتلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن دۇنياغا كەلدى. قىسقىسى 20 ـ ئەسىرنىڭ 70 ـ يىللىرىغا كەلگەنـدە غەرب دۆلەتلـىرى ئـۆزلىرىگە خـاس مەردلىـك (ختايغـا سىلىشـتۇرغاندا) بـىلەن ئـۆزلىرى بەرپـا قىلغـان مۇسـتەملىكىچىلىك سىستېمىسـىنىڭ يىمىرىلگەنلىكىنـى جاكارلـىدى. شـۇنىڭدىن كېيىن 1980 ـ يىلـى رودىـزىيە مۇسـتەقىللىق جاكـارلاپ ئافرىقىدا زىمبا بۋۋى دۆلىتى بولۇپ قۇرۇلدى. ختاي مۇستەملىكىچىلىرى: دۇنيـادا مۇسـتەملىكە سىستېمىسـى بىتچىـت بولـدى، مۇسـتەملىكىچىلىك ئاخىرلاشتى، دەپ ھۆكۈم قىلىپ ئۆزىنى ـ ئـۆزى خـوش قىلـدى. ختـاي مۇسـتەملىكىچىلىرىنىڭ خۇشـال بولۇشـى ئاخىرلاشماي تـۇرۇپلا، 1985 ـ يىللاردا كوممۇنىزم سىستېمىسىغا مۇناسىۋەتلىك ئىمپېرىيە مۇستەملىكىچى كىرىمىل ئىمپېرىيىسى تەۋرىنىشكە، شەرقىي ياۋروپا تەۋرىنىشكە، 1991 ـ يىلىدىن باشلاپ كوممۇنىزم ئىمپېرىيىسى شـەرمەندىلەرچە، توسۇۋالغۇسىز دەرىجىدە يىمىرىلىشكە باشلىدى. بالتىق دېڭىزى بويىـدىكى مىللەتـلەر ۋە ئوتتـۇرا ئاسـىيادىكى مىللەتـلەر بولـۇپ، جەمئىـي 15 دۆلەت مۇسـتەقىللىق جاكارلـىدى. پرېزىـدېنت كىلىنتـۇن دەۋرىـگە كەلگەنـدە بالقـان يېـرىم ئارىلىـدىكى ماكېـدونىيە، بوسـنىيە، كـرودىيە قاتـارلىق دۆلەتـلەر ئارقـا ـ ئارقىدىن مۇستەقىللىق جاكارلىغانـدىن كېيىن، 1997 ـ يىلـى شاڭگاڭ ئالاھىدە مەمۇرى رايون نامىدا مۇستەقىل بىر ئـۆلكىگە ئايلانـدى. 1998 ـ يىلىدىن باشلاپ بالقان يېرىم ئارىلىدا كوسوۋا، ئاسـيا ـ تىـنچ ئوكيـان رايونىـدا شـەرقىي تېمـۇر مۇسـتەقىل بولۇشـنىڭ شـەرتلىرىنى ھازىرلاشـقا كىرىشـتى. 1997 ـ يىلـى 2 ـ ئايـدا ئۇيغـۇرلار مۇسـتەقىل بولۇشـنىڭ بـايرىقىنى كۆتـۈرۈپ ئوتتۇرىغـا چىققانـدا ختاينىـڭ يەنە بىـر قېـتىم باستۇرۇشـىغا دۇچ كەلـدى. ختاينىـڭ ئۇيغـۇرلارنى باستۇرۇشـىغا قارشـى

ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى ھۆكۈمىتى ۋە بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى بايانات ئېلان قىلىپ ئىپادە بىلدۈردى.

غەرب مەدەنىيىتى ئىچكى قىسمىدا ئۆزگىرىش ياساپ ئۆزلىرى بەرپا قىلغان مۇستەملىكىچىلىك سىستېمىسىنى بەربات قىلىپ، يەر شارىنىڭ ئەسلى قىياپىتىنى ئەسلىگە كەلتۈردى. بىراق يالتا سىستېمىسى 1989 ـ يىلى ئىككى بېرلىن بىرلەشكەندىن كېيىن ئۈزۈل ـ كېسىل يىمىرىلدى دەپ جاكارلانغان بولسىمۇ، تېخى ئۈزۈل ـ كېسىل يىمىرىلمىگەن ئىدى. پەقەت يالتا سىستېمىسىنىڭ ياۋروپا ئىستراتېگىيىسى يىمىرىلگەن ئىدى. يالتا سىستېمىسىنىڭ يىراق شەرق ئىستراتېگىيىسى تېخى يىمىرىلمىگەن ئىدى. مانجۇرىيە مەسىلىسى، ئۇيغۇرىستان مەسىلىسى يىراق شەرق ئىستراتېگىيىسىنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى ئىدى.

# مىللەتلەر

1998 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى

مىللەتلەرنىڭ «ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش» نەزەرىيىسىنىڭ كېلىش مەنبەئى نېمە؟ مىللەتلەرنىڭ «ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش» نەزەرىيىسىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى ناھايىتى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە. بۇ نەزەرىيىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىش تارىخىنى ۋە بۇ نەزەرىيىنىڭ خەلقئارا ئەھمىيىتىنى ئىزدەشكە توغرا كەلسە، ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىدە ياۋروپادا مىللىي دۆلەتلەر قۇرۇلۇشقا باشلىغاندا ئومۇمى كەيپىياتقا ئايلانغان مىللەتچىلىك ۋە مىللەتچىلىككە مەنبە بولغان شۇ دەۋرنىڭ رېئاللىقىدىن ئىزدەشكە توغرا كېلىدۇ. «ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش» نەزەرىيىسى ئوتتۇرىغا چىقىش بىلەنلا ياۋروپادا مىللىي ھەرىكەتلەرنىڭ يېتەكچى نەزەرىيىسىگە ئايلانغان ئىدى.

«مىللەتلەرنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش» نەزەرىيىسىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى فرانسىيە بۇرژۇئا ئىنقىلابى دەۋرىدە يۈز بەرگەن ئىش بولۇپ، بۇرژۇئازىيىنىڭ فېئودالىزمغا قارشى كۆرەشلىرى مىللىي ئازادلىق ھەرىكەتلىرى بىلەن چەمبەرچاس باغلىنىپ كەتكەن. تاۋار ئىشلەپچىقارغۇچى جەمئىيەت قۇرۇش، ئىچكى بازارنى ئىگىلەش، تارتىۋېلىش جەريانىدا ئورتاق مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە تايىنىش بۇرژۇئازىيىگە ئىنتايىن زۆرۈر بولۇپ قالغان ئىدى. شۇڭا، ئورتاق تىلدا سۆزلىشىدىغان كىشىلەر ئولتۇراقلاشقان تېررىتورىيىلەردە، ماكانلاردا، رايونلاردا مىللىي دۆلەت قۇرۇش، مىللىي بۇرژۇئازىيىنىڭ تارىخىي ۋەزىپىسى بولۇپ قالغان ئىدى. ھازىرقى زامان كاپىتالىزمنىڭ مەنپەئەت تەلەپلىرىنى قاندۇرالايدىغان مىللىي دۆلەت قۇرۇش شۇ چاغدا بارلىق

مىللىي ھەرىكەتلەرنىڭ ئورتاق خاھىشى ۋە يېتەكچى ئىدىيىسى بولۇپ قالغان.

بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن ئاۋۋال «مىللەتلەرنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش» پرىنسىپى، ياۋروپا دائىرىسىدە بولۇپمۇ شەرقىي ياۋروپادا مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ مۇھىم پرىنسىپى بولۇپ قالدى. ئاتالمىش پرولېتارىيات ئىنقىلابى دەۋرىدە لېنىن پرولېتارىيات سىنىپىنىڭ مىللىي مەسىلە توغرىسىدا ئاتالمىش پروگراممىسىنى تۈزۈپ چىقىپ «مىللەتلەرنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش» نەزەرىيىسىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش نامىدا، 1917 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى مۇستەبىت چار رۇسىيىنىڭ زۇلۇمىغا ئۇچرىغان رۇسىيە تەۋەلىكىدىكى بارلىق مىللەتلەرگە «ئەركىنلىك بېرىش»، «ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش» ھوقۇقى بېرىش، ئېزىلگەن مىللەتلەر بۆلۈنۈپ چىقىپ دۆلەت قۇرۇشنى خالىسا، ئۇلارغا «دۆلەت قۇرۇش ھوقۇقى بېرىش» پرىنسىپىنى جاكارلىغان لېنىننىڭ «ھوقۇق بېرىش»، «دۆلەت قۇرۇشنى خالىسا دۆلەت قۇرۇش ھوقۇقى بېرىش» دېيىدىغان «پرىنسىپ» بويىچە بەرگەن ۋەدىلىرى، ئەمەلىيەتكە تەتبىقلانمىغانلىقتىن، سىياسىي رەڭۋازلىق ئەمەلىيەتتە رۇسىيە تەۋەلىكىدە ياشاۋاتقان رۇس بولمىغان باشقا مىللەتلەرنى باشقا شەكىلدە مۇستەملىكە قىلىشنىڭ پروگراممىسى ۋە نەزەرىيىسى بولۇپ قالدى.

لېنىن سىياسىي رەڭۋازلىقىنىڭ تامام ئەكسىچە 1919 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىنىڭ پرېزىدېنتى ۋىلسون، ئامېرىكىنىڭ دۆلەت پارلامېنتىدا (14) ماددىلىق سىياسىي پروگراما ئېلان قىلىپ «مىللەتلەرنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش» پرىنسىپلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. پرېزىدېنت ۋىلسون «ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش»

پرىنسىپلىرىغا ئەمەل قىلىپ، ئۇرۇشتىن كېيىن شەرقىي ياۋروپادا مىللىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنىڭ تەدبىرلىرىنى تۈزۈپ چىقىشنى تەشەببۇس قىلدى.

1919 ـ يىلى 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدا غەلىبە قىلغۇچى دۆلەتلەر گۇرۇھى، مەغلۇپ بولغان دۆلەت گېرمانىيە ۋە گېرمانىيىنىڭ ئىتتىپاقداشلىرى بىلەن تىنچلىق شەرتنامىسى ئىمزالىغاندا چېخسلوۋاكىيە، ۋېنگرىيە، ئاۋستىرىيە ۋە يۇگوسلاۋىيىنىڭ سىياسىي مۇستەقىللىقىنى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ئېتىراپ قىلىشنى قارار قىلدى ۋە قارارغا بىنائەن شۇ دۆلەتلەرنىڭ مۇستەقىللىقى ئېتىراپ قىلىندى.

«ۋىلسۇن خىتابنامىسى» (خىتايچە نەشرىنى ئىزدەپ تاپالمىدىم) ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن مىللەتلەرنىڭ «ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش پرىنسىپى» مىللىي ئازادلىق ھەرىكەتلەرنىڭ جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىشىغا تۈرتكە، يېتەكچى نەزەرىيە بولۇپ قالدى. «ۋىلسۇن خىتابنامىسى» مىللىي مەسىلىنىڭ دائىرىسىنى كېڭەيتتى. مەسىلەن: «ئوچۇق دىپلوماتىيە»، «دېڭىز ـ ئوكيانلاردا ئەقلىيە ئەركىنلىكى»، «سودا ـ تىجارەت ئەركىنلىكى»، «ئەسكەر قىسقارتىش»، «مىللەتلەر ئۆز تەقدىرىنى ئۆزلىرى بەلگىلەش»، «خەلقئارا بىخەتەرلىك ئورگانلىرى» قاتارلىقلارنى مەزمۇن قىلغان «ۋىلسۇن خىتابنامىسى» مىللىي مەسىلىنى ياۋروپادىن ۋە ياۋروپادا مىللىي زۇلۇمغا قارشى چەكلىك بىر مەسىلىدىن تەرەققىي قىلدۇرۇپ، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ھەرقايسى ئېزىلگەن مىللەتلەر ۋە مۇستەملىكە ئەللەر خەلقلىرىنىڭ مىللىي زۇلۇمغا، يات مىللەتلەرنىڭ مىللىي ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى مىللىي ئازادلىق ھەرىكەتلەرنىڭ نەزەرىيىسىگە ۋە شوئارىغا ئايلاندى.

ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن «مىللەتلەرنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزلىرى بەلگىلەش» پرىنسىپى ئومۇميۈزلۈك ئېتىراپ قىلىشقا ئېرىشتى. خەلقئارا قانۇنلاردا بىر تۈرلۈك نېگىزلىك پرىنسىپ بولۇشقا قاراپ تەرەققىي قىلدى. «بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى نىزامنامىسى»نىڭ 1 ـ ماددىسىنىڭ 2 ـ تارمىقىدا: «دۆلەتلەر ئارا خەلقلەرنىڭ باراۋەرلىك هوقۇقىنى ئېتىراپ قىلىش ھەمدە ئۆز تەقدىرىنى ئۆزلىرى بەلگىلەش پرىنسىپىنى ئاساس قىلغان، باراۋەرلىك، دوستلۇق مۇناسىۋەتلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، مۇۋاپىق چارىلەرنى ئىشلىتىپ ئومۇميۈزلۈك تىنچلىقنى ئىشقا ئاشۇرۇش» دەپ بەلگىلەندى.

بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ ئومۇمىي يىغىنى بىر قاتار خىتابنامە، قانۇن ۋە قارارلارنى ماقۇللاپ، «مىللەتلەرنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزلىرى بەلگىلەش» پرىنسىپىنى قايتا ـ قايتا تەكىتلىدى ۋە شەرھلىدى. 1952 ـ يىلى 7 ـ نۆۋەتلىك بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ ئومۇمىي يىغىنى ماقۇللىغان «خەلقلەر ۋە مىللەتلەرنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزلىرى بەلگىلەش توغرىسىدىكى قارارى»دا: «خەلقلەر ۋە مىللەتلەر ئۆز تەقدىرىنى ئۆزلىرى بەلگىلىگەندىلا ئاندىن نېگىزلىك كىشىلىك هوقۇقتىن تولۇق بەھرىمەن بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرالايدۇ» دەپ بەلگىلەندى. 1960 ـ يىلى 15 ـ نۆۋەتلىك بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ ئومۇمىي يىغىنىدا ماقۇللانغان «مۇستەملىكە ئەللەر ۋە خەلقلەرگە مۇستەقىللىق بېرىش خىتابنامىسى»دا: «بارلىق شەكىللىك ۋە ئىپادىلىك مۇستەملىكىچىلىكنى دەرھال، شەرتسىز ئاخىرلاشتۇرۇش كېرەك؛ بارلىق خەلقلەرنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزلىرى بەلگىلەش هوقۇقى بار؛ بۇ هوقۇققا ئاساسلىنىپ ئۇلار ئۆزىنىڭ سىياسىي ئورنىنى ئىختىيارى

بەلگىلەيدۇ؛ ئۆزلىرىنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيىتىنى، جەمئىيىتىنى ئىختىيارى تەرەققىي قىلدۇرىدۇ» دەپ بەلگىلەندى. 1970 ـ يىلى ماقۇللانغان «خەلقئارا قانۇن پرىنسىپلىرى خىتابنامىسى»نىڭ «ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىك ھوقۇقلىرىدىن، ئۆز تەقدىرىنى ئۆزلىرى بەلگىلەش ھوقۇقلىرىدىن بەھرىمەن بولۇش پرىنسىپلىرى» دېگەن قىسمىنىڭ «b» تارمىقىدا: «بىر مىللەتنىڭ مۇستەقىل ئىگىلىك ھوقۇقلۇق دۆلەت قۇرۇشنى ئىختىيارى تاللىشى، بەلگىلىشى، ياكى ھەرقانداق بىر مۇستەقىل دۆلەت بىلەن قوشۇلۇپ كېتىشنى ئىختىيارى تاللىشى، بەلگىلىشى، سىياسىي ئورنىنى ھەرقانداق ئۇسۇلدا بەلگىلىشى شۇ مىللەتنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشىنىڭ ئۇسۇلىغا مەنسۇپتۇر» دەپ بەلگىلەندى.

1966 ـ يىلى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ ئومۇمى يىغىنىدا ماقۇللانغان «ئىقتىساد، جەمئىيەت، مەدەنىيەت ھوقۇقى خەلقئارا ئەھدىنامىسى» ۋە «پۇقرالار ھوقۇقى ۋە سىياسىي ھوقۇق خەلقئارا ئەھدىنامىسى» قاتارلىق قانۇنلارنىڭ 1 ـ ماددىسىدا ئوخشاشلا: «بارلىق خەلقلەرنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزلىرى بەلگىلەش ھوقۇقى بار» دەپ بەلگىلەندى. (بۇ قانۇننىڭ 1 ـ سىگە خىتاي ھۆكۈمىتى بۇ يىل 3 ـ ئايدا ئىمزا قويدى. كېيىن ھەر ئىككىسىگە ئىمزا قويدى) بۇ قانۇنلاردا يەنە مۇستەملىكە مىللەتلەر مۇشۇ ھوقۇقلارغا ئاساسەن ئۆزىنىڭ سىياسىي ئورنىنى ئىختىيارى بەلگىلەش، ئىقتىساد، جەمئىيەت، مەدەنىيەت تەرەققىياتىغا ئىختىيارى ئىزدىنىش ھوقۇقلىرىمۇ بەلگىلەندى. بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى كىشىلىك ھوقۇق كومىتېتىنىڭ مەخسۇس دوكلاتى (H. G E S P: ell) دا، «مىللەتلەرنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزلىرى بەلگىلىشى

خەلقئارا قانۇنلاردا پرىنسىپ بولۇش بىلەن بىرگە، ئوخشاشلا خەلقئارا قانۇنلاردا بىر خىل ھوقۇق بولماسلىقنى كۆرسىتىپ بېرەلمەيدۇ» دەپ كۆرسىتىلدى.

«مۇستەملىكە ئەللەر ۋە خەلقلەرگە مۇستەقىللىق بېرىش خىتابنامىسى» ھەمدە «خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق ئەھدىنامىسى» قاتارلىق نىزاملار بۈگۈن خەلقئارا قانۇن ئورنىدا، خەلقئارا جەمئىيەت تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنغان ئىكەن دېمەك، «مىللەتلەرنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزلىرى بەلگىلىشى، مۇستەملىكىچىلىك ۋە يات مىللەتلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا ياشاۋاتقان مىللەتلەرنىڭ ھوقۇقلىرىنى قايتۇرۇپ ئېلىش تەلەپلىرىگە ئاساس سالدى» دېگەن سۆز.

## پرېزىدېنت كىلىنتوْن

1998 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 25 ـ كوْنى

«دوُنيا گېزىتى» بوْگوْن «پرېزىدېنت كىلىنتوْن بېيجىڭدا قايىسى مەسىلىلەر بويىچە سوْھبەتلەشمەكچى» ماۋزوُلوُق خەۋەر ئېلان قىلدى.

ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىنىڭ پرېزىدېنتى كىلىنتوْن 24 ـ كوْنى ۋاشىنگتوندىن بېيجىڭغا يوْروْپ كەتتى ۋە جوُڭگوغا ئوروُنلاشتوُرغان توققوُز كوْنلوْك زىيارىتىنى باشلىۋەتتى. شوُ ھەپتىنىڭ 6 ـ كوْنى خىتاينىڭ رەھبىرى جياڭ زېمىن بىلەن پرېزىدېنت كىلىنتوْن يوُقىرى دەرىجىلىكلەر سوْھبەت ئوْتكوْزمەكچى بولدى. نوُرغوُنلىغان مەسىلىلەر، ماۋزوُلار بويىچە ئىككى دوْلەت رەھبەرلىرى پىكىر ئالماشتوُرماقچى بولدى. ئامېرىكا خەلقى كوْڭوْل بوْلوْۋاتقان بوُ قېتىمقى زىيارەتتە پرېزىدېنت كىلىنتوْن، ئامېرىكىنىڭ دوْلەت مەنپەئەتىگە موُناسىۋەتلىك قايىسى مەسىلىلەرنى رەئىس جياڭ زېمىنىنىڭ ئالدىغا قويماقچى بولدى؟ ئامېرىكا ھوْكوْمىتى يەنە جوُڭگو تەرەپنىڭ قانداق ۋەدىلىرىگە ئېرىششىنى ئويلايدوُ؟

ئوُزوْن يىللاردىن بېرى ئىقتىساد، جوُڭگو ئىگىلىك ھوقوُق يوْرگوْزىدىغان تېررىتورىيىنىڭ دائىرىسى زادى قەيەردىن ـ قەيەرگىچە؟ دوْلەت بىخەتەرلىكى، كىشىلىك ھوقوُق ۋە سىياسەت قاتارلىق بەش ساھە بويىچە، ئاز دېگەندە كوْن تەرتىپكە قويوُلغان 21 توْرلوْك ماۋزوُ ۋە مەسىلىلەر بويىچە ئىككى دوْلەت ئوتتوُرىسىدا ئىختىلاپ، بەلكى ئېغىر ئىختىلاپ ساقلىنىپ كەلگەن ئىدى. پرېزىدېنت كىلىنتوْننىڭ جوُڭگو تەرەپتىن ئېرىشمەكچى بولغىنى ــ شوْبھىسىزكى، ئامېرىكا مەنپەئەتىنى ئاساس قىلغان ئاساستا، كوْن تەرتىپكە قويوُلغان مەسىلىلەر بويىچە

ساقلانغان مەسىلىلەرگە باغلىق ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى ئىختىلاپنىڭ مۇساپىسى ۋە ئارىلىقنى قىسقارتىشتىن ئىبارەت ئىدى.

كۆن تەرتىپكە قويۇلغان ئىقتىساد مەسىلىسى

1. جۇڭگوغا سودىدا ئېتىبار بېرىش مەسىلىسى. 1990 ـ يىللاردىن باشلاپ، جۇڭگوغا سودىدا ئېتىبار بېرىش سىياسىتى مەسىلىسى هەر يىلى ئامېرىكا كونگرېسىدە جىددىي مۇهاكىمە قىلىنىدىغان مەسىلە بولۇپ قالغان ئىدى، مۇهاكىمىنىڭ ئېغىر نۇقتىسى جۇڭگوغا سودىدا ئېتىبار بېرىش سىياسىتىنى تەقدىم قىلغاندا قوشۇمچە شەرت قويىمىزمۇ ياكى قويمايمىزمۇ؟ ياكى سودىدا ئېتىبار بېرىش سىياسىتىنى ئىنكار قىلىمىزمۇ؟ دېگەن مەسىلە ئىدى. پرېزىدېنت كىلىنتون مۇشۇ يىل 3 ـ ئايدا جۇڭگوغا سودىدا ئېتىبار بېرىش سىياسىتىنى يەنە بىر ئۇزارتىش تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويغاندا، بۇ تەكلىپنى قوبۇل قىلىش ياكى رەت قىلىش ئۈچۈن قانۇن بويىچە ئامېرىكا كونگرېسىگە 90 كۈنلۈك مۆهلەت بېرىلگەن.

2. ئىككى تەرەپ سودىدا تەتۈر بالانس مەسىلىسى. تېز تەرەققىي قىلىۋاتقان جۇڭگو ئىقتىسادى ئېكسپورتىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قوياتتى. جۇڭگو ـ ئامېرىكا سودىسىدا تەتۈر بالانس ئامېرىكىنىڭ سىياسىتىدە مۇهاكىمە قىلىنىدىغان ئاساسلىق نۇقتىلارنىڭ بىرى بولۇپ كەلگەن. 1987 ـ يىلى 2 مىليارد 800 مىليون ھېسابلانغان تەتۈر بالانس 1997 ـ يىلىغا كەلگەندە 5 مىلياردقا كۆپەيدى. بۇ ئەھۋال ياپونىيەدىن قالسىلا جۇڭگونى ئىككىنچى دەرىجىلىك تەتۈر بالانس پەيدا قىلغۇچى دۆلەتكە ئايلاندۇرۇپ قويدى.

3. ئەقلىي مۈلۈك هوقۇقى مەسىلىسى. جۇڭگو شىركەتلىرىنىڭ ئامېرىكىنىڭ ئېلېكترونلۇق تەخسىلىرىنى كىنو كاسسېتلىرى ۋە كومپيۇتېرنىڭ يۇمشاق دېتاللىرىنى كۆپەيتىپ بازارغا سېلىپ، ئامېرىكىنىڭ ئەقلىي مۈلۈك هوقۇقىغا تاجاۋۇز قىلىشى كۈنسايىن ئېغىرلاشقانلىقتىن بۇ مەسىلە ئىككى دۆلەتنىڭ سودا ـ تىجارەتكە ئالاقىدار سۆهبەتلىرىدە، چىڭ تۇرۇپ ئېلىشىدىغان قىزىق نۇقتىغا ئايلىنىپ قالدى. ئامېرىكا هۆكۈمىتى جۇڭگو هۆكۈمىتىنىڭ 1995 ـ يىلى ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدا تۈزۈلگەن «ئامېرىكىنىڭ ئەقلىي مۈلۈك هوقۇقىنى قوغداش توغرىسىدا كېلىشىم»گە ئەمەل قىلىشىنى تەلەپ قىلاتتى.

4. ئاسىيادا يۈز بەرگەن پۇل ـ مۇئامىلە كرىزىسى مەسىلىسى. ئاسىيادا پۇل ـ مۇئامىلە ساهەسىدە بوران ـ چاپقۇن كۆتۈرۈلگەندە جۇڭگو هۆكۈمىتى خەلق پۇلىنىڭ كۈرسىنى ساقلاپ قالدى. ئامېرىكا هۆكۈمىتىنىڭ بۇنداق هەرىكەتكە مۇۋاپىق، ئاقىلانە جاۋاب قايتۇرۇشى لازىم بولىدى. لېكىن جۇڭگونىڭ ناهايىتى ئاجىز بانكا سىستېمىسى ئامېرىكىنى ئەندىشىگە سالاتتى. جۇڭگودا بانكا سىستېمىسىدا مەۋجۇد بولۇپ تۇرغان 28% ئەتراپىدىكى ئۈمىدسىز هېسابات (قېتىپ قالغان هېسابات)، مەبلەغ سالغۇچىلارغا جۇڭگو بانكىلىرىنىڭ مەبلەغ سېلىش مۇهىتى يارىتىپ بېرىش ئىقتىدارىنى ئاجىزلاشتۇرۇۋەتكەنلىكتىن، ئەگەر جۇڭگو پۇل ـ مۇئامىلە بوهرانىغا پېتىپ قالىدىغانلا بولسا، ئۇنداقتا بۇ هال يەر شارى خاراكتېرلىك زەربە ئېلىپ كېلەتتى.

5. جۇڭگونىڭ دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا ئەزا بولۇپ كىرىش مەسىلىسى. 1986 ـ يىللاردىن باشلاپ جۇڭگو دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا

ئەزا بولۇپ كىرىشكە ئىزدىنىپ كەلمەكتە. ئىقتىساد ساھەسىدە خېلى دەرىجىدە ئىسلاھات ئېلىپ بارغانلىقنى باھانە قىلىپ كۆرسەتمەكتە. ئۆتكەن يىلى 9 ـ ئايدا جۇڭگو ھۆكۈمىتى تاموژنا بېجىنى 23% تىن 17% گە چۈشۈرۈپ، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلاردا زور دائىرىلىك ئىسلاھات ئېلىپ بارىدىغانلىقنى ئېلان قىلدى. لېكىن ئامېرىكا تەرەپ، جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ تېخىمۇ زور دائىرىدە ئىسلاھات ئېلىپ بارغانلىقنى كۆرگەندىن كېيىن ئاندىن دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا ئەزا دۆلەت بولۇپ كىرەلەيدىغانلىقنى تەكىتلىمەكتە.

6. ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنىڭ بۇلغىنىش مەسىلىسى. جۇڭگو قۇرۇقلۇقىدا سۇ مەنبەلىرىنىڭ بۇلغىنىشى، ئاتموسفېرانىڭ بۇلغىنىشى خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ دىققىتىنى قوزغىماقتا. پۈتۈن دۇنيادا بۇلغىنىشى ئېغىر بولغان شەھەر 10 دەپ ھېسابلىغاندا بۇنىڭ ئىچىدە بەشى جۇڭگونىڭ شەھەرلىرىدۇر. پرېزىدېنت كىلىنتۇن جياڭ زېمىن بىلەن مۇشۇ مەسىلىنى مۇھاكىمە قىلغاندا، ئامېرىكىنىڭ پەن ـ تېخنىكىسىدىن پايدىلىنىپ، جۇڭگودا ئاتموسفېرانىڭ پاكىزلىق دەرىجىسىنى پارنىڭ ئۈنۈمگە ئېلىپ بارغۇچى، چىقىرىش ـ تازىلاشنى ياخشىلاشنى مۇھاكىمە قىلىدۇ، سۆھبەتلىشىدۇ.

جۇڭگو ئىگىلىك ھوقۇق يۈرگۈزىدىغان تېررىتورىيىنىڭ دائىرىسى زادى قەيەردىن قەيەرگىچە دېگەن مەسىلىسى كۈن تەرتىپكە قويۇلغان مەسىلىدۇر.

1. تەيۋەن مەسىلىسى. تەيۋەنگە مۇناسىۋەتلىك ئامېرىكا ـ جۇڭگو ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى تالاش ـ تارتىشلار ھەممە تىبەت قاتارلىق ئاز سانلىق مىللەتلەر ئولتۇراقلاشقان رايونلارغا بېيجىڭنىڭ ھۆكۈمرانلىق

قىلىشىغا ئائىت ئىختىلاپلار، ھازىر ئامېرىكا ـ جۇڭگو ئوتتۇرىسىدا كەسكىن ئىختىلاپ پەيدا قىلىدىغان ئەڭ مۇھىم مەسىلە، ئەڭ مۇھىم ئامىل بولۇپ قالدى. بېيجىڭ تەرەپ: تەيۋەن مەسىلىسىنىڭ ئامېرىكا ـ جۇڭگو ئىككى تەرەپ مۇناسىۋىتىدە ئەڭ سەزگۈر، يادرولۇق مەسىلە ئىكەنلىكىنى قايتا ـ قايتا تەكىتلەپ كەلمەكتە ھەمدە ئامېرىكا تەرەپنىڭ تەيۋەنگە قورال ـ ياراق سېتىپ بېرىشىنىڭ دەرىجىسىنى چۈشۈرۈشىنى ئۈزلۈكسىز تەلەپ قىلماقتا. ئۇنىڭدىن باشقا بېيجىڭ ھۆكۈمىتى، ئامېرىكا تەرەپنىڭ «ئۈچتە قوللىماسلىق» سىياسىي مەيدانىغا ئەمەل قىلىشىنى تەلەپ قىلماقتا. ئامېرىكا تەرەپ تەيۋەنگە قورال ـ ياراغ سېتىپ بېرىشنى ئۆزگەرتىش خىيالىنىڭ يوق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرمەكتە.

2. شاڭگاڭ مەسىلىسى. شاڭگاڭ مەسىلىسى 1997 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى تىنچ يول بىلەن جۇڭگونىڭ قولىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، 1998 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى قانۇن تۇرغۇزۇش كومىتېتىنى تۇنجى قېتىم ئوكۇشلۇق سايلاپ چىقتى. سايلامدا شاڭگاڭ دېموكراتلار پارتىيىسى 30% ئورۇنغا ئېرىشتى. 1992 ـ يىلى تۈزۈلگەن «شاڭگاڭ سىياسىتى قانۇن نىزامى»غا ئاساسلىنىپ ئامېرىكىنىڭ شاڭگاڭ سىياسىتى ـ شاڭگاڭدا ئادىل سايلام ئۆتكۈزۈشنى قوللاش ۋە تەكىتلەش ئىدى.

3. تىبەت مەسىلىسى. تىبەتنى جۇڭگو تېررىتورىيىسىنىڭ بىر قىسمى دەپ تونۇپ، ئامېرىكا تەرەپ بېيجىڭ دائىرىلىرىنىڭ تىبەتتە، تىبەتنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى، دىنىي مىراسلىرىنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن قوغدىشىنى ھەمدە تىبەت سەرگەردان ھۆكۈمىتىنىڭ روھانىي داھىيسى دالاي لاما بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈشنى تەلەپ قىلاتتى. ئامېرىكا تەرەپ

بېيجىڭنىڭ تىبەتتە كىشىلىك ھوقۇقنى دەپسەندە قىلىشى ئىنتايىن ئېغىر، دەپ قارىغانلىقتىن ھەمدە بېيجىڭ تىبەتتە دىنىي پائالىيەتلەرنى داۋاملىق تىزگىنلىمەكتە، تىبەتتە بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈپ خىتايلاشتۇرۇشنى جىددىيلەشتۈرمەكتە، تىبەت خەلقىنىڭ مائارىپ ـ مەدەنىيەت سەۋىيىسى تۆۋەن سەۋىيىدە تۇرغانىنىڭ ئۈستىگە تېخىمۇ چۈشكۈنلەشمەكتە دەپ قارىغانلىقتىن ئامېرىكا بۇ مەسىلىلەرگە جىددىي كۆڭۈل بۆلىدۇ، دەپ كۆرسەتتى...

4. ئۇيغۇرىستان (شىنجاڭ) مەسىلىسى. «مىللىي بۆلگۈنچىلەر» ئۇيغۇرىستان مۇستەقىللىقى ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرغانلىقتىن ئۇيغۇرىستاننىڭ ۋەزىيىتى كۆنسايىن جىددىيلەشمەكتە. بېيجىڭ دائىرىلىرى جىنايەتچىلەرگە زەربە بېرىش ھەرىكىتىنى يولغا قويۇپ، ئىرقىي ۋە مىللىي قوزغىلاڭنى تىنچىتقانىدەك بولدى. لېكىن ئامېرىكا ئۇيغۇرىستان مەسىلىسىگە جىددىي كۆڭۈل بۆلمەي تۇرالمايدۇ، دەپ كۆرسەتتى.

دۆلەت بىخەتەرلىكى مەسىلىسى

1. يادرو قوراللىرىنىڭ كېڭىيىپ كېتىشىنى چەكلەش مەسىلىسى. ئامېرىكا ـ جۇڭگونىڭ يادرو قوراللىرىنىڭ تارقىلىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ ئىشلىرىغا ئاكتىپ قاتناشقانلىقىنى مەدھىيىلەيدۇ، لېكىن خىمىيىۋى قوراللارنىڭ، راكېتىلارنىڭ ئىلغار ئەنئەنىۋى قوراللار تېخنىكىسىنىڭ تارقىلىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا جۇڭگو يەنىلا تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى كېرەك، دەپ كۆرسەتتى.

2. ئىرانغا ياردەم بېرىش مەسىلىسى. بېيجىڭ ئىرانغا 1 ــ SA تىپلىق يەردىن قويۇپ بېرىلىدىغان راكېتا ۋە خىلمۇخىل قوراللارنى سېتىپ بەردى. 1998 ـ يىلى 3 ـ ئايدا ئامېرىكا ئەمەلدارلىرى جۇڭگونىڭ ئىرانغا

زور مقداردا يادرو ماتېرىياللىرى چىقىرىش پىلانىنى بىلىپ قالغاندىن كېيىن، ئامېرىكا ھۆكۈمىتى نارازىلىقىنى ئىپادىلىگەندە جۇڭگو ئىرانغا يادرو ماتېرىياللىرى ئېكسپورت قىلىشنى توختاتتى.

2. جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ پاكىستانغا ياردەم بېرىش مەسىلىسى.

جۇڭگو ھۆكۈمىتى پاكىستاننىڭ يادرو قوراللىرى ۋە راكېتىلارنى تەرەققىي قىلدۇرۇش پىلانىغا ياردەم بەردى. شۇڭا ھىندىستان بىلەن پاكىستاننىڭ بۇ يىل يادرو قوراللىرىنى سىناق قىلغانلىقى پرېزىدېنت كىلىنتون بىلەن جياڭ زېمىننىڭ سۆھبىتىدە مۇھىم ئورۇنغا قويۇلدى. ھىندىستان، پاكىستان يادرو قوراللىرىنى سىناق قىلغاندىن كېيىن، جۇڭگو ئامېرىكىغا يېقىنچىلىق قىلىپ جىلۋە قىلدى ھەمدە بۇنىڭدىن كېيىن مۇتلەق يادرو قوراللىرى سىناقلىرى ئېلىپ بارمايدىغانلىقى توغرىسىدا ۋەدە بەرگەن ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئامېرىكا تەرەپ جۇڭگو بىلەن دۆلەت مۇداپىئە مۇناسىۋەتلىرىنى جىددىي كېڭەيتكەن ئىدى.

يادرو ـ ئېنېرگىيە ھەمكارلىق مەسىلىسى

1985 ـ يىلى ئامېرىكا ـ جۇڭگو يادرو ئېنېرگىيىسى كېلىشىمى ئىمزالىغان. جۇڭگو پاكىستان بىلەن ئىراننىڭ يادرو قوراللىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشىغا ياردەم بەرگەنلىكتىن ئامېرىكا كونگرېسى قانۇن تۈزۈپ يۇقىرىقى كېلىشىمنى بىكار قىلغان. بۇ يىل 1 ـ ئايدا پرېزىدېنت كىلىنتون جۇڭگونىڭ يادرو قوراللىرىنىڭ تارقىلىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش شەرتنامىسىگە ئەمەل قىلغانلىقىنى ئىسپاتلىغاندىن كېيىن، ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدا يادرو ئېنېرگىيىسى ھەمكارلىقى يارىتىشقا يول ئېچىلغان. لېكىن نۆۋەتتە پاكىستاننىڭ يادرو قوراللىرىنى سىناق قىلىشى

ئامېرىكا كونگرېسىدە پرېزىدېنت كىلىنتوننىڭ قارارىغا ھۇجۇم قىلىدىغان كەيپىياتنى پەيدا قىلدى.

كۈن تەرتىپكە قويۇلغان كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسى

جۇڭگونىڭ تۈرمىلىرى ۋە تۈرمىلەردە جىنايەتچى ئەمگەك كۈچلىرى مەسىلىسى. جۇڭگونىڭ تۈرمىلىرىدە ئۈسكۈنىلەر ناچار، ساقچىلار جىنايەتچىلەرگە رەھىمسىز مۇئامىلە قىلغانلىقتىن ئامېرىكا تەرەپنىڭ تەنقىد قىلىشىغا ئۇچراپ كەلگەن. جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ جىنايەتچىلەر ئىشلەپچىقىرىدىغان مەھسۇلاتلارنى ئامېرىكا بازارلىرىغا ئېكسپورت قىلغانلىقى ئامېرىكىلىقلار كۆڭۈل بۆلىدىغان مۇھىم مەسىلىنىڭ بىرى ئىدى. جۇڭگولۇقلار بۇنداق قىلىقلارنى قىلغاندا ئامېرىكىنىڭ تاموژنا قانۇنىغا خىلاپلىق قىلغانلىقى بولۇپ ھېسابلىناتتى.

دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى مەسىلىسى. ئامېرىكا، جۇڭگو دائىرىلىرىنىڭ دىنىي پائالىيەتلەرگە تۇتقان مۇئامىلىسىنى ئىزچىل تەنقىد قىلىپ كەلگەن. جۇڭگو دائىرىلىرى 1994 ـ يىلى يېڭى تەدبىر قوللىنىپ جۇڭگودا ئىنجىلنى تارقىتىش پائالىيەتلىرىنى چەكلىگەن ھەمدە بارلىق دىنىي تەشكىلاتلارنىڭ دىنىي ئىشلار باشقارمىسىغا تىزىملىتىشنى مەجبۇرى يولغا قويغان ئىدى.

جۇڭگونىڭ پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتى مەسىلىسى. جۇڭگو دائىرىلىرى پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتىنى مەجبۇرى يولغا قويغانلىقتىن، بۇ سىياسەت كونگرېسىنىڭ تاشقىرىغا ياردەم بېرىش مۇھاكىمىلىرىدە، مۇنازىرىلىرىدە ئىنتايىن مۇھىم مەسىلە بولۇپ كەلدى. جۇڭگو دائىرىلىرى پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتىنى مەملىكەت دائىرىسىدە يولغا قويغانلىقىنى ئىنكار قىلىپ كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما، جۇڭگو دائىرىلىرى مەلۇم

ئۆلكىلەردە، مەسىلەن: (شىنجاڭدا) پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتىنى مەجبۇرى يولغا قويغانلىقىنى ئىقرار قىلىشقا مەجبۇر بولدى.

سىياسىي مەسىلە. 1989 ـ يىلى جۇڭگونىڭ تيەنئەنمېن مەيدانىدا سىياسىي ۋەقە سادىر بولغاندىن كېيىن، ئامېرىكا جۇڭگوغا ئېمبارگو سىياستى يۈرگۈزگەن. بۇ سىياسەت ھېلىھەم داۋاملىق يولغا قويۇلماقتا. شۇنداق بىر تۈزۈم شارائىتىدا ئامېرىكا، جۇڭگوغا ھەربىي ئەسلىھەلەر ۋە ھەربىي قورال ـ ياراغ ئېكسپورت قىلىشنى چەكلىدى. سۈنئىي ھەمراھ ئېكسپورت قىلىشنى، ئامېرىكىنىڭ دۆلەت سىرتىغا مەبلەغ سالغۇچى شىركەتلىرىنىڭ ۋە سودا تەرەققىيات مەھكىمىلىرىنىڭ پىلانلىرىنى جۇڭگودا ئىشقا ئاشۇرۇشنى چەكلىدى. ئامېرىكىنىڭ چەكلەش خاراكتېرلىك جىنايى ئىشلارنى نازارەت قىلغۇچى نازۇك ئەسۋابلىرىنىڭ جۇڭگوغا ئېكسپورت قىلىنىشىنى چەكلىدى ھەمدە ئامېرىكىنىڭ تېخنىكىلىق ماتېرىياللىرىنى جۇڭگوغا ئېكسپورت قىلىش مىزانىنى ئەمەلدىن قالدۇردى.

سىياسىي ئىئانە مەسىلىسى. 1997 ـ يىلى 2 ـ ئايدا، يەنە بىر خەۋەردە كۆرستىلىشچە 1996 ـ يىلى ئامېرىكىنىڭ پرېزىدېنت سايلىمى ئۆتكۈزۈلۈشتىن بۇرۇن، ئامېرىكىدا دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ مەملىكەتلىك سايلام كومىتېتىغا جۇڭگو سايلام ئىئانە راسخوتى بەرگەن ئىكەن. شۇنىڭدىن كېيىن ئامېرىكا كونگرېسى ۋە ئامېرىكىنىڭ ئەدلىيە تارماقلىرى تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ دەلىل ۋە پاكىتلارغا ئېرىشەلمىگەن ئىدى. لېكىن يېقىندا دېموكراتلار پارتىيىسىگە ئىئانە توپلىغۇچى ×× كىشىنىڭ ئىقرار قىلىشىچە، جۇڭگو دائىرىلىرىنىڭ سابىق ھەربىي

كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى لىيۇ خۋا چىڭنىڭ قىزى لىيۇ چاۋ يىڭنىڭ قولىدىن سايلامغا ئىئانە ئورنىدا 30 مىڭ دوللار ئالغان ئىكەن.

ئەركىن ئاسىيا رادىئو ئىستانسىسى مەسىلىسى. ئەركىن ئاسىيا رادىئو ئىستانسىسى 1996 ـ يىلى 3 ـ ئايدا ئاڭلىتىشنى باشلىغاندىن كېيىن، ھەر كۈنى جۇڭگو قۇرۇقلۇقىغا (خىتاي، تىبەت تىللىرىدا) بەش سائەت ئاڭلىتىش بېرىشنى ئورۇنلاشتۇردى. جۇڭگو دائىرىلىرى رادىئو ئاڭلىتىشلىرىغا كاشىلا پەيدا قىلدى. رادىئو ئاڭلىتىش ۋە رادىئو ئاڭلاش كىشىلىك ھوقۇقنىڭ تەركىبىي قىسمى بولۇپ، بۇ قېتىم پرېزىدېنت كىلىنتوْن بىلەن رەئىس جياڭ زېمىننىڭ سۆھبىتىدە ئوتتۇرىغا قويۇلىدىغان مۇھىم مەسىلىلەرنىڭ بىرى بولۇپ قالدى.

ھۆرمەتلىك ۋەتەنداشلىرىم، يۇقىرىدا، بۇ قېتىم پرېزىدېنت كىلىنتوْن بىلەن رەئىس جياڭ زېمىننىڭ يۇقىرى دەرىجىلىكلەر سۆھبىتىدە مۇھاكىمە قىلىنىدىغان، تالاش ـ تارتىش قىلىنىدىغان ماۋزۇلار ئۈستىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتتۇق.

سىلەر دىققەت قىلىدىغان ئەڭ مۇھىم مەسىلە:

«جۇڭگو ئىگىلىك ھوقۇق يۈرگۈزىدىغان تېررىتورىيىنىڭ دائىرىسى زادى قەيەردىن قەيەرگىچە...» دېگەن مەسىلىدۇر. بۇ جۈملىگە كۆڭۈل بۆلۈڭلار ۋە خۇش ۋاخ بولۇڭلار ۋەتەنداشلىرىم.

## پرېزىدېنت كىلىنتون

1998 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى

پرېزىدېنت كىلىنتون 29 ـ كۈنى بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا نۇتۇق سۆزلىگەندە مۇنداق كۆرسەتتى:

ئەپەندىلەر! بۈگۈن بىز ئۆزىمىزنىڭ غايىسىنى باشقىلارغا تېڭىشقا ئۇرۇنمايمىز. لېكىن بىز بەزى ھوقۇقلارنىڭ ئامېرىكا خەلقىنىڭلا ياكى ياۋروپا خەلقىنىڭلا ھوقۇقى ياكى تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەر خەلقىنىڭلا ھوقۇقى ئەمەسلىكىنى، بەلكى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ «خىتابنامىسى» دا بەلگىلەنگەندەك ئىنسانىيەت دۇنياغا ئاپىرىدە بولۇش بىلەنلا ئىگە بولغان ھوقۇقلار ئىكەنلىكىنى قەدىر ـ قىممەت ۋە ھۆرمەتكە ئېرىشىش ھوقۇقى، شەخسنىڭ پىكىر ـ تەلەپلىرىنى بايان قىلىش ھوقۇقى، ئۆزىنىڭ دائىرىلىرىنى تاللاش، تەشكىلاتلارغا ئەركىن قاتنىشىش ھوقۇقى، بىر شەخسنىڭ ئەركىن ئىرادىسىگە تايىنىپ ياشايدىغان، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا كېلىدىغان ھوقۇقلار ئىكەنلىكىگە ئىشىنىمىز.

كىلىنتون نۇتقىدا يەنە مۇنداق كۆرسەتتى:

«مۇستەقىللىق خىتابنامىسى»نى يازغان ئامېرىكىنىڭ 3 ـ نۆۋەتلىك پرېزىدېنتى بولۇپ سايلانغان تامىس جېففىرسۇن: «بارلىق دىققەت ئېتىبارىمىزنى خەلقنىڭ ھوقۇقلىرىغا مەركەزلەشتۈرەيلۇق» دېگەن ئىدى. جېففىرسۇن شۇنداق دەپ 172 يىل ئۆتكەندىن كېيىن، بارلىق دىققەت ـ نەزەرلەر ھازىر دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئەرلەر ۋە ئاياللارنىڭ ھوقۇقلىرىغا مەركەزلەشمەكتە.

ئۆتكەن 20 يىل ئىچىدە ئاستا ـ ئاستا كۆتۈرۈلگەن ئەركىنلىك دولقۇنى ئىنسانىيەتتە مىليونلىغان كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈردى. رۇسىيىدە ھاكىم مۇتلەق تۈزۈمنى يۇيۇپ تازىلىۋەتتى. ئەركىنلىكنىڭ دولقۇنى شەرقى ياۋروپاغا يوپۇرۇلۇپ كەلدى. لاتىن ئامېرىكىسىدا يامان سۈپەتلىك دەۋر قىلغان، ھەربىي ـ سىياسىي ئۆزگىرىشتىن پەيدا بولغان ئىچكى ئۇرۇشنى ئاياغلاشتۇردى. ئافرىقا ئەللىرى خەلقلىرىنىڭ مىڭ مۇشەققەتتە قولغا كەلتۈرگەن مۇستەقىللىق پۇرسەتلىرىدىن پايدىلىنىشغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بەردى. فىلىپپىندىن تارتىپ جەنۇبى كۇرىيىگىچە، تايلاندتىن تارتىپ موڭغۇلىيىگىچە ئەركىنلىكنىڭ دولقۇنى ئاسىيا قىتئەسىگە يامداپ كەلدى. ئىقتىسادنىڭ تېز سۈرئەت بىلەن تەرەققىي قىلىشىغا ئاساس بولغۇچى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىنىڭ ئىقتىدارىنى قۇۋۋەتكە ئىگە قىلدى. ئەركىنلىك بولسا ئىقتىساد ساھەسىدە، ئىقتىسادنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان بىر قىسمى ئىدى. ئەركىنلىك بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ ئەھدىنامىسى ــ «ئىقتىساد، جەمئىيەت، مەدەنىيەت ھوقۇقى» ئەھدىنامىسىنىڭ كاپالىتىگە ئېرىشكەن. جۇڭگودا شۇنداق ئەركىنلىكنى يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن كۆپ تىرىشچانلىق كۆرسەتتىڭلار، نامرات ئەركىنلىكتىن قۇتۇلۇشنىڭ ئاكتىپ ئىدىيە ـ پىكىرلىرىنى تارقىتىپ، مۇشۇ دۆلەتتە خەلق كۈچىنىڭ مەنبەسىگە ئايلاندۇرۇڭلار:

خەلقنىڭ ئېرىشكىنى كۆپەيدى. نامراتلىق ئاستىدا كىشىلەر يەنىلا خىزمەتكە ئېرىشەلەيدىغان، خىزمەت تاللىيالايدىغان، ساياھەتكە چىقالايدىغان، تۇرمۇشىنى ئۆزگەرتەلەيدىغان ئىقتىدارغا ئېرىشتى. ھەقىقىي مەنىدىكى ئەركىنلىكنىڭ مەنىسى ئىقتىساد ئەركىنلىكى

بولماستىن، بەلكى باشقا، بىز ئامېرىكىدا بۇنداق ئەركىنلىكنىڭ پارچىلىنىۋەتكىلى بولمايدىغان ئەقىدىلەرنىڭ بىر قىسمى ئىكەنلىكىگە ئىشىنىمىز.

بىز ياشاۋاتقان دۇنيادا، ئۇچۇر تەرەققىي قىلغان دۇنيادا ئىقتىساد تەرەققىياتىنىڭ پۈرسىتىنى چىڭ تۇتۇۋېلىش ئۈچۈن، دۆلەتنىڭ كۈچىنى تېخىمۇ كۈچەيتىش ئۈچۈن، داۋاملىق تەرەققىي قىلىش، ئۆزگەرتىش، ئۆزگىرىش ئۈچۈن ئەركىنلىك كېرەكتۇر. ئەركىن، ئازادە ئۇچۇر ئالماشتۇرۇش ئېتىقاد، ئەقىدە ۋە پىكىر ئالماشتۇرۇش، ئوخشاش بولمىغان سىياسىي، دىنىي ئېتىقاد، ئەقىدىلەرنى ھۆرمەت قىلىشقا كېرەك بولغان ئەركىنلىك، ئەڭ ئاخىرىدا دائىمىي بەخت ـ سائادەتنىڭ ۋە خاتىرجەملىكنىڭ مەنبەئى بولۇپ قالىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن جۇڭگو ياشلىرىنىڭ قەلبى ئەركىن ھالدا ئەڭ ئاخىرقى چەككىچە جارى قىلدۇرۇلسا، بۇ دۇنيامۇ، ھەتتا، جۇڭگو بۇ دۆلەتمۇ ئاقىلانىلىككە ئېرىشكەن بولاتتى. بۇ بىزنىڭ ھازىرقى دەۋرىمىزنىڭ ئۇچۇرى ئىدى ھەمدە كەلگۈسى دەۋرگە ئاتا قىلىنغان تەڭرىنىڭ ئىرادىسى ئىدى. مەن جۇڭگو خەلقىنىڭ كۆكسى ـ قارنىنى كەڭ قىلىپ، كەڭ قۇچاق ئېچىپ، خۇدانىڭ ئىرادىسىنى قوبۇل قىلىشىنى، قۇچاقلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. مەن بۇ دۆلەتنىڭ پارلاق تارىخىغا ئىشەنسەممۇ لېكىن ئەڭ پارلاق كۈنلەرنىڭ كەلگۈسىدە ئىكەنلىكىگە تېخىمۇ ئىشىنىمەن. گەرچە 21 ـ ئەسىر يېتىپ كەلگەندە جۇڭگو نۇرغۇنلىغان قىيىنچىلىقلارغا دۇچار بولغان بولسىمۇ، بەلكى جۇڭگو مەۋجۇدلا بولۇپ قالماستىن، بەلكى چوڭ قەدەم بىلەن ئىلگىرىلىمەكتە. باشقا قەدىمىي مەدەنىيەتلەر مەغلۇپ بولدى. چۈنكى، بۇ مەدەنىيەتنى

ئۆزگەرتىپ باشقا شەكىلگە ئايلانىدۇرغىلى بولمىدى. لېكىن، جۇڭگو ئۆزگەرتىش ۋە ئۆستۈرۈش ئىقتىدارىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى ئۇزلۇكسىز ئىسپاتلىماقتا. ھازىر، كەلگۈسى يېڭى ئەسىر ئۈچۈن جۇڭگونى قايتىدىن ئويلاپ بېقىشىمىز كېرەك، سىلەر بۇ ئەۋلاد ياشلار قايتا تۇغۇلىدىغان جۇڭگو ئۈچۈن كېرەكلىك ئادەملەردىن بولۇپ چىقىشىڭلار كېرەك.

يېڭى ئەسىر بوسۇغىمىزغا يېتىپ كەلدى. بىزنىڭ بارلىق دىققەت نەزىرىمىز كەلگۈسىگە تىكىلىنمەكتە. لېكىن، جۇڭگو يەر شارىدا باشقا دۆلەتلەرگە ئوخشاش يەنىلا بىر ياش دۆلەت. بۇ يېڭى ئەسىر، بەلكى جۇڭگونىڭ تاڭ نۇرى بولۇپ قېلىشى مۇمكىن... قەدىمى مەدەنىيەتنىڭ نەتىجىلىرىدىن پەخىرلىنىپلا قالماي، سىلەر ئۈچۈن ئېيتقاندا ئالىلقاچان ئورۇنلانغان خىزمەتلەر ئۈچۈنمۇ پەخىرلىنىشىڭلار كېرەك. يېتىپ كېلىۋاتقان ئەتە ئۈچۈن تېخىمۇ پەخىرلىنىشىڭلار كېرەك. يېتىپ كېلىۋاتقان ئەتە، بەلكى پۈتۈن دۇنيا جۇڭگونىڭ مەدەنىيىتىنى ئۆگىنىدىغان ھاياتى كۈچ ئېلىپ كېلىشىمۇ مۇمكىن. يەنە بەلكى ئەتە بۇ تازىلانغان ئىدىيە ـ پىكىرلەر ھەرخىل ئەسەرلەردە كۆرگىلى بولىدىغان، ئىنسانىيەتنىڭ قەدىر ـ قىممىتىنى يۇقىرى كۆتۈرىدىغان بىر دەۋرنى ئېلىپ كېلىشىمۇ مۇمكىن. ئۇ، بەلكى قەدىمى بىر دۆلەتنىڭ ياردىمىگە تايىنىپ يارىتىدىغان يېڭى دۇنيا، يېڭى دەۋر بولۇشىمۇ مۇمكىن. بۇ دۆلەتتە شۇنداق بىر دەۋرنى پاكىتقا ئايلاندۇرۇش جەريانىدا، ئامېرىكا شۇ دۆلەت بىلەن مۇرىنى ـ مۇرىگە تىرەپ ھەمكارلىشىشنى ئۈمىد قىلىدۇ.

## ئۈرۈمچىگە كەلدى

1998 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى

ئامېرىكا ـ جۇڭگو سۆھبىتىدە سۆزلەنگەن سۆزلەر، جىددىي پاراڭلار ۋە كۇس ـ كۇس پاراڭلار تېخى تىنىق ھاۋاغا سىڭمەي تۇرۇپ، شاڭگاڭدىن ئۈرۈمچىگە، ئۈرۈمچىدىن ئالمۇتىغا يېتىپ بارغان جياڭ زېمىن «تولۇقلىما شەرتنامە» قازاقىستان بىلەن «چېگرا شەرتنامىسى» ئىمزالاش ئۈچۈن ئالمۇتىغا يېتىپ بارغانلىقىنى خەلقئاراغا جاكارلىدى.

1. ئۇ ئۈرۈمچى سەپىرى، ئالمۇتا سەپىرى ئارقىلىق خىتاينىڭ ئۇيغۇرىستانغا «ئىگىلىك ھوقۇق» يۈرگۈزۈشتە «ھوقۇقلۇق» ئىكەنلىكىنى سىمۋوللۇق سەپەر شەكلى ئارقىلىق خەلقئارا جەمئىيەتكە جاكارلىماقچى بولدى.

2. ئۇ، ئۆزگىرىۋاتقان خەلقئارا ۋەزىيەتكە، ئامېرىكىنىڭ دىققىتى مەركەزلەشكەن ئۇيغۇرىستانغا مۇناسىۋەتلىك، ئۇيغۇرىستانغا كۆچۈپ چىققان خىتاي كۆچمەنلىرىگە مەدەت بېرىپ، كۆچمەن خىتايلارنىڭ پاراكەندە كۆڭلىنى ئارامىغا چۈشۈرمەكچى بولدى.

3. ئۇ، ئۇيغۇرلارغا ئۇيغۇر مىللەتچىلىرىگە بېسىم ئىشلىتىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ پارتلاش ئالدىدا تۇرغان روھىنى پەسكويىغا چۈشۈرمەكچى بولدى.

يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ تەتقىق قىلساق پىرېزىدېنت كىلىنتون 7 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى شاڭگاڭدا نۇتۇق سۆزلىگەندە: «دېموكراتىيە جۇڭگوغا يېتىپ كەلمەكتە»... «ئۆتكۈنچى دەۋر تىنچ يول بىلەن تاماملىنىشى كېرەك»، «تاقابىل تۇرغىلى بولمايدىغان ۋەزىيەت پەيدا بولۇشنىڭ ئالدىنى ئېلىش لازىم» دەپ كۆرسەتكەن.

گېپىدە تۇرىدىغان ئامېرىكىلىقلار رۇسىيە پارچىلىنىش دەۋرىگە كىرىشتىن ئاۋۋال سابىق سوۋېتلەرگە 17 مىڭ نەپەر ئامېرىكىلىق مۇتەخەسسىسلەرنى ئەۋەتىپ، رۇسىيىدە ئىچكى ئۇرۇش پارتلاشنىڭ ئالدىنى ئالغان. بۈگۈن جۇڭگوغا ئەۋەتىلگەن ھەرقايسى كەسىپ ۋە ھەرقايسى ساھەلەردە ئىشلەۋاتقان ئامېرىكىلىق مۇتەخەسسىسلەرنىڭ سانى 12 مىڭدىن ئېشىپ كەتتى. رۇسىيىگە ئەۋەتىلگەن ئامېرىكىلىقلارغا ئوخشاش، جۇڭگوغا ئەۋەتىلگەن بۇ ئامېرىكىلىقلارمۇ ئۆزگىرىش دەۋرىگە كىرگەن جۇڭگودا ئىچكى ئۇرۇش پارتلاشنىڭ ئالدىنى ئالسا كېرەك. خىتاي كوممۇنىستلىرى تىلى بىر، دىلى بىر شائگاڭ، تەيۋەنلەردىن خاتىرجەم بولسا كېرەك ۋە بۇ رايونلارنىڭ ئالا ـ تۇپىلاڭ كۆتۈرۈشىنى ئامېرىكا تىزگىنلەيدۇ، دەپ ئويلىسا كېرەك. بۇ ئەھۋال ھەقىقەتەن شۇنداق بولۇشى مۇمكىن.

تىبەتكە كەلسەك، ئېھتىمال جياڭ زېمىن تىبەت خەلقىنىڭ دالامسالادا ۋەتەنگە قايتىشنى كۈتۈپ ياتقان 100 مىڭ كىشىلىك پۇقرالار قوشۇنىنى كۆزگە ئىلمىدى. تېخىمۇ خاتىرجەم بولۇپ، تىبەتتە تىبەت خەلقى ئالا ـ تۇپىلاڭ كۆتۈرۈپ خىتاي ئارمىيىسىگە تاقابىل تۇرالمايدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە تىبەت مەسىلىسىنى تىنچ يول بىلەن بىر تەرەپ قىلىشنى كۈتۈپ تۇرغان دالاي لاما تىبەتكە ئىگە بولىدۇ، دەپ ئويلىسا كېرەك.

ئۇيغۇرىستانغا كەلسەك، گۇمانخور خىتايلار ۋە جياڭ زېمىننىڭ غەرەزلىرى پۈتۈنلەي باشقىچە ئەھۋالغا ھامىلدار ئىدى. 1990 ـ يىلى 4 ـ ئايدا بارىن قوراللىق ئىنقىلابىنى باستۇرۇشقا بۇيرۇق چۈشۈرگەن جياڭ زېمىن شۇ چاغدا «باستۇرۇپ بولغاندىن كېيىن قالغانلارنى بىر تەرەپ قىلىشقا دىققەت قىلىڭلار، چۈنكى، ئۇيغۇرلار تارىختا دۆلەت قۇرغان خەلق

ئىدى» دەپ ئارمىيىگە بۇيرۇق چۈشۈرگەن. يەنە شۇ جياڭ زېمىن، ئۇيغۇرلارنىڭ يەنى تۈنۈگۈنكى ئۇيغۇرلارنىڭ 30 مىڭ كىشىلىك ئەسكىرى كۈچ بىلەن گومىنداڭ قوشۇنلىرىنىڭ 100 مىڭ كىشىلىك مۇنتىزىم قوشۇنىنى ئۇيغۇرىستاندىن قوغلاپ چىقىرىپ دۆلەت قۇرغان، تارىخ ياراتقان خەلق ئىكەنلىكىنى ياخشى بىلەتتى.

شۇڭا مۇشۇ ئاينىڭ 12 ـ كۈنىدىن باشلاپ مۇستەملىكە ئۇيغۇرىستاندا تۆت كۈن زىيارەتتە بولغان جياڭ زېمىن، قورچاق مۇستەملىكىچى «شىنجاڭ» ھەربىي رايونىنىڭ قوماندانى لى لياڭ خۇينىڭ ھەمراھلىقىدا يارىغول تېغى ئارىسىغا بېرىپ ھەربىي بازىدا خىتاينىڭ ئۈچ خىل ئارمىيىسىنىڭ ھەربىي پاراتىنى كۆزدىن كەچۈردى. كورلىغا مەخپىي يېتىپ كېلىپ شۇ يەردە تۇرۇشلۇق خىتاي ھەربىي قىسىملىرىنىڭ باشلىقلىرى بىلەن كۆرۈشتى. «ئازادلىق ئارمىيە گېزىتى»نىڭ (مۇشۇ كۈنلەردە) خەۋەر قىلىشىغا قارىغاندا جياڭ زېمىن: «شىنجاڭدا مۇقىملىقنى گەۋدىلەندۈرۈپ، يەنە مۇقىملىقنى قوغداشنى تەكىتلىگەن»، شۇنداقلا بىر قولىدا ئەپسۇن تايىقنى پۇلاڭلىتىپ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقنى تەكىتلەشنىمۇ ئۇنتۇپ قالمىغان. جياڭ زېمىن قورچاق ھەربىي رايوندا سۆزلىگەن سۆزىدە: «شىنجاڭنىڭ ئىستراتېگىيىلىك ئورنى ئىنتايىن مۇھىم، ھەربىي قىسىملار مەركەزنىڭ شىنجاڭ توغرىسىدىكى يوليورۇقلىرىنى، كۆرسەتمىلىرىنى چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرۈشى كېرەك. ھۆكۈمەت ۋە پارتىيىگە يېقىندىن ھەمكارلىشىپ، مۇقىملىقنى قوغدايدىغان خىزمەتنى ياخشى ئىشلىشى لازىم... شىنجاڭنىڭ ئەھۋالى ئىنتايىن مۇرەككەپ، كوممۇنىستلار ئارمىيىسى سياسىي بوران ـ چاپقۇنغا تاقابىل تۇرۇشقا ھەر ۋاقىت تەييار تۇرۇشى كېرەك... ھەربىر كۈرەش، جاپالىق

شــارائىت، ھەتتــا ھايــات ـ ماماتنىــڭ ســىناقلىرىغا دۇچ كېلىســىلەر... شـۇنىڭ ئۈچـۈن پارتىيىنىــڭ ئــارمىيىگە قومانـدانلىق قىلىشـىنى ھەرگــز ئىسىڭلاردىن چىقارماڭلار» دېگەن.

جيـاڭ زېمىـن نېمە ئىـش قىلماقچى؟ ئامېرىكـا ـ جۇڭگـو سۆھبىتى ئاخىرلىشىش بىلەنلا جياڭ زېمىننىڭ مۇستەملىكە ئۇيغۇرىستانغا بېرىـپ ئۇرۇشـقا تەييـارلىق، ئۇرۇشـقا سـەپەرۋەرلىك قىلىشـى، جيـاڭ زېمىنىــڭ مۇستەملىكە ئۇيغۇرىستاندا ئەجدادى جياڭ جېشىغا ئوخشاش بىر مەيدان ئـۇرۇش قوزغىشـىدىن دېـرەك بېرەمـدۇ؟ پرېزىـدېنت كىلىنتـۇن بېيجىڭـدا رەئىــس جيــاڭ زېمىــن بىــلەن سۆھبەتلەشــكەندە شــۇنداق قىلىــش مۇســتەملىكە ئۇيغۇرىسـتاندا مۇسـتەملىكە ئۇرۇشـى قوزغـاش توغرىسـىدا «يولىيورۇق» بەرگەنمۇ، يوق؟

جياڭ زېمىن ئىقتىسادىي ئىسلاھاتنى باشلىغان، داۋاملاشـتۇرۇۋاتقان ئىكەن، ئىقتىسادىي ئىسلاھاتقا مۇناسىۋەتلىك سياسىي ئىسلاھاتنى يولغا قويۇشقا تەرەددۇت قىلىۋاتقـان ئىـكەن، ئامېرىكىلىقـا بەرگەن ۋەدىسـىنى جۇڭگودا چوقۇم تىنچ يول بىلەن ئىشقا ئاشۇرۇشى كېرەك. كۆرەڭ، خىتاي مىللەتچىلىكىنى كـۆز ـ كـۆز قىلىـدىغان جۇڭگولۇقلار تېخـى تۈنۈگـۈنلا «ئامېرىكىلىققا ياق دېيىشىمىز كېرەك» (خـې شـىن) ئەمەسـمىدى، ئەمـدى بۈگۈن ئامېرىكىلىققا «مـاقۇل» دەيـدىغان جۇڭگولۇققـا ئايلىنىـپ قالـدىمۇ قانـداق؟ ئـامېرىكىلىقلار جۇڭگـودا مەسـىلىلەرنى تىـنچ يـول بىـلەن ھەل قىلىشنى، سياسىي ئىسلاھاتنى مۇقىملىق ئىچىدە كۆڭۈللۈك ۋە ھەرقايىسى تەرەپلەرنــى رازى قىلغــان ئاســتا تاماملاشــنى تەلەپ قىلغــان ئىــكەن، دېمەك، «گەپ ئاڭلايدىغان جۇڭگولۇقلار» جۇڭگـودا سىياسـىينى «كـۆپ مەنبە»لەشتۈرۈشنى شۇنداق تىنچ يول بىـلەن تاماملىشـى كېـرەك. ئەمـدى

مۇستەملىكە ئۇيغۇرىستاندا مۇستەملىكە ئۇرۇشى قوزغاشقا ئورۇن قالدىمۇ؟ ياق! پىرېزىدېنت كىلىنتوننى يولغا سېلىپ قويۇپ جىياڭ زېمىن نېمىشقا شاپاشلاپ ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلدى؟

1998 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى

25 ـ كــۈنى نوپۇزلــۇق ئەربابلارنىــڭ ئاشكارىلىشــىچە: بېيجىــڭ، خىتاينىڭ مەركىزى كومىتېتى دالاي لاما بىلەن رەسمىي سۆھبەت قۇرۇش، مۇناسىۋەت باغلاش ئۈچۈن ئالاھىدە خىزمەت گۇرۇپپىسى تەشكىللىگەن. دالاي لامانىڭ سەرگەردان ھۆكۈمىتى بېيجىڭ تەرەپكە رەسمىي جاۋاب قايتۇرغانــدىن كېيىن، بېيجىـڭ دائىرىلىــرى بىــلەن دالاي لامـا رەسـمىي سۆھبەتكە ئولتۇرىدىكەن. نوپۇزلۇق ئەربابنىڭ ئېيتىشىچە: رەئىـس جيـاڭ زېمىن دالاي لامانىڭ تىبەتكە قايتىشىنى ۋە تىبەت مەسىلىسىنى ئۈزۈل ـ كېسىل ھەل قىلىشنى، رەئىس جياڭ زېمـىن ۋەزىـپە ئۆتەۋاتقـان مەزگىلـدە ئەڭ مۇھىم تارىخى ۋەزىپە ئورنىدا بىر تەرەپ قىلماقچى بولۇۋېتىپتۇ.

نوپۇزلۇق ئەرباب رەئىس جياڭ زېمىننىڭ ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان مەزگىلىدە تىــنچ يــول بىــلەن بىــرلىككە كەلتۈرۈشــنى ئەڭ مــۇھىم خىــزمەت، دەپ قارايـدىغانلىقىنى «ۋەتەننـى تىـنچ يـول بىـلەن بىـرلىككە كەلتـۈرۈپ» مـاۋ زېدۇڭ، دىڭ شياۋ پىڭدىن كېيىن تارىختا نام قالدۇرماقچى بولىغانلىقىنى، ئىككـى ئەۋلاد جۇڭگـو رەھبەرلىـرى ئـورۇنلاپ كېتەلمىگەن «بىـرلىككە كەلتــۈرۈش» نــى ئورۇنلاشــقا بەل باغلىغــانلىقىنى كۆرســىتىپ ئــۆتتى. شۇڭلاشقا رەئىـس جيـاڭ زېمـىن ئـاۋۋال تەيـۋەن مەسىلىسـىنى بېكىتىـپ، «جياڭنىـڭ سـەككىز نۇقتىسـى»نـى ئـېلان قىلىـپ، تەيـۋەننى سياسـىي سۆھبەت ئۈستىلىگە چاقىردى. لېكىن نۆۋەتتە تەيۋەن جۇڭگو دۆلەتلىـرى مۇناســىۋىتىگە نىســبەتەن ئېيتقانــدا، تەيــۋەن مەسىلىســى بــويىچە زور بۆسۈشنى قولغا كەلتـۈرۈش ئۈنـداق ئوڭـاي بولمىسا كېـرەك. پرېزىـدېنت كىلىنتــۇن بىــلەن رەئىــس جيــاڭ زېمىننىــڭ ئىككىنچــى قېتىملىــق

سۆھبىتىدىن كېيىن، خىتاي كوممۇنىستلىرى تىبەت مەسىلىسىنى ھەل قىلىشىنىڭ، تەيۋەن مەسىلىسىنى ھەل قىلىشقا قارىغاندا ئاسان ھەل بولىدىغان مەسىلە ئىكەنلىكىنى مۇقىملاشتۇردى.

نوپۇزلۇق ئەرباب مۇنداق دېدى: پرېزىدېنت كلىنتوْن جۇڭگونى زىيارەت قىلىپ، پرېزىدېنت كلىنتوْن بىلەن رەئىس جياڭ زېمىن مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنى ئۆتكۈزگەندە، رەئىس جياڭ زېمىن تەشەببۇسكارلىق بىلەن تىبەت مەسىلىسىنى تىلغا ئېلىپ، بۇ ئىش توغرىسىدا جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ پىلانى بارلىقىنى، تىبەت مەسىلىسى بويىچە پرېزىدېنت كلىنتوْنغا بىر سوۋغا تەقدىم قىلماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى ئېيتقان ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن دالاي لاما نۇتۇق سۆزلەپ: مەسىلەن، تەيۋەن مۇستەقىللىقىنى قوللىمايمەن، تەيۋەن بىلەن تىبەتنىڭ مۇناسىۋىتى پەقەت دىنى ئېتىقاد مۇناسىۋەتلىرى دائىرىسىدىلا چەكلىنىدۇ، تەيۋەننى قايتا زىيارەت قىلىشنى چەكسىز كېچىكتۈرىمەن. بېيجىڭ بىلەن سىياسىي سۆھبەت قۇرۇش تەيۋەننى زىيارەت قىلغانغا قارىغاندا مۇھىم ۋەھاكازا... دېگەن ئىدى. دالاي لامانىڭ ئىپادىسىگە دىققەت قىلىپ تۇرغان بېيجىڭ ئۇنىڭ سۆزلىگەن نۇتقىنى ئاقىلانە جاۋاب، دەپ قارىغان ئىدى. شۇڭا خەۋەرلەرگە قارىغاندا، بېيجىڭنىڭ تىبەت مەسىلىسىنى مۇھاكىمە قىلماقچى بولۇۋاتقانلىقىدىن دالاي لاما ئالللىقاچان خەۋەردار ئىكەن.

بېيجىڭ دائىرىلىرى تىبەت مەسىلىسىنى ھەل قىلىش جۇڭگونىڭ مۇقىملىقىغا پايدىلىق. تىنىچ يول بىلەن بىرلىككە كەلتۈرۈشكە ئىنتايىن زور تۆھپە قوشىدۇ، تىبەتكە قانۇنلۇق ھۆكۈمرانلىق قىلىشنى تېخىمۇ كۈچەيتىدۇ. (ھەي! ئەخمەق خىتاي، دالاي لامانىڭ مۇستەقىللىق ئۈچۈن

40 يىل كۈرەش قىلىشى خىتاينىڭ تىبەتكە ھۆكۈمرانلىق قىلىشىنى قانۇنلاشتۇرۇش ئۈچۈن قىلغان كۈرەشمىدى؟ نېمە پوق يەيدۇ ما خىتاي) شۇڭا قول سېلىپ تىبەت بىلەن ئۆتكۈزۈلىدىغان سۆھبەتنى ئىلگىرى سۈرۈشمىز كېرەك، دەپ قارىغان.

جۇڭگونىڭ مەركىزى ھۆكۈمىتى ئالاھىدە خىزمەت گۇرۇپپىسى قۇرۇپ، دالاي لاما بىلەن سۆھبەتلىشىشكە تەييارلانغاندىن باشقا، جۇڭخۇا خەلق رېسپۇبلىكىسىنىڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكمۇ، تىبەتنىڭ سەرگەردان ھۆكۈمىتى بىلەن مۇناسىۋەت باغلاپ، خەۋەرلەرگە قارىغاندا، نۆۋەتتە بېيجىڭ دائىرىلىرى بىلەن دالاي لاما ئوتتۇرىسىدا غەيرىي رەسمىي يولدىن باشقا، ئالاقىدار تەرەپلەرنىڭ رەسمىي سۆزلىشىش تەرتىپلىرى، دەسلەپكى قەدەمدە ئالللىقاچان تۇرغۇزۇلۇپ، بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىككى تەرەپنىڭ سۆھبىتىگە ئاساس سېلىنغان ئىمىش.

مۇھىم سىياسىي تالاش ـ تارتىشلار جەھەتتە، دالاي لاما تىبەتنى باشقۇرۇش نىيىتىنىڭ يوقلۇقىنى ئاشكارا بىلدۈرگەن (سىياسەت) لېكىن، جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ نۆۋەتتە تىبەتكە ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان سىياسەتلىرىنى ئۆزگەرتىشىنى تەلەپ قىلغان. بېيجىڭ تەرەپ بولسا، دالاي لامانىڭ جۇڭگوغا قايتىپ كېلىشىنى، بەلكى ئۇزۇن مۇددەت بېيجىڭدا تۇرۇپ قېلىشىنى، جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ دالاي لاماغا دىنىي داھىي دېگەن ئۇنۋانىنى بېرىدىغانلىقىنى، جۇڭگونىڭ تىبەتكە ھۆكۈمرانلىق قىلىش سىياسىتىدە چوڭ ئۆزگىرىش قىلمايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. (خىتاي چۆچەكتىكى چۆپنى يەۋاتامدۇ ياكى يەنىلا يالىقىنى يالاۋاتامدۇ؟) بۇنىڭغا قارىتا، دالاي لاما: لخاساغا قايتىپ لخاسادا تۇرىدىغانلىقىنى،

سەرگەردان تىبەت پۇقرالىرىنىڭ تىبەتكە قايتىشىغا بېيجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ يول قويۇشىنى تەلەپ قىلغان.

بېيجىڭ ئەمەلدارلىرىنىڭ بىلدۈرۈشىچە، خىتاي مەركىزى كومىتېتىنىڭ ئالاھىدە خىزمەت گۇرۇپپىسى تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ دالاي لاما بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈشىنىڭ جەريانلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇشنى تەلەپ قىلغان. مىللىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ ئەزالىرىمۇ پىلانلاشقا ۋە ئورۇنلاشتۇرۇشقا قاتنىشىدىكەن. خەۋەرلەرگە قارىغاندا، بېيجىڭ دائىرىلىرى بىلەن دالاي لامانىڭ ئالاقىدار تەرەپلەرگە باغلىق رەسمىي سۆھبىتىنىڭ ۋاقىت جەدۋىلى بېكىتىلگەن، بەلكى تەيۋەننىڭ سۆھبەت ۋەكىلى گۇ جىن فۇ جۇڭگونى زىيارەت قىلىپ جۇڭگو ـ تەيۋەن دۆلەتلىرىنىڭ سۆھبەتلىشىش فۇنكسىيىسى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن، بەلگىلەنگەن ۋاقىت جەدۋىلى (تىبەت جۇڭگو سۆھبىتىنىڭ ۋاقىت جەدۋىلى) ئېلان قىلىنىشى مۇمكىن. بۇ ئارقىلىق بېيجىڭ دائىرىلىرى «تېخىمۇ ئېچىۋېتىلگەن جۇڭگو» ئوبرازى تىكلەشنى قولغا كەلتۈرمەكچى بولسا كېرەك.

## ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى...

1998 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى

بـــۇ دۆلەتنىـــڭ پرېزىـــدېنتى كىلىنتـــون بېيجىـــڭ زىيـــارىتىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ 7 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى شاڭگاڭغا يېتىپ كەلگەنـدە، بـۇ قېتىمقى زىيارەت ئومۇمەن غەلىبە قىلغـان زىيـارەت بولـدى، دەپ قارالـدى. زىيارەت جەريانىدا پرېزىـدېنت كىلىنتـون جيـاڭ زېمىنـنى ئىككـى دۆلەت مۇناسىۋىتىدىكى ئەڭ نازۇك مەسىلە ــ كىشـىلىك هوقـۇق مەسىلىسـىگە، جۇملىـدىن تيەنئەنمېنـدە يـۈز بەرگەن باسـتۇرۇش ۋەقەسـىگە يۈزلىنىشـكە جىددىي قاراشقا مەجبۇرلىدى. زىيـارەت جەريانىـدا پرېزىـدېنت كىلىنتـون جۇڭگـو خەلقىـگە كۆڭـۈل بۆلىـدىغانلىقىنى ھەقىقىـي تـۈردە ھېسسـىيات بىـلەن ئىپادىلىـدى. بۇنـداق ئىپادىلەشـنىڭ خىتـاي كوممۇنىسـتلىرىغا كۆرسـىتىدىغان تەسـىرىنى (مەيلـى قانـداق خـاراكتېردە بولسـۇن) سـەل چاغلىغىلى بولمىسا كېرەك.

بۇ قېتىمقـى زىيـارەت پرېزىـدېنت كىلىنتـوننى ئـۆتكەن يىلـى رەئىـس جيـاڭ زېمىـن ئامېرىكىغـا زىيـارەتكە كېلىشـتىن بـۇرۇن، پرېزىـدېنت كىلىنتوننىـڭ جۇڭگـو سياسـىتى توغرىسـىدا تىلغـا ئېلىـپ ئـۆتكەن: «ئامېرىكىنىـڭ جۇڭگـو سياسـىتى ـ جۇڭگـونى مۇقىم، ئېچىـۋېتىلگەن، تاجاۋۇزچىلىق تەبىئەتـتىن خـالى، بـازار ئىقتىسـادىنى قوبـۇل قىلىـدىغان، سياسـىينى جۇڭگـودا كـۆپ مەنبەلەشـتۈرىدىغان، قـانۇن بىـلەن دۆلەت باشـقۇرىدىغان ھەمـدە ئامېرىكـا بىـلەن ھەمكارلىشـىپ بىـخەتەر خەلقئـارا يېڭى تەرتىپ يارىتىـدىغان بىـر دۆلەتـكە ئايلانـدۇرىمىز» دەپ سـۆزلىگەن نۇتقىنىڭ مەزمۇنلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرىدىغان، شۇ مەزمۇنلارنىڭ جۇڭگودا ئىشقا ئېشىشىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان بىر پۇرسەتكە ئىگە قىلدى.

لېكىن تەيۋەنگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، كۆپچىلىك كىشىلەرنىڭ كۆڭۈل بۆلىدىغىنى ئامېرىكىنىڭ تەيۋەننى ئۈچ جەھەتتە قوللىماسلىق بولۇپ (تەيۋەن مۇستەقىللىق جاكارلىسا قوللىماسلىق، بىر جۇڭگو، بىر تەيۋەن سىياستىنى قوللىماسلىق، تەيۋەننىڭ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىغا ئەزا بولۇپ كىرىشىنى قوللىماسلىق، جۈملىدىن دۆلەتنى بىرلىك قىلغان ھەرقانداق خەلقئارا تەشكىلاتلارغا قاتنىشىشىنى قوللىماسلىق)، ئۈچ جەھەتتە قوللىماسلىق سىياستىنىڭ ئاۋۋالقى ئىككى ماددىسى تەيۋەندە ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈپ كەلگەن گومىنداڭ پارتىيىسىنىڭ سىياستى بولۇپ كەلگەن ئىدى. بۇنىڭ ئىچىدىكى 3 ـ ماددا ئاز ـ تولا يېڭىلىققا ئىگە بولۇپ، مەزمۇن جەھەتتە گومىنداڭ پارتىيىسىنىڭ تەشەببۇسلىرىدىن پەرقلىق ئىدى. چۈنكى 1993 ـ يىلى كۈزدىن باشلاپ، تەيۋەن بىلەن دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقان بىرقانچە دۆلەت ھەر يىلى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدا ئەلچىلىرىگە يوليورۇق بېرىپ، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدا ئالاھىدە كومىتېت قۇرۇپ، ئادىل، مۇۋاپىق، ئەمەلىي ھەل قىلىش چارىسىنى ئىزدەپ، جۇڭخۇا مىنگو ھۆكۈمىتىنىڭ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىغا قايتىپ كېلىشى توغرىلىق تەكلىپ بېرىشىنى تاپىلايتتى. ئۇلار تۈزۈپ چىققان شەرھلەش خاراكتېرلىك ئەسلەتمىلەردە ئالاھىدە چۈشەندۈرۈلگەن جۇڭخۇا مىنگو ھۆكۈمىتىنىڭ ئالاھىدە ئەھۋالى تۆۋەندىكىدەك ئىدى: «تەيۋەندە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان جۇڭخۇا مىنگو ھۆكۈمىتىنىڭ تولۇق رەسمىي ھالدا خەلقئارا تەشكىلاتلارغا قاتنىشىش پائالىيىتى خەلقئارا جەمئىيەتكە ئۆلۈملۈك ئەمەلىي تەسىر ئېلىپ كېلىدۇ. مەسىلەن: تەيۋەندىكى جۇڭخۇا مىنگو ھۆكۈمىتى ۋە جۇڭخۇا خەلق رېسپوبلىكىسى ئوخشاشلا ئاسىيا تەرەققىيات بانكىسىنىڭ، ئاسىيا تىنچ

ئوكيان رايونى ئىقتىسادىي ھەمكارلىق جەمئىيىتىنىڭ دائىمى ئەزاسى، ھەر ئىككى دۆلەت تاموژنا ۋە خەلقئارا سودا باش كېلىشىمىگە كۆزەتكۈچى بولۇپ قاتناشقان، مۇشۇ كېلىشىمگە بىنائەن دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا قاتنىشىش ئۈچۈن باشقا دۆلەتلەر بىلەن سۆھبەت ئۈستىدە تۇرماقتا. شۇنىڭ ئۈچۈن ھازىر رېئال پوزىتسىيە بىلەن تەيۋەندە مەۋجۇد بولۇپ تۇرغان جۇڭخۇا مىنگو ھۆكۈمىتىنىڭ ئالاھىدە ئەھۋالىنى تەكشۈرىدىغان ۋاقىت كەلدى، دەپ قارايمىز».... «بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى دائىرىسىدە ياردەم قىلىدىغان ھەر تۈرلۈك ئىنسانپەرۋەرلىك ياردەملىرى ۋە ئىقتىسادى تەرەققىياتىنىڭ خەلقئارالىق كۈن تەرتىپلىرى تىزىملىكىگە ئەگەر تەيۋەندە مەۋجۇد بولۇپ تۇرغان جۇڭخۇا مىنگو ھۆكۈمىتى كىرگۈزۈلىدىغان بولسا، خەلقئارالىق كۆپ تەرەپلەر كۆپ مەنپەئەتدار بولاتتى ۋە خەلقئارا پاراۋانلىقنى ئىلگىرى سۈرگىلى بولاتتى.»

ئامېرىكىنىڭ «ئۈچ جەھەتتە قوللىماسلىق» سىياسىتىنىڭ تەركىبىگە كىرگۈزۈلگەن «تەيۋەننىڭ خەلقئارا تەشكىلاتلارغا قاتنىشىشىنى قوللىماسلىق» دېگەن بىر جۈملە سىياسىتى ئاسىيا ــ تىنچ ئوكيان ئىقتىسادىي ھەمكارلىق كومىتېتىنىڭ مەۋجۇدلۇقىنىمۇ كۆزگە ئىلمىغەنلىك بولۇپ، تەيۋەن ئۈچۈن ئېيتقاندا تولىمۇ ئەپسۇسلىنارلىق ئىش ئىدى.

ئەمەلىيەتتە «ئۈچ جەھەتتە قوللىماسلىق» سىياسىتىنىڭ 3 ــ تۈرى، «تەيۋەننىڭ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىغا دۆلەتنى بىرلىك قىلغان خەلقئارا تەشكىلاتلارغا قاتنىشىشىنى قوللىماسلىق» بۇ يەردە يېڭى مەزمۇنغا ئىگە بولغان قوللىماسلىق بولماستىن، ئاۋۋالقى يىللاردا ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ ئەمەلدارلىرى ئوخشىمىغان سورۇنلاردا ئىككى قىرغاق

سىياسىتى ئۈستىدە توختالغاندا تەكرارلاپ كەلگەن مەزمۇنلار ئىدى. لېكىن بۇ قېتىم پرېزىدېنت كلىنتون جۇڭگودا زىيارەتتە بولۇۋاتقاندا، ئاۋۋالقى ئىككى نۇقتىنى قوشقان ھالدا «ئۈچ جەھەتتە قوللىماسلىق» سىياسىتىنى تېخىمۇ ئېنىق بولغان رەسمىي ئىزچىل سىياسەتكە ئايلاندۇردى. ئەمدى تەيۋەن سىياسىي ئويۇن ئويناپ ئۆزىنى ئۆزى خۇش قىلىپ يۈرمەسلىكى كېرەك. يۇقىرىقىلارغا ئاساسلانغان بەزى كىشىلەر، تەيۋەن بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىغا، دۆلەتنى بىرلىك قىلغان خەلقئارا تەشكىلاتلارغا قاتناشماقچى بولىدىكەن يەنىلا جۇڭگو تەرەپتىن قول سېلىپ توقۇناقنى كىم چەككەن بولسا، توقۇناقنى يەنە شۇ كىشىگە يەشتۈرىدىغان يولنى تاللىۋېلىشى كېرەك، دېيىشمەكتە. بۇنداق يولنى تاللىۋېلىش ئاقامدۇ، ئاقمامدۇ؟ توقۇناقنى ئەسلى كىم چەككەن ئىدى؟ توقۇناقنى ئامېرىكىلىقلار چەككەن ئەمەسمىدى؟ ئەخمەق خىتايلار! يەشمەكچى بولسا يەنە ئامېرىكىلىقلار يەشمەمدۇ؟

## ئۆزىمىز بىلمەيدىغان

1998 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى

ئىنسان ئەقلىنىڭ يېتۈكلۈك دەرىجىسى قەيەردىن قەيەرگىچە بولىدۇ، ئاللاھ ئىنسانغا ئاتا قىلغان ئەقلىنىڭ بېرىپ يېتىدىغان چېكى قەيەردە بولسا، ئىنسان ئەقلىنىڭ يېتۈكلۈك دەرىجىسى شۇ يەرگىچە بولىدۇ.

بىز دائىم ئۆزىمىز بىلمەيدىغان، چۈشەنمەيدىغان، ئاڭقىرالمايدىغان شەيئى ـ هادىسىلەر ئىنسان بىلمەيدىغان دائىرىدە، چۈشەنمەيدىغان دائىرىدە، ئاڭقىرالمايدىغان دائىرىدە قېلىۋېرىدۇ. مەسىلەن: تەبىئىي ماددىلارغا ئوخشاش شەيئىلەر مەقسەتلىك هەرىكەت قىلىپ تۇرىدۇ. بەلكى هامان، كۆپىنچە بىر خىل ئۇسۇل، بىر خىل شەكىلدە هەرىكەت قىلىپ تۇرىدۇ. بۇنداق هەرىكەت قىلىش جىسىملارنىڭ هەرىكەت ئارقىلىق مەقسەتكە يەتكەنلىكى بولۇپ، ناهايىتى ئېنىقكى شەيئىلەرنىڭ هەرىكەت ئارقىلىق مەقسەتكە يەتكەنلىكى تاسادىپىيلىقتىن ئەمەس، بەلكى بىر خىل ئەقىلگە ئىزچىل ئەمەل قىلغانلىقىدۇر. بىز بىلمەيدىغان، چۈشەنمەيدىغان، ئاڭقىرالمايدىغان شەيئى، هادىسىلەر مۇبادا مەقسەتلىك ئاڭ، ئەقىل ـ پاراسەتنىڭ يېتەكچىلىكىنى قوبۇل قىلمايدىكەن، هەرگىز بىر خىللا مەقسەتنى قوغلاشمىغان بولاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن پاراسەتلىك بىر مەۋجۇدلۇق بولۇشى كېرەك. ئەقىل ـ پاراسەتكە ئىگە مەۋجۇدلۇق بولغانلىقتىن بارلىق شەيئىلەر، هادىسىلەر ئاندىن مەقسەتكە يېتەلەيدۇ. بۇ مەۋجۇدلۇق ئەلۋەتتە بەندىلەر داۋاملىق زىكرى قىلىدىغان ئاللاھ ئەمەسمۇ؟

**بىپىجىلىك**

1998 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى

جۇڭگولۇق نـان قىپـى سىياسـەتچىلەر بىـر دۆلەتـتە ئـۈچ خىـل تـۈزۈم سىياسـىتىنى ئوتتۇرىغـا كۆتـۈرۈپ چىقتـى. جۇڭگونىـڭ بىـرنەچچە نەپەر «هـۆرىيەتچىلىرى» يـۇقىرى قـاتلام جۇڭگـو رەهبەرلىـرىگە تەيـۋەن مەسىلىسـىنى «بىـر دۆلەتـتە ئـۈچ خىـل تـۈزۈم» شـەكلى بـويىچە هەل قىلىش توغرىسىدا تەكلىپ بەرگەن ئىمىش.

«شـاڭگاڭ نەنخـۇا گېزىتـى» خىتـاي كوممۇنىسـتلىرىنىڭ ئىچكـى هۆججىتىگە شۇنداق مەزمۇنـدا خەۋەر بېسىلغان، دەپ كۆرسـەتتى. بىـراق بۇ تەكلىپ يەنىـلا جۇڭگـو رەهبەرلىرىنىـڭ تەستىقلىشىغا سۇنۇلىدىكەن، بـۇ خىـل قىياسـلارغا ئاساسـلانغاندا تەيـۋەن ئـۆزىگە خـاس مۇسـتەقىل هوقۇقـا ئىـگە بولـۇپ، هەرقايسـى جەهەتـتىن شـاڭگاڭدىن ئېشـىپ چۈشىدىكەن. «بىر دۆلەتـتە ئـۈچ خىـل تـۈزۈم» قىياسـىغا ئاساسـلانغاندا، تەيـۋەنگە مەمـۇرى باشـلىق بەلگىلەشـتە بېيجىڭنىـڭ تەسـتىقىدىن ئۆتمىسىمۇ بولىدىكەن. بۇنداق سىياسىي پەرەزنى ئوتتۇرىغا قويغـان نـان قىپـى خىتايلارنىـڭ قارىشـىچە: ئالاقىـدار تەكلىـپلەر تەيـۋەن تەرەپنىـڭ «بىـر دۆلەتـتە ئىككـى خىـل تـۈزۈم» سىياسـىتىنىڭ تەلەپلىـرىگە قارشـى تۇرۇشـىغا زەربە بېرەلەيـدىكەن، خەۋەرلەرگە ئاساسـلانغاندا خىتاينىـڭ رەئىسـى جيـاڭ زېمىـن ئاتـالمىش «بىـر دۆلەتـتە ئـۈچ خىـل تـۈزۈم»، «بىـر دۆلەتتە ئىككى خىل تۈزۈم»، «بىر دۆلەتتە كۆپ خىـل تـۈزۈم» دەيـدىغان سىياسـىي ئىبـارىلەرگە قوشـۇلمىغان. چـۈنكى، جيـاڭ زېمىـنچە بولغانـدا، بۇنىڭغـا يـول قويغانـدا مـۇهىمى جۇڭگـو خىتايلىرىنىـڭ هۆكـۈمرانلىقى

ئاستىدىكى مۇستەملىكىلەر، مەسىلەن: تىبەت، «شىنجاڭ» مۇستەملىكە ئۇيغۇرىستان ئۇيغۇرلىرىمۇ يۈكسەك ئىگىلىك ھوقۇقتىن بەھرىمەن بولۇش تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ، دېگەن.

## جياڭ زېمىن

1998 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى

خىتاي ھۆكۈمىتى نېمىشقا مۇستەملىكىسى ئۇيغۇرىستان (شىنجاڭ) مەسىلىسى بويىچە بۇ دەرىجىدە كۈچەپ كەتتى؟

بۇنىڭدىن ئىككى ئاي بۇرۇن پرېزىدېنت كلىنتون بىلەن رەئىس جياڭ زېمىننىڭ بېيجىڭ سۆھبىتى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ھودۇقۇپ كەتكەن جياڭ زېمىن 7 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى قازاقىستاننىڭ پايتەختى ئالمۇتىغا يېتىپ كەلدى.

ئۇ ئالمۇتىدا قازاقىستان، قىرغىزىستان، رۇسىيە، تاجىكىستان قاتارلىق تۆت دۆلەت رەھبەرلىرى بىلەن ئۇچراشقاندا: بەش دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇقنى قوغداش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن ھەمكارلىشايلۇق، بەش دۆلەت مىللىي بۆلگۈنچىلەرگە، دىنىي رادىكالىزمغا، تېررورىستلارغا، ئوغرىلىقچە قورال ـ ياراغ يۆتكىگۈچىلەرگە، خىروئىن ئەتكەسچىلىرىگە، مۇشۇ رايوندا ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ بىخەتەرلىكى، مۇقىملىقىغا تەھدىت سېلىۋاتقان ئومۇمىي ئاپەتكە ئورتاق قارشى تۇرۇپ، بۇنىڭ ئۈچۈن بەش دۆلەت دىپلوماتىيە، ساقچى، بىخەتەرلىك، تاموژنا قاتارلىق ساھەلەردە مەسلىھەتلىشىش، ھەمكارلىششنى كۈچەيتىشىمىز كېرەك، دېدى.

شۇنىڭدىن كېيىن، بەش دۆلەتنىڭ دىپلوماتىيە مىنىستىرلىرى ئۆز دۆلەتلىرىگە ۋاكالىتەن بىرلەشمە باياناتقا ئىمزا قويۇشتى. باياناتتا: «ھەرقانداق شەكىللىك مىللىي بۆلگۈنچىلىك، مىللىي چەتكە قېقىش ياكى دىنىي رادىكالىزمنى قوبۇل قىلىشقا بولمايدۇ؛ ھەرقانداق بىر دۆلەتنىڭ تېررىتورىيىسىدىن پايدىلىنىپ، ھەرقانداق بىر دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىغا، مۇقىملىقىغا، جەمئىيەت تەرتىپىگە قارشى پائالىيەت قىلىشىغا

يـول قويۇلمايـدۇ؛ ھەرقايسـى دۆلەتـلەر تەدبـىر قوللىنـىپ تېرروررىسـتلارغا، تەشــكىللىك جىنــايەتچىلەرگە، ئــوغرىلىقچە قــورال يۆتكىگــۈچىلەرگە، ئەتكەسچىلەرگە ۋە باشقا دۆلەت ھالقىغان جىنـايەتچىلەرگە بـىردەك زەربە بېرىشى كېرەك، دېيىلدى.

ئۇيغۇرىسـتان مىللەتچىلــىرىگە قارىتــا جيــاڭ زېمــن: بەش دۆلەت ئوتتۇرىسـىدا دوسـتلۇق ۋە ھەمكـارلىقنى قوغـداش، تەرەققـي قىلـدۇرۇش ئۈچۈن مىللىي بۆلگۈنچىلەرگە داۋاملىـق قارشـى تۇرۇشـىمىز كېـرەك، دەپ كۆرسەتتى.

ئالمۇتىدا بەش دۆلەت بىرلەشمە باياناتى ئېلان قىلـدى، دېـمەك، بەش دۆلەت دىپلومـاتىيە جەھەتـتە قۇدرەتلىــك كــۈچ ھاســىل قىلــدى، بەش دۆلەتنىڭ ساقچى قوشۇنلىرى، جاسۇسلۇق ئورگـانلىرى مەسلىھەتلىشـىپ ھەمكارلىشـىپ، ئاتـالمىش مىللـي بۆلگـۈنچىلەرگە، ئەمەلىيەتـتە ئۇيغـۇر مىللەتچىلىرىگە، ئاتالمىش دىنى رادىكالىستلارغا، ئەمەلىيەتتە ئۇيغۇرنـىڭ دىنـى ئاكابىرلىرىغـا قارشـى تۇرىـدىغان بولـدى. ئوتتـۇرا ئاسـيادا يـايلاق مىللەتلىــرى، بــاغۋاران مىللەتــلەر، مەدەنىيەتلىــك رۇس مىللىتىنىـــڭ شـاپائىتىگە ئېرىشـىپ، ئارقـا ـ ئارقـىدىن مۇسـتەقىللىق جاكارلىغـان. بـۇ دۆلەتلەر مۇسـتەقىللىق جاكارلىغانـدا گېزىتلەرنـى كۆرۈشـكە، رادىئـولارنى ئاڭلاشقا پات ـ پاراق بولۇپ كەتكەن ئىدۇق. كۆڭۈلگە يېقىن دوستلارنى بىــر يەرگە چاقىرىــپ، جەم بولــۇپ «قېرىنــداش مىللەتــلەر»نىــڭ مۇستەقىللىقنى تەبرىكلىگەن ئىدۇق. ئـارىمىزدا سـاددا سياسـىي، دىنـى ئېتىقادى بىلەن ياشاپ كېلىۋاتقان قېرىنداشلىق، دىنداشلىق ھېسسىياتى ۋۇجۇدىنى چىرمىۋالغان بەزى كىشلەر: «ئەمـدى قازاقىستان ئۇيغۇرنـىڭ مۇســتەقىللىق ھەرىكىــتىگە يــاردەم بېرىــدۇ»، «ئەمــدى قىرغىزىســتان،

ئۆزبېكىستان ئۇيغۇرلارنىڭ مۇستەقىللىق  ھەرىكەتلىرىگە ياردەم بېرىدۇ» دېيىشكەنىدى. ھاياجاندىن ئۆزىنى باسالماي پىيالە گىرۋەكلىرىنى يالاپ كېتىشكەنىدى.

زامانلار ئۆتتى «ياردەم» بېرىدىغان دۆلەتلەر خىتاي بىلەن بىرلىشىپ، دىپلوماتىيە چەمبىرىكى ياساپ ئۇيغۇرلارنى، ئۇيغۇرنىڭ مۇستەقىللىق ھەرىكەتلىرىنى قورشاۋغا ئالدى.

30 ـ 40 ـ يىللاردا رۇسىيىنىڭ جاسۇسلۇق ئورگىنى ك گ ب ئۇيغۇرىستاندا مىلىتارىستلار، خىتاي شىڭ شىسەي قاتارلىق جاللاتلارنىڭ ئاخبارات ئورگانلىرى بىلەن بىرلىشىپ، ئۇيغۇرنىڭ دىنى ئەكابىرلىرىنىڭ، سىياسىي پائالىيەتلىرىنى، دۆلەت ۋە جەمئىيەت مۆتىۋەرلىرىنى، ئۇيغۇر مىللەتچىلىرىنى، ئىنقىلابچىلىرىنى ئۆلتۈرگەن ۋە قولغا ئالغان بولسا، بۇ پەقەت رۇس بىلەن خىتاينىڭ بىرلىشىپ، ھەمكارلىشىپ، ئۇيغۇر مىللەتچىلىرىگە قارشى تۇرۇشى ھېسابلىناتتى. ئەمدىلىكتە بەش دۆلەتنىڭ دىپلوماتىك مۇناسىۋىتى كىمگە، قايسى مىللەتكە قارىتىلدى؟ ئۇيغۇرغا، بىچارە ئۇيغۇرلارغا قارىتىلدى. بەش دۆلەتنىڭ ساقچىلىرى، جاسۇسلىرى ئوتتۇرا ئاسىيادا بىرلىشىپ ھەرىكەت قىلىپ، ئۇيغۇر ئىنقىلابچىلىرىغا قارشى تۇرماقچى بولۇشتى. بەش دۆلەت مۇناسىۋىتى ئارقىلىق ئۇيغۇرنىڭ بۈگۈنكى تەقدىرىنىڭ نېمە بولۇۋاتقانلىقىنى بىلىۋالغىلى بولامدۇ؟ ئەسلى ئۇيغۇر ئىنقىلاب تارىخىنىڭ يات مىللەتلەرنىڭ قولىدا ۋەيران، مەغلۇپ بولغانلىقىنمۇ كۆرۈۋالغىلى بولامدۇ؟ شۇ تارىخنىڭ بۈگۈن يەنە تەكرارلىنىۋاتقانلىقىنمۇ چۈشىنىۋالغىلى بولامدۇ؟

لېكىن مەسىلىنىڭ تۈگۈنى بۇ يەردىلا ئەمەس، يەنە باشقا يەردە ئىكەنلىكىنى كىم بىلىدۇ؟ بىز يۇقىرىدا ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىنىڭ پرېزىدېنتى كىلىنتوننىڭ بۇ قېتىم بېيجىڭدا رەئىس جياڭ زېمىن بىلەن سۆھبەتلەشكەندە ئۇيغۇر مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا قويغانلىقىنى كۆرۈپ ئۆتكەن ئىدۇق.

جياڭ زېمىن 7 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى شاڭگاڭدىن ئايرىلىپ، 2 ـ كۈنى كەچتە ئۈرۈمچىگە چۈشۈپ، كېچىلەپ ئۈرۈمچىدىن ئالمۇتىغا يېتىپ كېلىپ، بەش دۆلەتنىڭ خەلقئارا يىغىنىغا قاتناشتى. بىرنەچچە سائەت ئىچىدە بېيجىڭدىن شاڭگاڭغا، شاڭگاڭدىن ئۈرۈمچىگە، ئۈرۈمچىدىن ئالمۇتىغا، يەنە ئالمۇتىدىن ئۈرۈمچىگە، بېيجىڭغا ئۇچۇپ كەلدى. 70 ياشتىن ئاشقان جياڭ زېمىن ئۈچۈن بۇ سەپەر ھەقىقەتەن ئاسانغا توختىمايدىغان بىر سەپەر ئىدى.

پرېزىدېنت كىلىنتون 26 ـ كۈنى بېيجىڭغا چۈشۈپ، 30 ـ كۈنى شاڭگاڭغا بېرىپ 36 سائەت تۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن، جياڭ زېمىننىڭ قازاقىستانغا زىيارەت قىلىپ بەش دۆلەت يىغىنىغا قاتناشقىچە، جياڭ زېمىننىڭ دەم ئالماي زىيارەت قىلىشىنى، 10 كۈن ھودۇقۇپ، 10 كۈن ئالدىراپ كەتكەنلىكىنى، ئۇنىڭ سەپەر زىيارىتىنىڭ شۇنداق زىچ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىنى خەۋەر قىلغان خىتاي مەتبۇئاتلىرى: بۇ قېتىمقى زىيارەتنى بېيجىڭنىڭ سىياسەتچىلىرى چۈشىنەلمەيلا قالماستىن، ھەتتا، خىتاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ ئەمەلدارلىرىمۇ ھەيران قالدى، دەپ خەۋەر قىلىشتى. پرېزىدېنت كىلىنتون بېيجىڭنى زىيارەت قىلغان چاغلار، شاڭگاڭنىڭ خىتايىنىڭ ئەپكىشىگە قايتىپ كەلگىنىگە بىر يىل توشقان چاغلار ئىدى. مۇنداق ئەھۋالدا رەئىس جياڭ زېمىننىڭ ئاكتىپ

رول ئېلىشى تۇرغان گەپ ئىدى. بەش دۆلەت يىغىنى ۋە قازاقىستان زىيارىتى قاتارلىق مەجبۇرىيەتلەرنى جياڭ زېمىن كېچىكتۈرسىمۇ بولاتتى، لېكىن كېچىكتۈرمىدى. مەسىلەن: يىلتىسىن بۇ يىغىنغا تاشقى ئىشلار مىنىستىرىنى ئەۋەتىپ ئۆزى يىغىنغا كەلمەي قويدى (يىلتىسىننىڭ بۇ يىغىنغا قاتناشمىغانلىقى ئەلۋەتتە بىر خىل دىپلوماتىك كۆرسەتكۈچ دېيىلدى). جياڭ زېمىنمۇ شۇنداق قىلىشى مۇمكىن ئىدىغۇ؟! دېيىشتى خىتاي مەتبۇئاتلىرى.

لېكىن جياڭ زېمىن ئەسلىدىكى پىلانىنى ئىجرا قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، غەربكە ـ ئۈرۈمچىگە، ئالمۇتىغا زىيارەتكە باردى، نېمىشقا؟ نېمىشقا دەمسىز؟ ئەزىز ۋەتەنداشلىرىم!

پرېزىدېنت كلىنتون 6 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى بېيجىڭدا «جۇڭگو ئىگىلىك هوقۇق يۈرگۈزىدىغان تېررىتورىيىنىڭ دائىرىسى زادى قەيەردىن ـ قەيەرگىچە...؟» دېگەن ماۋزۇ ئاستىدا شاڭگاڭنىڭ دېموكراتىيىسى مەسىلىسىنى، تىبەت مەسىلىسىنى، تەيۋەن مەسىلىسىنى، ئۇيغۇرىستان مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا قويغان ئەمەسمىدى؟

خەلقئارا ۋەزىيەت جياڭ زېمىننىڭ كۈتكەن يېرىدىن چىقمىدى، تېررىتورىيە مەسىلىسى تىلغا ئېلىنىدى، كىرىمىل ئىمپېرىيىسى يىمىرىلگەندىن كېيىن، شاڭگاڭ جۇڭگوغا قايتۇرۇپ بېرىلگەندىن كېيىن، دۇنيانىڭ ۋەزىيىتى، خىتاينىڭ شۇنداق ۋەزىيەتتە تۇتقان ئورنى خىتاينىڭ مەيلىگە باقماي قالدى. ئۇيغۇرىستان مەسىلىسى ۋاشىنگتوندا ئەمەس، بەلكى دەل بېيجىڭدا ئوتتۇرىغا قويۇلدى. شۇڭا جياڭ زېمىن لاتا خەيلىرىنىڭ تىشلىپ كېتىشىگە قارىماي ئالمۇتىغا قاتراپ كېلىپ بەش دۆلەتنىڭ خەلقئارا يىغىنىغا قاتناشتى. جياڭ زېمىن هاجەتمەن بولۇپ

قالــدى، نــۆۋەتتىكى رېئاللىققــا مۇناســىۋەتلىك بەش دۆلەت ئىتتىپاقىغــا هــاجىتى چۈشــكەن بولســا جيــاڭ زېمىنىنــڭ كىشــىلەرگە ئېيتقىلــى بولمايدىغان يەنە قانداق مەسىلىلەر بويىچە هاجەتمەن بولۇپ قالدى جياڭ زېمىن؟ ئاللاھ بىلگۈچىدۇر.

## لوس ئانجېلېس ۋاقىت گېزىتى

1998 ــ يىلى 10 ــ ئاينىڭ 1 ــ كۈنى

بۇ گېزىتنىڭ ئاشكارىلىشىغا قارىغاندا 1964 ــ يىلىنىڭ باھار ئايلىرىدا ئامېرىكىنىڭ پرېزىدېنت جونسوننىڭ ياردەمچىلىرى ئامېرىكا ــ جۇڭگو قورۇقلۇقىنى بومباردىمان قىلىپ، جۇڭگونىڭ يادرو دۆلىتىگە ئايلىنىشىنى چەكلەش ــ كېرەكمۇ، يوق؟ دېگەن بىر قىيىن مەسىلىنى مۇزاكىرە قىلىشقا كىرىشكەن ئىكەن. ئامېرىكىنىڭ بىخەتەرلىك ئورگانلىرى بىر پارچە ئەسلەتمە تەييارلاپ، جۇڭگوغا ھۇجۇم قىلىپ، جۇڭگونىڭ يادرو قورال، ئەسلىھەلىرىنى بىتچىت قىلىشنى تەشەببۇس قىلغان ئىكەن. شۇنىڭدىن كېيىن مەركىزى ئاخبارات ئىدارىسى لوپنۇر كۆلى ئەتراپىدا جۇڭگونىڭ يادرو ئەسلىھەلىرىنى تەكشۈرۈش خىزمىتىنى مەخپىي باشلىۋەتكەن. ھەتتا، ئامېرىكا دۆلەت رەھبەرلىرى، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى رەھبەرلىرىگە بىرلىشىپ جۇڭگونى يوقىتىش توغرىسىدا تەكلىپمۇ بەرگەن ئىكەن.

ئامېرىكا ھۆكۈمىتى يېقىندا پرېزىدېنت جونسون دەۋرىدە ئامېرىكىنىڭ مەخپىي يولغا قويغان جۇڭگو سىياسىتىنى ئاشكارىلىغاندا، يۇقىرىقى مەخپىيەتلەر تۇنجى قېتىم پاش قىلىنغان ھېسابلاندى.

خىتاينىڭ يادرو قوراللىرىغا ئىگە بولۇشىنى چەكلەش لايىھىسى، پرېزىدېنت جونسون دەۋرىدىلا باشلانغان بولماستىن، پرېزىدېنت كېنىدى دەۋرىدىلا باشلانغان ئىكەن. ئۇ چاغدا جۇڭگوغا سىلىشتۇرغاندا، ئامېرىكا بىلەن سابىق سوۋېتلەرنىڭ دۆلەتلەر مۇناسىۋىتى ياخشى پەللىدە تۇراتتى.

پرېزىدېنت جونسون خىتاينىڭ يادرو قوراللىرىغا قانداق تاقابىل تۇرۇش مەسىلىسىنى قايتا ــ قايتا مۇزاكىرە قىلىپ، ئون كۈندىن كېيىن

سابىق سوۋېتلەرنىڭ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدا تۇرۇشلۇق ۋەكىلى دوبىرنىننى زىياپەتكە تەكلىپ قىلىپ، ئامېرىكا تەرەپنىڭ، خىتاينىڭ يادرو قوراللىرىغا بىرلىشىپ قارشى تۇرۇش تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويغاندا، دوبىرنىن رەت قىلىپ:

— سوۋېتلار ئىتتىپاقى «جۇڭگونىڭ يادرو دۆلىتىگە ئايلىنىشىنى تەبىئىي ئىش» دەپ قارايدۇ، دېگەن. سوۋېتلەرنىڭ ۋەكىلى، ئامېرىكا بىلەن بىرلىشىپ ھەرىكەت قىلىپ، خىتاينىڭ يادرو دۆلىتىگە ئايلىنىشىغا قارشى تۇرۇشقا قىزىقمايدىغانلىقىنى، جۇڭگو بىلەن مۇناسىۋەتنى ياخشىلاپ، 50 ـ يىللاردىكىگە ئوخشاش، قوشنىدارچىلىق مۇناسىۋىتى ئورناتماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى ئېيتقاندىن كېيىن، پرېزىدېنت جونسون ھۆكۈمىتى ئاخىرى ئۆز ئالدىغا ھەرىكەت قىلىشنى ئويلاشقان ئىكەن.

كېيىنكى بەش يىل ئىچىدە رۇسىيە بىلەن جۇڭگونىڭ ئوتتۇرىسىدا تالاش ـ تارتىشلار كۆنسايىن كەسكىنلىشىشكە باشلىدى. ئارقىدىنلا ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدا، چېگرىدا قوراللىق توقۇنۇش يۈز بەردى. 60 ـ يىللار ئاخىرلىشىشتىن بۇرۇن ئەمدى سابىق سوۋېتلار ھۆكۈمىتى ئامېرىكا ھۆكۈمىتىگە:

— ئامېرىكا سوۋېتلار بىرلىشىپ، جۇڭگوغا تاقابىل تۇرۇش تەكلىپىنى تۇنجى بولۇپ ئوتتۇرىغا قويدى. لېكىن بۇ چاغدا ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىنىڭ پرېزىدېنتى نىكسون جۇڭگو بىلەن دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورنىتىشقا ئالدىراپ يۈرەتتى.

## بۈگۈن...

1998 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى

بۈگۈن خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدا دائىمىي تۇرۇشلۇق ۋەكىلى چىلك خىۋا سۇن (1966 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ ئومۇمى يىغىنىدا ماقۇللانغان «پۇقرالار ھوقۇقى ۋە سىياسىي ھوقۇق ئەھدىنامىسى») غا ئىمزا قويدى.

قائىدە بويىچە ئاتالمىش جۇڭخۇا خەلق رېسپوبلىكىسىنىڭ ئاتالمىش خەلق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى، بۇ ئەھدىنامىنىڭ جۇڭگو تېررىتورىيىسىدە يولغا قويۇلۇشىنى تەستىقلىغاندىن كېيىن، ئەھدىنامە ئاندىن كۈچكە ئىگە بولىدىكەن. جۇڭگو بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىغا ئەزا بولۇپ كىرىدىغان ئەينى چاغدا، خەلقئارا جەمئىيەت جۇڭگونىڭ شۇ ئەھدىنامىسىگە قول قويۇشى توغرىسىدا نېمىشقا جۇڭگو ھۆكۈمىتىگە بېسىم ئىشلەتمىگەن؟ خەلقئارا سىياسەتنى، خەلقئارا تەرتىپنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى چۈشەنگىلى بولمايدۇ، يا؟

«پۇقرالار ھوقۇقى ۋە سىياسىي ھوقۇق خەلقئارا ئەھدىنامىسى»نىڭ 1 ـ قىسىم، 1 ـ ماددىسىدا: «بارلىق خەلقلەر ئۆز تەقدىرىنى ئۆزلىرى بەلگىلەش» ھوقۇقىغا ئىگە. ئۇلار بۇ خىل ھوقۇققا تايىنىپ ئۆزلىرىنىڭ سىياسىي ئورنىنى ئۆزلىرى ئىختىيارى بەلگىلەشكە، ئۆزلىرىنىڭ ئىقتىسادى، جەمئىيەت ۋە مەدەنىيەت تەرەققىياتىغا ئىختىيارى ئىزدىنىشكە ھوقۇقلۇق دەپ بەلگىلەنگەن بولسا، 2 ـ ماددىسىدا: «بارلىق خەلقلەر ئۆزلىرىنىڭ مەقسەتلىرى ئۈچۈن، تەبىئىي بايلىقلار ۋە بايلىق مەنبەلىرىنى ئىختىيارى بىر تەرەپ قىلىپ، ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش پرىنسىپىغا

ئاساسلانغان، خەلقئارا قانۇنلار ئارقىلىق ئوتتۇرىغا چىققان ھەرقانداق مەجبۇرىيەتكە زىيان سالماسلىقى كېرەك» دەپ بەلگىلەنگەن.

## تەيۋەن

1998 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى

تەيۋەن تەرەپنىڭ سۆھبەت ۋەكىلى گو جىن فۇ بىلەن خىتاي ـ جۇڭگو تەرەپنىڭ سۆھبەت ۋەكىلى ۋاڭ داۋ خەن 1998 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى بېيجىڭدا سىياسىي سۆھبەت ئۆتكۈزدى. سۆھبەتنىڭ باشلىنىشى پرېزىدېنت كىلىنتوننىڭ بېيجىڭ زىيارىتىگە باغلىق ئىدى.

سىياسىي سۆھبەتتە تەيۋەننىڭ سىياسىي تاكتىكىسى مۇنداق بولدى:

بۆلۈنۈپ تۇرغان ئىككى جۇڭگو سىياسىي پاكىت ئۈستىدە چىڭ تۇرۇش، ئىككى قىرغاق ھاكىمىيەتلىرى تەڭ دەرىجىلىك سىياسىي گەۋدە بولغانلىقتىن ھازىر «بىر جۇڭگو» مەسىلىسى ئەسلا مەۋجۇد ئەمەس. 1912 ـ يىلى قۇرۇلغان جۇڭخۇا مىنگو ھۆكۈمىتى تەيۋەندە مەۋجۇد بولۇپ تۇرماقتا، تەيۋەننىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى پۈتۈن تەيۋەن خەلقىگە مەنسۇپ، تەيۋەننىڭ سىياسىي تەقدىرىنى پەقەت تەيۋەن خەلقىلا بەلگىلەيدۇ. ھەقىقىي مەنىدىكى «بىر جۇڭگو» تەيۋەن ـ جۇڭگو بىرلەشكەندىن كېيىن ئوتتۇرىغا چىقىشى مۇمكىن. تەيۋەن «بىر جۇڭگو» دەپ تەكىتلەيدىغان خەتەرلىك قىلتاقنى ھەرگىز چۈشەنمەيدۇ، ھەمدە خەلقئارا «بىر جۇڭگو» دەيدىغان تاتلىق تەپەككۇرنى بىتچىت قىلىپ، بېيجىڭ ھۆكۈمىتىدىن رېئاللىقنى ھۆرمەت قىلىشنى، ئىككى قىرغاق مۇناسىۋىتىنى ياخشىلاشنى تەلەپ قىلىدۇ.

ئىككى قىرغاق تېخى بىرلەشمىگەن ئەھۋال ئاستىدا، تەيۋەن ـ جۇڭخۇا مىنگونىڭ ئىگىلىك ھوقۇقلۇق مۇستەقىل دۆلەت ئىكەنلىكىدە؛ دىپلوماتىيە ماكانىنى ئېچىشقا تولۇق ھوقۇقلۇق ئىكەنلىكىدە؛ تېخىمۇ كۆپ دۆلەتلەرنىڭ ئېتىراپ قىلىشىنى قولغا كەلتۈرۈشتە ھەمدە تېخىمۇ

كۆپ خەلقئارا تەشكىلاتلارغا، جۈملىدىن بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىغا ئەزا دۆلەت بولۇپ كىرىشتە؛ شۇنىڭ ئۈچۈن بېيجىڭنىڭ قامال قىلىشىنى بۆسۈپ تاشلاپ، دىپلوماتىك بېسىم ئىشلىتىشتىن بېيجىڭنىڭ ۋاز كېچىشىنى تەلەپ قىلىشتا چىڭ تۇرىدۇ.

تەيۋەن ــ تەيۋەن بىلەن جۇڭگونى بىرلىككە كەلتۈرۈش جۇڭخۇا مىنگونىڭ ئەڭ ئاخىرقى نىشانى ئىكەنلىكىنى؛ بۇ مەقسەتكە يېتىشنىڭ ئۇسۇلى ــ ئىككى قىرغاق ئوتتۇرىسىدىكى تالاش ــ تارتىشلارنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىش ئىكەنلىكىنى تەكىتلەيدۇ ھەم بېيجىڭنىڭ تەيۋەنگە ھەربىي تەھدىت سېلىشتىن ۋاز كېچىشىنى تەلەپ قىلىدۇ.

جۇڭگو ــ تەيۋەنگە قورال ئىشلىتىشتىن ھازىرغىچە ۋاز كەچمىگەنلىكتىن، تەيۋەن دۆلەت مۇداپىئە كۈچىنى ئاكتىپ كۈچەيتىپ، ئىلغار قوراللارنى چەت ئەللەردىن سېتىۋالىدۇ.

تەيۋەن ــ ئىككى قىرغاقنى بىرلىككە كەلتۈرۈش مەقسىتىنىڭ ئەمەلىيەتتە جۇڭگونى دېموكراتىيىلەشتۈرۈش ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەنلىكتىن «بىر دۆلەتتە ئىككى خىل تۈزۈم» سىياسىي ئەندىزىسىنى قەتئىي رەت قىلىدۇ. ئىككى قىرغاقنىڭ ئەركىن، دېموكراتىك، ئورتاق پاراۋانلىققا ئېرىشىدىغان بىر دۆلەت، بىر تۈزۈم بەرپا قىلىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ.

بېيجىڭ دىپلوماتىك بېسىم ئىشلىتىش، ھەربىي جەھەتتە تەھدىت سېلىش قىلىقلىرىنى ئۆزگەرتمەستىن بۇرۇن، تەيۋەن ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش سىياسىتىنى ئۆزگەرتمەيدۇ ۋە ئۈچ تەرەپلىك قاتناشنى يولغا قويۇش سىياسىتىنى يولغا قويمايدۇ.

تەيۋەن ئىككى قىرغاق ئوتتۇرىسىدا تۈزۈملەشكەن مەسلىھەتلىشىش فۇنكسىيىسىنى يولغا قويۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. سىياسىي سۆھبەتلىشىشنىمۇ چەتكە قاقمايدۇ. لېكىن ھازىرقى باسقۇچتا ئىككى قىرغاق كومىتېتلىرى ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ئاۋۋال مۇھاكىمە قىلىشىلىرى كېرەك؛ ئەڭ قىيىن سىياسىي مەسىلىلەر سۆھبەت جەريانىغا كىرىپ قالماسلىقى لازىم.

تەيۋەن ـ بۇرۇن تۈزۈلگەن «پەۋقۇلئاددە ۋەزىيەت» قانۇنىنى 1991 ـ يىلى بىكار قىلغانلىقىنى، شۇنىڭدىن كېيىن جۇڭگونى «ئىسيان كۆتۈرگەن ئۆلكە» قاتارىغا كىرگۈزمىگەنلىكىنى تەكىتلەيدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن جۇڭگو بىلەن دۈشمەنلىشىشنى توختىتىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن جۇڭگو تەيۋەنگە قاراتقان دۈشمەنلىكنى بىكار قىلىشى كېرەك.

تەيۋەن ـ پرېزىدېنت لى دىڭخۇينىڭ جۇڭخۇا مىنگونىڭ پرېزىدېنتى سۈپىتىدە جۇڭگونى زىيارەت قىلىپ، لى دىڭخۇي ـ جياڭ زېمىن سۆھبىتىنى ئۆتكۈزۈپ، ئىككى قىرغاقنىڭ ئوخشاش دەرىجىلىك سىياسىي گەۋدىلىك ئورنىنى گەۋدىلەندۈرۈشتە چىڭ تۇرىدۇ.

چەت ئەللەردە ياشاۋاتقان مۇھاجىرلارنىڭ بېيجىڭغا ئېقىپ كېتىشىگە قارشى تۇرۇپ، مۇھاجىرلار ئارىسىدا تەيۋەن تەسىرىنى ساقلاپ قالىدۇ ۋە ئەمەلىي دىپلوماتىيىگە ماسلىشىدۇ. يۇقىرىقى تۈرلەر ھازىرقى كۈندە تەيۋەن بىلەن جۇڭگو ئوتتۇرىسىدىكى سىياسىي سۆھبەتنىڭ ۋە سىياسىي كۈرەشنىڭ تەيۋەنگە خاس نېگىزلىك تاكتىكىسى بولۇپ كەلمەكتە.

## ھەربىر ئادەم...

(كىتاب ئوقۇش تەسىراتلىرى)

1998 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى

ھەربىر ئادەمدە ئادەمگە خاس سالاھىيەت بولۇشى لازىم. يۇنان دەۋرىدە پەيلاسوپ ئېپىك تىتوس (Epik Tetos): «ئېسىڭدە بولسۇن سەن يازغۇچىلار يازغان تىياتىرلاردا بەلگىلەپ بەرگەن رولنى ئوينايسەن (رولنى ئالىسەن)... بەلگىلەنگەن رولنى قالتىس ئويناش ياكى قالتىس ئورۇنلاش سىنىڭ ۋەزىپەڭ» دېگەن ئىكەن. شۇنىڭغا ئوخشاش ئادەملەر جەمئىيەتتە كىشىلىك تۇرمۇش سەھنىسىدە ئۆزىنىڭ رولىنى ئېلىشى كېرەك ياكى بەلگىلەنگەن رولنى ئوينىشى كېرەك.

ئادەملەرنىڭ كىشىلىك تۇرمۇش سەھنىسىدە رول ئېلىشى بىر خىل رول ئېلىش بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ، ئادەم كىشىلىك تۇرمۇش، كىشىلىك ھايات سەھنىسىدە بىرقانچە خىل رولنى ئارىلاشتۇرۇپ ئويناشقا مەجبۇر بولىدۇ. مەسىلەن: دوختۇرخانىدا دوختۇر بولغان ئەر كىشى ئۆيىگە قايتىپ كەلگەندە پەرزەنتلىرىگە دادا بولىدۇ؛ دوختۇرخانىدا دوختۇر بولغان ئايال كىشى ئۆيىگە قايتىپ كەلگەندە پەرزەنتلىرىگە ئانا بولىدۇ. بەلكى بۇ ئانا مەلۇم بىر ئەرنىڭ ئايالى بولىدۇ، بەلكىم بۇ دادا مەلۇم ئايالنىڭ ئېرى بولىدۇ. ئىجتىمائىي جەمئىيەتتە ھەرخىل روللارنى ئوينىيالايدىغان ئادەملەر، ھاياتتا خىلمۇخىل رولنىڭ كېسىشكەن نۇقتىسىدا، ھەرخىل رولنىڭ ئارىلاشقان نۇقتىسىدا تۇرغان ئادەم بولغاچقا ئەينى چاغدا بۇ ئادەم ھەرخىل رولنىڭ كېسىشكەن نۇقتىسى بولۇپ قالىدۇ. لېكىن بۇ ئادەم ھەرخىل رول ئېلىش جەريانىدا، رول ئېلىش تەرتىپلىرىنىڭ ئىچىگە كۆمۈلۈپ قالماي، قانداق رول ئېلىشقا مەجبۇر بولۇپ قالسا، شۇنداق

روللارنى ئويناشقا كۆنۈپ كەتمەي، تاللاش ئەركىنلىكىنى، رەت قىلىش ئەركىنلىكىنى ئىشقا سالالايدىغان ئادەم بولۇشى كېرەك.

ھەرقانداق رول ئېلىش شۇ ئادەم ياشاپ تۇرغان جەمئىيەتنىڭ ئومۇمى كەيپىياتى بىلەن بىردەك بولىدۇ. جەمئىيەت ھالىتى ئېلىشقا تېگىشلىك روللارنىڭ خىلمۇ خىللىقىنى بەلگىلەيدۇ. مەسىلەن: بىز ئۇيغۇر جەمئىيىتىنى ئىككى خىل كەيپىياتلىق جەمئىيەت، دەپ ئىككىگە بۆلىمىز. 1. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى تەكىتلەيدىغان، خىتاينىڭ مۇستەملىكە ئۇيغۇرىستاندا مىللىي ھۆكۈمرانلىقىنى قانۇنلاشتۇرۇشقا ئۇرۇنىدىغان، مۇرەسسە، مادارا، ئىناقلىقنى تەكىتلەيدىغان، بىر تەرەپ زىددىيەتلەرنىڭ ئاساسلىق تەرىپىدۇر. 2. مۇرەسسە، مادارا، ئىناقلىقنى تەكىتلىمەيدىغان، خىتاينىڭ مىللىي ھۆكۈمرانلىقىنى ئىنكار قىلىدىغان، مىللىي مۇستەقىللىقنى ياقلايدىغان جەمئىيەت كەيپىياتى، 1 ـ خىلدىكى جەمئىيەت كەيپىياتىغا قارشى قويۇلغان كەيپىياتتۇر. ئىككى خىل كەيپىيات بىرىكىپ ياكى قارىمۇ قارشىلىق ئىچىدە بىرلىك ھاسىل قىلىپ، جەمئىيەتنىڭ ئومۇمى كەيپىياتىنى ھاسىل قىلىدۇ.

قېنى ئۇيغۇر ئادەملەر؟ سىلەر قايسى تەرەپلىك روللارنى تاللىۋېلىپ يەنە كىشىلىك تۇرمۇش ساھەسىدە قايسى تەرەپلىك روللارنى ئويىنىشىڭلار كېرەك. شۇ سوئاللارغا بىنائەن كىشىلىك ھاياتتا رول ئېلىشنى شۇ جەمئىيەتنىڭ ئومۇمى كەيپىياتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ قارايمىز.

كىشىلىك ھايات سەھنىسىدە رول ئېلىش جەريانىدا، ھەرخىل روللارنىڭ ئىچىگە كۆمۈلۈپ قالماسلىق نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، ئادەم ئىجتىمائىي ئادەم ھېسابلانسا، شۇ ئادەم ئۆزىنىڭ خاسلىقىنى ساقلاپ قېلىش بويىچە ئايرىم ئادەم ھېسابلىنىدۇ. ھەرخىل روللارنى ئويناشقا توغرا

كەلگەندە، ئۆزىنىڭ مەۋقەسىگە ئاساسلىنىپ ئادەم قايسى جەھەتتە رول ئېلىشنى تاللىۋالسا يەنە قايسى جەھەتتە رول ئېلىشنى رەت قىلىدۇ. بەزىلەر خىتايغا جاسۇس بولۇپ خىزمەت قىلىشنىڭ، كوممۇنىستىك پارتىيىگە ئەزا بولۇپ كىرىشنىڭ يولىنى، ئويناشقا رولىنى تاللىۋالدىغان بولسا، بەزى ئۇيغۇر ئادەملەر جاسۇس، كوممۇنىست بولۇپ رول ئېلىشنىڭ يولىنى رەت قىلىدۇ. بەلكى ئۆز مىللىتىنىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن ئاللاھقا جەڭچى بولۇشنىڭ يولىنى ۋە رولىنى تاللىۋالىدۇ. چۈنكى، ئۇيغۇر جەمئىيىتى مۇستەملىكە جەمئىيەت بولۇپ، ئىجتىمائىي شارائىت مىللىي ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچى خىتايلارنىڭ قولىدا بولىدىكەن، ئۇيغۇرلار مۇستەملىكە جەمئىيەتتە ھەرخىل روللارنى ئېلىشقا مەجبۇر بولىدۇ. مەسىلەن: ئۇيغۇرلار باشتا ئېيتقاندەك، خىتاينىڭ كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە ئەزا بولۇپ كىرىشى كېرەك؛ خىتاينىڭ جاسۇسلۇق ئورگانلىرىغا جاسۇس بولۇپ يېزىلىشى كېرەك؛ خىتاينىڭ ساقچى قىسىملىرىغا ساقچى بولۇپ كىرىشلىرى كېرەك؛ خىتاينىڭ ساختا قانۇن تارماقلىرىغا سوتىيە بولۇپ كىرىشلىرى كېرەك؛ ئۇيغۇرلار خىتاينىڭ تەشۋىقات ـ تەرغىبات، نەشرىيات مەتبۇئات ئورگانلىرىدا گۇپپاڭچىلىق رولىنى ئېلىشى كېرەك؛ بەزىلەر قاپقىيەلەردىن قوشاق ئوقۇپ ئوردا شائىرى بولۇشلىرى كېرەك. خىتاينىڭ «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى» سىياسىتىنى تەشۋىق قىلىشلىرى كېرەك. قىسقىسى، دراماتۇرگ يازغان ئەسەرلىرىدە ئارتىسلارغا قانداق روللارنى بەلگىلەپ بەرگەن بولسا، مۇستەملىكە ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە، خىتايلار بەلگىلەپ بەرگەن روللارنى ئوينىغۇچى ئۇيغۇرلارمۇ، بەلگىلەنگەن روللارنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىپ، خىتايلارنىڭ

كۆڭلىگە يېقىش ئۈچۈن يۇقىرىقى روللارنى قالتىس ئويناپ چىقىشلىرى كېرەك.

بىز يۇقىرىدا بەلگىلەنگەن روللارنى ئوينايدىغان ئادەم ئىجتىمائىي ئادەم ھېسابلىنىدۇ، دېگەن ئىدۇق. شۇنداقلا بۇ ئادەم ئىجتىمائىيلىقنىڭ بىر تەرىپى، دەپ قارىلىپ كەلگەن، ئۆزىنىڭ خاسلىقىنى ساقلاپ قالالايدىغان ئايرىم ئادەم، رول ئېلىشنى قوبۇل قىلىدىغان ۋە رول ئېلىشنى رەت قىلالايدىغان ئەركىن ئادەم دېگەن ئىدۇق. ھازىرغىچە خىتاينىڭ بەلگىلەپ بەرگەن روللىرىنى رەت قىلىپ، ئۆزىنىڭ يەككە ئادەملىكىنى، ئۆزىنىڭ ئادەمىيلىك خاسلىقىنى، ئەركىن ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلەلىگەن ۋە بۇ خۇسۇسىيەتلەرنى ساقلاپ قالالىغان، ھايات ياشاۋاتقان ئادەملەردىن قانچىسى باردۇر؟ خاسلىقىنى  ساقلاپ قالالىغان بۇ ئۇيغۇر ئادەملەرنى ھەقىقىي ئادەم دېگۈلۈك، شۇنداق ئادەملەر باشقىلارغا ئارىلىشىپ ياشاۋاتقان ئۇيغۇر جەمئىيىتىنى ئۈمىدلىك جەمئىيەت، دەپ باھالىغۇلۇق! مۇبادا بۇ خىل جەمئىيەتتە خىتاي مۇستەملىكىچىلىرى بەلگىلەپ بەرگەن رول ئېلىش تەرتىپلىرىنى رەت قىلىپ بىر ئۇيغۇر ئوتتۇرىغا چىققان بولسا بىرنى، ئون ئۇيغۇر ئوتتۇرىغا چىققان بولسا ئوننى تەكرارلايمەن، يۇقىرىقىدەك رول ئېلىش ھالەتلىرىدە، مىللىتىنىڭ مەنپەئەتىگە خىلاپ روللارنى ئېلىشنى رەت قىلىپ، ئۆزىنىڭ خاسلىقىنى يۇقىرىقىدەك خۇسۇسىيەتلەرنى ساقلاپ قالالىغان بولسا، بىز بۇنداق كىشىلەرنى ئۇيغۇرنىڭ مۇستەملىكە جەمئىيەت رېئاللىقىدىن ھالقىپ كەتكەن كىشىلەر قاتارىغا قويۇپ مۇئامىلە قىلغان بولاتتۇق ۋە باھا بەرگەن بولاتتۇق. شۇنداق بولغاندىلا مۇئەييەن سالاھىيەتنى تەييارلىغان ھەربىر

ئۇيغۇر كىشى ئۆزىنىڭ خاسلىقى ۋە ئايرىم ئادەملىكىنى ساقلاپ قالالىغان ئۇيغۇر كىشىلەر بولۇپ ھېسابلىناتتى.

ھەربىر ئادەم كىشىلىك تۇرمۇشتا ھەرخىل روللارنى ئوينىيالايدىكەن، ئوخشاشلا رول ئېلىشنى رەت قىلىسمۇ، قوبۇل قىلىسمۇ بولىدىكەن، شۇڭا بۇنداق ئادەم بىر جەمئىيەتتە ھەم ئىچكى مايىللىقتا ئىگە ئادەم ھەم تەپەككۇر ئىقتىدارى، ھەددى ـ ھەرىكەت ئەمەلىي جەھەتلەردە جەمئىيەتتىن، رېئاللىقتىن ھالقىپ كەتكەن ئادەم ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا ئادەملەر ئىچكى مايىللىققا ئىگە ئادەملەر ۋە ھالقىپ كېتىش روھىغا ئىگە ئادەملەر ۋە بەزىدە ئىككى تەرەپلىمىلىككە ئىگە ئادەم بولۇپ قالىدۇ. گېرمانىيىلىك پەيلاسوپ ھېرىگېرنىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا: «ئادەم دۇنيادا رېئاللىق ئىچىدە مەۋجۇد بولۇپ تۇرىدۇ». بۇ دېگەنلىك ئادەم دۇنيادا مەۋجۇد بولۇپ تۇرغاندا ئىستاكاندىكى سۇدەك جىمجىت مەۋجۇد بولۇپ تۇرمايدۇ. بۇ يەردە «مەۋجۇد» بولۇپ تۇرۇش، ئوتتۇرىغا چىقىش ھە دېگەندە ھەمىشە دېگۈدەك «ئۆزلۈك» ئۆزىنى تونۇپ يەتكەن، بەلكى تىنىمسىز ھەرىكەت ئارقىلىق ئۆزىنى تونۇپ يەتكەن ۋە ھەرىكەت ئارقىلىق ئۆزىنى ئىپادىلىگەن «ئۆزلۈك» ۋە «مەۋجۇد» لۇق، دېگەنلىكتۇر. مۇشۇنداق قائىدىلەرگە ئاساسلانغاندا «دۇنيادا رېئاللىق ئىچىدە مەۋجۇد بولۇپ تۇرۇش» ئادەملەرنى ئىچكى مايىللىققا ئىگە ۋە ھالقىپ كېتىش روھىغا ئىگە قىلىدىغان مەۋجۇد بولۇپ تۇرۇشتۇر.

ئادەملەر شەيئىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلەردە شەيئىلەرنى قانداق چۈشىنىدۇ؟ ئىككى تەرەپتىن ـ ئىچكى مايىللىق بىلەن چۈشىنىش ۋە ئۆزىنى خىلمۇخىل شەيئىلەرنىڭ ئىچىگە قويۇپ شەيئىلەرنى چۈشىنىشنى ئىشقا ئاشۇرىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا بۇ ئادەم بىر تەرەپتىن شۇ شەيئىنىڭ

تەقلىدى بولۇپ قالسا، يەنە بىر تەرەپتىن (بۇ) ھەربىر ئادەم، شەيئىلەرنى، دەۋرنى چۈشەنگەندە ھالقىپ چىقىپ چۈشەنگۈچى بولۇپ قالىدۇ. مەسىلەن: خىتايلار مۇستەملىكىچى؟ ئۇيغۇرلار مۇستەملىكە بولۇپ قالغۇچى؛ ئىككى مىللەتنىڭ مىللەتلىك مۇناسىۋەتلىرىنى بىر سىياسىي ھادىسە ئورنىغا قويۇپ مۇئامىلە قىلساق، بۇنداق سىياسىي ھادىسىنىڭ مۇستەملىكىچىلىك خاراكتېرىنى چۈشەنگەن ئادەملەر رېئاللىقتىن ھالقىپ كەتكەن ئادەملەر؛ مۇستەملىكىچىلىك خاراكتېرىنى چۈشەنمىگەن ئادەملەر شۇ سىياسىي ھادىسىنىڭ تەقلىدى بولۇپ قالغان ياكى مۇستەملىكىچى خىتايلار ياساپ چىققان ئادەملەردۇر.

ئادەم ئۆزىنىڭ سالاھىيىتىنى تەييارلىماقچى بولىدىكەن، تۆۋەندىكى بىرقانچە شەرتلەرنى ئورۇنلىشى كېرەك.

ھەددى ـ ھەرىكەتلەرنىڭ سۇبيېكتى بولغان سالاھىيەتنى مىسالغا ئالساق ئادەم ھەمىشە دېگۈدەك سالاھىيەت تەييارلاپ ھەرىكەت قىلمايدۇ. مەسىلەن: گۆدەكلەرنىڭ سالاھىيەت تەييارلاش مۇمكىنلىكى بولسىمۇ، لېكىن بۇنداق مۇمكىنلىكنى يېتىلگەن ئادەملەرنىڭ سالاھىيىتى، دەپ قاراشقا بولمايدۇ. قۇلنىڭ ۋۇجۇدىدىن سالاھىيەت تەييارلاش ۋە سالاھىيەتكە ئېرىشىش ھوقۇقىنى ئىزدەپ تاپقىلى بولمايدۇ. چۈنكى، ئادەملەر سالاھىيەت تەييارلاش ئۈچۈن تۆۋەندىكى شەرتلەرنى ئاۋۋال ھازىرلىشى لازىم بولىدۇ.

سۇبيېكت ـ سالاھىيەت ئۆزلۈك ئېڭىنىڭ سۇبيېكتى ھېسابلىنىدۇ. گەرچە سالاھىيەت ئەركىن سۇبيېكت ھېسابلانسىمۇ، سۇبيېكتنى ئىنتايىن ئېنىق تونۇمىغاندا سالاھىيەتنى تونۇپ يەتكىلى بولمايدۇ. ئادەتتە ئاڭ دېگىنىمىز بۇ ئۆزلۈك ئېڭى دېگەنلىك ھېسابلانسا، دېمەك، ئاڭ ئۆزلۈكنى

مۇقىملاشتۇرىدىغان نەرسىدۇر. ئادەمنىڭ ۋۇجۇدىدا ئاڭ قانچە قويۇقلاشقانسېرى ئۆزلۈك ھەم شۇنچە قويۇقلاشقان بولىدۇ. ھەسسىلەپ قوشۇلۇپ (جەمئىيەت ھادىسىلىرىنى سىنتېزلاپ) ئاڭ قانچە كۆپەيگەنسېرى ئىرادە شۇنچە كۈچەيگەن بولىدۇ. شۇڭا يېتىلمىگەن گۆدەكنىڭ ۋۇجۇدىدا سالاھىيەت تەييارلاش مۇمكىنلىكى بولسىمۇ بۇنداق مۇمكىنلىكنى ئادەتتە سالاھىيەت دەپ ئاتاشقا مۇمكىن بولمىغانلىقتىن، شۇ گۆدەكتە ئۆزلۈك ئېڭىنىڭ بولماسلىقى تەبىئىيدۇر.

ئادەم مەيلى قانداق ئادەم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر مەلۇم خاراكتېرگە ئىگە بولسىمۇ، لېكىن مۇنداق خاراكتېرنى ئالاھىدە سالاھىيەت، دەپ ئېيتىشقا بولمايدۇ، چۈنكى، ئۆزىنى ئۆز خاراكتېرىنىڭ سۇبيېكتى دەپ تونۇيالىغان ئادەملەرلا سالاھىيەتلىك ئادەم ھېسابلىنىدۇ. بۇنداق تونۇش ئۆزىنى تونۇش باسقۇچىدا توختاپ قالماستىن، بەلكى تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئۆزىنى ئوبيېكتلاشتۇرۇپ قايتا تەپەككۇر قىلىشى كېرەك. ئۆزلۈكنى بۇ خىلدا قايتا تەپەككۇر قىلىش ئېتىكا ساھەسىدە ئۆزلۈكنى ئىختىيارى تەنقىد قىلىش دېگەنلىك دېيىش ئارقىلىق كونكرېتلاشتۇرۇشقا بولىدۇ. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا سالاھىيەت ئۆزى تەپەككۇر قىلالايدىغان ئادەمنىڭ ئىدىيىسىنىڭ باشقىلارنىڭ ئىدىيىسىدىن پەرقلىنىدىغانلىقىنى تونۇپ يېتەلىگەن ئادەمنىڭ سالاھىيىتىدۇر. سالاھىيەت ھەممە كىشىلەردە بولۇۋەرمەيدۇ. تەپەككۇر قىلىش قابىلىيىتى يوق گۆدەكنىڭ ئاتا ـ ئانىسىغا شاتۇتىدەك ئەگىشىپ يۈرگىنى يۈرگەن. بۇ سەۋىيىدە توختاپ قالغاندا سالاھىيەت تەييارلىغىلى بولمايدۇ. شۇڭا، سالاھىيەت بۇ يەردە تەپەككۇر قىلغۇچى سۇبيېكت، دەپ قارىلىشى كېرەك.

* * * * *

بىردەكلىك، (مۇددىئا مۇناسىۋەتلىرى) ساراڭنىڭ سالاھىيىتى بولىدۇ، دېگەن گەپنى شۇنىڭ ئۈچۈن چۈشەنگىلى بولمايدۇكى، چۈنكى، ساراڭنىڭ پائالىيىتى بىردەكلىككە ئېرىشەلمىگەن تۇتۇرۇقسىز پائالىيەتتۇر. مەسىلەن: سالاھىيەتلىك تۇرمۇشنىڭ ئۆزىگە خاس يادروسى بولۇپ، ئۇ مەنىۋى ئالەمنى تەشكىللىگەن بولىدۇ. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا سالاھىيەت غالجىرلىق بولماستىن، بەلكى ئەقىل ۋە پاراسەتتۇر.

ئادەتتە سالاھىيەتلىك پائالىيەتنى ئىچكى مۇددىئالارنىڭ تاشقى ئىپادىسى دەپ چۈشىنىش كېرەك؛ چۈنكى ئىپادىلەرنى چىك تۇتۇۋېلىپ ئىچكى مۇددىئالارنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋالغىلى بولىدۇ. ئەلۋەتتە، بۇنداق ئەھۋالدا قارشى تەرەپنىمۇ ئەقىللىق، پاراسەتلىك دەپ چۈشىنىش كېرەك. كۆپىنچە ئەھۋاللاردا خاتا چۈشەنچىلەرمۇ پەيدا بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. قارشى تەرەپنى ئەقىللىق ـ پاراسەتلىك دەپ چۈشىنىدىكەنمىز، ئۇ كىشى ئەقىلگە مۇۋاپىق بولمىغان ئىشلارنى قىلىپ قويغاندىمۇ ئىلاجىمىزنىڭ بارىچە ئۇنىڭ مۇددىئاسىنى چۈشىنىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ. قارشى تەرەپنىڭ روھى ھالىتى بىنورمال ھالەتتە تۇرغاندا ئۇنىڭ ئىچكى مۇددىئالىرىنى چۈشىنىشتىن ۋاز كېچىشىمىز لازىم. چۈنكى، بۇنداق چاغدا قارشى تەرەپنىڭ ئىپادىسى بىلەن ئىچكى مۇددىئالىرىنىڭ ھېچقانداق باغلىنىشى بولمايدۇ. بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا بۇ ئادەمنىڭ پائالىيىتىنى مۇددىئالارنىڭ ئىپادىلىنىشى دەپ قارىماستىن، بەلكى خۇددى تەبىئىي ماددىلارنىڭ ھەرىكىتىنى سەۋەب، نەتىجىلىك بىلىش مېتودى بويىچە چۈشەنگەندەك قارشى تەرەپنىڭ ئىپادىسىنىمۇ شۇنداق چۈشىنىش لازىم. پەيلاسوپ دېلەي ۋىلگىلىم روھىيەتنىڭ سوبيېكتىلىق

قوْرۇلمىسىنى: «كەچۈرمىشلەر، چۈشىنىش ۋە ئىپادىلەش قاتارلىق ئۈچ خىل بىرلىكنىڭ بىر گەۋدىسى» دەپ چۈشەندۈرگەن.

قىسقىسى، بىزنىڭ كەچۈرمىشلىرىمىز ئىدراك، ھېسسىيات، مەنە ياكى بىلىش، باھالاشتىن تەركىب تاپقان بولىدۇ. يۇقىرىقى ئۈچ تەركىب بىر ـ بىرىگە ئالاقىدار ۋە باغلىنىشلىق بولۇپ، دىلەي ۋىلگىلىم ئېيتقاندەك قوْرۇلمىلىق مۇناسىۋەتلەرنى تەشكىللىگەن. بۇنداق قوْرۇلما سەۋەب ـ نەتىجىلىك قوْرۇلما ھېسابلانماستىن كەچۈرمىشلەر ئىچىدىكى ئۇ قىسىم بىلەن بۇ قىسىم، بۇ قىسىمنىڭ پۈتۈنلۈك بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدىغان قوْرۇلمىدۇر. بۇ قوْرۇلما مۇددىئالارغا ئالاقىدار بولىدۇ. بىلىش، باھالاش، ھەددى ـ ھەرىكەتلەرنىڭ ھەرقايسى ئۆز ئوبيېكتلىرى جەمەتلىك بولۇشى، دۇنيانىڭ ئوبرازى، قىممەت قاراش تەرتىپلىرى ۋە ئىشقا ئاشۇرۇلۇشى كېرەك بولغان غايىلەر ئەڭ يۇكسەك ئاقىلانىلىككە ئىگە بولۇشى كېرەك. بۇ ئۈچ تەرەپنىڭ مۇددىئاغا مۇناسىۋەتلىك تەرەپلىرىنى، ئالاقىلىرىنى بىز ئەلۋەتتە دۇنيا قاراش دەپ ئاتايمىز.

دۇنيا قاراش ئۆزىگە مەنسۇپ سۇبيېكتنى يەنى سالاھىيەتلىك ئادەمنىڭ ئېنىكلىق پوزىتسىيىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولىدۇ.

ئىختىيارلىق ـ چەكلىك سوبىستانىيە ھېسابلانغان ئادەم توغرىسىدا توختالساق بۇ ئادەم تاسادىپىيلىقتىن خالىي بولالمايدۇ. مەسىلەن: بەدەننىڭ ئىختىيارلىقى تاسادىپىيلىقتىن ئايرىلالماسلىقنىڭ سىمۋولىدۇر. شۇڭا ئادەم تاسادىپىيلىقنىڭ ئىچىگە كىرىپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ بەدىنىنى كونترول قىلىپ تۇرۇشى كېرەك. چۈنكى بەدەن ـ ۋۇجۇدنى سالاھىيەتنىڭ ئىختىيارىدىكى ئەڭ دەسلەپكى ماددا دېيىشكە بولىدۇ.

سالاھىيەت دۆلەت تۈزۈمى ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئىگىلىك ھوقۇقىنىڭ سۇبيېكتى بولىدۇ. لېكىن، قۇللۇق تۈزۈم شارائىتىدا قۇللارنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى بولمايدۇ. ھازىرقى زامان ئۇيغۇرلىرى ھەم قۇللاردۇر. چۈنكى سالاھىيىتى يوق بۇ ئۇيغۇرلار شۇنىڭ ئۈچۈن ئىگىلىك ھوقۇقى يوق ئۇيغۇرلاردۇر. قۇللار ئادەم بولسىمۇ، لېكىن سالاھىيىتى بولمىغانلىقتىن بىر خىل ماددا، بىر خىل بۇيۇم بولۇپ قېلىشۋېرىدۇ. قۇللار خوجايىنىنىڭ ماددىي مۈلكى بولۇپ، قۇللارنىڭ بارلىق ھەددى ـ ھەرىكىتى خوجايىنىنىڭ ئىرادىسى، داھىيسىنىڭ مەيلىگە بېقىنغان بولىدۇ. شۇڭا قۇللار سالاھىيەتنىڭ سۇبيېكتى بولالمايدۇ. بەلكى ئوبيېكتى بولىدۇ. مەسىلەن: ئاددىي بىر پاكىتنى مىسالغا ئالايلۇق، خىتايلار تۈزۈپ تارقاتقان ساختا قانۇنلارنىڭ سۇبيېكتى خىتايلار بولسا، قانۇننىڭ ئوبيېكتى، ئىجرا قىلىش ئوبيېكتى ئۇيغۇر قۇللاردۇر. شۇڭا خىتايلار قانۇننى ئىجرا قىلغۇچى خوجايىنلار، ئۇيغۇرلار قانۇن ئالدىدا ئىجرا قىلىنغۇچى قۇللاردۇر. ئۆزىگە خاس سۇبيېكتى بولمىغان، ئىرادىسىنىڭ كەلگۈسى داۋاملىقى كەم بولغان بۇنداق قۇللار بىلەن ئەھدىنامە، شەرتنامە تۈزۈش بۇياقتا تۇرسۇن، ھەتتا بۇ قۇللار بىلەن سۆھبەت قۇرۇش مۇمكىن بولمىغانىنىڭ سىرتىدا، يەنە ھەتتا، ئۇلارنىڭ ھەددى ـ ھەرىكەتلىرى، سۆز ـ ئىبارىلىرىمۇ ئېتىبارغا ئېلىشقا ئەرزىمەيدۇ. (ئىشەنمىسەڭلار خىتاي بىلەن ئۇيغۇرنىڭ مىللىي مۇناسىۋەتلىرىنى ئىنچىكىلىك بىلەن تەھلىل قىلىپ كۆرۈڭلار) شۇڭا بۇنداق قۇللارنى ئەخلاقى ئېتىكىلىق مەجبۇرىيەتنى ھۆددىگە ئېلىشقا قىستاشمۇ ئەھمىيەتسىز بىر ئىشتۇر.

قۇل دېگەن بۇ ئۇقۇمغا مۇئامىلە قىلغاندا، سالاھىيەتكە مۇناسىۋەتلىك تەرەققىيات جەريانىدا ھېچبولمىغاندا جەمئىيەتنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا

ئېرىشىشى لازىم. شۇنداق بولغانىدا ئەمەلىيەتتە ئادەمگە خاس بولغان سالاھىيەتنى بىلىش جەريانىدا ئىجتىمائىي تەربىيىنىڭ كەم بولسا بولمايدىغانلىقىنى تونۇپ يېتەلمەيمىز. بىراق، شۇ نەرسە ئېنىق بولۇشى كېرەككى، سالاھىيەت جەمئىيەتنىڭ مۆلكىگە ئايلىنىپ قالماسلىقى لازىم. يۇنانلىقلارنىڭ مۇستەبىتلەرنى چەكلەشكە ئۇرۇنغانلىقمۇ دەل مۇشۇ يەردە ئىدى. سالاھىيەت جەمئىيەتنىڭ مۈلكىگە ئايلىنىپ قالغاندا مۇستەبىتلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى قوللايدىغان ئىنتىنتۇدۇئال تىپلەر ئۆزلۈكتىن خالىي سالاھىيەت ياكى ئۆزلۈكتىن ياتلاشقان سالاھىيەت بولۇپ قالىدۇكى، ھەرگىز ئۆزلۈكنى تونۇپ يەتكەن سالاھىيەت بولالمايدۇ. بۇنداق چاغدا ئادەملەر پايدىلىنىشقىلا بولىدىغان قورالغا ئايلىنىپ قالىدۇ. شۇڭا سالاھىيەت ئەركىنلىكنىڭ سۇبيېكتى بولۇش سۈپىتىدە جەمئىيەتنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشىشى لازىم.

چۈشىنىۋېلىشىمىز كېرەككى، سالاھىيەت مەسئۇلىيەتنى تونۇغان مەسئۇلىيەتچان ئادەمنىڭ سالاھىيىتىدۇر. مەسئۇلىيەتنى ھېس قىلالمىغان ئادەمدە سالاھىيەت بولمايدۇ. مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنىڭ كۈچلۈك، ئاجىز بولۇشى بىلەن خاراكتېرىنىڭ ئاجىز ياكى كۈچلۈك بولۇشىنىڭ ماھىيەتلىك پەرقى بولىدۇ. خاراكتېرى ئەڭ ئاجىز كىشىلەرنىڭ بەلكى مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ئەڭ كۈچلۈك بولۇشى مۇمكىن. ئەكسىچە خاراكتېرى ئەڭ كۈچلۈك كىشىلەردە كۆپىنچە مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى بولماسلىقى مۇمكىن. مەسئۇلىيەت بىلەن خاراكتېرنى بىردەكلىككە ئىگە قىلالىغان كىشى ئىنقىلاب ئىشلىرىدا، بەلكى ھەرقانداق ئىشلاردا سەركە بولالايدىغان كىشىدۇر. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ئىنقىلاب مەسىلىسى خاراكتېر مەسىلىسىدۇر. يۇقىرىقىلارغا ئاساسلانغاندا خاراكتېر ھەددى ـ

ھەرىكەتنىڭ ماتورى دېگەنلىكتۇر. مەقسەتلەرنىڭ ئوخشاش بولماسلىقىغا ئاساسلانغاندا ياكى ئاقىلانىلىككە يۈزلەنگەن خاراكتېر بولىدۇ، ياكى ياۋۇزلۇققا يۈزلەنگەن خاراكتېر بولىدۇ. ئىنقىلابقا ئىككى خىل خاراكتېرنىڭ قايسى كېرەك...؟ ئەمما، خاراكتېرنىڭ ئۆزگىرىپ تۇرۇشى سالاھىيەتنىڭ ئىزچىللىقىغا قىلچە تەسىر كۆرسەتمەيدۇ.

## كادىرلار ئوقۇشلۇقى

1998 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى

خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ تەيۋەن خىزمىتى توغرىسىدا يېڭى كىتاب «جۇڭگو ـ تەيۋەن مەسىلىسى» (كادىرلار ئوقۇشلۇقى) نەشر قىلىنغان ئىمىش. كىتابتا «تەيۋەن مەسىلىسىنى ئاخىرقى ھېسابتا چوقۇم ھەل قىلىشىمىز كېرەك؛ ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى ۋە ھۆكۈمەت، يەرلىكلەر ۋە ئارمىيە، جەمئىيەت ۋە ھەرقايسى ساھەلەر تەيۋەن خىزمىتى توغرىسىدا تونۇشنى يۇقىرى كۆتۈرۈشى لازىم» دەپ كۆرسىتىلگەن.

نوپۇزلۇق بىر ئەربابنىڭ كۆرسىتىشىچە: جياڭ زېمىن كىتابنىڭ نەشر قىلىنىشىغا مۇناسىۋەتلىك تەيۋەن مەسىلىسى ئۈستىدە توختالغاندا ئاۋۋال «شىنجاڭ» (مۇستەملىكە ئۇيغۇرىستان) ۋە تىبەت مۇستەقىللىقى ئۈستىدە ئۇزۇن نۇتۇق سۆزلىگەن. جياڭ زېمىن: ئىككى قىرغاق مۇناسىۋىتىنى بىر تەرەپ قىلىشتا فېدېراتسىيە ۋە كونفېدېراتسىيە تۈزۈمىنى يولغا قويۇشقا بولمايدۇ، ئۇنداق بولمايدىكەن شىنجاڭ (ئۇيغۇرىستان) مۇستەقىللىقى ۋە تىبەت مۇستەقىللىقىغا دۇچ كەلسەك قانداق قىلىمىز، دېگەن.

كىتابتا: «كونفېدېراتسىيە ئۈستىدە توختىلىپ، كونفېدېراتسىيە ئىككىدىن ئارتۇق ئىگىلىك ھوقۇقلۇق دۆلەتلەرنىڭ ئىتتىپاقىدۇر» دېيىلگەن. بۇ ماھىيەتتە بىرلىككە كەلگەن دۆلەت دېگەنلىك ئەمەس، دەپ ئېنىق كۆرسىتىلگەن. ئەگەر كونفېدېراتسىيە يولغا قويۇلىدىكەن، تەيۋەن مۇستەقىل دۆلەتكە ئايلىنىدۇ، كېيىن كېلىشىم ئارقىلىق ئايرىلىپ چىقىپ كەتسە بولۇۋېرىدىغان تارقاق دۆلەتلەر بىرلەشمىسى شەكىللىنىدۇ. بۇ بىرلىككە كېلىش ئەمەس، بەلكى پارچىلىنىش دېگەنلىكتۇر، دېيىلگەن.

بېيجىڭ يۇقىرى قاتلام رەھبەرلىرىنىڭ قارىشىچە: كونفېدېراتسىيە دۆلەت شەكلى جۇڭگونىڭ تارىخى ئەنئەنىسىگە مۇۋاپىق كەلمەس ئىمىش ۋە دۆلەتنىڭ ئاساسلىق دۆلەت ئەھۋالىغىمۇ توغرا كەلمەس ئىمىش. جۇڭگو چىڭ، خەن دەۋرىدىن تارتىپ تاق تۈزۈملۈك دۆلەت قۇرۇلما شەكلىنى يولغا قويۇپ كەلگەن ئىمىش. جۇڭگونىڭ ھازىرقى دۆلەت شەكلى دۆلەتنىڭ بىرلىككە، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا پايدىلىق ئىمىش. ئەگەر تەيۋەننى بىرلىك، جۇڭگونى ئايرىم بىرلىك قىلغان ئىككى مەنبەلىك كونفېدېراتسىيە قۇرۇلىدىغان بولسا، بۇ تۈزۈم چوقۇم يېڭى زىددىيەتلەرنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ، ئۇزۇن مۇددەتلىك ئاپەت پەيدا قىلار ئىمىش.

## مەنپەئەتدارلار جەمئىيىتى

1998 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى

مەنپەئەتدارلار جەمئىيىتى ــ مەنپەئەتپەرەسلىكنى، شەخسىيەتچىلىكنى ئاساس قىلىدىغان جەمئىيەت بولغاچقا، بۇنداق جەمئىيەتنى ئادەتتە ئىقتىسادى باردى ـ كەلدى قىلىش جەمئىيىتى، دەپ ئاتاشقىمۇ بولىدۇ. ئورتاق جەمئىيەتنىڭ ئەكسىچە مەنپەئەتدارلار جەمئىيىتىدە ھەربىر ئادەمنىڭ ئۆزۈمچىلىك ئىدىيىسى ئىنتايىن قويۇق بولىدۇ. ئادەملەردە ئورتاقلىق، ئورتاق جەمئىيەت ئىرادىسى ئىنتايىن ئاجىز بولىدۇ. مەنپەئەتدارلار جەمئىيىتى ــ ئورتاق جەمئىيەت، مەسىلەن: بىر مىللەتنى ئورتاق گەۋدە قىلغان جەمئىيەتنىڭ بارلىق ئالاھىدىلىكلىرى غايىب بولۇپ كېتىدىغان جەمئىيەتتۇر. بۇنداق جەمئىيەتكە تىپىك مىسال قىلىپ مۇستەملىكە ئۇيغۇرىستان جەمئىيىتىنى كۆرسىتىشكە بولىدۇ. ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ئەكسىچە ئافرىقا قىتئەسىدە ھازىرغىچە ئىشتان كىيمەيدىغان، دەرەخ شاخلىرىدىن ياسىۋالغان ساتىملاردا ياشايدىغان يەرلىك خەلقلەرنىڭ ئورتاق تىلى، ئورتاق تۇۋلايدىغان ناخشىلىرى ئۇلارنىڭ ئورتاق جەمئىيىتىنى تەشكىللەيدىكەن. بۇ ئۇرۇق، قەبىلىلەر شەخسىيەتچىلىك، شەخسى مەنپەئەت دەيدىغان نەرسىنىڭ بولىدىغانلىقىنىمۇ بىلمەسلىكى مۇمكىن. بىلمىگەنىدىمۇ ئۇلار ئورتاق جەمئىيەتنىڭ مەنپەئەتى كاپالەتكە ئىگە بولغاندىلا ئاندىن شەخسى مەنپەئەتنىڭ كاپالەتكە ئىگە بولىدىغانلىقىنى چۈشەنگەن ئۇرۇقداشلار ۋە قەبىلىلەردۇر. لېكىن ھازىرقى زامان ئۇيغۇرلىرى ئورتاق جەمئىيەت مەنپەئەتى بىلەن شەخسى مەنپەئەتنىڭ يىلتىز بىلەن يوپۇرماقتەك مۇناسىۋەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى بىلمەي ياشاپ كېلىۋاتقان مىللەتتۇر.

ئەنگلىيىلىك پەيلاسوپ جون لاك: «ھۆكۈمەت تەلىماتى» دېگەن ئەسىرىدە: «كىشىلەرنىڭ ئۆزىنى ساقلىشى تەبىئىي ھوقۇقىنىڭ ئاساسى بولۇپ، ئۆزىنى ساقلاش مۇقەددەس چېقىلغىلى بولمايدىغان قىممەتتۇر» دېگەن ئىكەن. بىراق، جون لاك ئۆزىنى ساقلاشنىڭ شەرتلىرى ئۈستىدە توختالمىغان. ھازىرقى كۈندە جان ساقلاش، ئۆزىنى ساقلاشنى جون لاكتىن ئاۋۋال چۈشەنگەن ئۇيغۇرلار خىتايلار شۇنچە يولسىزلىق، شۇنچە زوراۋانلىق قىلسىمۇ قىلچە قارشىلىق كۆرسەتمەي جاننى ۋە ئۆزىنى ساقلاشنى ئەۋزەل كۆرمەكتە. ئەمەلىيەتتە بۇ ئۇيغۇرلار جان ساقلاپ قېلىۋاتقىنى، ئۆزىنى ساقلاپ قېلىۋاتقىنى يوق، بەلكى تەدرىجىي تەرەققىيات نەزەرىيىلىرى قائىدىلىرىگە مۇۋاپىق ھالاكەتكە يۈزلەنمەكتە.

# ئورتاق جەمئىيەت

1998 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى

ئورتاق جەمئىيەت ـ ئائىلە جەمئىيىتىنى، ئۇرۇق ـ قەبىلىلەرنى بىرلىك قىلغان ئورتاق گەۋدە بولۇپ، ئىپتىدائىي جەمئىيەت تارىختا مۇشۇ خىل جەمئىيەتنىڭ جەمئىيەت شەكلى ئىدى. ئورتاق جەمئىيەتنىڭ ئەزالىرىدا مۇستەقىل سالاھىيەت ناھايىتى ئاز ئۇچرايتتى. ئادەملەرنىڭ سالاھىيەت، خاراكتېرلىرى كوللېكتىپنى ئاساس قىلغان جەمئىيەتنىڭ قىن ـ قىنىغا سىڭىپ كېتىپ، كوللېكتىپنىڭ خاراكتېرى ۋە كوللېكتىپنىڭ سالاھىيىتى بولۇپ ئىپادىلىنەتتى. ئورتاق جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىي ئىرادىسى قانداشلىق، ئۇرۇقداشلىقتىن ئىبارەت تەبىئىي سوبىستانسىيىسىنى يار ـ يۆلەك قىلاتتى. ئورتاق جەمئىيەتنىڭ ئېتىكىسى سوبىستانسىيىلىك ئەخلاق نورملىرى بولۇپ ئىپادىلىنەتتى. ئورتاق جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ ئائىلىۋى نەسەبلەرگە، ياكى ئۇرۇقلارنىڭ، قەبىلىلەرنىڭ روھى دۇنياسىدا تىكلەنگەن ئىلاھىيەتكە چوقۇنۇشى، ھۆرمەت بىلدۈرۈشى ھەرگىز كەم بولمايتتى. بۇنداق ھۆرمەت قىلىش ئۆز ھاياتىنىڭ ئاساسلىرىغا ھۆرمەت قىلىش ئىدى. ئورتاق جەمئىيەتتە خىلمۇخىل مۇراسىملار، خاتىرىلەش، چوقۇنۇش، دۇئا گۇيلۇق، پېرىخونلۇق ھەتتا ئۆزىنى قۇربان قىلىش، ئورتاق بەھرىمەن بولۇش پائالىيەتلىرى ئۆتكۈزۈلۈپ تۇراتتى. مەقسەت، بۇ ئارقىلىق ئورتاق جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ ئارىسىدا ئورتاق ھېسسىياتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئىدى. بىراق، بۇنداق ئەنئەنىۋى بايرام، ئەنئەنىۋى مۇراسىملارغا قاتناشقۇچىلار بۇ ئەنئەنىۋى بايراملارنىڭ، مۇراسىملارنىڭ ئېتىكىلىق ئەھمىيىتىنى چۈشەنمەي كەلگەن. ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە تەبىئەت بىلەن ئادەم

ئايرىلىپ كەتمىگەن ھالەتتە ياشايتتى. شۇڭا كىشىلەر تەبىئىي نەرسىلەردىن كەلگەن ئومۇمى ئىرادىنى نوپۇزنىڭ ئورنىغا قويۇپ چوقۇناتتى، ئەھمىيىتىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى چۈشەنمىسىمۇ قارىغۇلارچە چوقۇناتتى، ئەگىشەتتى.

ئورتاق جەمئىيەت ئېتىراپ قىلغان ئېتىكىلىق قاراشلارنى بىز ئادەتتە ئىچكى ئەخلاق، تاشقى ئەخلاق دەپ ئىككى خىل ئەخلاق كاتېگورىيىسىگە ئايرىيمىز. بۇنداق ئېتىكىلىق قاراشلار ئىچكى ۋە تاشقى ھەددى ـ ھەرىكەتلەرنىڭ پەرقلىق بولۇشىغا يول قوياتتى. ئورتاق جەمئىيەت ئەزالىرى ئىچكى جەھەتتە ئۆزئارا يېقىنچىلىق، ئامراقلىق، مېھرىبانلىقنى داۋاملاشتۇرسا، تاشقى جەھەتتە بۇلاڭچىلىق، تاجاۋۇزچىلىقنى يولغا قوياتتى. بۇ خىل ئىككىلەمچى ئەخلاق قارىشى، مەدەنىيەتلىك جەمئىيەتتىمۇ ھازىرغىچە ساقلىنىپ كەلمەكتە. مەسىلەن: پارتىيە ـ گۇرۇھلار ئوتتۇرىسىدىكى قارىمۇ ـ قارشىلىق، دۆلەتلەر ياكى مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى قانلىق ياكى مەدەنىيەتلىك توقۇنۇش قاتارلىقلار.

ئۇيغۇرلار قانداق مۇراسىملارنى ئۇيغۇرلار ئۈچۈن ئەنئەنىۋى مۇراسىم، دەپ قاراپ كەلگەن، قانداق بايراملارنى ئەنئەنىۋى بايرام، دەپ قاراپ كەلگەن؟ شۇنداق بايرام ۋە شۇنداق مۇراسىملارنىڭ ئۇيغۇرلار ئارىسىدا مىللىي ھېسسىياتنى كۈچەيتىشتە قانچىلىك رولى بولغان؟ نورۇز بايرىمى كوللېكتىپنىڭ كوللېكتىپ پائالىيەت قىلىدىغان بايرىمى ئىدى. خىتايلار بىكار قىلىۋەتتى، ئۇيغۇرلار قاراپ تۇردىغۇ؟ ئۇيغۇرلار يېقىنقى زامان تارىخىدا ئىككى قېتىم دۆلەت قۇرغان، لېكىن كوللېكتىپ خاتىرىلىيەلمىگەندىمۇ شەخس ياكى ئائىلە دائىرىسىدە خاتىرىلىگەن بىر ئۇيغۇر تېپىلامدۇ؟ قۇربان ھېيتىنى ھېيتلاش، دۆلەت قۇرغان كۈننى

خاتىرىلەش بىلەن خىتاينىڭ دۆلەت بايرىمىنى خاتىرىلەپ ئويناشنىڭ قايسى مۇھىم؟ نوپۇز تىكلەش توغرىسىدا سۆز ئېچىشنىڭمۇ ھاجىتى يوق. ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ مىللەت سۈپىتىدە شۇ مىللەتكە ۋەكىللىك قىلىدىغان بىر ئىرادىنىڭ نوپۇزىنى تىكلىيەلىشى بۇياقتا تۇرسۇن، ھەتتا ئىستىخىيىلىك ھالدا بولسىمۇ، ئۆزىنىڭ نوپۇزىنى ئۆزى ئىستىخىيىلىك تىكلىگەن بولسا بىر ئۇيغۇر؟ ئۇيغۇر شۇنداق ئۇيغۇرنى قاغاپ، تىللاپ، غەيۋەت قىلىپ يوقىتىش ئۈچۈن تەييار تۇرىدىغان مىللەتتۇر. بۇ مىللەتتە ئىپتىدائىي قەۋملەردە بولغان ئاڭچىلىك مىللىي ئاڭ بولسا ئىدى، مەن يۇقىرىقى ئىبارىلەرنى قەلەمگە ئالمىغان بولاتتىم.

# جۇڭگو

1998 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى

جۇڭگونىڭ رەئىسى جياڭ زېمىن 22 ـ كۈنىدىن باشلاپ تۆت كۈنلۈك رۇسىيە زىيارىتىنى باشلىۋەتتى. جۇڭگونىڭ چوڭ دۆلەت دىپلوماتىيىسىدە مۇھىم نىشان ئامېرىكا ياكى ھېچ بولمىغاندا جۇڭگولۇقنىڭ نەزىرىدە ئىشەنچلىك شېرىكى رۇسىيە ئىدى. چوڭ دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدا دىپلوماتىك مۇناسىۋەتنى تەرتىپكە سېلىشتا رۇسىيە جۇڭگولۇقنىڭ نەزىرىدە بىر پىچكا ئىدى؟ مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، بۇنىڭدىن 20 يىل بۇرۇنقى ئامېرىكا، رۇسىيە، جۇڭگونىڭ ئۈچ بۇرجەك مۇناسىۋىتى يېڭىۋاشتىن ئۆزگەرگەن قىياپەتتە ئوتتۇرىغا چىقىشى مۇمكىنمۇ؟ مەسىلەن: ئەينى يىللاردا ئامېرىكا رۇسىيىنى پارچىلاشتا جۇڭگونى بىر پىچكىغا ئايلاندۇرۇپ پايدىلانغان. بۈگۈن جۇڭگو ئامېرىكىغا قارشى تۇرۇشتا رۇسىيىنى بىر پىچكىغا ئايلاندۇرۇپ قويماقچى بولۇۋاتامدۇ؟ جۇڭگولۇقلار ئۇخلىماي چۈش كۆرۈۋاتامدۇ، قانداق؟ قايسى تارىختا ياۋروپالىقلار ئاسىيالىقنىڭ پىچكىسىغا ئايلىنىپ قالغان مىسال بار ئىدى؟ شۇنداق نىيەتلەرگە كۆرە جياڭ زېمىن رۇسىيىگە ئىشەنمەيدۇ، چۈنكى، رۇسىيىنى ئۆزگىرىشچان دۆلەت، دەپ قارايدۇ. رۇسىيە قۇدرەت تاپقاندىمۇ، ئاجىزلىشىپ جېنى تۇمشۇقىغا كېلىپ قالغاندىمۇ، جۇڭگو ئۈچۈن ئېيتقاندا بەربىر يەنىلا ئىشەنچسىز. رۇسىيە ئۈچۈن ئېيتقاندا سېرىق ئاپەتنىڭ تەھدىتى تېخى رۇسىيىلىكلەرنىڭ ئېڭىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتكىنى يوق. بۇرۇن جۇڭگو رۇسىيىگە بېقىندى دۆلەت بولۇپ قالغانىدەك، بۈگۈن رۇسىيىنىڭ جۇڭگوغا بېقىندى دۆلەت بولۇپ قېلىشىنىمۇ ئويلىمايدۇ. چوڭ يۈرەكلىك بىلەن قىياس قىلىنغان بۇ

سـۆزلەرنىڭ رېئـال ئەھمىيىتـى، مـۇمكىنلىكى زادى قانچىلىـك، يەنـلا رېئاللىق ئىسپاتلىشى لازىم.

جياڭ زېمىننىڭ رۇسىيىگە قاراتقـان بـۇ قېتىمقـى ئالاھىـدە زىيـارىتى، پرېزىدېنت كىلىنتوُن بېيجىڭنى زىيارەت قىلىپ ئالتە ئـاي ئىچىـدە پەيـدا بولغان ئالاھىدە خەلقئارا مۇھىت ئىچىدە توپتوغرا بەش ئاي ئۆتكەنـدىن كېيىن باشلاندى. جيـاڭ زېمىننىـڭ موسـكۋانى زىيـارەت قىلىشىنىڭ يەنە باشـقا ئالاھىــدە سىياســي تەرىپـى بـارمۇ، يـوق؟ پرېزىــدېنت كىلىنتــوُن بېيجىڭدا ئۇيغۇرلار مەسىلىسىنى ئالاھىـدە تىلغـا ئالـدى... ئۇنـداقتا چـوڭ دۆلەتلەر ئارا دىپلوماتىيىـدە زادى رۇسـىيە جۇڭگـوغـا ئېھتىيـاجلىقمۇ يـاكى جۇڭگـو رۇسـىيىگە ئېھتىيـاجلىقمۇ؟ دۆلەتـلەر مەنپەئەتـى ۋە دۆلەتلەرنـىڭ ئىستراتېگىيىلىك مەنپەئەت تەلەپلىرىدىن پەيدا بولغان رېئال موھتاجلىق، دۆلەتلەر مۇناسىۋىتىنى يـاكى ئۇنـداق يـاكى مۇنـداق ئۆزگەرتىۋېتىـدىغان مۇھىم ئامىلدۇر.

جيـاڭ زېمـىن خـۇش بولۇشـقا ھەقلىـق بولغانـدەك، رۇسـىيىلىكلەرمۇ جيـاڭ زېمىننـى خـۇش قىلىشـقا قـادىر بولـدى. جيـاڭ زېمـىن 6 ـ ئايـدا شـاڭخەيدە تەيـۋەن مەسىلىسـى بـويىچە پرېزىـدېنت كىلىنتوُنىنـڭ «ئـۈچ جەھەتتە تەيۋەننى قوللىماسلىق» سىياسـىتىگە ئېرىشكەندىن كېيىن، بـۇ قېـتىم يىلىتسـىننىڭ «تەيــۋەنگە ھەربىــي قــورال ـ يــاراق ســېتىپ بەرمەسلىك»تىن ئىبارەت قوشۇمچە تۆت جەھەتتە قوللىماسلىق ۋەدىسىگە ئېرىشــىپ ھايــاجىنىنى باســالمىغان جيــاڭ زېمــىن يەنە قانــداقتۇر قوللىماسـلىقلارغا ئېرىشـىش غەرىزىـدە 25 ـ كـۈنى رۇسـىيىگە قاراتقـان زىيـارىتىنى ئاخىرلاشـتۇرۇپ، سـىبىرىيە ئـارقىلىق توكيوغـا — يـاپونىيىگە يۈرۈپ كەتتى.

## جياڭ زېمىننىڭ زىيارىتى

1998 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى

جۇڭگولۇقلار جياڭ زېمىننىڭ ياپونىيە زىيارىتىگە باھا بېرىپ دىپلوماتىيە ساھەسىدە ئىنتايىن مۇھىم ئوپېراتسىيە، دېيىشتى. ئەمەلىيەتتە جياڭ زېمىننىڭ بۇ قېتىمقى ياپونىيە زىيارىتى سېلىشتۇرۇشقا بولىدىغان كۆپ قاتلاملىق مەنىگە ئىگە بولۇپ قالدى. دىپلوماتىيە ئىبارىلىرى بىلەن تەسۋىرلىگەندە، جياڭ زېمىننىڭ رۇسىيە زىيارىتى «دۇدۇقلىماي» سۆزلەشكەن غەيرىي رەسمىي زىيارەت ھېسابلانسا، جياڭ زېمىننىڭ ياپونىيە زىيارىتى جىددىي، دەبدەبىلىك دۆلەت ئىشلار زىيارىتى بولۇپ قالاتتى. رۇسىيىدە جياڭ زېمىن سىياسىي جەھەتتە يارىشىشقا، دەسلەپكى قەدەمدە ئىقتىسادىي جەھەتتە ھەمكارلىشىشقا ئېرىشكەن بولسا، ياپونىيە بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتە ئىككى تەرەپ بىر ـ بىرىنى پەرەز قىلىنغان دۈشمەن، دەپ قارىغانلىقتىن زىددىيەتلەر چوڭقۇرلاشقانسېرى مۇناسىۋەتلەر يىرىكلەشكەن ئىدى.

جياڭ زېمىننىڭ ياپونىيىگە قاراتقان زىيارىتى ئىككى دۆلەتنىڭ قاتمال مۇناسىۋەتلىرىنى ياخشىلاشنى مەقسەت قىلاتتى. شۇنداق بولغانلىقتىن جياڭ زېمىن رۇسىيە ۋە ياپونىيىگە قاراتقان زىيارىتىنى بىر مەقسەتنىڭ ئۈستىدە يىغىنچاقلاشنى ئويلايتتى. ياپونىيە زىيارىتىنىڭ ئاسانغا توختىمايدىغانلىقىنى چۈشەنگەن جياڭ زېمىن شۇڭا ئاۋۋال رۇسىيىنى زىيارەت قىلىشنى ئورۇنلاشتۇرغان ئىدى. ئىككى دۆلەتنى زىيارەت قىلىشنىڭ ئىلگىرى ـ كېيىن ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپ، خۇلاسىلىغاندا رۇسىيە ئارقىلىق ياپونىيىگە بېسىم ئىشلەتمەكچى ئىدى.

نېمىشقا ياپونىيىگە بېسىم ئىشلەتمەكچى ئىدى؟ ئەسلىدىن ئېيتقاندا جۇڭگو بىلەن ياپونىيىنىڭ مۇناسىۋىتى بىر ـ بىرىگە يېقىنلىشىش مۇناسىۋىتى بولۇپ قېلىشى كېرەك ئىدى، ھېچبولمىغاندا جياڭ زېمىن شۇنداق ئويلايتتى. بىراق، ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدا بەزى مەسىلىلەر ئوتتۇرىغا چىققانلىقتىن، ئوخشاشلا ئىككى تەرەپنى خاپا قىلىپ قويدى. جۇڭگونىڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرى تاڭ جيا شۈەن ياپونىيىگە بېرىپ، ياپونىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى ئەمەلدارلىرىنىڭ قوبۇل قىلىشىنى كۈتۈپ، خىزمەت بىناسىنىڭ ئالدىدا ئۈچرەتكە تۇردى. ئەمدى جياڭ زېمىن ياپونىيىگە زىيارەتكە بارسىمۇ بولمايدىغان ۋەزىيەت ئوتتۇرىغا چىقىپ قالدى. ياپونىيىلىكلەر مەيدانىنى ئۆزگەرتمىسىمۇ بولمايدىغان بولۇپ قالدى. جۇڭگو بىلەن ياپونىيە ئوتتۇرىسىدىكى ئەڭ ئېغىر مەسىلە تەيۋەن مەسىلىسى بولۇپ، ھازىر بۇ مەسىلە سۆھبەتكە ئايلىنىپ ئىككى دۆلەت باشلىقلىرىنىڭ كانىيىدا تۇرۇپ قالدى. ھالقىلىق تەرەپ شۇكى، ياپونىيە ئامېرىكىلىقتا «قارىغۇلارچە» ئەگىشىپ، ئامېرىكىلىقلار تەيۋەننى «ئۈچ جەھەتتە قوللىماسلىق»نى جاكارلىغاندەك، ياپونىيىلىكلەرمۇ «تەيۋەننى ئۈچ جەھەتتە قوللىماسلىق»نى جاكارلاشنى خالىمىدى. جياڭ زېمىننىڭ رۇسىيىدىن پايدىلىنىپ ياپونىيىگە بېسىم ئىشلىتىشىگە كەلسەك، ناھايىتى ئېنىق بولدىكى، كېسەل كارىۋىتىدا ياتقان يېلتسىن «تەيۋەننى ئۈچ جەھەتتە قوللىماسلىق»نى تەكرارلاپلا قالماستىن، تەيۋەنگە ھەربىي قورال ـ ياراق سېتىپ بەرمەسلىكتىن ئىبارەت «تەيۋەننى تۆت جەھەتتە قوللىماسلىق» نى جاكارلىدى. رۇسىيە بىلەن جۇڭگو 9 مەسىلە بويىچە كېلىشىم ئىمزالىدى. ئوخشاشلا جياڭ زېمىن مۇشۇ 9 مەسىلە بويىچە ياپونىيىنىڭ ۋەزىرى بىلەن مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىشى كېرەك

ئىدى. ئەمما، ياپونىيىلىكلەر تەرسا ئىكەن، دە! ئوغۇل بالا ئىكەن، دە! جىياڭ زېمىننىڭ يولۋاس تېرىسىنى كىيىۋېلىپ ياپونىيىگە بېسىم ئىشلىتىشى ياپونىيىلىكلەرنىڭ ئالدىدا ئاقماي قالدى.

## جياڭ زېمىن مىخقا ئۇسۇۋالدى

1998 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى

ياپونىيە زىيارىتى ئارقىلىق جياڭ زېمىنىنىڭ يەتمەكچى بولغان مەقسەتلىرىنىڭ بىرى ياپونىيە بىلەن ئۈچىنچى قېتىم «بىرلەشمە باياناتى» ئىمزالاش ئىدى. 26 ـ كۈنى تۇيۇقسىز «بىرلەشمە باياناتى» ئىمزالانمايدىغان خەۋەر تارقالدى. مۇخبىرلارنى كۆتۈۋېلىش يىغىنىمۇ ئۆتكۈزۈلمەيدىغان بولدى. ئەسلى ئىككى دۆلەتنىڭ ئىناق، يېقىنچىلىقنى گەۋدىلەندۈرمەكچى بولغان كەچلىك زىياپەتتە جياڭ زېمىن نېمىگە ئېرىشتى؟ ئىككى دۆلەتنىڭ يېقىنچىلىقى، ئىككى دۆلەتنىڭ ئىناق قوشنىدارچىلىقىغا ئائىت ئالامەتلەر كۆرۈلمىدىغۇ؟ جياڭ زېمىن ياپونىيىدە بىر ھەپتە زىيارەتتە بولماقچى بولغان ئىدىغۇ؟ بىر كۈن بۇرۇن ياپونىيىگە كېلىپ ياپونىيىنىڭ تاشقى ئىشلار ۋەزىرى گاڭسۇن بىلەن دىپلوماتىك سۆھبەت ئۆتكۈزگەن جۇڭگونىڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرى تاڭ جا شۋەن تارىخى مەسىلىلەر بويىچە ئەڭ ئاخىرى كېلىشكەن كېلىشىمنىڭ مەزمۇنىنى جياڭ زېمىنغا دوكلات قىلغاندىن كېيىن، جياڭ زېمىن ياپونىيىنىڭ ۋەزىرى كوزىمى بىلەن بىرلەشمە باياناتقا ئىمزا قويۇش مۇراسىمى ئۆتكۈزمەسلىكنى قارار قىلدى. چۈنكى، ئىككى تەرەپنىڭ تارىخى مەسىلىلەرگە تۇتقان پوزىتسىيىسىدە ئۆتكۈر ئىختىلاپ پەيدا بولدى. ياپونىيە تەرەپ تارىخىي مەسىلىلەر بويىچە جۇڭگودىن ئەپۇ سورىمايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەندىن كېيىن، جياڭ زېمىن ھەم بىرلەشمە باياناتقا ئىمزا قويۇشنى رەت قىلدى. بېيجىڭ ياپونىيىگە بەش تۈرلۈك تەلەپ قويدى.

1. جۇڭگوغا تاجاۋۇز قىلغان تارىخنى ياپونىيە ئېتىراپ قىلىشى كېرەك؛

2. تاجاۋۇزچىلىق تارىخى ئۈچۈن ياپونىيە جۇڭگو تەرەپتىن ئەپۇ سورىشى كېرەك؛

3. ياپونىيە تەرەپ جۇڭگونىڭ تەيۋەنگە قاراتقان ئىگىلىك ھوقۇقىنى ئېتىراپ قىلىشى كېرەك؛

4. ياپونىيە تەيۋەننى «ئامېرىكا ــ ياپونىيە بىخەتەرلىك شەرتنامىسى»نىڭ دائىرىسىدىن چىقىرىۋېتىشى كېرەك؛

5. «تەيۋەننى ئۈچ جەھەتتە قوللىماسلىق»نى بىرلەشمە باياناتقا يېزىپ كىرگۈزۈشى كېرەك.

ياپونىيە يۇقىرىقى شەرتلەرنى قوبۇل قىلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، پۈتۈنلەي رەت قىلدى. ياپونىيە ــ جۇڭگو مۇناسىۋىتى خادا تاشقا ئۇرۇلدى.

## نېمە قىلىش كېرەك؟

1998 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى

ئۆتكەن يىلى 10 ـ ئايدا خىتاي كوممۇنىستلىرى 11 ـ نۆۋەتلىك 3 ـ ئومۇمى يىغىنىنى خاتىرىلەش پائالىيىتى ئۆيۈشتۈرۈپ، خىتاي تارىخىدىكى بۇ «ئەھمىيەتلىك» كۈننى خاتىرىلىگەن ئىدى. نۆۋەتتە دۇنيانىڭ سىياسىي ۋەزىيىتى زور دەرىجىدە ئۆزگىرىپ كەتكەن بىر پەيتتە، جۇڭگونىڭ ئىچكى قىسمىدا سىياسىي ئىسلاھات، دېموكراتىيە تەلەپلىرى كۈنسايىن كۈچىيىۋاتقان بىر پەيتتە، خىتاي كوممۇنىستلىرى ۋە جىياڭ زېمىن سىياسىي مەيداننى تاپشۇرۇشلىرى زۆرۈر بولۇپ قالدى.

21 ـ ئەسىر يېقىنلاپ كەلدى، يەنە قانداق ئۆزگىرىشلەرنى ئېلىپ كېلىدۇ. شۇنداق پەيتتە خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ 20 يىللىق نەتىجىلەر ۋە ئىسلاھاتنىڭ تەجرىبىلىرىنى خۇلاسىلىشى كېرەك بولۇپ قالدى. 20 يىلدىن بېرى بىرقانچە قېتىم كۆتۈرۈلۈپ ئوتتۇرىغا چىققان سىياسىي ئىسلاھاتقا تەرەددۇت قىلىش تەجرىبىلىرىنىمۇ خۇلاسىلىشى كېرەك، سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي ئىسلاھاتنىڭ يېڭىچە نىشانىنى بېكىتىشى كېرەك. جىياڭ زېمىننىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا، خىتاي كوممۇنىستلىرى جۇڭگو خەلقىنى قانداق قىياپەت بىلەن 21 ـ ئەسىرگە ئېلىپ كىرىشنى ئويلىشىشلىرى كېرەك. جۇملىلەرنى بۇنداق تۈزۈش قەلەم تۇتقۇچىنىڭ ئىختىيارىدىكى ئىش بولماستىن، يۇقىرىقى جۈملىلەر زامان ۋە زاماننىڭ تەقەززالىقى قەلەم تۇتقۇچىغا تۈزۈپ بەرگەن جۈملىلەردۇر.

جۇڭگونىڭ ئىقتىسادى تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى داۋاملاشتۇرۇش ئاساسىدا بازار ئىقتىسادىنى تەشكىللەيدىغان، تەشكىللىمىسە بولمايدىغان ئەڭ ئاخىرقى باسقۇچقا كېلىپ قالدى. ئۆتكەللەر قىيىن بولسىمۇ، ئەمما،

خىتاي كوممۇنىستلىرى نىشاننى توغرىلاپ تۇرۇشقا مەجبۇر بولدى. ئىسلاھ قىلىمىزمۇ ئىسلاھ قىلمايمىزمۇ دېيىشىپ، ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىغا ۋە ئىجتىمائىي باشقۇرۇشقا ئېغىر توسقۇنلۇق پەيدا قىلغاندا، سىياسىي ئىسلاھات مەسىلىسى خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ ئالدىدا توغرىسىغا تۇرۇۋالدى، نېمىدىن قورقىدۇ؟ سىياسىي ئىسلاھات يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەتلەر رۇسىيىدىن ئايرىلىپ چىقىپ مۇستەقىل دۆلەت قۇرغاندەك، مۇستەملىكە ئۇيغۇرىستان ۋە تىبەت خىتاينىڭ مۇستەملىكە ئاپپاراتىدىن بۆلۈنۈپ چىقىپ مۇستەقىل دۆلەت قۇرۇشتىن قورقامدۇ؟ بىراق قورققانغا قوش كۆرۈنىدۇ ۋە بەلكى قوشلاپ كېلىدۇ.

خەلقئارا جەمئىيەت 20 يىلدىن بېرى جۇڭگونىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىغا ماسلىشىپ بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى جۇڭگودا سىياسىي سەپەرۋەرلىك بولمىغان، ئىدىيىۋى تەييارلىق بولمىغان ۋە نەزەرىيىۋى تەييارلىق بولمىغان ھەتتا تەشكىلى تەييارلىق ئېغىر كەمچىل بولغان ئەھۋال ئاستىدا ئېلىپ بېرىلدى. گەرچە جۇڭگولۇق خىتايلار ئەگرى ـ توقايلىقتا ساقلىنالمىغان بولسىمۇ، نەتىجىلەر يەنىلا ئۆزىنى كۆرسەتتى. كوچىلاردا ئەپكەش كۆتۈرۈپ جان باقىدىغان خىتايلار بۈگۈن سانتانا ھەيدەپ يۈرەلەيدىغان بولدى.

ئەسلىدە ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىدىن ئاۋۋال باشلىنىشى كېرەك بولغان سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ئەمدى ئىچكى ۋە تاشقى مۇھىتنىڭ ماسلىششى ئارقىسىدا ناھايىتى قۇدرەتلىك جامائەت پىكرىنىڭ قوللىشىغا، تەلەپ قىلىشىغا ئايلىنىپ قالدى. خىتاي جەمئىيىتى ۋە مۇستەملىكە ئۇيغۇر جەمئىيىتى 10 يىلدىن بېرى ئىدىيىۋى تەييارلىقنى، نەزەرىيىۋى

تەييارلىقنى پۇختا ئىشلەپ بولغاندەك قىلاتتى. بۇنداق ئەھۋالدا مۇستەملىكە ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ئىدېئولوگىيىلىك ئويغىنىشى خىتاي مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ باستۇرۇشىغا ئوبيېكتىپ بولماسلىقى كېرەك ئىدى. بەلكى خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ تەشكىلىي تەييارلىقى ۋە سىياسىي سەپەرۋەرلىكى بىلەن قارشى ئېلىنىشى كېرەك ئەمەسمىدى، «سوۋېتلەرنىڭ بۈگۈنى بىزنىڭ ئەتىمىز ئەمەسمىدى؟»

بۈگۈنكى دۇنيا ئاللىقاچان ئۇچۇر ئىنقىلابىنىڭ تىزگىنىگە ئېلىنغان دۇنيادۇر. دېموكراتىيە، كىشىلىك ھوقۇق، ئەركىنلىك، باراۋەرلىك، مىللىي باراۋەرلىك، ھوقۇق باراۋەرلىك ۋەزىيەتلىك دۇنيانىڭ ئېقىمىغا ئايلانغان دۇنيادۇر. جۇڭگو دائىرىلىرى ئۆتكەن ئايدا بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ «پۇقرالار ھوقۇقى ۋە سىياسىي ھوقۇق خەلقئارا ئەھدىنامىسى»غا ئىمزا قويدى. قول قويۇش جۇڭگو دائىرىلىرىنىڭ دۇنيانىڭ ئېقىمىغا ماسلىشىپ، خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ قويىنىغا كىرىش جەھەتتە بىر سىناق، بىر تەجرىبە بولۇپ قالدى. جۇڭگودا ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ بازار ئىقتىسادىغا يۈزلىنىشىگە ئەگىشىپ ئىلىم ساھەسىدىكىلەر سىياسىي ئىسلاھات تەلەپلىرىنى ئېپادىلەشكە باشلىغاندا، سەر خىللار ئىقتىسادىي دېموكراتىيىدىن سىياسىي دېموكراتىيىگە ئۆتۈشنى تەلەپ قىلدى. دېموكراتلار سىياسىي پارتىيە قۇرۇش تەلەپلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشنى، پۇقرالار سىياسەتتە ئادىل بولۇشنى، سىياسىيدا ئاشكارا بولۇشنى تەلەپ قىلىشتى. سىياسىي ئىسلاھات ئۈچۈن جۇڭگودا قويۇق سىياسىي كەيپىيات يارىتىلدى. سىياسىي ئىسلاھاتنى يولغا قويۇش ۋە داۋاملاشتۇرۇش تەلەپلىرى، جۇڭگودا كوممۇنىزم ئىدىيىسىنىڭ كۈچىدىن قېلىشى، سىياسىي قۇرۇلما بىلەن ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئوتتۇرىسىدىكى

زىددىيەتنى ئىنتايىن كەسكىنلەشتۈرۈۋەتتى. ھەرخىل كىرىزىسنىڭ يوشۇرۇن ئامىللىرى ئۈزلۈكسىز جۇغلىنىپ، سىياسىي ئىسلاھات ئېلىپ بارمىغاندا پارتلاش يۈز بېرىشىنىڭ تەھدىتى كۈندىن ـ كۈنگە كۈچىيىشكە باشلىدى. جىياڭ زېمىن نېمە قىلىشى كېرەك، خىتاي كوممۇنىستلىرى نېمە قىلىشى كېرەك. باستۇرۇشنى يولغا قويۇشى كېرەكمۇ ياكى چېكىنىپ سىياسىي ئىسلاھاتنى يولغا قويۇشى كېرەكمۇ؟

## ئامېرىكا ئاملى ۋە رۇسىيە ئاملى

1998 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى

«جەنۇب سەھىرى گېزىتى»نىڭ خەۋىرىگە ئاساسلانغاندا «ياپونىيە، جۇڭگو ئىككى دۆلەتنىڭ ئوتتۇرىسىدا ساقلىنىۋاتقان سەزگۈر مەسىلىلەرگە ئالاقىدار ياپونىيە تەرەپ قاتتىق پوزىتسىيە قوللانغانلىقتىن جۇڭگو، ياپونىيە سىياسىتىنى قاتتىق تەكشۈرۈشنى قارار قىلغان» ئىمىش. ياپونىيە، جۇڭگو رەھبەرلىرىگە نېمىشقا قاتتىق پوزىتسىيە قوللاندى؟ جۇڭگو تەرەپ، بۇ ئىشقا پرېزىدېنت كىلىنتوننىڭ ئارىدا ئوينىغان رولى تەسىر كۆرسەتتى، دەپ گۇمان قىلغان ئىمىش. دېمىسىمۇ جياڭ زېمىن ياپونىيىگە زىيارەتكە كېلىشتىن بۇرۇن پرېزىدېنت كىلىنتون ياپونىيىنى تۇيۇقسىز زىيارەت قىلغان ئىدى. ياپونىيە ئۇرۇش جىنايىتى توپەيلى جۇڭگودىن يازما ئەپۇ سورىمىدى، دەپ، «تەيۋەننىڭ مۇستەقىل بولۇشىغا قارشى تۇرىمىز» دېمىدى دەپ، جۇڭگو ھۆكۈمىتى ياپونىيىدىن رەنجىگەن ئىمىش. نېمىدېگەن ئورۇنلۇق ياكى ئورۇنسىز رەنجىش بۇ؟ يېقىندىن قارىغاندا ۋە يىراق كەلگۈسىدىن قارىغاندا، ياپونىيە ـ جۇڭگو مۇناسىۋىتىنىڭ 0 گرادۇسقا چۈشۈپ قالىدىغانلىقىنى قىياس قىلىشقا بولىدۇ.

ئۇزۇن قۇلاق كىشىلەرنىڭ خەۋەرلىرىگە ئاساسلانغاندا، جۇڭگونىڭ ياپونىيىگە قاراتقان تاشقى سىياسىتىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈشكە ئۆتكەندە، ئەمدى ئامېرىكا ئاملى بىلەن رۇسىيە ئاملىنى ئۈزۈل ـ كېسىل ئويلاشمىسا بولمايدىغان ئەھۋالغا چۈشۈپ قاپتۇ خىتاينىڭ مىللەتچى كۆرەڭلىرى.

# خۇلاسە

1998 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى

1998 ـ يىلى ئاخىرلاشتى، يۇقىرىدا چوڭ دۆلەتلەر دىپلوماتىيىسىنىڭ ئۆزگىرىشلىرىنى ۋە بۇ ئۆزگىرىشلەرنىڭ دۇنيانىڭ ۋەزىيىتىگە كۆرسەتكەن تەسىرى توغرىسىدا توختىلىپ ئۆتتۇق.

1998 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا پرېزىدېنت كىلىنتون، تيەنئەنمېن ۋەقەسىدىن كېيىن، جۇڭگونى تۇنجى قېتىم زىيارەت قىلغان ئامېرىكا پرېزىدېنتى بولۇپ، پرېزىدېنتنىڭ جۇڭگونى زىيارەت قىلىشى گەرچە قالاق، ئەنئەنىۋى جۇڭگو جەمئىيىتىدە ئويغىنىش خاراكتېرلىك غۇلغۇلا پەيدا قىلالمىغان بولسىمۇ، لېكىن جوڭ نەن خەيدە زىلزىلە پەيدا قىلدى. بۇ قېتىمقى زىيارەتتە پرېزىدېنت كىلىنتون ئۇيغۇرىستان مەسىلىسىنى مەخپىي، تىبەت مەسىلىسىنى ئاشكارا ئوتتۇرىغا قويغاندىن كېيىن، دېموكراتىيە، كىشىلىك هوقۇق، ئەركىنلىككە مۇناسىۋەتلىك جۇڭگو رەهبەرلىرىگە چاقىرىق قىلىپ «تارىخى تەرەققىياتنىڭ»توغرا تەرىپىدە تۇرۇشقا هەيدەكچىلىك قىلدى. شۇنداق شەرتلەرگە ئاساسلىنىپ، جۇڭگو ـ ئامېرىكا «ئىستراتېگىيىلىك شېرىكلىك» مۇناسىۋىتى ئورنىتىشقا ماقۇل بولدى، ۋەدە بەردى.

پرېزىدېنتنىڭ تەلەپلىرىگە بىنائەن 10 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى بېيجىڭدا «تەيۋەن ـ جۇڭگو سۆهبىتى» بولۇپ ئۆتتى. بۇ قېتىمقى سۆهبەت ياپونىيە ـ جۇڭگو مۇناسىۋىتىگە ئالاهىدە تەسىر كۆرسەتتى. «ۋەتەننى بىرلىككە كەلتۈرۈش»كە تەيۋەنمۇ قوشۇلىدىغان، خىتاي جۇڭگومۇ قوشۇلىدىغان بولسا، ئۇ هالدا تەيۋەن ـ جۇڭگو قانداق دۆلەت شەكلىنى تاللىۋالىدۇ؟ جۇڭگو ـ تەيۋەن دۆلەتلىرى ئوتتۇرىسىدا باشلانغان سۆهبەت بۇ، هەقىقىي

سىياسىي سۆھبەتنىڭ باشلىنىشىمۇ ياكى ھەقىقىي سىياسىي سۆھبەت تەيۋەن مەسىلىسىگە ئالاقىدار ئامېرىكا، جۇڭگو، تەيۋەن دۆلەتلىرى ئوتتۇرىسىدا سۆزلىشىپ تاماملىنىپ، ئەمدى ئۆتكۈزۈلگەن «جۇڭگو ـ تەيۋەن سۆھبىتى» پەقەت رەسمىيەتنى ئادا قىلىش ئۈچۈنلا ئۆتكۈزۈلگەن سۆھبەتمۇ؟ دالاي لاما بىلەن جياڭ زېمىننىڭ سۆھبەتلىشىش توغرىسىدىكى مۇناسىۋەتلىرى قايسى باسقۇچقا قەدەم قويىدى؟ تىبەتنىڭ سىياسىي ئورنى توغرىسىدا دالاي لاما قانداق سىياسىي شەرتلەرنى ئوتتۇرىغا قويىدى؟ جياڭ زېمىن قانچىلىك دەرىجىدە قوبۇل قىلالىدى؟ دالاي لاما بىلەن جياڭ زېمىن قاچان، قەيەردە كۆرۈشمەكچى بولىدى؟ ئامېرىكىنىڭ جۇڭگونى خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ قويىنىغا سۆرەپ كىرىش سىياسىتى زادى قانداق نەتىجە بېرىدۇ؟

* * * * *

چەت ئەللەردە سىياسىي كۆزەتكۈچىلەر ۋە سىياسىي مەخسۇس ستون يازغۇچىلار: «1998 ـ يىلى ئۇلۇغ بىر يىل، كارامەتلەرگە تولۇپ ـ تاشقان بىر يىل بولىدۇ» دېيىشكەن ئىدى. 1998 ـ يىلى ھەقىقەتەن بىر ئۇلۇغ بۇرۇلۇش يىلى بولدى. 2 ـ ئايدا زور ئۆزگىرىش يۈز بېرىپ، ئامېرىكا بىر قوللۇق قوللىغان جىن دا جۇڭ جەنۇبىي كورېيەدە تەختكە چىقىپ، مۇستەبىت دۆلەت تۈزۈمىگە خاتىمە بېرىپ، دېموكراتىك تۈزۈم كورېيە يېرىم ئارىلىدا غەلىبە قىلدى. سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي بوھران دەۋرىگە كىرگەن ھىندونېزىيە رەھبەرلىرى نېمە قىلارىنى بىلمەي تۇرغاندا ئامېرىكىنىڭ دۆلەت ئىشلار كاتىپى ئالبرايت خانىم دۆلەت رەھبىرى سۇخاتوغا تېلېفون بېرىپ، تەختتىن چۈشۈشنى تەلەپ قىلدى، سۇخاتو ئىككى سائەتتىن كېيىن تەختتىن چۈشتى. ھىندونېزىيىنىڭ مۇستەملىكىسى شەرقىي

تېمۇرنىڭ مۇستەقىل بولۇشى خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ كۈن تەرتىپىگە قويۇلدى. 5 ـ ئاي ئىچىدە ئىككىنچى ئاسىيا قۇرۇقلۇقىدا ھىندىستان يادرو بومبىسىنى پارتلىتىپ، جۇڭگونىڭ يادرو تەھدىتىگە قارشى تەھدىت پەيدا قىلىپ، ئاسىيانىڭ ھەربىي ئىشلار مۇۋازىنىتىنى بۇزۇپ تاشلىدى. خىتاي تىلىدا نەشر قىلىنىدىغان «دۇنيا ھەپتىلىك ژۇرنىلى» ماقالە ئېلان قىلىپ: «ھىندىستاننىڭ يادرو بومبىسىنى پارتلىتىشى سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشىدىن كېيىن ئامېرىكىنىڭ يەر شارى خاراكتېرلىك ئىستراتېگىيىلىك سىياسىتىنىڭ ئىككىنچى ئاسىيا قۇرۇقلۇقىدىكى يېڭى بىر ئالامىتى» دەپ كۆرسەتتى.

سىياسىي داۋالغۇش ۋە ئىقتىسادىي بوھراننىڭ شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا دۆلەتلىرىنى تەمتىرىتىپ قويۇشى، ئاسىيا قۇرۇقلۇقىدا ھەربىي ئىشلار مۇۋازىنىتىنىڭ بۇزۇلۇشى جۇڭگونىڭ تاشقى سودا ـ تىجارىتىگە ئىنتايىن زور تەسىر كۆرسىتىپ بېسىمغا بەرداشلىق بېرەلمەيدىغان ھالغا كەلتۈرۈپ قويغاندا ئاندىن پرېزىدېنت كىلىنتون 6 ـ ئاينىڭ ئاخىرى بېيجىڭ زىيارىتىنى باشلىغان ئىدى. پرېزىدېنت كىلىنتون رەئىس جياڭ زېمىنغا كىشىنى ھەيران قىلىدىغان سوۋغا تەقدىم قىلدى. بۇ قانداق سوۋغا ئىدى؟ ئامېرىكىنىڭ «مۇستەقىللىق خىتابنامىسى»، ئامېرىكىنىڭ «ئاساسىي قانۇنى» ۋە ئامېرىكىنىڭ دۆلەت بايرىقى ئىدى. شۇ خىلدىكى سوۋغىنىڭ جياڭ زېمىنغا تەقدىم قىلىنىشى، پرېزىدېنت كىلىنتون بىلەن جياڭ زېمىن سۆھبىتىنىڭ سىمۋوللۇق ئالامىتى بولۇپ قالامدۇ، قانداق؟

* * * * *

پرېزىدېنت كىلىنتوننىڭ مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنىدا ۋە بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا سۆزلىگەن نۇتۇقلىرى جۇڭگوغا تەسىر كۆرسەتكەندىن

باشقا، خەلقئارا جەمئىيەتتە زور تەسىر قوزغىدى. بۇ قېتىمقى نۇتۇقنىڭ تەسىرى سابىق پرېزىدېنت رېگاننىڭ موسكۋا ئۇنىۋېرسىتېتىدا سۆزلىگەن نۇتقىغا ئوخشاش بولۇپ، پرېزىدېنت كلىنتوننىڭ 7 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى شاڭگاڭدا سۆزلىگەن نۇتقىنىڭ تەسىرى قوشۇلۇپ، خەلقئارا جەمئىيەتتە: «جۇڭگو ھەققەتەن تىنچ يول بىلەن ئۆزگىرىش دەۋرىگە كىردىمۇ، قانداق؟» دېگەن سوئال خاراكتېرلىك تۇيغۇ پەيدا قىلدى. بۇ نۇتۇقلار ئەمەلىيەتتە بىر خىل سىياسىي چاقىرىق بولۇپ، يېتەكلەش يەنى جۇڭگونى تارىخنىڭ توغرا تەرىپىدە تۇرۇشقا يېتەكلەشنى مەزمۇن قىلغان ئىدى.

پرېزىدېنت كلىنتون: «جۇڭگو تىنچ يول بىلەن ئۆزگىرىش دەۋرىگە كىردى» ماۋزۇلۇق نۇتقىنى سۆزلىگەندە: «جۇڭگو ئۆتكۈنچى دەۋردە تۇرماقتا، مۇبادا مەن مۇشۇنداق بىر ئۆتكۈنچى دەۋرنىڭ جەريانىغا رىياسەتچىلىك قىلسام، مەن ئۆتكۈنچى دەۋردە تاقابىل تۇرغىلى بولمايدىغان ۋەزىيەت پەيدا بولۇشىنىڭ ئالدىنى ئالغان بولاتتىم»، دەپ كۆرسەتكەن ئىدى. بۇ سۆزنىڭ مەنىسى ـ خۇددى ئامېرىكىلىقلار رۇسىيە پارچىلىنىش دەۋرىگە كىرگەندە ئىچكى ئۇرۇش پارتلاشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن زور تىرىشچانلىق كۆرسەتكەندەك، ئەمدى جۇڭگو تىنچ يول بىلەن ئۆزگىرىش دەۋرىگە كىرگەندە ئامېرىكىلىقلارنىڭ ئوخشاشلا جۇڭگودىمۇ ئىچكى ئۇرۇش پارتلاشنىڭ ئالدىنى ئېلىشى كېرەكلىكىدىن دېرەك بېرەتتى.

تەيۋەن ـ جۇڭگو دۆلەتلىرى سۆھبەت باشلاشتىن بۇرۇن خىتاينىڭ سۆھبەت تاكتىكىسى ـ تەيۋەن ـ جۇڭگو سۆھبىتىنى كېچىكتۈرۈش، ئامېرىكىنىڭ تاكتىكىسى ـ بەلكىم جۇڭگو ـ تەيۋەن سۆھبىتىنى تېزلىتىش ئىدى. خىتاينىڭ سۆھبەتنى كېچىكتۈرۈشى، پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ مۇستەملىكە ئۇيغۇرىستان، تىبەتكە خىتاي كۆچمەنلىرىنى كۆچۈرۈپ يەرلىك

خەلقىنىڭ مىللىي تەركىبىنى، ئاھالىسىنىڭ سۈپىتىنى ئۆزگەرتىشكە ئۇرۇنۇشتىن دېرەك بەرسە، جۇڭگو ـ تەيۋەن سۆھبىتىنى تېز باشلاشقا ئامېرىكىنىڭ ھەيدەكچىلىك قىلىشى، بەلكى خىتاي ياراتماقچى بولغان ئەنە شۇنداق ۋەزىيەتنىڭ ئالدىنى ئېلىشتىن دېرەك بېرەتتى.

* * * * *

جۇڭگو ـ تەيۋەن سۆھبىتى ئارقىلىق ئىككى دۆلەتنى قانداق دۆلەت شەكلىدە «بىرلىككە كەلتۈرمەكچى» بولۇشتى. ھازىرغىچە ئىككى دۆلەت تېخى كونكرېت بىر پىلاننى ئوتتۇرىغا ئېلىپ چىقمىغان بولسىمۇ، لېكىن غەيرىي رەسمىي سۆھبەتلەردە، جۇڭخۇا خەلق رېسپۇبلىكىسى تەيۋەن خىزمەت ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى چېن يۈن لىن: فېدېراتسىيە ياكى كونفېدېراتسىيە دۆلەت شەكلى بويىچە «ئىككى دۆلەتنى بىرلىككە كەلتۈرۈش» تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى. چېن يۈن لىن: «جۇڭگو تارىخىنىڭ ئوخشاشمىغان دەۋرلىرىدە پارچىلىنىش، بۆلۈنۈش ھادىسىلىرى يۈز بەرگەن. لېكىن باشتىن ـ ئاخىر بىر جۇڭگو بولۇپ كەلگەن. بىر جۇڭگو پرىنسىپى بويىچە ھەرقانداق دۆلەت شەكلىگە ئىزدىنىپ سۆزلىشىشكە بولىدۇ» دەپ كۆرسەتتى، شاڭخەي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ باشلىقى يۈ شىن تيەن: «ھازىرقى زامان جەمئىيىتىدە دۆلەت سىستېمىسى تەرەققىي قىلىپ، كۆپ خىل شەكىللەرگە ئىگە بولدى. فېدېراتسىيە ياكى كونفېدېراتسىيىدىن ئىبارەت كۆپ خىل دۆلەت شەكلى ئوتتۇرىغا چىقتى» دەپ كۆرسەتتى. تەيۋەننىڭ پرېزىدېنتى لى دېڭخۇي: «تۈزۈم خاراكتېرلىك بەسلىشىش، سىياسىي دېموكراتىيە ياكى ئىقتىسادنى ئېچىۋېتىش ئارقىلىق بېيجىڭنىڭ شۇ ئاساستا تىنچ يول بىلەن ئۆزگىرىشىنى ئۈمىد قىلغان

تەيۋەن شۇ تەرىقىدە دېموكراتىك يۈزلىنىش، تەيۋەن بىلەن جۇڭگونى بىرلىككە كەلتۈرۈشنىڭ ئاساسى» دەپ بېكىتتى.

تەيۋەننىڭ سىياسەتۋازلىرى، جۇڭگو سىياسەتۋازلىرىنىڭ قورقۇنچلۇق ئەجەللىك يېرىدىن تۇتتى. مۇبادا جۇڭگو كوممۇنىستلىرى «بىرلىككە كەلتۈرۈش»نى كۆزدە تۇتۇپ، تەيۋەن سىياسەتۋازلىرىنىڭ يۇقىرىقى تەكلىپلىرىنى قوبۇل قىلىدىغانلا بولسا، ئۇ ھالدا جۇڭگودا كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ مەۋجۇد بولۇپ تۇرۇشى خۇددى لاي بۇتنىڭ دەريادىن ئۆتكىنىدەك بىر ئىش بولۇپ قالامدۇ؟ جۇڭگو سىياسەتۋازلىرى تەيۋەن سىياسەتۋازلىرىنىڭ، تەيۋەن سىياسەتۋازلىرى جۇڭگو سىياسەتۋازلىرىنىڭ تەكلىپلىرىنى قوبۇل قىلامدۇ، قىلمامدۇ؟ دېگەن مەسىلىلەرگە دۇچ كەلگەن خەلقئارا سىياسىي كۆزەتكۈچىلەر: «ئامېرىكا جۇڭگو، ئامېرىكا تەيۋەن سۆھبىتىنى سۆزلىشىپ تاماملاپ، تەيۋەننىڭ كەلگۈسى دۆلەت شەكلىمۇ بېكىتىلىپ بولدى. «گۇ - ۋاڭ سۆھبىتى» (گۇ جېن فۇ تەيۋەننىڭ سۆھبەت ۋەكىلى، ۋاڭ داۋ خەن كوممۇنىست جۇڭگونىڭ سۆھبەت ۋەكىلى قىسقارتىلىپ يۇقىرىقىدەك ئېلىنىدى) پەقەت رەسمىيەتچىلىكنى بىر تەرەپ قىلىشقىلا مەسئۇل، دېيىشتى. شۇڭا جۇڭگو تەرەپ تەيۋەن ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى چېن يۈن لىن: «تەيۋەننىڭ خەلقئارا ئورنى ۋە ئۆتكۈزۈلىدىغان (تەيۋەن ـ جۇڭگو سۆھبىتى) ۋە سۆھبەتنىڭ ئومۇمى جەريانى ئامېرىكىغا چۈشىنىشلىك» دەپ كۆرسەتكەن ئىكەن، دە!

* * * * *

غەرب دۇنياسىغا قۇيرۇق شىپپاڭلىتىپ، ئىچكى جەھەتتە خەلققە پوپوزا ئىشلىتىپ، ئالدامچىلىق قىلىپ تەيۋەن مەسىلىسىنى خىتاي پۇقرالىرىدىن يوشۇرۇپ كەلگەن «تەيۋەن ـ جۇڭگونىڭ بىر ئۆلكىسى»، «تەيۋەن

مەسلىسى جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشى» دەپ ھارامزادىلىك بىلەن تەشۋىق قىلىپ كەلگەن جۇڭگو؛ ئەزەلدىن سىياسەت مەنتىقىسىنى بىلمەيدىغان خىتاينىڭ مىللەتچى كۆرەڭلىرى، «تەيۋەن مەسلىسى ئامېرىكا، جۇڭگو مۇناسىۋىتىدە ئىنتايىن نازۇك مەسىلە»، «تەيۋەن مەسلىسى ياپونىيە، جۇڭگو مۇناسىۋىتىدە ئىنتايىن سەزگۈر مەسىلە» دەپ تەشۋىق قىلىشنىمۇ توختاتمىغان خىتاي مىللەتچىلىرى ئىدىغۇ؟ تەيۋەن مەسلىسى ئەجەبا ئامېرىكىغا مۇناسىۋەتلىك «نازۇك» مەسىلە، ياپونىيىگە مۇناسىۋەتلىك «سەزگۈر» مەسىلە ئىكەنمۇ، يەنە قانداق قىلىپ جۇڭگونىڭ «ئىچكى مەسلىسى» بولۇپ قالىدى؟ تەيۋەن مەسلىسى جۇڭگونىڭ «ئىچكى مەسلىسى» ئىكەن، ئۇنداقتا خەلقئارادا «نازۇك» مەسىلە، «سەزگۈر مەسلە» بولۇپ قېلىشىنىڭ نېمە زۆرۈرىيىتى بار ئىدى؟

كۆتۈرەلمىسەڭ ساڭگىلىتىۋال دېگەندەك، پرېزىدېنت كىلىنتوننىڭ بېيجىڭنى زىيارەت قىلغاندا ئوتتۇرىغا قويغان: «جۇڭگولۇقلار ئىگىلىك ھوقۇق يۈرگۈزىدىغان دائىرە زادى قەيەردىن قەيەرگىچە» دېگەن مەسىلە ئامېرىكىلىقلارنىڭ قىممەت قارىشىغا، مەسىلەن: كىشىلىك ھوقۇق، ئەركىنلىك، دېموكراتىيە قىممەت قاراشلىرىغا باغلىق بولغاندىن باشقا، يەنە ئامېرىكا، جۇڭگو ئىككى دۆلەتنىڭ سىياسىي سۆھبىتىدە، ئۇزۇندىن بېرى ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدا ئىختىلاپ پەيدا قىلغان ھالقىلىق سەزگۈر مەسىلە بولۇپ كەلگەندى. تارىخى پاكىتلارنى ئاساس قىلغان پرېزىدېنت كىلىنتون، بېيجىڭدا ئامېرىكا، جۇڭگو سۆھبىتىدە، شاڭگاڭنىڭ دېموكراتىيىسى مەسلىسىنى، تەيۋەن مەسلىسىنى، تىبەت مەسلىسىنى، مۇستەملىكە ئۇيغۇرىستان (شىنجاڭ) مەسلىسىنى رەئىس جياڭ زېمىننىڭ ئالدىغا قويغان ئەمەسمىدى؟

چوڭ دۆلەتلەر دىپلوماتىيىسىنىڭ بىر تەرىپى ئاشكارا بولسا، يەنە بىر تەرىپى مەخپىي بولىدۇ. پرېزىدېنت كلىنتون بېيجىڭ سۆھبىتىدە تىبەت مەسىلىسىنى ئاشكارا ئوتتۇرىغا قويۇپ: «مېنىڭچە مەسىلىنىڭ تۈگۈنى دىن ئەمەس، بەلكى سىياسەت» دەپ كۆرسەتكەن. 20 ـ ئەسىرنىڭ 60 ـ يىللىرىدا ھەرىكەتچان ئېلىپ بېرىلغان چوڭ دۆلەتلەر دىپلوماتىيىسى ئاسىيا ۋە ئافرىقىدا نۇرغۇن مىللەتلەرنى مۇستەقىللىققا ئېرىشتۈرگەنلىكىنى ئېسىمىزگە ئالساق، ھازىر چوڭ دۆلەتلەر ئارا قاتناپ يۈرگەن دىپلوماتلارنىڭ پائالىيىتى يەنە قانداق مىللەتلەرنىڭ مۇستەقىل بولۇشىنى نىشانلىغان؟ دەپ سوئال قويساق؛ رېئاللىقنىڭ ئۈمىدلىك تەرەققىياتى سوئالغا جاۋاب بەرسۇن، دېيىمىز خالاس!

* * * * *

تىبەتنىڭ سىياسىي ۋەكىللىرى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ۋىنادا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى بىلەن بىر قېتىم، خىتاينىڭ نيۇ-يوركتا تۇرۇشلۇق كونسۇلى بىلەن بىر قېتىم مەخپىي سۆھبەت ئېلىپ باردى. تىبەت مەسىلىسىنى ئىزچىل تەكىتلەپ كېلىۋاتقان ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىنىڭ پرېزىدېنتى كلىنتون، بېيجىڭدا مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنىدا: «مەن قوشۇلىمەن... جانابلىرى! (جياڭ زېمىن) مېنىڭ يەنە بىر قېتىم دالاي لامانى تىلغا ئېلىشىمغا يول قويۇشى كېرەك؛ ئاۋۋال مەن تىبەتنىڭ جۇڭگونىڭ بىر قىسمى ئىكەنلىكىگە قوشۇلىمەن... تىبەت جۇڭگودا ئاپتونوم رايونلارنىڭ بىرسى، بۇ تەرەپنى قاچان ئېتىراپ قىلىش جياڭ زېمىن بىلەن دالاي لاما سۆھبەت قۇرۇشىنىڭ ئالدىنقى شەرتى... تىبەتلىكلەر دالاي لامانى ھۆرمەت قىلىدۇ ۋە مەنىۋى داھىيمىز، دەپ ئاتايدۇ... بىزگە نىسبەتەن ئېيتقاندا مەسىلىنىڭ تۈگۈنى دىن ئەمەس، بەلكى سىياسەت.

مەن دالاي لاما بىلەن كۆرۈشكەن ئىدىم. مەن ئۇنىڭ سەممىي ئادەم ئىكەنلىكىگە ئىشىنىمەن. ئەگەر جىياڭ زېمىن ئەپەندى دالاي لاما بىلەن سۆھبەت قۇرىدىغانلا بولسا، دالاي لامانى چوقۇم ياخشى كۆرۈپ قالىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن» دەپ كۆرسەتتى.

پرېزىدېنت كىلىنتون دالاي لاما ۋە تىبەت مەسىلىسىنى مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنىدا ئاشكارا كۆتۈرۈپ چىققاندىن كېيىن، مىللىي مەسىلە بويىچە خەلقئارا بېسىمغا دۇچ كەلگەن خىتاي ھۆكۈمىتى، 7 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى خىتاي مەركىزى كومىتېتىنىڭ قارمىقىدا ئالاھىدە خىزمەت گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، بېيجىڭدا دالاي لاما بىلەن رەسمىي سۆھبەت قۇرۇشنى قارار قىلغان ئىدى. دالاي لاما سەممىي جاۋاب قايتۇرۇپ: شەنشى ئۆلكىسىنىڭ ۋۇ تەيشەن تېغىدا بۇتخانىدا جىياڭ زېمىن بىلەن ئۇچرىشىشنى تەكلىپ قىلدى.

دالاي لاما: «تىبەت جۇڭگونىڭ بىر قىسمى (يەنى جۇڭخۇا خەلق رېسپۇبلىكىسىنىڭ بىر قىسمى) تىبەت پەقەت ئۆزىنى ئۆزى باشقۇرۇشى كېرەك، دىپلوماتىيە ھوقۇقى، دۆلەت مۇداپىئە ھوقۇقى جۇڭگونىڭ قولىدا بولسا بولىدۇ» دېگەن. بۇنداق دېيىش دالاي لاما ئۈچۈن ئېيتقاندا ئوڭايغا توختامدۇ؟ تىبەتنىڭ سىياسىي ئورنى ۋە تەۋەلىكىنى بىر دالاي لاما ئۆز ئالدىغا بىر تەرەپ قىلالايدىغان ئىش ئەمەس ئىدىغۇ؟

* * * * *

جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا كەلسەك، ئەنگلىيىنىڭ «تايمس» گېزىتى 13 ـ نويابىر: «خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ جۇڭگوغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشى 50 يىلغا يەتكەندە ناھايىتى مۇرەككەپ ئىقتىسادىي، سىياسىي مەسىلىلەرگە دۇچ كەلدى. ئەمدى جۇڭگونىڭ سابىق سوۋېتلار

پارچىلانغاندەك پارچىلىنىپ كېتىدىغانلىقىغا ئىشەنمەيدىغان كىشى بولمىسا كېرەك، كۆپلىگەن سىياسىي مۇتەخەسسىسلەر كېلەر يىلى جۇڭگودا يۈز بېرىدىغان ئۆزگىرىشلەرنىڭ، بۇ دۆلەتنىڭ تەقدىرىگە ئىنتايىن زور مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى قەيت قىلىشماقتا» دەپ يازدى.

پرېزىدېنت كلىنتوننىڭ بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا، شاڭگاڭدا سۆزلىگەن نۇتۇقلىرى ۋە سىياسىي چاقىرىقلىرى جۇڭنەنخەيىنى زىلزىلىگە كەلتۈرگەندىن كېيىن.... خىتاي ھۆكۈمىتى جەمئىيەتنى ئاز ـ تولا ئۆز مەيلىگە قويۇپ بېرىپ، جۇڭگو جەمئىيىتىدە تەشكىلات قۇرۇش، پارتىيە قۇرۇش دولقۇنى قوزغىلىپ كەتتى. «جۇڭگو تەرەققىيات بىرلەشمىسى» قۇرۇلۇپ، زىيالىيلاردىن تەشكىللەنگەن بۇ تەشكىلاتنىڭ ئەزالىرى بىر كېچىدە دېگۈدەك 50 مىڭدىن ئېشىپ كەتتى ۋە خەلق ئىشلار نازارىتىگە تىزىمغا ئالدۇردى. «جۇڭگو دېموكراتىك ئادالەت پارتىيىسى» خىتاينىڭ 18 ئۆلكىسىدە پارتىيە قۇرۇشتىن ئاۋۋال تەييارلىق كومىتېتى قۇرۇپ، خەلق ئىشلار نازارىتىگە تىزىمغا ئالدۇردى. پارتىيەلەرنىڭ، تەشكىلاتلارنىڭ قۇرۇلۇشى موگۇدەك كۆكلەپ، جۇڭگو جەمئىيىتى ئۆكتىچى پارتىيەلەرنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشنىڭ جىددىي قاينىمىغا كىرىپ قالدى. خېنەن، لياۋنىڭ، خۇنەن قاتارلىق ئۆلكىلەردە كىشىلەر كوممۇنىستىك پارتىيىدىن چېكىنىپ چىقىشقا باشلىدى. بۇ شامال خىتايلار كۈتۈپ كەلگەن، ئەمما، 50 يىلدىن كېيىن پرېزىدېنت كلىنتون ئېلىپ كەلگەن «شەرق شامىلى» مۇ ياكى «غەرب شامىلى»مۇ؟ تۈنۈگۈنلا ئامېرىكىلىقلارغا «ياق»، «ياق»، «ياق» دېگەن خىتاي ھۆكۈمىتى ئەمدى ئامېرىكىلىقلارغا «ماقۇل»، «ماقۇل»، «ماقۇل» دېيىشكە باشلىدىغۇ؟